# چەتئەل چۆچەكلىرى

## ( تاللانما )



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چەتئەل چۆچەكلىرى

## ( تاللانما )

تەرجىمە قىلغۇچى: رېيىمجان
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز

مىللەتلەر نەشرىياتى

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ئورنىدا ..........يىپ جۇنجيەن ( 1 )

**(مىسىر) كامىل جەللان ئۆزگەرتىپ يازغان**

«مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرى (قىسقارتىلما)

ئەلى بابا بىلەن قىرىق قاراقچى ھەققىدە

چۆچەك ......................................... ( 1 )

**(فرانسىيە) م.خ.گىرائۇد خانىم ئۆز-گەرتىپ يازغان**

«تۈلكە رېنا ھەققىدە چۆچەك» (قىسقارتىلما)

تۈلكە رېنا دۇنياغا قانداق كەلگەن ............( 21 )

قۇشقاچ تېلۇيىن ...............................( 28 )

ساقچى ئىتى مورخىنىڭ تېلۇيىنغا ئوچ ئېلىشىپ

بېرىشى .......................................... ( 32 )

رېنا بىلەن ئوۋچىلار .........................( 38 )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

**(فرانسىيە) چ.پېرراۋل**

قىزىل بوك ........................... (45)
چىمچىلاق ........................... (51)

**(گېرمانىيە) ئاكا-ئۇكا گرىملار**

بورە ۋە يەتتە ئوغلاق ................ (70)
پاخال، كومۇر ۋە پۇرچاق ............. (76)
بېلىقچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ............ (79)
كۆل قىز ........................... (96)

**(گېرمانىيە) خاۋف**

"ئۇزۇن بۇرۇن" پاپا ................. (112)

**(دانىيە) ئاندېرسېن**

سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق ............. (169)
پادىشانىڭ يېڭى كىيىمى .............. (175)
دېڭىز بوغما يىلانى ................. (185)

كورۇمسز ئودەك چوجىسى .............. (206)
ئاققۇ ................................ (226)
باشمالتاق قىز ........................ (261)
دېڭىز قىزى ........................... (285)

〔گېرمانىيە〕 H.زۇر مۇخلىن
«كىچىك پېتىر» (قىسقارتىلما)
كومۇرنىڭ ھىكايىسى ..................... (333)
سەرەڭگە قېپىنىڭ ھىكايىسى .............. (343)

〔سوۋېت ئىتتىپاقى〕 ۋ.بىانكى
كىچىك چاشقان بىك ...................... (352)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرىش سۆز ئورنىدا

بۇ توپلام تۈزۈپ چىقىلغاندىن كېيىن، تۈزگۈچى كىرىش سۆز ئورنىدا ئازراق بىرنەرسە يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ ماڭا كۆرسەتتى.

بۇ كىتابقا كىلاسسىك ۋە يېقىنقى زاماندىكىسى بولۇپ جەمى 20 نەچچە چۆچەك كىرگۈزۈلگەن. مېنىڭچە، تۈزگۈچى قەدىمقى ۋە يېقىنقى زاماندىكى بۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق چۆچەك ئىجادىيە-تىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئەمەس، بەلكى، ئاساسەن، كىچىك كىتابخانلارغا روھىي ئوزۇق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنى چەتئەلنىڭ بىر تۈركۈم مەشھۇرراق چۆچەكلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا كىچىك كىتابخانلار-نىڭ چەتئەل تۇرمۇشىغا دائىر بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى — مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇنى ئىنتېرناتسونالىزىم تەربىيىسىنىڭ بىر تەرىپى دېيىشكىمۇ بولىدۇ — مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرى ئەرەپلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە» دېگەن ئەسىرىدىن تاللىۋېلىنغاندىن باشقا، قالغانلىرى ياۋروپا يازغۇچى-لىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللىۋېلىنغان. بۇنىڭغا قاراپلا، چۆچەك ئىجادىيىتى ياۋروپادىلا ھەممىدىن بەك راۋاجلانغان، دېگىلى

بولامدۇ؟
ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە. باللار بارلىكى جايدا چوچەك بولىدۇ، چۈنكى ھىكايە ـ چوچەك ئاڭلاشقا قىزىقمايدىغان بالا بولمايدۇ ــ بۇنداق ھىكايە ـ چوچەكلەرنى، ئادەتتە، باللار ـ نىڭ مومىسى، ئانىسى ياكى تەربىيىچىلىرى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ. ھىكايە ـ چوچەك ئاڭلاشقا ئامراق باللار شۇنچە كوپ بولغاندىكىن، ھىكايە ـ چوچەكمۇ تەبىئىي شۇنچە كوپ مەيدانغا كېلىدۇ ـ دە. بىراق، بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ ھىكايە ـ چوچەكلەر ـ نىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارالغان ئىجادىيەت ئىدى. خەلق ئىجادىيىتىنىڭ ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ دىتىغا ياقمايدىغانلىغى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا ھوكۇمران سىنىپلار بۇنداق ئىجادىيەتنى ھامان ياقتۇرمايتتى. ھوكۇمران سىنىپلار بۇنداق ئىجادىيەتنى بىشەملىك بىلەن باسقاچقا، ئۇنى يازما ئەدەبىيات سۈپىتىدە يېزىپ قالدۇرۇشقا جۇرئەت قىلىدىغانلار چىقمىغان. جۇڭگودا ئۇتمۇشتە ئەھۋال دەل شۇنداق ئىدى. باللار دەسلەپ «ئۈچ خەتلىك سوزلەر دەستۇرى» بىلەن ساۋادىنى چىقىراتتى، ئارقىدىنلا «توت كىتاب»، «بەش دەستۇر»نى ئوقۇيتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن فېوداللىق ئەقىدىنى قوغدىغۇچىلار ـ دىن بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقاتتى. فېودال ھوكۇمران سىنىپلار باللارنىڭ خەلق ئىجادىيىتىنى ئوقۇشىغا قانداقمۇ يول قويسۇن؟ ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېودالىق زۇلمەتلىك دەۋرىدىمۇ ئەھۋال ئاساسەن شۇنداق ئىدى. كېيىن يېگىدىن گۇللەنگەن

بۇرژۇئازىيە قوزغىلىپ فېودال ھوكۇمران سىنىپلار ئۈستىدىن ئىنقىلاپ قىلغان چاغدىلا ئەھۋالدا بىرئاز ئۆزگىرىش بولدى. بۇرژۇئازىيە "ئەركىنلىك"، "دېموكراتىيە" دېگەنلەرنى كۆز-كۆز قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بالىلارغا ئېيتىپ بېرىلىدىغان بەزى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى خاتىرىلىۋالغۇچىلار چىقتى — ئەلۋەتتە، بۇلار پىششىقلاپ ئىشلىنىش ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ چىقتى. بىز ھازىر "چۆچەك" ياكى بالىلار ئەدەبىياتى دەۋاتقان نەرسە مانا مۇشۇ. فرانسىيىلىك چ.پېرراۋل بىلەن گېرمانىيىلىك ئاكا-ئۇكا گىرىملار قايتا بايان قىلغان بەزى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەنە شۇنداق ئەسەرلەردىندۇر. جۇڭگودا فېودال-زىمنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاق بولغاچقا، بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت يازما ئىجادىيەتمۇ ناھايىتى ئاز بولدى. ياۋروپادا بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇق زورراق بولدى، ئەلۋەتتە. بۇ كىتابقا ياۋروپا چۆچەكلىرىنىڭ كۆپرەك تاللانغانلىقىغا دەل مۇشۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سەۋەپ بولغان.

ئەمما ياۋروپادىكى چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى ياۋروپانىڭ مەھسۇلى بولۇشىمۇ ناتايىن. مىسال ئۈچۈن ئالساق، فرانسىيىلىك چ.پېرراۋلنىڭ «قىزىل بۆك» دېگەن چۆچىگىگە ئوخشاپ كېتىدىغان چۆچەكنى جۇڭگودىكى خەلق چۆچەكلىرىدىنمۇ تاپالايمىز. ئەمەلىيەتتە، ياۋروپادىكى نۇرغۇن كىلاسسىك چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىنى ئافرىقا، ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىن تاپالايمىز. ياۋروپانىڭ ئۆزىگە كەلسەك، نۇرغۇن چۆچەكلەرنىڭ

ھەرقايسى ئەللەردە كەڭ تارقالغانلىغىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئېھتىمۇ ھاجىتى يوق. مەسىلەن، بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «كۈل قىز» دىگەن چۆچەك فرانسىيەدە خەلق ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارالغان. چ.پېرراۋل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چۆچەكتىن بىرنى يازغان. بۇ چۆچەك ياۋروپادىكى نۇرغۇن ئەللەردىمۇ تۇرلۇكناملار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان — ئىتالىيىدە Cenerentoea دەپ، ئىسپانىيىدە Ceniciento دەپ، كاتالوندا (ئىسپانىيىنىڭ بىر رايونى) Rentafochs دەپ، كونا روسىيىدە Chernushka دەپ، ۋېنگرىيىدە Popelusha دەپ ئاتالغان، ۋاھاكازالار. ئۇلارنىڭ ۋەقەلىگىدە سەل-پەل پەرق بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي مەزمۇنى ئوخشاش. «مىڭ بىر كېچە»دىكى نۇرغۇن ھىكايىلەرنىڭ ئاساسىمۇ قەدىمي يۇنان ۋە ھىندىستانلاردىن تاپقىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇنداق بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: مەدىنىيەت، جۈملىدىن چەت-ياقا جايلاردىكى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ھامان ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ئۇنى ھېچقانداق ئادەم توسۇۋالالمايدۇ. قەدىمقى زامانلاردا شۇنداق بولغان، قاتناش تەرەققى تاپقان ھازىرقى زاماندا خۇسۇسەن شۇنداق بولىدۇ. ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا يەنە مەدىنىيەت قامىلى ۋە بېكىنمىچىلىگىنى يولغا قويغانلىغى مېتافىزىكىنى بەكمۇ ئەۋج ئالدۇرۇۋەتكەنلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەخمەقلىقتە ئۇچىغا چىققانلىقتۇر.

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن چوچەكلەر، بولۇپمۇ كىلاسسىك چوچەكلەر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن كەلگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە، ئۇلاردا خەلق ئەدەبىياتىغا خاس نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ چوچەكلەر ئاددى، جانلىق، خەلق ئىچىدىكى قىزىقچىلىق ۋە يۇمۇرلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇلاردا خەلقنىڭ پىكىر-ھېسسىياتى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن، يەنە كېلىپ ئۇ فېودال ھۆكۈمـران سىنىپلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىدىن ۋە زىيانكەشلىكىدىن خالى بولغۇدەك چىۋەر ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ چوچەكـلەردە خەلق ئېيتماقچى بولغان لېكىن ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالـمىغان نۇرغۇن سۆزلەر ھايۋاناتلار، جىن-ئالۋاستىلار، ھورـپەرىلەر ياكى ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخ، قۇرۇت-قوڭغۇز ۋە بېلىقلارنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن. بۇ ئۇسۇل كېيىن چوچەك يېزىشتىكى بىرخىل ئومۇملاشقان ئۇسۇل بولۇپ قالدى. بۇ نەرسىلەرنى "غەلىتە" نەرسە دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مۇئەييەن تۇرمۇش رىياللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ— بەزىدە تېخى ناھايىتى ئوتكۇر بولىدۇ! مەسىلەن، «قىزىل بوك»تىكى ساختىپەز، ھىلىگەر، رەھىمسىز، ئىچى زەھەر بورە، ئەمەلىيەتتە، ھۆكۈمران سىنىپلار ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ سىمۋولى بولۇپ—ئەگەر بىز بۇ بورىنى "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئەپتى-بەشىرىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساق، بۇ چوچەكنىڭ ھەتتا ئىنتايىن جانلىق رىيال ئەھمىيەتـ

كىمۇ ئۇگە ئىگەنلىگىنى كورۇۋالالايمىز ــ ئاقكوڭۈل ئوسمۇرلىرد-
مىزدىن ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىگىگە ئۇچرىغانلىرى نۇرغۇن!
ئەلۋەتتە، بىز كونا زامانلاردىكى بۇ ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭمۇ
شۇ زامانلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىغىنى ئۇنتۇماسلىغىمىز
كېرەك. «ئەلى بابا بىلەن قىرىق قاراقچى ھەققىدە چوچەك»تىكى
ھىلىقى مالاي قىز ئۇزىنىڭ يۇكسەك ئەقىل-پاراسىتىنى ئىپادىلە-
گەن ــ بۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ خىسلىتى. لېكىن مالاي قىز بۇ
ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خوجايىنى ئۇچۇن قىلغان. خوجايىنى
كېيىن بېيىپ كېتىدۇ، ئۇغۇ خېلى تۇزۇك ئىكەن ــ بۇرۇن ئۇزد-
نىڭمۇ تۇرمۇشى ئانچە ياخشى ئوتمىگەنلىگىدىن بولىسا كېرەك،
خوجايىن دەپە-دۇنياسىنىڭ يېرىمىنى شۇ مالايغا بېرىدۇ، بۇنىڭ
بىلەن ئۇمۇ "ئومرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەخت-سائادەتلىك، كوڭۇل-
لۇك ئوتىدۇ". ئەگەر بىز بۇگۇنكى ئولچەم بويىچە تەلەپ
قويىدىغان بولساق، بۇ چوچەكنىڭ "ئىدىيۋىلىگى"دە چوقۇم
چوڭ چاتاق بولغان بولىدۇ. "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئۇسۇلى
بويىچە بولغاندا، ئۇنى "زەھەرلىك ئوت" قاتارىدا پېپەن قىلىپ،
ئاندىن يەتتە قات دوزاقا چۇشۇرۇۋېتىش، ئىككىنچى يورۇق
كۇن كورەلمەيدىغان قىلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ؛ لېكىن ئۇنى
ئەينى زاماندىكى كونكرېت تارىخىي شارائىت بويىچە تەھلىل
قىلىدىغان بولساق، بۇ چوچەكنىڭ ئىجابى تەرىپىنىڭمۇ بارلى-
غىنى كورۇۋالالايمىز: ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئەقىل-
پاراستى ئىپادىلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ ھال-

www.uyghurkitap.com

ئوقتىنى ياخشىلاش تەلىۋىمۇ ئوز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەمگەكچى خەلق هامان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ياخشىراق كۈن كورسەك، دەيدۇ. لېكىن كونا جەمىيەت تۇزۇمى شارائىتىدا بۇنداق ئارزۇ ئىشقا ئاشمايدۇ. ئۇلارغا: تەلىيىمىز بىردىنلا ئوڭـدىن كېلىپ، هال ـ ئەھۋالىمىز ياخشىلىنىپ كەتسە، دەپ خىيال قىلىشتىن ئوزگە چارە يوق ئىدى. پېرراۋلىنىڭ «چىمچىلاق» دىگەن چوچەكىمۇ خاراكتېر جەھەتتىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، خام خىيال دىگەن بەرىبىر خام خىيال، ئۇنىڭ ئەمىلىيەتتە كورۇلىدىغانلىغىغا ئىشىنىدىغان ئادەم يوق، يەنە كېلىپ خام خىيال هىچقاچان ئەمىلىيەتتە كورۇلۇپ باققان ئەمەس. بۇ ئەھۋالمۇ بىزنى مۇنداق بىر ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدۇ: ”تۇرمۇشنى ياخشىلاش“ ئارزۇسى پەقەت سوتسىيالىزىم تۇزۇمى شارائىتىدىلا ئىشقا ئاشىدۇ ـــ ئەمىلىيەتتە بىزنىڭ يېڭى جۇڭگودا پەيدىن ـ پەي ئىشقا ئېشىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ سوتسىيالىزىم قۇرۇش ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئاشىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنياغا داڭلىق بالىلار ئەدەبىياتىدىكى بۇ مىراس بۇگۇنكى كۇندە يەنىلا مەلۇم رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى ئاساس قىلغان بۇ كىلاسسىك بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىچىدە 17 ـ ئەسىردە ياشىغان فرانسىيىلىك چ. پېرراۋلىنىڭ ئەسىرىنىڭ بەدىئىلىگى بىرقەدەر يۇقۇرى. 18 ـ ئەسىردە ئوتكەن گېرمانىيىلىك ئاكا ـ ئۇكا گرىمىلارنىڭ ئەسىرى بولسا ئاددىراق، ئەسلىدىكى خەلق چوچەك-

لىرىگە تېخىمۇ يېقىنراق بولۇپ، ئۆزى قوشقان نەرسىلەر ئانچە كوپ ئەمەس. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇ- چىلىرى بىرقەدەم ئىلگىرىلەپ، تەييار بار خەلق چوچەكلىرىنى قايتا بايان قىلىش بىلەن توختاپ قالماي، بەلكى ئۆز ئالدىغا چوچەك ئىجات قىلىشقا باشلىدى. بۇ جەھەتتە، دانىيە چوچەك يازغۇچىسى ئاندېرسېن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ قانداق رول ئوينىدى؟ ئۇنىڭ ئوينىغان رولى تەييار بار خەلق چوچەك- لىرىنى قايتا بايان قىلىپ بېرىش دائىرىسىدىن چىقالىغى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئاندېرسېنىنىڭ رولىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مۇنۇ سوزى بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: ”مەن چوچەكنى ھەممە ھېسسىيات ۋە پىكرىم بىلەن يازىمەن، لېكىن چوڭلارنىمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغىنىم يوق. مەن بالىلارغا ئاتاپ ھىكايە- چوچەك يازغان چېغىمدا، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭمۇ بىرچەتتە ئولتۇرۇپ ئاڭلايدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، شۇڭا ئۇلار- نىڭ ئويلاپ بېقىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئۈچۈنمۇ ئاز ـ تولا بىرنىمە يېزىشىم كېرەك.“ ئاندېرسېن بۇ يەردە ئۆزىنىڭ چوچەك يېزىشتا تەربىيىنى ئېنىق مەقسەت قىلغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە: ”مېنىڭ ھازىر سەنئەتكە (يەنى چوچەك يېزىشقا) ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قېلىشىم سەنئەتنىڭ ئالدىغا يۈكسەك ۋەزىپە قويۇلىدىغانلىقىدىندۇر“ دېگەن. قانداق يۈكسەك ۋەزىپە؟ دېمەك، ئۇ چوچەك يېزىشتا بالىلارنى تەربىيىلەشنىلا كوزدە تۇتۇپ قالماستىن، چوڭلارنى ــ يەنى بىر چەتتە ئولتۇ-

www.uyghurkitap.com

روپ "باللارغا ئاتاپ يېزىلغان ھېكايە-چۆچەك"نى ئاڭلايدىغان ئاتا-ئانىلارنى تەربىيىلەشنىمۇ كۆزدە تۇتقان. ئۇ ئۇلارنىڭمۇ "ئويلاپ بېقىش"نى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇنداق "يۈكسەك" مەقسەتنى كۆزلەش- بۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن چۆچەك يازغۇچىلىرى ئىچىدە بولۇپ باققان ئەمەس.

ئۇ باللارغا نېمىلەرنى ئۆگىتىدۇ؟ ئۇ باللاردىن ئالىجاناب ئادەم بولۇشىنى، ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تار تۇرمۇش رامكىسى بىلەن چەكلەپ قويماستىن، بەلكى نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كەڭرەك قىلىشنى، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ ئۇلۇغ غايىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «دېڭىز قىزى»نىڭ ۋەقەلىكى قىزنىڭ دېڭىز تېگىدىكى ئەجدىھا ئوردىسىدىكى راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشقا قانائەتلەنمەي، تېخىمۇ ئالىجاناب بولغان ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا ئىنتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ ئۇ ھەممىنى قۇربان قىلىشتىن يانماي، ئادىمزات روھىغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. باشمالتاق قىزمۇ شۇنداق. قاراڭغۇ يەر ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۇ قىزنىڭ تۇرمۇشىغا لازىمەتلىك ماددى نەرسىلەر تولۇق بولۇپ، تۇرمۇشى پاراۋان ئۆتۈۋاتسىمۇ، ئۇ يەنىلا قۇياش نۇرىغا تەشنا بولىدۇ، نۇرلۇق ئالەمدە ئەركىن-ئازادە پەرۋاز قىلىشنى ۋە ناخشا ئېيتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، ئاندېرسېن ئۆزىنىڭ كىچىك كىتابخانلىرىنى گۈزەل تەسەۋۋۇر ۋە شېرىن ئارزۇغىلا بېرىلىپ كېتىدىغان قىلىپ قويمايدۇ،

ئۇ ئۇلارغا رەھىمسىز رىياللىقنى، خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبىتىنى، شۇنداقلا بايلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ۋە بۇزۇپ چېچە-شىنىمۇ — ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ نادانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ — كۆرسىتىدۇ. «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق»، «پادىشانىڭ يېڭى كىيىمى» مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى پاش قىلىدىغان ئەسەرلەردۇر. بىر چەتتە ئولتۇرۇپ "باللارغا ئاتاپ يېزىلغان ھېكايە-چۆچەك"لەرنى ئاڭلىغۇچى ئاتا-ئانىلار مۇشۇ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىنى قانداق تەربىيىلىشى كېرەك؟ ئاندېرسېن ئۇلارنى "ئويلاپ باقسۇن" دىگەن مەسىلە مانا مۇشۇ.

ئاندېرسېن خەلق ئىجادىيىتىدىكى ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى چۆچەك يازغۇچىلىرىنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان: ئۇنىڭ ھېكايە-چۆچەكلىرى جانلىق-ئويناق بولۇپ، تىلى قويۇق خەلق تىلى پۇرىقىغا ئىگە بولۇش ۋە يۇمۇرلۇق بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. لېكىن ئۇ يەنە تەرەققى قىلدۇرغان: ئۇ ئۆزىنىڭ چۆچەكلىرىگە قويۇق شېئىري ھېسسىياتلارنى ۋە باي تەسەۋۋۇرلارنى كىرگۈزگەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇساق شېئىر ئوقۇغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما ئۇمۇ، ئوخشاشلا، ئۆزى ياشىغان دەۋر چەكلىمىسىدىن سىرتقا چىقىپ كېتەلمىگەن، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، مەسىلەن، "سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق"نىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنلەر، تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلەر. لېكىن ئۇ بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى دەپ بېرەلمەي، "شەپ-

www.uyghurkitap.com

قەتىلىك خۇدا"دىنىلا مەدەت تىلەپ، "سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق"نىڭ چوڭ ئانىسى ئۇنى خۇدانىڭ قېشىغا ئاپىرىدىغان، شۇ يەردە هارپا خوشاللىقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان قىلىپ يازىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە، "سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق" يەنىلا كوچىدا توڭلاپ ئۆلىدۇ. رېئالىزمغا سادىق بولغان بىر يازغۇچى-نىڭ بۇ ئاقىۋەتنى ئەينەن يېزىپ چىقماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇنىڭ پەرىشان بولىدىغان يېرى، ئۇ بۇ پەرىشانلىق-نىمۇ تۈگىتەلمەيتتى.

20-ئەسىرگە كەلگەندە، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق تاڭ نۇرى كۆرۈندى، پرولېتارىياتچە دۇنياقاراشنى تىكلىگەن چوچەك يازغۇچىلىرىدا بۇنداق پەرىشانلىق بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىچىك كىتابخانلارنى دۇنيانى توغرا بىلىش، شۇنىڭ بىلەن تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سۈرۈشنىڭ يولىنى تېپىش، شۇنداقلا كەلگۈسىدە تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سۈرۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇش ئۈچۈن قانداق قىلىپ ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن قوراللاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. H.زۇر مۇخلىسىنىڭ «كىچىك پېتىر» دېگەن ئەسىرى ۋە «كىچىك چاشقان بىك» دېگەن ئەسەر مانا مۇشۇنداق ئەسەرلەردىندۇر. ئالدىنقىسىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ قانداقسىگە كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا دوزاقتا تۇرۇۋاتقان-دەك ياشاۋاتقانلىقى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ قانداق-

سىگە بىر بارمىغىنى تەۋرىتىپمۇ قويماستىن ھەركۈنى يەپ-ئىچىپ، كەيپ-ساپا سۈرىدىغانلىغى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن، ئىشچى-دېخانلار ئاممىسىنىڭ سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى جەمىيەت قۇرۇپ چىققاندىلا، ئاندىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىغى بىشارەت قىلىنغان. كېيىنكىسى بولسا ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك يېڭى تۈزۈم شارائىتىدا يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، ئۇ چوچەك شەكلى ئارقىلىق كىچىك كىتاپخانلارغا بەزى ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن، ئۇ ئەمىلىيەتتە پەنگە دائىر چوچەك بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

چوچەك بىزنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىمىزدە تېخى تارىخى قىسقىراق بولغان يېڭى تۈر. چەتئەلنىڭ ئېسىل باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، مەيلى كىلاسسىكلىرى ياكى يېقىنقى زامانىدىكىلىرى بولسۇن، بىز ئۇچۇن ئەينەكلىك رولىنى ئوينايدۇ. بۇ توپلامنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ ئاز-تولا ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

**يې جۇنجيەن**

1978-يىل 4-ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

# «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرى* (قىسقارتىلما)

## (مىسىر)كامىل جەللان ئۆزگەرتىپ يازغان

## ئەلى بابا بىلەن قىرىق قاراقچى ھەققىدە چۆچەك

### 1. قاسىم بىلەن ئەلى بابا

بۇرۇنــنىڭ بۇرۇنىسىدا، پىرسىيىــدە ئاكا-ئۇكا ئىككىيــلەن ئۆتكەن ئىكەن، ئاكىسىنىڭ ئىسمى قاسىم بولۇپ، ناھايىتى باي ئىكەن، ئىنىسىنىڭ ئىــسمى ئەلى بابا بولۇپ، ھېچنىمىسى يوق

* «مىڭ بىر كېچە» ــ ئەرەپــلەردىن ئىنســانلارغا قالــغان مەشــھۇر كىلاسسىك ئەدىبىي ئەسەر.پۈتۈن كىتاپتا 136 ھېكايە بار بولۇپ، ئۇنى ئەقىلــلىق بىر قىز زالىم پادىشاغا سۆزلەپ بەرگەن ئىــكەن. ئۇ قىز بۇ ھــكايىلەرنى ئۇدا مىڭ بىر كېــچە سۆزلــگەچــكە، كېيىنكىلەر كىتاپنىڭ ئىسمىنى «مىڭ بىر كېچە» دەپ ئاتــغان. بۇ كــىتاپقا مىسىرلىق چۆچەك يازغۇچىسى كامىل جەلــلان «مىڭ بىر كېچە»دىكى ھــكايىــگە ئاساسەن بالــلار ئۈچۈن يازغان بىر ھېكايە تاللىنىپ بېرىلدى.

دىيەرلىك كەمبەغەل ئىكەن.

قاسىمۇ باشتا ئىنىسىغا ئوخشاش كەمبەغەل ئىكەن. كېيىن ئۇ بىر باي سودىگەرنىڭ قىزىنى ئالغان بولۇپ، قېيناتىسىدىن نۇرغۇن پۇل ۋە مال مىراس قالغاچقا، بىردىنلا باي بولۇپ كەتكەن ۋە راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سودا-سېتىق قىلىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن پۇل تېپىپ، كاتتا باي سودىگەر بولۇپ قالغان ئىكەن.

ئۇنىڭ ئىنىسى ئەلى بابانىڭ خوتۇنى كەمبەغەلنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر ئېغىز ئەسكى ئۆي، 3 ئېشەكتىن بولەك مال-بىساتى يوق ئىكەن، ئەلى بابا ھەركۈنى 3 ئېشىگىنى ھەيدەپ بېرىپ ئورمانلىقتىن ئوتۇن كېسىپ سېتىپ جان باقىدىكەن، ئۇنىڭ ئاكىسى قاسىم بەك رەھىمسىز كىشى ئىكەن، شۇنچە باي بولسىمۇ، ئىنىسىغا بىرتىيىن بەرمەيدىكەن. يەڭگىسى ئاكىسىدىنمۇ بەتتەر باغرى تاش خوتۇن ئىكەن، ئەلى بابانىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىش تۇگۇل، ئەلى باباغا چىرايىنى ئېچىپمۇ قارىمايدىكەن، ئەلى باباغا بىر چىنە ئاش ياكى بىرتەڭگە پۇل بېرىشكىمۇ قارنى ئاغرىيدىكەن.

## 2. ئورمانلىقتا

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەلى بابا ئادەتتىكىدەكلا 3 ئېشىگىنى

ھەيدەپ ئورمانلىققا بىرىپتۇ، ئۇ 3 ئۇلاق ئوتۇننى كېسىپ بولۇپ، ئېشەككە ئارتىپ قايتماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، تۇساتتىن بىرمۇنچە ئاتلىقلارنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بالا-قازاغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، دەرھال ئېشەكلىرىنى يوغان بىرتۈپ دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ-دە، ئۆزى دەرەخكە چىقىپ، شاخ-يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ئاتلىقلار يېقىن بىر يەردە ئاتلىرىدىن چۈشۈۋاتقۇدەك، ئەلى بابا بىر-بىردىن ساناپتۇ، ئۇلار باشلىقىدىن باشقا 40 كىشى ئىكەن. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئەلى بابا ئۇلارنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى غارنىڭ ئالدىدىكى يوغان بىر تاشنىڭ قېشىغا كېلىپ: "زىغىر، زىغىر، ئىشىكنى ئاچقىن" دەپتىكەن، يوغان تاش دەرھال ئېچىلىپ كېتىپتۇ، 40 قاراقچى باشلىقىغا ئەگىشىپ غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇلار غاردا ئانچە ئۇزاق تۇرمايلا يېنىپ چىقىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى: "ئىشىكنى ياپ، زىغىر، زىغىر" دەپتىكەن، يوغان تاش يەنە ئاۋالقىدەكلا غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋاپتۇ، قاراقچىلار كەلگەن يولى بىلەن كېتىپتۇ.

## 3. ئىشىكنى ئاچقىن، زىغىر، زىغىر

ئەلى بابا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ ۋەقەگە ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ ۋە ئۆزىگە ئۆزى: "بۇ جەزمەن قاراقچىلارنىڭ

ئۇۋىسى، ئۇلار بۇلاپ كەلگەن مال-دۇنيا، ئۈنچە-مارجانلارنى چوقۇم مۇشۇ غارنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويىغان. مەن ئەمدى ئۇلارنىڭ سىرىنى بىلىۋالدىم، غارنى ئېچىپ كىرىپ، غارنىڭ ئىچىدىكى مال-دۇنيانى كورۇپ باقاي!" دەپتۇ.

ئەلى بابا دەرەختىن سىرىلىپ چۈشۈپ، يوغان تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئىشىكنى ئاچقىن، زىغىر، زىغىر" دىگەن ئىكەن، يوغان تاش شۇ هامان ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ غارغا كىرىپ قارىسا، غارنىڭ ئىچى ساپلا ئالتۇن-كۇمۇش ۋە ئىسىل ئۈنچە-مارجان، قاش تېشى ئەسۋاپلىرى ئىكەن. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى كورۇپ بەك ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ، قاراقچىلارنىڭ يېنىپ كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، 3 ئۇلاقلىق مال-مۇلۇكنى ئېلىپ، غاردىن ئالمان-تالمان سىرتقا چىقىپتۇ ۋە: "ئىشىكنى



ياپ، زىغىر، زىغىر“ دەپتۇ، يوغان تاش دەرھال غارنىڭ
ئاغزىنى ئېتىۋاپتۇ.

ئەلى بابا باشقىلار كورۇپ قېلىپ گۇمانلىنىپ يۇرمىسۇن
دەپ، يۇكىنىڭ سىرتىغا ئوتۇننى باغلاپ، ئاندىن كېيىن
ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ، خوشاللىقىدا ئويىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

## 4. سىرنىڭ پاش بولۇشى

ئەلى بابا ئويىگە قايتىپ كەلگەندە، خوتۇنى شۇنچە كوپ
دۇنيانى كورۇپ ناھايىتى ھەيران بوپتۇ، ئۇ بۇ نەرسىلەرنى
ئېرىم ئوغرىلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، تىترەپ
تۇرۇپ:

— مۇشۇنچىۋالا نەرسىنى نەدىن ئەكەلدىڭلە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەلى بابا ئىشىنىڭ جەريانىنى سوزلەپ بەرگەن ئىكەن،
ئۇنىڭ يۇرىكى ئاندىن ئورنىغا چۇشۇپتۇ ۋە ئەزەلدىن خىيالىغىمۇ
كىرىپ باقمىغان شۇنچە كوپ پۇل ـ مالغا ئېرىشكەنلىكلىرىگە
چەكسىز خوشال بوپتۇ. ئۇنىڭ پۇلنىڭ قانچىلىك پۇل ئىكەنلىكىنى
بىلگۇسى كەپتۇ، ئەمما پۇل بەك كوپ بولغاچقا ھىساپلاپ
ھىساۋىنى ئالالماپتۇ.

— بىر ئورا كولىسىلا، مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، —
دەپتۇ ئۇ ئەلى باباغا.

— نەگە؟ — دەپ سوراپتۇ ئەلى بابا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— قاسمكاملارنىڭكىدىن جىق ئىپچىقاي، بۇ ئالتۇن-تىللالارنى جىڭلاپ باقايلى!

— هوي، خوتۇن! ئۇنداق قىلىشنىڭ هېچقانداق پايدىسى يوققۇ دەيمەن!

خوتۇنى ئۇزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ۋە غېپىدە چىقىپ كېتىپ، يۇگۇرگەن پېتى قاسىمنىڭكىگە بېرىپ جىڭ سوراپتۇ. قاسىمنىڭ خوتۇنى ئۇلارنىڭ زادى نىمە جىڭلايدىغانلىغىنى بىلمەكچى بولۇپ، جىڭلىغان نەرسىدىن چاپلىشىپ قالسۇن دەپ، جىڭنىڭ ئىچىگە ئازراق هەسەل سۇرتۇپ قويۇپتۇ. ئەلى بابانىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ هىلىسىنى ئۇقماي، جىڭنى ئېلىپ ئويىگە مېڭىپتۇ.

ئەلى بابانىڭ خوتۇنى ئويىگە كېلىپ قارىسا، ئېرى ئاللىقاچان يوغان ئورا كولاپ قويغان ئىكەن، خوتۇنى ئالتۇن-تىللالارنى جىڭلاپ ئورىغا توكۇپتۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن تەڭ تۇتۇش قىلىپ ئالتۇن-تىللانى كومۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن كېيىن جىڭنى يەڭگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

ئالتۇنلارنى جىڭلىغان چاغدا جىڭغا تىللا چاپلىشىپ قاپتىكەن، ئەلى بابانىڭ خوتۇنى ئۇنى كورمەپتۇ. قاسىمنىڭ خوتۇنى بۇ تىللانى كورۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى هەيران بوپتۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ جىق ئارىيەت ئېلىشىنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، ئىچ-ئىچىدىن هەسەتخورلۇق قىپتۇ ۋە ئىچىدە زەهەر قايناپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## 5. قاسىمنىڭ غەزنىگە بېرىشى

قاسىمنىڭ خوتۇنى شۇ زامات ئېرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ ـ تىترىكىپ تۇرۇپ:

— ئىنىلىرى ئەلى بابا بىزنى ئالداپتۇ، ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا پۇلۇم يوق، ئۇ يوق ـ بۇ يوق دەپ، ئۆزىنى كەمبەغەل، بىچارە كۆرسەتكىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، بىزدىن مىڭ ھەسسە باي ئىكەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاسىم ھەيران بوپتۇ ۋە خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ.

— ئۇنىڭ پۇلىنىڭ جىقلىغىنى دىمەملا، جىڭ بىلەن جىڭلايدىكەن! — دەپتۇ خوتۇنى گېپىگە قوشۇمچە قىلىپ، ئارقىدىنلا جىڭغا چاپلىشىپ قالغان ھېلىقى تىللانى ئېرىگە كۆرسىتىپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

قاسىم قاتتىق ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئەلى بابانىڭ بۇ ئىشنى يوشۇرغانلىغىغا ئاچچىغى كەپتۇ. ئۇ دەرھال ئىنىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، زادى قانداق ئىش ئىكەنلىگىنى بىلمەكچى بوپتۇ.

ئەلى بابا كۆڭلى يۇمشاق ئادەم بولۇپ، بولغان ئىشنى ئاكىسىدىن قىلچە يوشۇرماپتۇ ھەم ئۇنىڭغا:

— ئاكا، مەن بۇ پۇل ـ ماللارنىڭ يېرىمىنى سىزگە بولۇپ بەرمەكچى، — دەپتۇ.

— سەن غەزنىگە بارىدىغان يولنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ قاسىم ئۇنىڭغا قانائەتلەنمەي، قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئۇنداق قىلمىساڭ، مەن ياмۇلغا بېرىپ سېنى قازىغا چاقىمەن، دەپ-دۇنيايىڭنى مۇسادىرە قىلغۇزىمەن ھەمدە سېنى قاتتىق جازالىتىمەن.

— مەن ئوغرىلىق قىلغىنىم يوق، شۇڭا قازىدىن قورقمايمەن. بىراق مەن سىزگە ئامراق، سىزگە سادىقمەن، تەلۋۈسىڭىزنى بىجا كەلتۈرىمەن، مېنىڭ ھەممە پۇل-ماللىرىمنى ئېلىپ كەتسىڭىزمۇ ياق دىمەيمەن. سىز مېنىڭ ئاكام، مېنىڭ بىر تۇققان قېرىندىشىم، ئەگەر ھەقىقەتەن لازىم بولسا، غەزنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىگىنى سىزگە كورسىتىپ قوياي. بىراق قاراقچىلار زىيانكەشلىك قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن!

قاسىم خەۋپ-خەتەر دىگەن نەرسىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ، غەزنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىگىنى ئۇقۇۋپلا، ئون خېچىر تەييارلاپ غەزنىدىكى بايلىقنى ئەكەلمەكچى بوپتۇ. ئۇ خېچىر-لارنى ھەيدىگەن پېتى ئالدىراپ-تېنەپ قاراقچىلار ئۇۋىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

## 6. قاراقچىلار ئۇۋىسىدا

"ئىشىكنى ئاچقىن، زىغىر، زىغىر،" قاسىم غارغا قاراپ شۇنداق دەپتىكەن، يوغان تاش ئېچىلىپ، قاراقچىلار ئۇۋىسى ئۇنىڭ

ئالدىدا كورۈنۈپتۇ. ئۇ قىنىغا پاتماي كېتىپتۇ ۋە غارغا كىرىپ: ”ئىشىكىنى ياپ، زىغىر، زىغىر“ دەپتۇ، يوغان تاش غارنى ئېتىۋاپتۇ.

غەزنە ئىچىگە دوۋىلەنگەن مال-مۈلۈكنى، ئۈنچە-مارجانلار ۋە قاش تېشى ئەسۋاپلىرىنى كورگەن قاسىمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ، غارنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە ئاچكوزلۈك بىلەن سىنچىلاپ قاراپ كېتىپتۇ، خېلى ۋاقىت ئوتكەن بولسىمۇ، قاراقچىلار قايتىپ كېلىپ قالار، دەپ ئويلاپمۇ باقماپتۇ. ئۇ نەرسە- كېرەكلەرنى مالتىلاپ يۈرۈپ، بۇ بايلىقلار ئىچىدىن ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى تاللايمەن دەپ بىرنەچچە سائەت ۋاقىتنى ئوتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئاچكوز-لۈگىدىن ئىشىك ئاچىدىغان ھىلىقى گەپنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۇ ئويلىنىپتۇ، ئەسلەپتۇ، ئەمما ئويلىغانسېرى كاللىسى ئېلىشىپ، ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمەپتۇ. ئۇ ئۇمىدىنى ئۈزۈپ، ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇپ كېتىپ: ”ئىشىكىنى ئاچ، ئارپا،ئارپا“ دەپ قارىسىغا توۋلاپ تىكەن، تاش قىمىرمۇ قىلماپتۇ. ئۇ تېخىمۇ تەمتىرەپ قېلىپ: ”ئىشىكنى ئاچ، ماش پۇرچاق، ماش پۇرچاق، ئىشىكنى ئاچ، ئاش پۇرچاق، ئاش پۇرچاق. ئىشىكنى ئاچ، بۇغداي، بۇغداي. ئىشىكنى ئاچ، يېسى پۇرچاق، يېسى پۇرچاق، ئىشىكنى ئاچ، دادۇر، دادۇر“ دەپ توۋلاۋېرىپتۇ. ئۇ شۇنچە زىرائەتنىڭ نامىنى ئاتاپ چاقىرىپتۇيۇ، ئەمما زىغىر دىگەن سوزنى زادى ئېسىگە ئالالماپتۇ. شۇڭا غارنىڭ ئاغزى زادىلا ئېچىلماپتۇ.

بۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئولۇمدىن باشقا ئامال قالمىغانلىقىغا كوزى

يېتىپ، ئاچكوزلۇك، مەيپەئەتپەرەسلىك ئوزىنى ئولۇمگە مەھكۇم قىلغانلىغىنى بىلىپتۇ ۋە ئوزىنىڭ تەۋەككۇلچىلىگىگە قاتتىق پۇشاي-مان قىپتۇ.

## 7. قاسىمنىڭ ئولۇمى

قاسىم ئەنە شۇنداق چىقالماي تۇرغاندا، قاراقچىلار كېپقاپتۇ ۋە غارنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئون خېچىرنى كوروپ، قاتتىق هاڭ-تاڭ بولۇپ كېتىپتۇ. قاراقچىلار باشلىغى غاردىكى بايلىقنى ئوغرى ئەپكېتىپ يۈرمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن دەرهال يۈگۈرەپ كېلىپ: "ئىشىكنى ئاچقىن، زىغىر، زىغىر" دېگەن ئىكەن، غارنىڭ ئىشىگى شۇ زامات ئېچىلىپتۇ.

بۇ چاغدا، قاسىم ھىلىقى مەخپى گەپنى ئېسىگە ئالغان بول-سىمۇ، ئەمما ئولگۈرەلمەپتۇ. ئۇ قاچماقچى بوپتۇ، لېكىن قاچال-ماپتۇ، نەتىجىدە قاراقچىلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئولۇپتۇ. قاراقچىلار ئۇنى چاينىۋەتكۇدەك بوپتۇ، ئۇنىڭ ئولۇگىنى توت پارچىغا بولۇپ، ئۇنى ھەمرالىرى—ئەگەر ھەمرالىرى بولسا—كوروپ، كېيىن يەنە غارغا كېلىشكە پېتىنالمىسۇن دەپ، غارنىڭ توت بۇلۇڭىغا بىر پارچىدىن ئېسىپ قويۇپتۇ.

## 8. قاسىمنىڭ ئولۇگى

قاش قارايغىچە كۈتۈپ قاسىمنىڭ قارىسىنىمۇ كورەلمىگەن

خوتۇنى بەك ئەنسىرەپتۇ، بىرەر ۋەقە تۇغۇلۇپ قىلىشتىن خەۋپ-سىرەپ، دەرھال ئەلى بابانىڭكىگە بىرىپ، ئەلى باباغا ئىرىنىڭ ئەتىگەن چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.
ئەلى بابامۇ ئەنسىزلىنىپ، ئاكىسىنىڭ غېمىنى يەپتۇ، ئەمما يەڭگىسىنىڭ ئالدىدا ئوزىنى تۇتۇۋېلىپ تەمكىن ھالەتتە:
— ئېھتىمال، باشقىلار كورۇپ قالمىسۇن دەپ قاراڭغۇ چۈشكىچە ئورمانلىقتا ساقلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ.
قاسىمنىڭ خوتۇنى ۋاقتىنچە خاتىرجەم بوپتۇ. لېكىن ئېرى يېرىم كېچىگىچە قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، يەنە ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي قاپتۇ ۋە ئەھۋالنى ئېيتقىلى يەنە ئەلى بابانىڭكىگە يۈگۈرەپ بىرىپتۇ، ئەھۋالنى دەپتۇ. ئەلى بابا يەنە ئۇنىڭغا تەسەللى بىرىپ، ئۇنىڭ كوڭلىنى ياساپ قويۇپتۇ.
تاڭ يورۇپتۇ، ئەلى بابا ئۈچ ئېشىكىنى ھەيدەپ ئورمانلىققا بىرىپتۇ. ئۇ غارغا كىرىپ ئاكىسىنىڭ ئولۇكىنى كورۇپتۇ-دە، كوڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ، ھوكىرەپ يىغلاپتۇ. ئەمما ئۇ يىغلىغاننىڭ ھىچقانداق پايدىسى يوقلۇغىنى ئويلاپ، ئاكىسىنىڭ جەسىدىنى يىغىشتۇرۇپ، بىر ئېشەككە ئارتىپتۇ. قالغان ئىككى ئېشەككە مال-مۈلۈكنى لىق ئارتىپ ئويىگە قايتىپتۇ.

## 9. قاسىمنى دەپنە قىلىش

ئەلى بابا توپ-توغرا ئاكىسىنىڭكىگە بىرىپتۇ. يەڭگىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېرىنىڭ جەسىـدىنى كورۇپ ھوڭـگىرىـگىتىپ يىغلاپتۇ. ئەلى بابا ئۇنىڭ كوڭلىنى ياساپتۇ، ئۇزلىرىگە ھاي بەرسلە دەپ خىلىغىچە تەسەللى بېرىپتۇ.

ـــ ئەمدى يىغلىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، ـــ دەپتۇ ئەلى بابا، ـــ ئۇنى تېزرەك دەپنە قىلىۋېتىلى. بولغان ئىشـنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن، گەپ تالاغا چىقىپ كېتىـپ قاراقچىـلارنىڭ قولىغـا يېتىپ قالسا، ئۇلار بىزدىن ئوچىنى ئالىدۇ.

ـــ جەسىدى پارە ـ پارە تۇرسا، قانداق دەپنە قىلىمىز؟ ـــ دەپتۇ يەڭگىسى.

قاسىمنىڭكىدە مارجانە ئاتـلىق ساپ دىل ھەم ئەقىلـلىق بىر چاكار بار ئىكەن، بۇ قىز قاسىمنىڭ خوتۇنى بىلەن ئەلى بابانىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ:

ـــ مەن بىر ئادەم تېپىپ كېـلەي، ئۇنىڭ جەسىدىـنى تىكـ سۇن. ـــ دەپتۇ ـ دە، دەرھال تىكۇچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ ئۇستا سەيـپۇڭ بابا مۇسـتاپاغا ئەھۋالـنى دەپـتۇ ۋە ئىككى تىلـلا بېرىپتۇ.

سەيپۇڭ ئىنتايىن خوشال بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئويگە يېقىن كەلگەندە، قىز ئوينى بىلىۋالمىسۇن دەپ، سەيپۇڭـ نىڭ كوزىنى ياغلىق بىلەن تېڭىپتۇ، ئاندىن ئۇنى ئۇدۇل جەسەت قويۇلغان ئويـگە باشـلاپ كىرىپتۇ، ئانـدىن كوزىـگە تېڭىلـغان ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاسىمنىڭ جەسىدىنى تىكـتۇرۇپتۇ.

سەيپۇڭ جەسەتنى تىكىپ بولغانـدىن كـيىن، قىز سەيپۇڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى

يەنە بىر تىللا بېرىپتۇ، ئاندىن يەنە ياغلىق بىلەن سەيپۇڭنىڭ كوزىنى تېڭىپ، ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

قىز سەيپۇڭنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ-دە، ئايال خوجايىنى بىلەن ئەلى باباغا ياردەملىشىپ، خوجايىنىنى دەپنە قىپتۇ، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن، ئەلى بابا ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئۇي ئىشلىرى ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىدىغان بوپتۇ.

## 10. بابا مۇستاپا بىلەن قاراقچىلار

قاراقچىلار غارغا قايتىپ كېلىپ قاسىمنىڭ جەسىدىنىڭ يوقلۇغىنى كورۇپ، بۇنىڭ سىرىنى باركەن دىگەن يەرگە كەپتۇ، قاراقچىلار باشلىغى بىر قاراقچىنى تىڭ-تىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.

قاراقچى شەھەرگە كېلىپ، بىر كېچە يۈرۈپ ھېچنەرسە تىڭ-تىڭلىيالماپتۇ. ئەتىسى تاڭ سوزۇلگەن ۋاقىتتا، ئۇ بابا مۇستاپانىڭ دۇكاندا كىيىم تىكىۋاتقانلىغىنى كورۇپ، دۇكانغا كېلىپ سالاملىشىپتۇ.

— تېخى يورۇق چۈشمىگەن تۇرسا، ئىشنى قانداق كورۇۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قاراقچى ھەيرانلىقتا.

— ئاللا ماڭا ئوتكۇر كوز ئاتا قىپتىكەن، — دەپتۇ بابا مۇستاپا ناھايىتى مەنمەنلىك بىلەن، — تۇنۇگۈن مەن نەچچە پارچە

قىلىۋېتىلگەن بىر ئەركىشىنىڭ جەسەدىنى بىر قاراشقىمۇ ئۇيدە ھېچ قىينالمايلا تېكىپ قويىدۇم تېخى!

بۇ قاراقچى سەيپۇڭغا بىرئاز ھىلە ئىشلىتىپ، ئاخىر ئۇنىڭ ئاغزىدىن مارجانە بىلەن بولغان ھىلىقى ئىشنى ئۇقۇۋاپتۇ، ئاندىن دەرھال سەيپۇڭغا بىر تىللا بېرىپ، ھېلىقى ئۆيگە باشلاپ ئاپىرىشنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇ ئۆينىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ سەيپۇڭ، — ئۇ قىز ئۆيىنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ياغلىق بىلەن كۆزلىرىمنى تېڭىپ قويغانتى.

— قېنى بېرىپ باقايلى، بەلكىم ھېلىقى ئۆيىنى تاپالارمىز.

سەيپۇڭ ھېلىقى قاراقچى بىلەن بىر ھازاغىچە مېڭىپ:

— مۇشۇ يەرگىچە كەلدۇق، قالغان يول ماڭغا ئېنىق ئەمەس، — دەپتۇ.

قاراقچى تونۇت چاسا ياغلىق بىلەن سەيپۇڭنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، ئۇنىڭغا:

— كېلىڭ، ماڭغاچ ھېلىقى قىز سىزنى ئېلىپ ماڭغان چاغدا قانچە قەدەم باسقانلىقىڭىزنى ئەسلەپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ.

بابا مۇستاپا قاراقچى بىلەن ئانچە ئۇزاق ماڭماستىنلا قەدىمىنى توختىتىپ:

— ھە بەللى! ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيى مۇشۇ يەردە، — دەپتۇ.

ھېلىقى قاراقچى بۇ ئۆينىڭ دەرۋازىسىغا بىر بەلگە سىزىپ قويۇپتۇ، ئاندىن كېيىن بېرىپ، ئۇزىنىڭ ئالغان خەۋىرىنى

www.uyghurkitap.com

قاراقچىلارغا مەلۇم قىلماقچى بولۇپ غارغا قاراپ مېڭىپتۇ.

## 11. مارجانەنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى

مارجانە قاراقچىنىڭ دەرۋازىغا بەلگە سىزىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدا بىر ئىش بارلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە، ھەممە خولۇم ـ خوشنىلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغا ھېلىقى بەلگىگە ئوپ ـ ئوخشاش قىلىپ بەلگە سىزىپ قويۇپتۇ.

قاراقچىلار كېچىدە ئۆچ ئېلىشقا گەپنى پىشۇرۇپ كەلگەن ئىكەن، قارىسا، ھەممە دەرۋازىدا بەلگە تۇرغۇدەك، قايسى ئۆيلىكىنى بىلەلمەي، ئۆچىنىمۇ ئالالماپتۇ ۋە دىمى ئىچىگە چۈشۈپ غارغا قايتىشىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، تىڭ ـ تىڭلاشقا بارغان ھېلىقى قاراقچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بابا مۇستاپانىڭ قېشىغا يەنە بىر قاراقچىنى ئەۋەتىپتۇ.

ئىككىنچى قاراقچى شەھەرگە كېلىپ، ئىشنى خۇددى ھېلىقى ھەمرايىغا ئوخشاش قىلىپ، قاسىمنىڭ دەرۋازىسىغا بىر قىزىل بەلگە قويۇپتۇ. ئەمما مارجانە بۇ بەلگىنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇ دەرھال ھەممە خولۇم ـ خوشنىلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغىمۇ بىردىن قىزىل بەلگە قويۇپ چىقىپتۇ.

قاراقچىلار كېچىسى ئۆچ ئالىمىز دەپ شەھەرگە كىرىپ قارىسا، يەنە ھەممە دەرۋازىلاردا ئوخشاشلا بەلگە تۇرغۇدەك، ئۇلار گاڭگىراپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، نائىلاج سالپىيىشىپ

قايتىپتۇ. قاراقچىلار باشلىغى ئاچچىقلىنىپ ئىككىنچى قاراقچىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ۋە ئۆزى شەھەرگە كېلىپ بابا مۇستاپانى تېپىپ، ئۇنىڭدىن قاسىمنىڭ ئۆيىنى ئېنىق سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپتۇ، كېلەر قېتىم كەلگەندە قۇرۇق كەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ ئۆينى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ.

## 12. مارجانە بىلەن قاراقچىلار

قاراقچىلار باشلىغى قىرىق كۈپ تەييارلاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىككىسىگە تولدۇرۇپ قىچا مېيى قاچىلاپ، قالغانلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن قاراقچىنى ساپتۇ، ئۇلار باشلىغى تاش ئېتىپ سىگنال بەرگەندە، ھەممىيلەن كۈپتىن تەڭ چىقىپ، رەقىبىدىن ئىنتىقام ئېلىشقا كېلىشىپ قويۇپتۇ. ھەممە ئىش تەل بولغاندىن كېيىن، قاراقچىلار باشلىغى ماي سودىگىرى بولۇۋېلىپ، قاسىمنىڭ ئۆيىگە قونۇشقا كەپتۇ، ئۇ ئەلى بابانىڭ رازىلىغى بىلەن قونۇپ قاپتۇ ھەمدە قىرىق كۈپنى ھويلىغا قاتار تىزىپ قويۇپتۇ.

كەچكى تاماقتىن كېيىن، قاراقچىلار باشلىغى بىلەن ئەلى بابا پاراڭغا چۈشۈپتۇ. كورمەمدىغان ئىشىنىڭ مۇنداق دەل كېلىپ قالغانلىغىنى، مارجانە چىراقنىڭ مېيى قالمىغانلىغىنى كورۈپتۇ، ئۆيدە ماي قالمىغاچقا، ئۇ ھويلىغا چىقىپ كۈپتىن ئازراق ماي ئېلىپ چىراققا قۇيماقچى بوپتۇ. كۈتۈلمىگەندە ئۇ كۈپنىڭ ئىچىدىن ئادەمنىڭ تىنىغى چىقىۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ

بىلەن ئۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈپنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاستا تىڭ-شاپتۇ، ئاندىن رېتى بويىچە ھەممە كۈپنى تىڭشاپ چىقىپتۇ. پەقەت ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كۆپتىن ئاۋاز چىقماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، زىرەك مارجانە قاراقچىلارنىڭ سۇيىقەستىنى بىلىۋاپتۇ، ئۇ كۈپتىن بىر قازان ماي ئېلىپ، مايىنى ئوچاقتا قاينىتىپتۇ، ئاندىن قايىنغان مايىنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، كۈپنىڭ ئاغزىنى بىر-بىرلەپ ئېچىپ قىزىق مايىنى كۈپلەرگە قۇيۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ كۈپنىڭ ئىچىدىكى قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ.

ئەل ئايىغى جىمىققان چاغ ئىكەن، ئەلى بابا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى ھويلىغا چىقىپ ئاستا بىر تاش ئېتىپ، قاراقچىلارغا چىقىپ ئىنتىقام ئېلىشقا خەۋەر بېرىپتۇ، ئەمما



ھېچقانداق سادا بولماپتۇ. ئۇ يەنە ئېگىز-پەس، ئۇچىنچى تاشنى ئېتىپتۇ، قارىسا يەنە جىمجىت، قاراقچىلار چىقمىغۇدەك. ئۇ كۆپلەرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا، ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى كۆپىنىڭ ئىچىدە ئۆلۈك ياتقۇدەك، بۇنى كورگەن قاراقچىلار باشلىقى ئاچچىقىدا سارالىق بولۇپ كەتكۇدەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ رەسۋاسى چىقىپ، كېچىلەپ تاققا تىكىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئەلى بابا مارجانەدىن كېچە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدار بوپتۇ ھەم ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بىر ئورا قېزىپ، ھېچقانداق ئىز-تىز قالدۇرماي، قاراقچىلارنىڭ ئۆلۈكىنى كومۇۋېتىپتۇ.

## 13. قاراقچىلار باشلىقىنىڭ ئۆلۈشى

قاراقچىلار باشلىقى تاققا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ھەمراھلىرىنى چاقىرىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاپ بەرمەيدىكەن. ئۇ يىغلايدىكەن، ئۆزىنى كاچاتلايدىكەن.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپتۇ، قاراقچىلار باشلىقى قاتتىق قايغۇ-ئەلەم ئىچىدە خۇددى سارالىق بولۇپ قالغان ئادەمدەك، بولۇپ قاپتۇ. كېيىن ئۇ ھەسرەت چەككەننىڭ نىمە پايدىسى دەپ ئويلاپ، ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ كىيىم-كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ، باشقىچە قىياپەت بىلەن شەھەرگە كىرىپتۇ ۋە ئەلى

بابانىڭ ئۆيىنىڭ قېشىدا بىر دۇكان ئېچىپتۇ. ئۇ قاسىمنىڭ ئوغلى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بەك يېقىن بولۇپ كېتىپتۇ، قاسىمنىڭ ئوغلىغا ئېسىل نەرسىنى سوغا قىلىپ بېرىپتۇ.

قاسىمنىڭ ئوغلى بىر كۈنى ئۇنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئۇ قاسىمنىڭ ئوغلىنىڭ دوستى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەلى بابا ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئەمما ئەقىللىق مارجانە بۇ ئادەمنىڭ ساغرىسىغا يوغان پىچاق ئېسىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ. مارجانە تازا ئويلاپ قارىسا، بۇ ئادەم ھېلىقى قاراقچىلار باشلىقىنىڭ ئۆزى ئىكەن. مارجانە ئەڭ چىرايلىق بىر قۇر كىيىم كىيىپ، ئۆزىنى تازا ياساپ، قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن بۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇسۇل ئويناپتۇ. مارجانە ئۇنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى ئۇستى-



لىق بىلەن بىلىدىن خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇپتۇ، ئۇ ئادەم شۇ زاماتلا جان بېرىپتۇ.

ئەلى بابا بىلەن قاسىمنىڭ ئوغلى ئادەم ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ قىزغا ناھايىتى ئاپچىقلىنىپتۇ. مارجانە ئۇلارغا ھەقىقى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ، ئۇلار شۇندىلا ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئاندىن كېيىن، ھەممەيلەن قاراقچىلار باشلىقىنىڭ ئۆلۈكىنى قولمۇ-قول ھېلىقى قاراقچىلارنىڭ ئۆلۈكى كۆمۈلگەن يەرنىڭ قېشىغا كۆمۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقماپتۇ.

## 14. خاتىمە

ئەلى بابا مارجانەنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئۇ مارجانەنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ھەقىقى سۆيۈپ، ئۇنى قاسىمنىڭ ئوغلىغا ئەپ بېرىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن، غاردىكى غەزنە ئەلى باباغا تەئەللۇق بوپتۇ. ئۇ بۇ قىممەتلىك بايلىقنى تەڭ بولۇپ، يېرىمىنى ئۆزى ئېپقاپتۇ، يېرىمىنى ئاكىسىنىڭ ئوغلى بىلەن مارجانەگە بېرىپتۇ.

# تۇلكە رېنا ھەققىدە چوچەك* (قىسقارتىلما)

(فرانسىيە) م. خ ـ گىرائۇد خانىم ئۆزگەرتىپ يازغان

## تۇلكە رېنا دۇنياغا قانداق كەلگەن

يىلاننىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن، ھاۋا ئانا جەننەتتىكى يېيىش مەنئى قىلىنغان ئالمىنى ئۈزۈپتۇ. ئۇ تېخى بۇ ئالمىنى ئادەم

* "تۇلكە رېنا" ياۋروپادا خەلق ئىچىدە كەڭ تارالغان ھايۋاناتلار ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى چوچەكلەر ئىچىدىكى بىر باش قەھرىمان. ئۇ ھەققىدىكى بىر قاتار چوچەكلەر ئەملىيەتتە 13 ـ ئەسىردىلا بارلىققا كەلگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا نۇرغۇن دولەتلەردىكى يازغۇچىلار ئۇنى خاتىرىلىۋالغان. بەزىلەر ئۇنى شېئىر شەكلى بىلەن قايتا ئىجات قىلىپ چىققان، بۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرى فرانسىيىدە نەشر قىلىنغان 30 مىڭ مىسرالىق، 27 ھېكايە ـ چوچەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «رېنا ھەققىدىكى راۋايەتلەر» بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. نۇرغۇن باللار ئەدىبىياتى يازغۇچىلىرى ئۇنى باللار ئوقۇش كىتاۋى سۈپىتىدە مەسەل خاراكتېرلىق كىچىك ـ كىچىك چوچەك قىلىپ ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققان. بۇ يەردە ئېلان قىلىنغىنى ئۇلاردىن بىر خىلى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاتىغمۇ يىگىرمەكچى بوپتۇ، بۇ ياخشى خوتۇنىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئوي ئىدى. ئاچكوز ئادەم ئاتىمۇ ھاۋا ئانىنىڭ بۇنداق قىلىغىغا ھاي دىمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قول تەككۈزسە بولمايدىغان بۇ ئالمىنى بىللە يەپتۇ. خۇدا ئۇلارنىڭ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ، ئالمىنى يىگەنلىگىنى كورۇپ ئىنتايىن خاپا بوپتۇ ۋە ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ①.

دەسلەپكى چاغلاردا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئەركىنلىككە ئېرىشتۇق دەپ ناھايىتى خوشال بوپتۇ، بايا ئۇلار جەننەتتىكى چاغدا خۇدانىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا ئىكەن. بولۇپمۇ ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىيالايدىغان بۇ دەرەخ ھاۋا ئانىنىڭ بېشىنى بەك قاتۇرغان ئىكەن. ئۇلار جەننەتتىكى چاغدا ھەممە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىكەن، بىراق، پەقەت بىرلا ئىشنى — ئۇلار دەل مۇشۇ ئىشنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىكەن — كوڭۇلدىكىدەك قىلىپ كېتەلمەيدىكەن، بۇ كىشىنى مەيۇسلەندۈرىدىغان بىر ئىش — تە!

---

① جەننەتتە ياخشى بىلەن ياماننى پەرقلەندۈرىدىغان بىر تۇپ ئالما دەرىخى بار ئىكەن، كىم ئالمىنى يىسە، شۇ ئەقىل — پاراسەتلىك بولىدىكەن ۋە ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىيالايدىكەن. خۇدا ئادەم ئاتىغا بۇ دەرەختىكى ئالمىنى يىسەڭ بولمايدۇ، ئەگەر يەپ قويساڭ بېشىڭنى يەيسەن دەپ جېكىلىگەن ئىكەن؛ شۇ سەۋەپتىن بۇ دەرەختىكى ئالما يىيىش مەنئى قىلىنغان ئالما دىيىلگەن ئىكەن. ھاۋا ئانا بۇ دەرەختىكى ئالمىنىڭ بەك ئوخشىغان-

ئەمەدىلىكتە، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا پۈتۈنلەي ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلالايدىغان بوپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشتا ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ. ئەمما، ئۇلار ئەمدى بۇرۇن جەننەتتە خۇدادىن كېلىدىغان ياخشىلىقنىڭ بىرىگىمۇ ئېرىشەلـمەيدىغان بوپتۇ. شۇڭا ئۇلار كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بىراق ئۇلار ئىشلەپ ئادەتلەنمىگەچكە، ئىشلەش ئۇلارغا بەك قىيىن بىلىنىپتۇ. خۇدانىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇلارغا ياردەم قىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىردە، ئۇلار پەرىشان ھالەتتە دېڭىز ساھىلىدە ئولتۇرۇپ بىرنەچچە قۇلۇلە يەپتۇ، لېكىن بۇ ئاچلىققا پەقەت دال بولماپتۇ. خۇدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزى جىنايىتى يېنىكرەك دەپ ھىساپلىغان ئادەم ئاتىغا:

— ئادەم ئاتا، مەن ساڭا ياردەم قىلغىلى كەلدىم، سېنى تېخى دېگەندەك پەملىك ئەمەس، دۇنيادىكى تۈرلۈك-تۈرلۈك

---

لىغىنى كورۇپ، ئۇنى يىگۈسى كېلىپتۇيۇ، ئوغرىلىقچە يېيىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ، شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ بېشى بەك قېتىپتۇ. كېيىن بىر يىلان ئۇنىڭغا خۇدانىڭ سىرىنى پاش قىلىپ قويۇپتۇ ھەمدە ئۇنى بۇ ئالمىنى ئۈزۈپ يېيىشكە كۈشكۈرتۈپتۇ. ھاۋا ئانا ئۆزى يېيىش بىلەنلا قالماي، ئېرىگىمۇ يىگۈزۈپتۇ. ئۇلار بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ ئالمىنى يىگەنلىگى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلىۋېتىپتۇ. بۇ ھىكايە ھەققىدە «تەۋرات»نىڭ "دۇنيانىڭ يارىتىلىشى" دېگەن قىسمىغا قارالسۇن.

ئىشلارغا تاقابىل تۇرالمىسىمكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. مەن ساڭا بىر خاسىيەتلىك تاياق بېرەي، سەن بۇ تاياق بىلەن سۇنىڭ بېتىگە ئۇرساڭ، ئۆزەڭگە ئەسقاتىدىغان بىر ھايۋانغا ئىگە بولالايسەن. ئەمما شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، ھەرگىز ھاۋا ئانا بۇ تاياق بىلەن سۇنى ئۇرمىسۇن، ئەگەر ئۇ سۇنى ئۇرسا، سۇدىن چىققان نەرسە ئىككىڭلارغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمەيدۇ.

خۇدا بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. ئادەم ئاتىنىڭ قولىدا چىرايلىق ئورمان ياغىچى تايىقى قاپتۇ.

خۇدانىڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز سۆزىگە ھاۋا ئانا رازى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ خاسىيەتلىك تاياق بىلەن سۇنى ئۇرغاندا، زادى سۇدىن قانداق نەرسىلەر چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ.

— ئادەم ئاتا، بولسىلا، تېز بولسىلا، سۇنى ئۇرسىلا! كۆچەپ ئۇرسىلا! — دەپ ۋاقىراپتۇ ئۇ.

ئادەم ئاتا ئالدىراڭغۇ خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىپ، خاسىيەتلىك تاياق بىلەن سۇنى ئۇرۇپتۇ، شۇ ئاندىلا، ئۇلارنىڭ يېنىغا قوزىلىق بىر ساغلىق ئويناقلاپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك مەسىلىسى بىرلا ۋاقىتتا ھەل بوپتۇ: قوينىڭ يۇڭىدىن كىيىم كىيگىلى بولىدىكەن، قوينىڭ سۈتىدىن ئىرىمچىك ۋە قايماق ئەتكىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخى مېزىلىك پاخلان گۆشى يېگىلى بولىدىكەن.

ئاپلا! قارىمامدىغان، ھاۋا ئانا خۇشاللىقىدا خۇدانىڭ ئاگاھ-

لاندۇرۇپ ئېيتقان سوزىگە قارىماي، سۇنى ئۇرۇپ باقماقچى بوپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ ئۇرسام تېخىمۇ ياخشى نەرسە چىقسىدۇ دەپ ئويلايدىكەن. ئادەم ئاتا گەرچە ئۇنىڭ بۇنداق ئويىغا قارشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەزەلدىن هاۋا ئانىنىڭ گېپىنى يېرمايدىكەن.

هاۋا ئانا سۇنى ئۇرۇپتىكەن، سۇدىن بىر بورە چىقىپتۇ، بۇ بورە ساغلىقنا ئېتىلىپ بېرىپ، ساغلىقنى چىشلىگەن پېتى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ قېچىپتۇ.

— قىلغان ئىشىڭنى كور، سېنىڭ سەۋەنلىكىڭدىن بىز بىر قىممەتلىك هايۋاندىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ ئادەم ئاتا.

ئۇ هاۋا ئانىنىڭ قولىدىن خاسىيەتلىك تاياقنى تارتىۋېلىپ، خاپىچىلىقتا تاياق بىلەن يەرنى ئۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ تۇرغان يېرى دېڭىز ياقىسى بولغاچقا، خاسىيەتلىك تاياقنىڭ بىر قىسمى سۇغا تەككەن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن سۇدىن بىر هايۋان شوڭغۇپ چىقىپتۇ، بۇ هايۋان هاۋا ئانا چىقارغان بورىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن.

هاۋا ئانا بۇنى كورۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئادەم ئاتىغا:

— خاپا بولمىسىلا، سىلە تاياق بىلەن ئۇرۇپ چىقارغان نەرسىمۇ شۇنچىلىكقۇ! — دەپتۇ.

هاۋا ئانا بۇ سەپەر يېڭىلىشقان ئىدى، هېلىقى هايۋان ئىت ئىكەن. بۇ ئىت ئادەم ئاتىغا ناياقلاپ هەرخىل قىلىقلار بىلەن

ئەركىلەپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ يۇگۇرگەن پېتى ئورمانلىقتا بىرىپ بورە بىلەن ئېلىشىپتۇ، ئاخىر ساغلىقنى بورىدىن تارتىۋېلىپ، ئادەم ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېپكەپتۇ.

خاسىيەتلىك تاياق هاۋا ئاتىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىلا، ئىشنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى ئەملىيەت ئىسپاتلاپتۇ، يەنە بىرەر چاتاق چىقىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلغان ئادەم ئاتا بۇ خاسىيەتلىك تاياقنىڭ ئىككىنچىلەپ هاۋا ئانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئېهتىيات قىلىپ، ئۇنى تىقىپ قويۇپتۇ، ئۇنى ئىشلەتكەندىمۇ بەك ئېهتىيات قىلىدىغان بوپتۇ.

كېيىن ئادەم ئاتا خاسىيەتلىك تاياقنى ئىشقا سېلىپ، ئايغىر، ئۇشكە، سىيىر، مىكيان ۋە هەر خىل پايدىلىق هايۋانلارنى يەر يۈزىگە چىقىرىپتۇ.

هاۋا ئانا هەم جاهىلىراق، هەم قىزىقسىنىغاقراق بىر ئايال ئىكەن. ئۇ هەم بەك تادان بولۇپ، ئادەم ئاتىنىڭ هەر نوۋەت خاسىيەتلىك تاياقنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن قەيەرگە يوشۇرۇپ قويىدىغانلىقىغا سەپسېلىپ يۈرىدىكەن. ئۇ ئاخىر بىر كۈنى تاياقنى تىقىپ قويغان يەرنى بىلىپ قاپتۇ ۋە ئادەم ئاتا ئىش بىلەن بەنت بولۇپ يۈرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خاسىيەتلىك تاياقنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۇنى ئۇرۇپتۇ، يەرگە يىرتقۇچ هايۋانلار ۋە زىيانداش هايۋانلارنىڭ هەممىسى چىقىپتۇ؛ ئۇ ئىككىسى دەرهال قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن بۇ هايۋانلار كىشىلەرگە نۇرغۇن مالامەتلەر كەلتۈرۈپتۇ.

ئەلۋەتتە، ھاۋا ئانا ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئادەم ئاتىنىڭ ئالدىدا كۆز ـ كۆز قىلمايدىكەن. بىراق، بىر كۈنى ھاۋا ئانا سۇنى ئۇرماقچى بولغىنىدا، ئادەم ئاتا دەل ئۈستىگە كېلىپ قاپتۇ، ئادەم ئاتا تاياقنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ. ھاۋا ئانا تاياقنى بەك چىڭ تۇتۇۋالغاچقا، ئادەم ئاتا ئالالماپتۇ، ئىككە-لىسى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن تاياقنى تەڭ تۇتۇپ سۇنى ئۇرۇپتۇ. نەتىجىدە مۆشۈك پەيدا بوپتۇ، مۆشۈك ھەم ئوماق، ھەم يىرگىنىشلىك ئىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئوماق بولۇشى ياكى يىرگىنىشلىك بولۇشى پۈتۈنلەي كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىسىگە باغلىق ئىكەن.

ئادەم ئاتا خۇدانىڭ ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقانلىرىنى ھاۋا ئانىغا يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ، ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك تاياقنى ئىككىنچى قولغا ئالماسلىقنى جېكىلەپتۇ، ھاۋا ئانا خاپا بولۇپ، تاياقنى قاراسىدا سۇندۇرۇپ، دېڭىزغا تاشلىۋېتىپتۇ. شۇ ئاندا، دېڭىز سۈيى ئۇركەشلەپ شاۋقۇن كۆتۈرۈپتۇ ـ دە، دېڭىزدا تۈكلىرى بەك چىرايلىق غەلىتە ھايۋان پەيدا بوپتۇ، ھاۋا ئانا دەرھال ئۇنىڭ يۇڭىدىن ئىسسىققىنا بىر شارپا توقۇغىلى بولىدىكەن دەپ ئويلاپتۇ. ھاۋا ئانا ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بارغان چاغدا، ھېلىقى غەلىتە ھايۋان ـ تۈلكە ـ سوغاققىنا ھە-جىيىپ قويۇپ، تىكىۋېتىپتۇ. مانا بۇ تۈلكىنىڭ ئادەمنى ئاخىرقى قېتىم ئەمەس، بەلكى بىرىنچى قېتىم ئەخمەق قىلغىنى ئىكەن. رېنا ئەنە شۇ تەرىقىدە پەيدا بولغان ئىكەن. ئۇ قۇۋ، ھىيلە-

نەيرەڭلىك ئىكەن. كېيىن ئۇ باشقا هايۋانلارغا نۇرغۇن ئەسكى-لىكلەرنى قىلغان ئىكەن، بىز ئوقۇيدىغان بۇ هىكايىدە ئۇنىڭ ئومرىدە قىلغان ئىشلىرى سوزلىنىدۇ.

## قۇشقاچ تىپلۇيىن

جىنەستە پىشىشقا باشلىغان چاغلار ئىكەن.

جىنەستىلەر چاڭگاڭ-چاڭگاڭ تازا ئوخشىغان يوغان بىر تۇپ جىنەستە دەرىخىغە قونۇۋالغان قۇشقاچ تىپلۇيىن تازا هوزۇر-لىنىپ ئەڭ مېزىلىك چۇشلۇك تامىغىنى يەۋاتقان ئىكەن.

رېنا ئويىگە كېتىۋېتىپ بۇ يەردىن ئوتۇپتۇ.

— سالام، تىپلۇيىن! بۇ يىلقى جىنەستە ئوخشاپتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— بەك ئوخشاپتۇ، بۇنداق تاتلىق جىنەستىنى پەقەت يەپ باقماپتىكەنمەن. قارىڭا، نىمە دىگەن مولچىلىق. سىزمۇ تېتىپ باقامسىز؟ — دەپتۇ تىپلۇيىن.

— ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، چۇشلۇك تامىقىڭنى يەۋالغىن، — دەپتۇ رېنا تەكەللۇپ قىلىپ.

— هوي! دىمىسىمۇ بەك جىق يەۋېتىپتىمەن، — دەپتۇ تىپلۇيىن جاۋاپ بېرىپ، — بۇنداق تەملىك، بۇنداق مېزىلىك جىنەستىنى كورۇپ، نەپسىمنى تۇتالماي يەۋېرىپتىمەن. ماۋۇ بىرنەچچە

تالنى سىز تېتىپ بېقىڭ.

قوشقاچ تېلۇيىن سەممىيەتلىك بىلەن بىرنەچچە چاڭگاك جىنەستىنى رىناغا تاشلاپ بېرىپتۇ، رىنا ئۇنى بىر بىردىن يەپتۇ.

رىنانىڭ قوسىقىغا يەنە بىرەر تال جىنەستىنىڭ پاتقۇچىلىكى قالمىغاندا تېلۇيىنغا:

— رەھمەت، كۆپ رەھمەت. بۇ جىنەستە راست تاتلىق ئىكەن. تېلۇيىن، يارايسەن، ئاغىنىدارچىلىقى بار نىمە ئىكەنسەن، — دەپتۇ.

— سىزنى رازى قىلالىغانلىقىمغا بەك خۇشالمەن، — دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ تېلۇيىن سەممىي ھالدا.

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياردىمىمگە ھاجىتىڭ چۈشسە، ھاجەتىڭدىن چىقىشقا تەييارمەن، — دەپتۇ رىنا.

— ھوي! سىز دىگەن ۋاڭ غوجام تۇرسىڭىز، — دەپتۇ تېلۇيىن، — مەندەك ئاددى پۇقراغا ياردەم قىلسىڭىز سۈپىتىڭىزگە تەسىر يېتەر. ئەمما، بايىقى گېپىڭىز راست بولسا، سىزدىن بىر ئىش توغرىلىق مەسلىھەت سورىماقچى ئىدىم.

— قانداق گەپ بولسا سوراۋەر. خوش، نىمە ئىش توغرىلىق مەسلىھەت سورىماقچىدىڭ؟

— قەدىردان رىنا، بالىلىرىم توغرىلىق ئىدى. مىنىڭ ئىككى جان-جىگەر ئوماق بالام ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇلار پەي تارتىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، مەن ئۇلارنى

www.uyghurkitap.com

قانداق داۋالاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— مۇشۇنچىلىك ئىشمۇ! بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىش بولامدۇ. شەرقنى ساياھەت قىلىپ يۈرگەن چېغىمدا، سۇلتان ئالىلىرىنىڭ مۇشۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بالىسىنى ئۆزەم ساقايتقانمەن. بالىلىرىڭىزنى مەن ساقايتالايمەن، بەلكى داۋالاپ ساقايتىشنى بەك خالايمەن، — دەپتۇ رىنا.

— ۋاڭ غوجام، ئۆزلىرىگە مىڭ رەھمەت، — دەپتۇ تىلۇيىن ئىنتايىن خوشال بولۇپ، — مەن بالىلىرىمنى ئېلىپ كېلەي، كۆرۈپ قويسىلا.

گۇدەك تىلۇيىن ئۆگىسىغا يۈگۈرەپ بېرىپ، ئالدى بىلەن چوڭ ئوغلىنى ئېپچىقىپ رىناغا تاشلاپ بېرىپتۇ؛ ئاندىن ئىككىنچى بالىسىنى ئىزدەپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئىككى بالىسىنى ئېپچىقىپ بەرگەندىن كېيىن، يەرگە قارىسا، بالىلىرىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگۈدەك، بۇ ھالغا ئۇ بەك ھەيران بوپتۇ.

— بالىلىرىم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ تىلۇيىن تاقەتسىزلىنىپ.

رىنا سوغاققىنا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئۇلار ساقىيىپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى كېسەل ئازاۋىنى ئىككىنچى تارتمايدىغان بولدى!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تىلۇيىن ھوشىنى تېپىپ، ئوكسۇپ-قاخشاپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— ئۇلارنى يەپ كېتىپلا-ھە!

www.uyghurkitap.com

ــ ياق، ئۇلار ئۇچۇپ كەتتى!

ــ ئۇچۇپ كەتتى! ئۇلار تېخى ئۇچۇم بولمىغان تورسا قانداقمۇ ئۇچۇپ كېتەلىسۇن! رېنا، سىلە يالغان گەپ قىلىۋاتىلا!

ــ ئەگەر مەن شۇنداق قىلىشنى خالىسام، يالغان گەپ قىلىشىم ئېهتىمالغا ناهايىتى يېقىن.

ــ خەپ، مەن چۇشۇپ كوزۇڭنى چوقۇۋەتمىسەم.

ــ چۇش، جېنىم تېلۇيىن. چۇشسەڭ، مەن سېنى باللىرىڭ بىلەن كورۇشتۇرۇپ قويىمەن.

ــ نەگە بېرىپ كورۇشىمەن؟

رېنا قىلچە نومۇس قىلماستىن دومبايغان قوسىغىنى كورسىتىپ، باللىرىڭ مۇشۇ يەردە دېگەندەك قىپتۇ.

ــ هوي، ــ دەپتۇ رېنا، ــ ئۇلارنىڭ كېسەل ئاۋازىنى يەنە تارتىپ يۇرمەيدىغانلىغىنى، ئوزەڭنىڭمۇ غەمدىن خالاس بولغانلىغىڭنى ئويلاپ خوشال بولساڭ بولىدۇ. قاچان ئېهتىياجىڭ چۇشسە، مەن يەنە ياردەم قىلىپ، هەممە كېسىلىڭنى ساقايتىپ قويىمەن.

بىچارە تېلۇيىن هوڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ، ئۇمىتسىزلەنگەن هالدا تۈكلىرىنى يۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا ئالدامچى رېنا ئوز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ــ باللىرىم، ئاھ جان ـ جىگەرلىرىم، سىلەرنى مەن ئۇلۇمگە تۇتۇپ بېرىپتىمەن! مەن بۇ خۇمپەرگە بەك ئىشىنىپ كېتىپتىمەن! بىراق، قەسەم ئىچەيكى، مەن چوقۇم سىلەر ئۇچۇن ئەنت

ئالمەن.

قۇشقاچ تېلۇيىن كوز يېشىنى ئەرتىپ، دوستلىرىنىڭ يېنىغا ياردەم سوراپ بېرىپتۇ. ئۇ بۇرۇن بۇ دوستلىرىغا ياردەم بەرگەن ئىكەن، شۇڭا بۇ دوستلار ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئەمما، تېلۇيىن بۇ ئىشتىن بۇ دۇنيادا ئادەمگەرچىلىك دىگەن نەرسىنىڭ يوقلۇغىنى چۈشىنىپتۇ. دوستلىرى تېلۇيىننىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ رېنادىن ئوچ ئالماقچى ئىكەنلىگىنى بىلىپ، ئۇزلىرىنى چەتكە ئالماقچى بوپتۇ. بەزىلەر مىجەزىم يوق دەپتۇ؛ بەزىلەر مۇھىم ئىشىم بار، بارالمايمەن دەپتۇ؛ بەزىلەر بىر ياقىقا بارىدىغان زورۇر ئىشىم بار ئىدى دەپتۇ. هەر هالدا بىرسى گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ، رېنادىن ئوچ ئېلىشنىڭ تەس ئىش ئىكەنلىگىنى سوزلەپتۇ هەمدە تېلۇيىنغا: ئەڭ ياخشىسى قايتىپ كەتكىن، بۇ ئىشنى ئىككىنچى ئويلاپ يۈرمە، ئەنتىمنى ئالمەن دىگەن خىيالىنى كاللاڭدىن چىقىرىۋېتىپ، ئولۇپ كەتكەن باللىرىڭ ئۈچۈن پۇخادىن چىققىچە بىر يىغلىۋالساڭ بولدى دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

## ساقچى ئىتى مورخىنىڭ تېلۇيىنغا ئوچ ئېلىشىپ بېرىشى

تېلۇيىن دوستلىرىدىن ياردەم ئالالماپتۇ، بىچارە قۇشقاچ

بۇنداق بولار دەپ زادىلا ئويلىماپتىكەن. تىلۇيىن ئاخىر ئۇيىگە قايتىش قارارىغا كەپتۇ.

ئۇ چىتلاقلىق بىر باغنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن، بىرسىنىڭ يۇرەكنى ئەزگۈدەك بىر خىل پەس ئاۋازدا ئۇزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

—تىلۇيىن، تىلۇيىن، مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ماڭا قاراپ بېقىڭا.

تىلۇيىن شۇنداق قارىسا، دوستى مورخ ئىكەن. مورخ داڭلىق ساقچى ئىتى بولۇپ، ياش چېغىدا شىددەتلىكلىكى ھەم باتۇرلۇقى بىلەن نام چىقارغان ئىكەن.

ھوي! بىچارە مورخقا نىمە بولغاندۇ؟

مورخنىڭ چىرايى ساماندەك ساغىرىپ كەتكەن، قوۋۇرغىلىرىنى ساناپ بەرگىلى بولغۇدەك دەرىجىدە ياداپ كەتكەن ئىكەن، رەڭگى-روييدىن قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغاندەك، ئاجىزلاپ ئورنىدىن مىدىرلىيالمايدىغان بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈپتۇ.

—سويۇملۇك دوستۇم مورخ، نىمە بولدۇڭ؟ بەك ئاجىزلىشىپ كېتىپسەنغۇ! —دەپ سوراپتۇ تىلۇيىن.

—ئاچلىقتىن ھالىم قالمىدى. قېرىپ قالدى، ئەمدى ئەسقاتمايدۇ دەپ، ئىگەم مېنى باقمايدىغان بولدى. ئەگەر مەن ئۇبدان ئوزۇقلىنىۋالسام، يەنە خېلى ئىش قىلالايتتىم. مانا مۇشۇ تاپتا ئاچ قوساق يېتىپتىمەن، قوساق ئاچ بولغاندىكىن تەندىمۇ

ماغدۇر قالمايدىغان گەپكەن. سېنى بېشىغا كۆن چۈشۈپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم، ساڭا ياردەملىشەلەرمەنمىكىن. — دەپتۇ مورخ.

تېلۈيىن دەردىنى توكۈپتۇ ۋە رېنادىن ئۈچ ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ۋاي ئىست! — دەپتۇ مورخ، — قوسىقىمنى ئوبدان بىر تويغۇزۇۋالسام، ماڭا ماغدۇر كىرەتتى - دە، قىلغان پەسىلگى ئۈچۈن رېنا دېگەن مۇناپىقنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، ئەنتىگىنى ئېلىپ بېرەتتىم.

— مورخ، مەن ساڭا بىر مەسلىھەت بېرەي، ماڭا ئەگىشىپ يول بويىغا بارالساڭ، پەممىچە، ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا ساڭا ئوبدان تاماق تېپىپ بېرەتتىم، ئۇ چاغدا ساڭا ماغدۇر كىرەتتى، — دەپتۇ تېلۈيىن.

— بىچارە تېلۈيىن، تاماقنى قانداق تاپماقچىسەن؟

— بۇنى سورىما، يۈر. بارغاندىن كېيىن بىلىسەن.

مورخ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ يول بويىغا ئاران بېرىپتۇ ۋە تېلۈيىننىڭ دېگىنى بويىچە چاتقاللىققا يوشۇرۇنۇپتۇ.

— قارا، بىر هارۋا كېلىۋاتىدۇ. مەن هارۋىكەشنى تونۇيمەن، ئۇنىڭ بازاردىن گوش ئەكەلگەنلىكىنى بىلىمەن. تازا ئوبدان دىققەت قىلىپ تۇرغىن، ئۇ هارۋىدىن نېرى كەتكەندە، سەن بار كۈچۈڭ بىلەن هارۋىغا چىقىپ، قوسىقىڭنى تازا تويغۇزۇ- ۋالغىن، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ قۇشقاچ تېلۈيىن.

— خوپ! — دەپتۇ مورخ. ئۇ تازا تويۇۋالىدىغان بولدۇم

دەپ ئويلاپ خوشال بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، تىلۈيىن قانىتىنى قېقىپ ھارۋىنىڭ ئالدىدا پەس ئۇچۇپتۇ. شۇ ئاندىلا ھارۋىكەشنىڭ كۆزى قۇشقاچقا چۈشۈپتۇ، ئۇ قۇشقاچنىڭ بۇنداق ئۇچۇشىنى كۆرۈپ، ئۇنى يارىلانغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتۇ.

ھارۋىكەش ئۇنى تۇتۇۋېلىپ بالىلىرىمغا ئالغاچ كەتمەيمۇ دېگەن ئوي بىلەن ھارۋىدىن چۈشۈپتۇ، ئۇ قولىنى سوزۇپ تۇتماقچى بولغىنىدا، تىلۈيىن سەل يىراقلاپ ئۇچۇپتۇ. لېكىن ئۇ بەك تەسلىكتە ئۇچۇۋاتقاندەك بولۇۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھارۋىكەش بىردەمدىلا چوقۇم تۇتۇۋالىمەنغۇ دېگەن ھېسسىياتقا كەپتۇ.

ھارۋىكەش قوغلاشنى باشلاپتۇ. تىلۈيىن ھەر بىر قېتىم سەكرىگىنىدە ۋە ھەر بىر قېتىم ئۇچقىنىدا، ھارۋىكەش ھازىرلا تۇتۇۋالىمەنغۇ دەپ ئويلايدىكەن. قۇشقاچ ئۇنى خېلى يەرگىچە باشلاپ بېرىپتۇ. قۇشقاچ ئەمدى پەيت يېتىپ كەلدى دەپ بىلىپ، ھارۋىكەشنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كەپتۇ، ھارۋىكەش ھەيران بولۇپ ئاچچىقلىنىپتۇ.

ھارۋىكەش قۇشقاچنى قوغلاپ يۈرگەن چاغدا، مورخ ھارۋىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھارۋىدىن بىر پارچە سۈرلەنگەن يامپاش گۆشى ۋە بىرنەچچە تال كالباسىنى ئېلىپ چۈشۈپ، چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

قۇشقاچ ھارۋىكەشنى ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر دەم ئەخمەق

فىلغاندىن كېيىن، ھارۋىكەش خاپىچىلىقتا كېتىپتۇ. قۇشقاچ بولسا چاتقاللىققا قايتىپ، ساقچى ئىتنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

ھارۋىكەش ھارۋىسىدىن يوقالغان نەرسىلەرنى تېخى سەزمەپتۇ!

— ھە مورخ! ئەمدىغۇ رازى بولغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ تېلۈيىن خوشاللىغىدا.

— شۇنداق، سويۇملۇك تېلۈيىن، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭ. مەن بۇ نەرسىلەرنى يەۋېتىپ، تېنىمگە ماغدۇر كىرگەنلىگىنى ھىس قىلدىم. ئىككى كۈنگە قالماي جەڭگە ئاتلىنالايمەن، مەن ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، رېنانى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن. ئۇنى ئالداپ ئەكەلسەڭلا بولدى، ئىش پۈتىدۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن، رېنا ئۆزىنى قارا باسىدىغانلىغىنى ئويلاپمۇ باقماي، چۈش ۋاقتىدا ئۆيىدە بىخارامان ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. تېلۈيىن قۇلۇپىنىڭ يوچۇغىدىن كورۇپ، ئۇنى قىچقىرىپتۇ:

— رېنا، رېنا، مېنى قۇتقۇزىسىزچۇ، مەن بەك ئازاپ چەكتىم، ھەقىقەتەن تەلەيسىز ئىكەنمەن. مەنمۇ بالىلىرىمدەك توگەشسەم دىگەن ئارزۇدىمەن. رېنا جان، تېز بولۇڭ، مېنىمۇ يەۋېلىڭ.

تېلۈيىننىڭ ئەك ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپى تۈلكىنى ئويغىتىۋېتىپتۇ، ئۇ باشتا بىر ئاز گۇمانلانغان بولسىمۇ، ئەمما چىدىماي تېلۈيىن بىلەن كورۇشۇش قارارىغا كەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

قۇشقاچنىڭ ھارۋىكەشنى ئەخمەق قىلغان ئويۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققاندىن كېيىن، ئەمدى بۇ ئويۇننى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپتۇ. ئۇ رېنانىڭ ئالدىدا پەس ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. رېنا ھەر نۆۋەت ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بارغاندا، ئۇ يان تەرەپكە لىككىدە ئۇتۇۋاپتۇ، شۇنداق قىلىپ رېنا قۇرۇق يەرنى قۇچاقلاپ قالىدىكەن.

— ئىنىشقا قاچىسەن. مەن سېنى يىمەكچى ئەمەسمەن، مېنىڭ چاخچاق قىلىۋاتقىنىمنى بىلگىن-دە، سەن بىلەن بىردەم پاراڭلىشاي دەپ چىقتىم. جىم تۇرغىن، سۆزلىشەيلى! — دەپتۇ رېنا.

تېلۆيىن توختىماي بىر ئىگىز، بىر پەس ئۇچۇپ يۈرۈپ، رېنانى ئاخىر مورخ تۇرغان يەرگە باشلاپ كەپتۇ.

— كەلدۈق، ئەمدى مەن سېنى كۈتۈپ تۇراي، مۇشۇ يەردە جېنىمنى ئالغىن، — دەپتۇ تېلۆيىن.

ئەمما، دەل رېنا ئېتىلىپ كەلگەن چاغدا، مورخ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئەدىۋىنى تازا بېرىپتۇ، رېنا ئۆمرىدە بۇنداق ئىشنى ئەسلا كۆرۈپ باقماپتىكەن. مورخ ئۇنى چىشلەپ، تۈكلىرىنى يۇلۇپتۇ، ئۇنى يەرگە بېسىۋېلىپ، تېرىسىنى تىتىپتۇ. قىسقىسى، ئۇ رېنانى ئۆلدى دەپ بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن بولدى قىپتۇ.

مورخ تېلۆيىنغا:

— مېنىڭچە، سەن ئۇچۇقنى ئالدىڭ، ئۇ ئەمدى باشقىلارنى

خەيلى قىلالمايدۇ. ئەزرائىل بىلەن پۇتۇشۇۋالمىغانلا بولسا، تىرىلەلمەيدۇ! — دەپتۇ.

## رېنا بىلەن ئوۋچىلار

رېنا ئاخىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، جاراھىتىنى ساقايتىۋاپتۇ. ھاۋا خېلى ئىللىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە رېنا خوشال كېتىپ بېرىۋېتىپتىكەن. ئاپىسى بىخەستەلىك قىلىپ ئورمانلىقتىكى بوش يەرگە ئۆيىنىغلى قويۇپ بەرگەن چوجىلەرنى رېنا تۇتۇۋېلىپ ناشتا قىپتۇ. ئۇ بىر بۇلاق تۇۋىگە كېلىپ بىرئاز سۇزۇك سۇ ئىچىۋېلىپ، داۋاملىق ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

رېنانىڭ بىر تۇققان ئاكىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرالغۇسى بىر باي ۋاڭ غوجامنىڭ تۇرار جايىنىڭ يېنىدا ئىكەن، رېنا ئۇنى يوقلاپ بارماقچى بولۇپ كېتىۋاتقان ئىكەن. ھېلىقى ۋاڭ غوجام ئۇستا ئوۋچى ئىكەن، شۇ سەۋەپتىن رېنا ئۇنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق خوشنا ھىساپلايدىكەن.

ۋاڭ غوجامنىڭ ئۆي قۇشلىرى فېرمىسىدە ھەممە نىمە بار ئىكەن، سەل-پەل كاللا ئىشلەتسىلا، قورول ئىچىدىكى ئىسكىلاتتىن نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى ئېلىۋالغىلى بولىدىكەن، شۇڭا، رېنانىڭ بىر تۇققان ئاكىسى ئۇنىڭغا خوشنا بولۇپ ئولتۇرۇش خەۋپلىكرەك بولسىمۇ، ئەرزىيدىغان ئىش دەپ قارايدىكەن.

رىنانىڭ بىر تۇققان ئاكىسى يۇرۇش-تۇرۇشتا بەك ئېھتىيات قىلىدىكەن، شۇنىڭدەك ئۇۋچىنىڭ مىجەز-خۇلقىنى بىلىۋالغاچقا، سەل-پەل قورقماس بولۇپ قالغان ئىكەن.

رىنا بۇ خوشنا بىلەن بېرىش-كېلىش قىلالمىسامۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئىسكىلاتىدىكى ئوي قۇشلىرى ۋە سۇرلەنگەن مېزىلىك گوشلەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا بولار دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ خۇددى قۇدۇق ئىچىدە تۇرۇپ ئەركەك بوره يېسىنگىلىنىغا ئاغزىغا كەلگەننى جويلۇگەندە ئېيتقىنىدەك، بۇ مول يېمەكلىكلەر بۇ يەرنى جەننەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىكەن.

مۇشۇنداق خىيال بىلەن سوكۇلداپ كېتىۋاتقان رىنانىڭ كۆڭلى يايراپ خوشال بوپتۇ.

ئۇ چىرايلىق بىر ئورمانلىققا كېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئاكىسىنىڭ ئوبدان ئويلىرىدىكە قىزىقىپ قاپتۇ. بۇ يەرنى ئوز ماكانى بولغان ماۋتىقا سېلىشتۇرۇپ، بۇنىڭ ئالدىدا ماۋتىنى تىلغا ئېلىپ بولامدىغان؟ دەپ ئويلاپتۇ.

رىنا بۇ يەردىكى ئوي-جايلارنىڭ پەيزىلىكىنى، يېمەك-ئىچمەكنىڭ موللىقىنى قاتتىق خىيال قىلىپ كېتىۋاتقان چاغدا، تۇساتتىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەتراپتىن ئوۋنىڭ شاۋقۇن-سورەنلىرى ئاڭلىنىپتۇ، ئىتلار ھاۋشۇۋاتقان، ئوۋچىلار توۋلاۋاتقان، ئاتلار چېپىۋاتقان ئىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى رىنانىڭ بېشىغا كۆلپەت چۈشكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

رىنا بۇنداق ۋەقە بولار دەپ ئويلىماپتىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە

بۇ يەرنىڭ شارائىتى بىلەن تونۇشلۇغى بولمىغاچقا، ئەمدى تۇگەشتىم دەپ ئويلاپتۇ.

ئوۋچىلار ئۇنى ئاللىبۇرۇنلا كورۇپ، "تۇلكە، تۇلكە" دەپ ۋاقىرىشىپتۇ، ئوۋچىلارنىڭ ۋاقىراشلىرى ئورمانلىقتىكى جىمجىت-لىقنى بۇزۇۋېتىپتۇ، رېنانىڭ قۇلىغىنى يارغۇدەك بوپتۇ، رېنانىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ، يۇرىگى قېپىدىن چىققۇدەك بوپتۇ.

دەسلەپتە ئۇ جىنىنىڭ بىرىچە قېچىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئوزىنىڭ كونا ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ، بىردىن ئارقىسىغا يېنىپ قېچىپتۇ، بىردىن ئەگىپ-چوگىلەپ قېچىپتۇ. ئەمما ئوۋچىلار ۋە ئىتلار بەك كوپ ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممىسى ئۇستا ئوۋچىلار ئىكەن، رېنا ئامالسىز قېلىپ، بىردەمدىلا قاتمۇ-قات قورشاۋ ئىچىدە قاپتۇ، ئۇنىڭغا قورولغا بارىدىغان ئاسما كوۋرۇك-تىن باشقا چىقىش يولى قالماپتۇ. ئۇ يۇگۇرەپ كەلگەنچە قۇيۇن-دەك تېزلىكتە كوۋرۇكتىن ئوتۇپتۇ، بۇ چاغدا، ۋاڭ غوجام تازا خوشال بولۇپ:

— ئەجەپ ئوبدان بولدى، ئۇ ئوزى كېلىپ قاپقانغا چۇشتى! — دەپ ئۇنلۇك ۋاقىراپتۇ.

رېنا گەرچە ئوزى قاپقانغا چۇشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قورولغا كىرىپ غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ. ئوۋچىلار ۋە ئىتلار قوغلاپ كېلىپ، رېنانى ئويمۇ-ئوي ئىزلەپ، ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ تاپال-ماپتۇ. ئۇ ئەرۋاھتەك ئىز-دېرەكسىز بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۇلار يەر ئاستى گەمىسىدىن پەشتاققىچە ئاختۇرۇپ، ئويمۇ-

ئۇي ئىزلەپ، ئۇي جاھازلىرىنى بىر-بىرلەپ كوزدىن ئۇتكۇ-زۇپ، ئىشكاپ-جاۋەنلەرنى ئېچىپ كورۇپ، تۇگمەن، خېمىر يۇغۇرغۇچ ۋە دۇخوپكىلارنى ئاختۇرۇپ، بۇ ھىلىگەر تۇلكىنى ھىچنەدىن تاپالماپتۇ.

— ئىست! — دەپتۇ ۋاڭ غوجام شۇنداق ئوبدان تۇلكە تېرىسىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىغىغا قارنى ئاغرىپ، — بۇ تۇلكە قانداق شەيتانلىق قىلىۋاتقاندۇ؟ مەن ھەقىقەتەن بۇ تۇلكىنى غەلىتە نەرسە دەپ بىلدىم. ئويىنىڭ ئىچىگە قامالغىنىمۇ ياخشى بوپتۇ، ئىشقىلىپ ئۇنى ساق قويمايمەنغۇ.

تەن بەرمىگەن بىرنەچچە كىشى يەنىلا تەرەپ-تەرەپتىن ئىزلەپتۇ، بىراق تۇلكە ھىچنەدىن تېپىلماپتۇ. ۋاڭ غوجام كېچىسى ئىزلەشنى ۋاقتىنچە توختىتىشنى بۇيرۇپ:

— ھەممىڭلار تاماقىنا بېرىڭلار، ئەتە ئىزدەشكىمۇ كۈچ كېرەك، — دەپتۇ.

قورولدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىش ئۇستىدە پۇتۇن بىر كېچە پاراڭلىشىپ چىقىپتۇ. پاراڭ ئارىلىغىدا، ئۇۋچىلارنى خوتۇنلىرى ئازدۇر-كوپتۇر زاڭلىق قىپتۇ، ئۇۋچىلار ئەتە چوقۇم بۇ ئار-نومۇسنى يۇيۇشقا قەسەم بېرىشىپتۇ.

تاڭ ئاتا-ئاتماستىنلا، ئۇلار ھەركەتكە كېلىپ، قورولدىن ئەمدى چىقىشىغىلا، رىنانىڭ ئورمانلىقنىڭ بىر چېتىدە ئۇزلىرىگە قاراپ تۇرغانلىغىنى كورۇپتۇ.

لېكىن، بۇ دورەم رىنا تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ،



www.uyghurkitap.com

ئۈۋچىلارنى گوللاپتۇ. ئۇ، تۇنۇگۇنكىدەك، باشتا چوگىلىتىش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپتۇ، ئارقىدىن يەنە تۇنۇگۇنكىدەك ئۇۋ ئىتى ۋە ئۈۋچىلارنى ئاسما كۆۋرۈككە باشلاپ مېڭىپتۇ.

ئۇ يەنە تۇنۇگۇنكىدەك غايىپ بوپتۇ، يەنىلا تېپىلماپتۇ. رېنا ئۇلارنى توپ-توغرا ئۈچ كۈن ئەخمەق قىپتۇ. تاڭ ئەمدىلا ئېتىشىغا، ئۇ يەنە ئورمانلىقتىكى بوشلۇقتا پەيدا بولۇپ، ئۇ يەردە سەيلە قىلىپ يۈرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قوغلاش يەنە باشلىنىپتۇ.

بىر دەمنىڭ ئارىلىقىدا ئۇ يەنە غايىپ بوپتۇ. قورولدىكىلەر بىزنى قارا باستى دەپ كايىپتۇ.

ئەمما، تۆتىنچى كۈنگە كەلگەندە، ۋاڭ غوجامنىڭ ناھايىتى سولەتلىك بىر تۇققىنى مېھمان بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ۋاڭ غوجام بىرئاز بوشىشىپ قاپتۇ.

كىشىلەر ئۈۋچىغا چىقىپ نۇرغۇن قاۋان غەنىمەت قىپتۇ، شۇڭا رېنا ھەققىدىكى ئىشمۇ بىر ياققا قايرىلىپ قاپتۇ. ئەمما، تۈن پەردىسى تارتىلىش بىلەن، ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە قايتىشقان چاغدا، تۈلكىنىڭ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، يەنە ئۇ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كورۇپ، يەنە قوغلاشقا باشلاپتۇ.

رېنا يەنە ئاۋالقىدەكلا ئىشىكتىن كىرىپلا غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش يېڭى كەلگەن مېھمانغا قىزىق پاراڭنىڭ مەنبەسى بولۇپ قاپتۇ.

كەچلىك غىزا تەييار بولۇپ، كىشىلەر دەستۇرخانغا كېلىپ

ئۇلتۇرۇشۇپتۇ، دەستۇرخانغا نۇرغۇن ئۇۋ گۆشى قويۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا يولەنچۈكلىك ئورۇندۇقتا بىخارامان ئولتۇرغان مېھمان تامغا قاراپ تۇرۇپ:

— بەللى! تامغا چىرايلىق تۈلكە تېرىسىدىن ئۇننى ئېسىپ قويۇپسىزغۇ. سىزنىڭ قازناقتا ساقلىماقچى بولغىنىڭىزمۇ مۇشۇنداق ئىسىل تېرىدىنمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇنىمكەن؟ — تامغا ئېسىپ قويۇلغان تېرىنىڭ سانى ساھىپخانىنىڭ ئېسىدە تېخى بار ئىكەن، ئۇ ھەيرانلىقتا، — ئۇنداق ئەمەس، ئاران توققۇز ئىدىغۇ، — دەپتۇ.

ساھىپخانىنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەستىنلا، تالادىن ھەسرەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

مېھمان كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— مېنىڭ سادىق ئىتىم قاۋاۋاتىدۇ. ئۇ زادىلا مېنىڭدىن نېرى كېتىپ باققان ئەمەس، — دەپتۇ ۋە بۇرۇلۇپ، توردە ئولتۇرغان ساھىپخانىنىڭ رەپىقىسىگە:

— خانىم، ئىجازەت بەرسىڭىز، ئىت مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ، ئادەتتىكىدەك مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ياتسا. ئۇنىڭ مەن بىلەن بىللە يۈرگىنىگە كوپ يىللار بولدى، مېنىڭ قەدىناس ھەمرايىم، — دەپتۇ.

مالاي دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ، ئىتنى ئۆيگە كىرگۈزۈپتۇ، ئەمما بۇ ئىت ئىگىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ياتماستىن، ئەكسىچە تامدا ئېسىقلىق تۈلكە تېرىسىگە تىكىلىپ قاراپ،



www.uyghurkitap.com

قاتتىق قاۋاپتۇ.

ــ قانداق گەپ بۇ؟ ــ دەپتۇ ۋاڭ غوجام ۋاقىــراپ، ــ بىزدە پەقەت توققۇز تۇلكە تېرىسىلا بار ئىدىغۇ، بار ـ يوقــى شۇنــچە ـ لىكلا. ھازىر قانداقسىگە ئون بولۇپ قالدى.

بۇ چاغدا ئىت باققۇچى ئالدىغا ئوتۇپ:

ــ غوجام، تازىمۇ كۇلكىلىك بىر ئىش بولــدى! قارىــسىلا، تۇلكە تېرىسى ئىچىدىكى بىرسى بىز خېلىغىچە ئىزلەپ تاپالمىغان تۇلكىنىڭ دەل ئوزى ئەمەســمۇ. قارىــسىلا، ئۇنىڭ ئولگەنــدەك بولۇۋېلىپ، ئىگىز ئېسىلىۋالغىنىــنى تېخــى. ئەمــدى بۇ مەرتەم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بولدى، ــ دەپتۇ.

ئۇ قولىنى سوزۇپ رېــنانى تۇتۇپــتۇ، رېــنا ئۇنىڭ قولــىنى كېلىشتۇرۇپ بىر چىشلەپــتۇ. رېــنا ئوزى سېزىلــىپ قالغانــدىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ يەنە قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ.

كىشىلەر ئاسما كوۋرۇكنى چىقىرىپ قويۇشنى ئېسىگە كەلتۇر ـ گىچە، تۇلكە خېلى يىــراق يەرگە كېتىپ بوپــتۇ، مەككارلارچە كۇلۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ، تۇلــكە رېنا شۇنــچە كوپ ئوۋچىــنى ئاشۇنداق كولدۇرلىتىپتۇ.

رېنا بىر تۇققان ئاكىسىنىڭ قېشىغا بارماستىن، ئويىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ خوتۇنى ھايمىرىن ۋە باللىرى بىلەن كورۇشۇپ، بۇ قېتىم بولۇپ ئوتــكەن ئىشــلارنى ئۇلارغا سوزلەپ بېرىشــكە ئالدىراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىزىل بوك

## 〔فرانسىيە〕 چ. پېرراۋل*

بۇرۇنقى زامانلاردا بىر يېزىدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز بار ئىكەن، چىرايلىقلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان قىز يوق ئىكەن. ئانىسى ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىكەن، مومىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەك ئامراق ئىكەن. ئاقكۆڭۈل مومىسى ئۇنىڭغا شۇنداق يارا-شىملىق بىر قىزىل بوك تىكىپ بەرگەن ئىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى "قىزىل بوك" دەپ ئاتىشىدىكەن.

بىر كۈنى قىزنىڭ ئانىسى تۇخۇم پوشكىلى ساپتۇ ۋە قىزىغا:

— قىزىم، موماڭ ئاغرىپ قاپتۇ، ماۋۇ تۇخۇم پوشكىلى بىلەن

---

* چ. پېرراۋل (1628 — 1703) — فرانسۇز كىلاسسىك يازغۇچىسى ۋە شائىرى، بىراق ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن يازغان چۆچەكلىرىدۇر. ئۇ بۇ چۆچەكلەر-نىڭ بىر قىسمىنى شېئىر شەكلىدە، يەنە بىر قىسمىنى نەسىر شەكلىدە يازغان. بۇ چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى 1607 - يىلى نەشر قىلىنغان «غاز ئانامنىڭ ھېكايىلىرى» دېگەن توپلامغا كىرگۈ-زۈلگەن.



كالا مېيىنى ئېلىپ موماڭنى يوقلاپ كەلگىن، — دەپتۇ.

مومىسى باشقا بىر كەنتتە تۇرىدىكەن، قىزىل بوك مومىسىنى يوقلىغىلى دەرھال يولغا چىقىپتۇ. قىزىل بوك مېڭىپ بىر ئورمان-لىققا كەلگەندە، ھىلىگەر قېرى بورىگە يولۇقۇپ قاپتۇ، بورىنىڭ ئۇنى يېگۈسى كېپكېتىپتۇ، ئەمما ئورمانلىقتا ئوتۇنچىلار بولغاچقا يېيىشكە پېتىنالماپتۇ. بورە ئۇنىڭدىن، نەگە بارىسىز؟ دەپ

سوراپتىكەن، بىچارە قىز بورە بىلەن سوزلىشىشنىڭ خەۋىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، بورىگە جاۋاپ بېرىپتۇ:

— مۇشۇ تۇخۇم پوشكىلى بىلەن كالا مېيىنى ئېلىپ مومامنى يوقلىغىلى كېتىۋاتىمەن، بۇ نەرسىلەرنى ئانام بەرگەن.

— مومىڭىزنىڭ ئويى خېلى يىراقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بورە.

— ھە، يىراق بولماي، — دەپتۇ قىزىل بوك، — قاراڭ، ئۇدۇل ماڭسا بارغىلى بولىدۇ، تۇگمەننىڭ نېرىسىدىكى كەنتتىكى بىرىنچى ئوي شۇ.

— ناھايىتى ياخشى! — دەپتۇ بورە، — مەنمۇ ئۇنى يوقلاپ بارماقچى. مەن ماۋۇ يول بىلەن باراي، سىز ئاۋۇ يول بىلەن بېرىڭ، قېنى قايسىمىز بۇرۇن بارىدىكەنمىز، كورۇپ باقىلى.

شۇنداق قىلىپ، بورە دەرھال ئەڭ يېقىن يول بىلەن چېپىپ كېتىپتۇ، قىزچاق بولسا ئەڭ يىراق يول بىلەن مېڭىپتۇ، ئۇ كېتىۋېتىپ يول بويى بولىدۇرگەن تېرىپتۇ، كېپىنەك قوغلاپ ئويناپتۇ، ئۇزۇۋالغان گۇللەر بىلەن گۇلدەستە تۇزۇپتۇ.

بورە ئۇزاق ئوتمەيلا قىزىل بوكىنىڭ مومىسىنىڭ ئويىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە "تاڭ، تاڭ، تاڭ!" قىلىپ ئىشىك قېقىپتۇ.

— كىم؟

— نەۋرىڭىز قىزىل بوك بولىمەن، — دەپتۇ بورە ئاۋازىنى قىزىل بوكىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش چىقىرىپ، — ئانام سىزگە تۇخۇم پوشكىلى بىلەن كالا مېيى ئەۋەتكەن، شۇنى ئەكەلدىم.

ئاقكوكۇل موماي بىتاپ بولغانلىقى ئۇچۇن ئورۇن تۇتۇپ



www.uyghurkitap.com

يېتىپ قالغان ئىكەن، ئۇ يېتىپ تۇرۇپ:
— تاقاقنى ئېلىۋەتسىڭىز ئىشىك ئېچىلىدۇ، — دەپتۇ.
بورە تاقاقنى ئېلىۋېتىپتىكەن، ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئۈچ كۈندىن بېرى ھېچنىمە يېمەي ئېچىرقاپ كەتكەن بورە ئۆيگە كىرىپلا بۇ ئاقكوڭۇل مومايغا ئېتىلىپتۇ ۋە ئۇنى يەپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ، مومايىنىڭ كارۋىتىدا قىزىل بوكىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ؛ ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىزىل بوك كېلىپ، تاڭ، تاڭ، تاڭ قىلىپ ئىشىك قېقىپتۇ.
— كىم؟
قىزىل بوك بورىنىڭ توم-يوغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، باشتا بەك قورقۇپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇ مومامغا زۇكام تېگىپ قېلىپ ئاۋازى شۇنداق چىقىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ:
— نەۋرىڭىز قىزىل بوك بولىمەن، ئانام سىزگە تۇخۇم پوشكىلى بىلەن كالا مېيى ئەۋەتكەنتى، شۇنى ئېپكەلدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.
بورە پەس ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا:
— تاقاقنى ئېلىۋەتسىڭىز، ئىشىك ئېچىلىدۇ، — دەپتۇ.
قىزىل بوك تاقاقنى ئېلىۋېتىپتىكەن، ئىشىك ئېچىلىپتۇ.
بورە ئۇنىڭ كىرگىنىنى كورۇپ، يوتقانغا ئورىنىۋېلىپ:
— تۇخۇم پوشكىلى بىلەن كالا مېيىنى بولكا ئىشكاۋىغا سېپ قويۇپ، قېشىمغا كېلىپ يېتىڭ، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قىزىل بوك كىيىمىنى سېلىپ كارۋاتـقا چىقىپـتۇ. ئۇ مومام كىيىمىنى سېلىۋەتسە ئومىسلىلا كورۇنىدىكىنە دەپ ئەجەپلىنىپتۇ. ئاندىن سوراپتۇ:

— ۋاي موما، قولىڭىز نىمانچە يوغان؟

— قىزىم، قولۇم يوغان بولسا سىزنى كوتىرىشكە بەك ئەپلىك بولىدۇ ـ دە!

— ۋاي موما، پۇتىڭىز نىمانچە يوغان؟

— ۋاي قىزىم، يوغان پۇت يۈگۈرۈشكە ئەپلىك بولىدۇ ـ دە!

— ۋاي موما، كوزىڭىز نىمانچە چوڭ؟

— كوز چوڭ بولسا، سىزنى كورۇشكە ياخشى بولىدۇ، بالام!

— ۋاي موما، قۇلىغىڭىز نىمانچە چوڭ؟

— قۇلاق چوڭ بولسا، ئاڭلاشقا ئەپلىك بولىدۇ، بالام!

— ۋاي موما، چىشىڭىز نىمانچە چوڭ؟

— چىش چوڭ بولسا، سېنى يەۋېتىش ئاسان بولىدۇ!

ياۋۇز بورە بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپـلا قىزىل بوكـكە ئېتىلىپ ئۇنى يەۋەتمەكـچى بوپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بىرنەچچە ئوتۇنچى يۈگۈرەپ كىرىپ بورىنى چاناپ ئولتۇرۇۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# چىمچىلاق

## (فرانسىيە) ج. پېرراۋل

بۇرۇنقى زامانلاردا بىر ئوتۇنچى بار بولۇپ، يەتتە ئوغلى بار ئىكەن، بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئاران ئون ياشتا، ئەڭ كىچىكى ئاران يەتتە ياشتا ئىكەن. كىشىلەر قانداق قىلىپ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئوتۇنچىنىڭ بالىلىرى شۇنچە ئاۋۇپ كەتكەندۇ دەپ بەك ئەجەبلىنىدىكەن؛ ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ خوتۇنى تۇغۇمچان ئايال بولۇپ، ھەر قېتىم كەم دېگەندە قوشكېزەك تۇغىدىكەن.

بالىلارنىڭ ئىچىدە بىر ئىشنى قولىغا ئالغۇدەك بىرەرسى بولمىغاچقا، ئوتۇنچىنىڭ كۈنى غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىكەن. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن كەنجى ئوغلىنىڭ بەك ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك كەم سۆز ئىكەنلىكىدىن قاتتىق قايغۇرىدىكەن، شۇڭا، ئۇلار بۇ ئوغلىنى دۆت دەپ قارايدىكەن. بۇ بالا تۇغۇلغان چاغدا چىمچىلاقچىلىكلا تۇغۇلۇپتىكەن، شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئۇنى چىمچىلاق دەپ چاقىرىدىكەن.

بىچارە چىمچىلاق بۇ ئۆينىڭ بوزيىگى ئىكەن، قانداقلىكى بىر

ئىش بولسا، ئۇ ھامان تىل ئىشتىدىكەن. ئەمما چەمچىلاق ئەمەلىيەتتە باللارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئۇتكۇر، ھەممىدىن زىرەك ئىكەن، ئۇ ئانچە كوپ گەپ قىلمىسىمۇ، قۇلاق موللىسى ئىكەن.

بىر يىلى زىرائەت ئوخشىماي، قاتتىق قەھەتچىلىك بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كەمبەغەللەر باللىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىر كۇنى كەچتە، باللىرى ئۇخلاپ قالغان چاغدا، ئوتۇنچى خوتۇنى بىلەن مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۇشۇپتۇ، ئوتۇنچى كوڭلى ناھايىتى يېرىم ھالەتتە خوتۇنىغا:

— ھەممىنى ئېنىق كورۇپ تۇرۇپسىلە، بىز ئەمدى باللىرىمىزنى باقالمايدىغان بولۇپ قالدۇق. مەن ئۇلارنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئاچتىن ئولۇشىگە چىداپ تۇرالمايمەن، شۇڭا ئەتە ئۇلارنى ئورمانلىققا تاشلاپ كېلىش قارارىغا كەلدىم؛ بۇ ئىشنى جوندەش ئاسان، ئۇلار ئوتۇن باغلاش بىلەن بولۇپ كەتكەن چاغدا بىز ئاستا كېتىپ قالساقلا بولغىنى، — دەپتۇ.

— ھە؟ — دەپتۇ خوتۇنى ئاھ ئۇرۇپ، — ئوز باللىرىڭىزنى تاشلىۋېتىشكە قانداقمۇ يۇرىكىڭىز چىدايدۇ، كوڭلىڭىز ئۇنايدۇ؟

ئېرى ئوزىنىڭ قىينىچىلىقلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە خوتۇنى كونمەپتۇ، بۇنداق قىلساق ياخشى بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. گەرچە ئۇ بەك نامرات بولسىمۇ، مىڭ قىلغان بىلەن باللارنىڭ ئانىسىدە!

لېكىن خوتۇنى ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ، باللىرىمىنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئاچتىن ئولگىنىدىن كورە، ئۇلارنى تاشلىۋەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى



كەنمۇ ياخشىكەن دېگەن يەرگە كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئېرىنىڭ گېپىگە ماقۇل بوپتۇ-دە، ئۆزىنى كارۋاتقا ئېتىپ قاتتىق يىغلاپتۇ.

دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدە پاراڭ قىلىشىۋاتقىنىنى سېزىپ قېلىپ، غىپپىدىلا كارۋاتتىن چۈشۈپ، دادىسى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغان چىمچىلاق دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قىلىشقان ھەممە گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ. كېيىن ئۇ يەنە كارۋاتقا چىقىۋاپتۇ، ئەمما قانداق قىلىش كېرەك-

لىگىنى ئۇيىلاپ، پەقەت ئۇخلىيالماپتۇ. چىمچىلاق ئەتىسى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرەپ ئېرىق بويىغا بېرىپتۇ ۋە يانچۇقلىرىغا ئۇششاق، ئاپپاق شېغىل تاشلارنى لىققىدە توشقۇزۇپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپتۇ. ھەممەيلەن يولغا چىقىپتۇ، چىمچىلاق ئۆزى ئاڭلىغان گەپلەرنى ئاكىلىرىغا پەقەت دىمەپتۇ.

ئۇلار بىر قېلىن ئورمانلىققا كىرىپتۇ، بۇ ئورمانلىقتا ئۇن قەدەم نېرىسىدىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. ئوتتۇنچى دەرەخ كېسىشكە باشلاپتۇ، بالىلىرى شاخلارنى تېرىپ، باغلام قىلىپ باغلاپتۇ. دادىسى بىلەن ئانىسى بالىلىرىنىڭ ئىشلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئورمانلىقتىن غىپپىدىلا چىقىپتۇ-دە، تېزلىكتە بىر ئەگرى-بۈگرى چىغىر يولغا چۈشۈپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

بالىلار ئۆزلىرىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى سېزىپ ھوڭگىرىگىتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. چىمچىلاق، ۋاقىرىسا ۋاقىرىۋەرسۇن دەپ، ئۇلارغا پەرۋا قىلماپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قانداق قايتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن، چۈنكى كەلگەن چاغدا، ئۇ ئۇششاق ئاپپاق شېغىل تاشلارنى يول بويى چېچىپ ماڭغان ئىكەن. ئۇ ئاكىلىرىغا:

— ئاكا، ھودۇقۇپ كەتمەڭلار، ئاتا-ئانىمىز بىزنى بۇ يەرگە تاشلاپ كېتىپتۇ، ئەمما مەن سىلەرنى ئۆيگە ساق-سالامەت ئاپىرىمەن، كەينىمدىن ماڭساڭلارلا بولغىنى، — دەپتۇ.

ئاكىلىرى ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ مېڭىپتۇ، چىمچىلاق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇلارنى كەلگەن يول بىلەن ئويگە ئاپىرىپتۇ. ئۇلار دەرھال ئويگە كىرىشكە پېتىنالماي، ئاتا-ئانىمىز نىمىلەرنى دىيىشۋال-تىدىكىن دەپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشۇپتۇ.

ئوتۇنچى خوتۇنى بىلەن ئويىگە قايتىپ كەلگەندە كەنت بېگى بۇرۇن ئۇلاردىن قەرز ئالغان ئون كويىچەن پۇلنى ئەۋەتكەن ئىكەن، ئۇلار بەگ بۇ پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ دەپ ئۇمىدىنى ئۈزگەن ئىكەن. بۇ ئون كويچەن پۇل ئاچلىقتىن ئولەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بۇ ئەر-خوتۇنغا جان كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. ئوتۇنچى خوتۇنىنى دەرھال گوشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزىغا گوشنىڭ ئورامىنى سېلىپ باقمىغىنىغا ئۇزاق كۈنلەر بولغان ئىكەن، ئۇلار نەچچە ۋاخ يىسە يەتكۈدەك گوش ئەكەپتۇ. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، خوتۇنى:

—ۋاي، خۇدايىم! بىچارە باللىرىمىز ھازىر نەلەردە يۈر-گەندۇ، ئۇلار بولغان بولسا، ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى جەزمەن چۈقۇرۇشۇپ يەۋەتكەن بولاتتى. سەن — ۋەيليام، قېرىشقاندەك، ئۇلارنى تاشلىۋەتتىڭ. مەن ئالدىبۇرۇنلا كەلگۈسىدە بىز چوقۇم پۇشايمان قىلىمىز دىگەن ئىدىمغۇ. ئۇلار ھازىر ئورمان-لىقتا قانداق بولۇپ كەتتىكىنا! ۋاي جانەي! ۋاي خۇدايىم! بەلكىم بۇ چاققىچە ئۇلارنى چىلىبورىلەر يەپ كەتكەندۇ! تاش يۈرەكلىك قىلىپ باللىرىڭنى تاشلىۋەتتىڭ، شۇمۇ ئادەم قىلى-دىغان ئىشمۇ! — دەپتۇ.

خوتۇنىنىڭ: پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز، ئۇنداق

قلمايلى دەپ بۇرۇنلا ئېيتقان ئەمەسمىدىم، دىگەندەك سوزلە-رىنى 20 نەچچە قېتىم ئاڭلىغان ئوتتۇنچىنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ، ئوتتۇنچى:ئەمدى ئاغزىڭنى يۇمايدىغان بولساڭ، تاياق يەيسەن دەپ، خوتۇنىنى قورقىتىپتۇ. ئەمىلىيەتتە بولسا ئوتتۇنچى خوتۇنىدىنمۇ بەكرەك غەم-غۇسسىگە پاتقان ئىكەن. خوتۇنىنىڭ ئاغزى بېسىلمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىچى پۇشقان ئىكەن، بۇنىڭ سەۋىبى، ئۇمۇ باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش، ئاياللارنىڭ چىرايلىق گەپلىرىنى ياقتۇرىدىكەن، تۇز كوڭۇللۇك بىلەن قىلغان گەپكە چىچاڭشىيدىكەن.

خوتۇنى يىغلاپ تۇرۇپ:

—ۋاي ئاللا! باللىرىم نەدىدۇ، شۇ بىچارىلەر نەدىدۇ!—دەپتۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ ۋاقىراۋېرىپتۇ، ئاۋازى بارغانسېرى كۇچە-يىپتۇ، تالادا تۇرغان باللىرى بۇنى ئاڭلاپ تەڭلا:

—بىز مەيەردە! بىز مەيەردە!—دەپ ئۇنلۇك ۋاقىراپتۇ.

خوتۇنى دەررۇ يۇگۇرەپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ-دە، باللىرىنى باغرىغا بېسىپ: "ۋاي جان-جىگەرلىرىم" دەپتۇ.

—جېنىم باللىرىم، سىلەرنى يەنە كورەلىگەنلىگىم ئۇچۇن ئىچ-ئىچىمدىن خوشال بولدۇم. بەك هارغانسىلەر، قوسىغىڭلار بەك ئاچقاندۇ. بالام بېيل، نىمە ئانچە مەينەتلىشىپ كەتتىڭ، كەل، يۇز-كوزۇڭنى يۇيۇپ قوياي.

بېيل بالىلارنىڭ چوڭى بولۇپ، چېچى ئانىسىنىڭكىدەك

بىغىر رەك بولغاچقا، ئانىسى ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىكەن.

بالىلار تاماققا ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلار تاماقنى ئىشتىھى بىلەن يەپتۇ، ئاتا-ئانىلىرى بۇنىڭدىن ناھايىتى خوشال بوپتۇ. ئۇلار يەنە تەڭ دىگۇدەكلا ئاتا-ئانىسىغا ئورمانلىقتا بەك قورققانلىقىنى ئېيتىپ بىرىپتۇ. ئاتا-ئانىسى بالىلىرىنىڭ يەنە ئۆزلىرىنى چورىدەپ ئولتۇرغانلىقىنى كورۇپ خوشال بوپتۇ؛ لىكىن ئون كويىچەن پۇل تۈگىشى بىلەنلا، ئۇلارنىڭ خوشاللىقىمۇ تۈگەپتۇ. بۇ چاغدا، ئۇلار يەنە ئاۋالقىدەك غەم-قايغۇغا چومۇپ، بالىلىرىدىن يەنە ۋاز كېچىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇلار بالىلىرىنى يەنە تاشلىۋېتىش قارارىغا كەپتۇ، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بالىلىرىنى بىرىنچى قېتىمقىسىدىن تېخىمۇ يىراقراق يەرگە ئاپىرىپ قويماقچى بوپتۇ.

ئۇلار بۇ ئىشنى مەسلىھەتلەشكەندە، سىرنى ئوبدان ساقلىيالماپتۇ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى يەنە شۇ چىمچىلاق ئاڭلاپ قاپتۇ، چىمچىلاق يەنە بۇرۇنقى ئۇسۇلى بويىچە ئىش كورمەكچى بوپتۇ؛ ئۇ ئەتىسى ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرۇپ شېغىل تاش تېرىپ كەلمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىشىك قۇلۇپلاغلىق بولغاچقا، مەقسىدىگە يېتەلمەپتۇ. ئۇ ھېچبىر ئامال تاپالماي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئانىسى ئۇلارغا ئەتىگەنلىك تاماق ئۈچۈن بىردىن بولكا بىرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بولكىنى ئۇۋۇتلاپ شېغىل تاشنىڭ ئورنىدا يول بويى چېچىپ ماڭسام بولىدىكەن دىگەن ئويغا كەپتۇ-دە، ئانىسى بەرگەن بولكىنى يىمەي يانچۇقىغا

سىلىۋاپتۇ.

ئاتا-ئانىسى بالىلىرىنى ئورمانلىقنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە، ئەڭ-قاراڭغۇ يېرىگە باشلاپ بېرىپتۇ؛ بالىلىرى ئىشلەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاتا-ئانا ئىككىسى بىر چىغىر يولغا چۈشۈپ تۇيدۇرماي تىكىۋېتىپتۇ. ئوزىنىڭ بولىكا ئۇۋىغىنى چېچىپ ماڭغان يول بىلەن ناھايىتى ئاسانلا قايتىپ بارالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن چىمچىلاق قىلچىمۇ قورقماپتۇ؛ ئەمما ئۇ بولكا ئۇۋىغىنىڭ يوقلۇغىدىن بەك ھەيران بوپتۇ، ئەسلىدە ئۇ چاچقان بولكا ئۇۋاقلىرىنى ئۇچار قاناتلار يەپ كەتكەن ئىكەن.

بالىلار ھەسرەت چېكىپ ئەتراپقا قاراپتۇ، ئورمان ئىچىدە تىگىرقاپتۇ، ماڭغانسېرى ئىچكىرىلەپ كېتىپتۇ. تۈن پەردىسى تارتىلىپتۇ، بوران چىقىپتۇ، ئۇلارنى قورقۇنچ بېسىپتۇ، گويا چىلبۆرىلەر ئەتراپلىرىدا ھوۋلىشىۋاتقاندەك، ئۇلارنى دەرھال يەپ كېتىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپتۇ. ئۇلار گەپ قىلىشقىمۇ، ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماپتۇ. كېيىن يەنە چىلەكتە قۇيغاندەك قارا يامغۇر يېغىپ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى چىلىق-چىلىق سۇ قىلىۋېتىپتۇ؛ پاتقاقتا تېيىلىپ-يىقىلىپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھەممە يېرى لاي بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇلار يىقىلسا يەنە تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، زادى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ.

چىمچىلاق بىرەر نەرسە كورۇنۇپ قالارمىكىن دەپ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقىپتۇ. ئۇ قارا-قارا خۇددى شامنىڭ

www.uyghurkitap.com

يورۇغچىلىك پىل-پىل قىلىپ تۇرغان كىچىككىنە يورۇقنى كۆرۈپتۇ، بىراق بۇ يورۇق كۆرۈنگەن جاي ئورمانلىقنىڭ يىراق بىر يېرىدە ئىكەن. ئۇ دەرەختىن يەرگە چۈشۈپتۇ، لېكىن ئۇ يەرگە چۈشكەن ھامان، بۇ نۇر يەنە كۆرۈنمەي قاپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىچى بەك تىت-تىت بوپتۇ؛ ئەمما ئۇ ئاكىلىرى بىلەن يورۇق كۆرۈنگەن تەرەپكە بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، ھېلىقى يورۇغلۇقنىڭ يەنە ئورمانلىقتا پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇلار ماڭا-ماڭا چىراق نۇرى كۆرۈنگەن ئۆيگە يېتىپ بېرىپتۇ، ئۇلار يول بويى دەككە-دۈككىدە مېڭىپتۇ، بۇنىڭ سەۋەبى چىراق نۇرى پات-پات ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولۇپ كېتىدىكەن، ئۇلار پات-پات ئازگاللارغا يىقىلىپ چۈشىدىكەن. ئۇلار ئىشىك قېقىپتۇ، بىر ئاقكۆڭۈل ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئايال ئۇلاردىن سىلەرگە نېمە كېرەك دەپ سوراپتۇ. چىمچىلاق ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ كەمبەغەل باللار ئىكەنلىكىنى، ئورمانلىقتا يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە بىر كېچە قوندۇرسىڭىز دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئايال بۇ ئوماق-چىرايلىق باللارغا قاراپ يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە ئۇلارغا:

—ۋاي! بىچارە باللىرىم، سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟ بۇ ئۆي بىر ئالۋاستىنىڭ ئۆيى، بۇ ئالۋاستى سىلەرنى يەپ كېتىدۇ! — دەپتۇ.

—ھوي، خانىم! — دەپتۇ چىمچىلاق تىترەپ تۇرۇپ، ئاكى-

لىرىنىمۇ تىتىرەك بېسىپتۇ، — بىز ئەمدى قانداق قىلىدۇق؟ ئەگەر بۇگۈن كەچتە بىزنى قوندۇرمىسىلا، ئورمانلىقتىكى چىلبۆرىلەر چوقۇم بىزنى يەۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كورە بىزنى ھىلىقى ئەپەندى يەۋەتكىنى تۈزۈك؛ ئوزلىرى ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلسىلا، بەلكىم، ئۇنىڭ بىزگە رەھمى كېلەر.

ھىلىقى ئالۋاستىنىڭ خوتۇنى بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئەتە سەھەرگىچە يوشۇرۇپ قويسام بولمىدىمۇ، دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئۇلارنى ئويگە كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ بالىلارنى ئىسسىنىۋالسۇن دەپ مەشنىڭ يېنىغا باشلاپ كەپتۇ، ئالۋاستىغا كەچلىك تاماق قىلىش ئۇچۇن ئۇ بىر قوينى پىشۇرىمەن دەپ، مەشنى تازا قىزىتىۋەتكەن ئىكەن.

بالىلار مەشنىڭ يېنىدا ئىسسىنىپ ئولتۇرغان چاغدا، تۇساتتىنلا بىرسى تاق-تاق قىلىپ ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ئالۋاستى قايتىپ كەلگەن ئىكەن. خوتۇنى دەرھال بالىلارنى كارۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئالۋاستى ئاۋال تاماق تەييار بولدىمۇ، ھاراقنى قۇيۇپ قويدۇڭمۇ دەپ سوراپتۇ، ئاندىن يېيىش-ئىچىشكە باشلاپتۇ. گوش تېخى خام ئىكەن، ئەمما ئۇ شۇنداق گوشكە ئامراقمەن دەپ ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ. ئۇ ئۇ يان-بۇ يان پۇراپ بېقىپ، يات ئادەمنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ، دەپتۇ.

— بۇ چوقۇم توپاقنىڭ پۇرىقى بولسا كېرەك، مەن بايا توپاقنىڭ گېلىغا پىچاق سۇرگەن ئىدىم، — دەپتۇ خوتۇنى.

— مەن يەنە بىر قېتىم دەي ساڭا، مەن يات ئادەمنىڭ پۇرىغىنى پۇراپ قالدىم، — دەپتۇ ئالۋاستى خوتۇنىغا ئالىيىپ. — پەمىمچە بۇ ئۆيدە چوقۇم بىرەر نەرسە بار.

ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ، شىرەنىڭ يېنىدىن ئۇدۇللا كارۋات تەرەپكە مېڭىپتۇ.

— هوي! — دەپ تووۋلاپتۇ ئالۋاستى، — ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەندە، سەن مېنى ئالداپسەن، ئۆلگۈر خوتۇن! سېنى يېيىشتىن ئاسان ئىش يوق! خەپ، توختاپتۇر قېرى قاقۋاش! بۇلار خويمۇ ئوبدان ئوۋ غەنىمەتلىرى بوپتۇ، بۇلار بىلەن ئۈچ دوستۇمنى كۈتۈۋالغىلى بولىدىكەن، ئۇلار مۇشۇ بىرەر-ئىككى كۈن ئىچىدە مېنى يوقلاپ كەلمەكچى ئىدى.

ئالۋاستى باللارنى بىر-بىرلەپ كارۋات ئاستىدىن سورەپ چىقىپتۇ. بىچارە باللار تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئالۋاستىدىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ؛ ئەمما ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئالۋاستى ئەڭ ياۋۇز ئالۋاستى بولۇپ، تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇلارنى يەۋەتكۈسى كېلىپ تۇرسا، نەدىمۇ ئۇلارغا رەھىم قىلسۇن؛ ئۇ خوتۇنىغا: ئۇلارنى كېسىپ پارچە-پارچە گوش قىلىمەن، ياخشى جاكىيۇ تەييارلاپ قويغىن، دەپتۇ.

ئالۋاستى يوغان بىر پىچاق ئەكەپتۇ؛ ئۇ باللارنىڭ يېنىغا كېلىپ، پىچاقنى سول قولىدىكى ئۇزۇنچاق بىلەيگە بىلەپتۇ. ئۇ بىر بالىنى تۇتۇۋالغان چاغدا، خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— نىمىشقا هازىرلا قول سالىسىلا؟ ئەتىگە قالسا ئۆلگۈر-

مەمدىكىنا؟ — دەپتۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، — دەپتۇ ئالۋاستى، — ئەتە ئولتۇرسەممۇ يەنە شۇ مەن ئولتۇرىمەن ئۇلارنى.

— بىراق سىلىگە يېتىپ ئاشقۇدەك گوش بار تۇرسا، — دەپتۇ خوتۇنى، — مانا بۇ يەردە بىر توپاق گوشى، ئىككى قوينىڭ گوشى، يېرىم چوشقا گوشى تۇرسا.

— گېپىڭ يوللۇق، — دەپتۇ ئالۋاستى، — ئۇلارغا تويغۇدەك تاماق بەرگىن، ئۇلار ئورۇقلاپ كەتمىسۇن، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويغىن.

بۇ ئاقكوڭۇل ئايال بەك خوشال بولۇپ، بۇ بالىلارغا ئوبدان تائاملار بىلەن كەچلىك تاماق تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئەمما بەك قورققانلىقىدىن بالىلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ گېلىدىن بىرنىمە ئۆتمەپتۇ. ھىلىقى ئالۋاستىغا كەلسەك، ئۇ يەنە جايىغا ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىپتۇ، ئۇ مۇشۇنداق ئوبدان يېمەكلىكنى دوستلىرىمغا ئېلىپ قويدۇم دىگەن خىيال بىلەن خوشال بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن ئون ئىككى رومكا ھاراقنى ئارتۇق ئىچىۋېتىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا غەرق مەس بولۇپ يېتىپ قاپتۇ.

بۇ ئالۋاستىنىڭ يەتتە قىزى بولۇپ، ئۇلار تېخى كىچىك ئىكەن. دادىسىغا ئوخشاش خام گوش يەپ ئادەتلەنگەن بۇ كىچىك ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسى قىزىل يۈز، چېقىر كوز، قوش بۇرۇن، يوغان ئېغىز، ھىڭگاك چىش ئىكەن، يەنە كېلىپ چىشلىرى بەك ئىتتىك ۋە بەك شالاك ئىكەن. ئۇلار بەك

ياۋۇزلىشىپ كېتىش باسقۇچىغا تېخى يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھىلىتىنلا ئەسكىلىك قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان ئىكەن. ئۇلا ر كىچىك باللارنىڭ گوشىنى يەپ، قېنىنى شوراشنى بىلىدىكەن.

بىر چوڭ كارۋاتتا بۇ يەتتە كىچىك ئالۋاستى باشلىرىغا ئالتۇن تاج كىيىپ ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. مۇشۇ ئۆيدە يەنە بىر چوڭ كارۋات بار بولۇپ، ئالۋاستىنىڭ خوتۇنى يەتتە بالىنى ئۇنىڭغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئېرىنىڭ قېشىغا كىرىپ يېتىپتۇ.

چىمچىلاق ئالۋاستىنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەر بىرسىنىڭ بېشىدا بىردىن ئالتۇن تاج بارلىقىنى كۆرۈپ، ئالۋاستى بۈگۈن كەچتە بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپتۇ-دە، يېرىم كېچىدە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئاكىلىرىنىڭ بېشىدىكى بۆكىنى ئېلىپ، تويدۇرماستىن ئالۋاستىنىڭ قىزلىرىنىڭ بېشىغا كەيگۈزۈپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئالتۇن تاجلىرىنى ئاكىلىرىنىڭ بېشىغا كەيگۈزۈپ قويۇپتۇ، ئۆزىمۇ بىرنى كىيىپتۇ، مۇشۇنداق بولغاندا، ئالۋاستى ئۇلارنى قىزلىرىم دەپ، قىزلىرىنى بولسا باللار دەپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن، ئالۋاستى بۇ باللارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىكەن. دېگەندەكلا، ئالۋاستى يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ، بۇ باللارنى كەچتە ئۆلتۈرۈۋەتمەي ئەتىگە قويغىنىغا بەك پۇشايمان قىپتۇ. شۇڭا ئۇ بىر سەكرەپلا كارۋاتتىن چۈشۈپ، قولىغا يوغان پىچاقنى ئاپتۇ.

— مەن بېرىپ ھېلىقى شۇمتەكلەرنى كۆرۈپ كېلەي، نىمىش-

قىدۇ، بىز ئىشنى ھەمىشە كەسكىن قىلمايدىكەنمىز، — دەپتۇ ئالۋاستى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ قىزلىرىنىڭ ھوجرىسىغا ئاستا كىرىپ، ھىلىقى يەتتە بالا ياتقان كارۋاتنىڭ يېنىغا كەپتۇ. چىمچىلاقتىن باشقىلار ئۇخلاپ قالغان ئىكەن؛ ئالۋاستى چىمچىلاقنىڭ ئاكىلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ، ئاندىن چىمچىلاقنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ، بۇ چاغدا چىمچىلاق ھەقىقەتەن ئىنتايىن قورقۇپتۇ. ئالۋاستىنىڭ قولى ئالتۇن تاجغا تەككەن ئىكەن، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاپلا، چوڭ سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويۇشقا تاس ـ تاس قاپتىمەن! بۇ چوقۇم كەچتە ھاراقنى بەك كوپ ئىچىۋەتكەنلىكىمدىن بولغان بولسا كېرەك.

ئاندىن كېيىن ئۇ قىزلىرى ياتقان كارۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپتىكەن، بىردىنلا ھىلىقى بوكلەر ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇنۇپتۇ.

— ھا، ھا! — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ ئۇ، — بۇ نەرسىلەر بۇ يەردە ئىكەندە! غاچ ـ غۇچ بىر جوندىۋېتەي!

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ، ئالدىرىماي ـ ھودۇقماي تۇرۇپ يەتتە قىزنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئىشنى مەمنۇنىيەتلىك تۈگىتىپ، ئورنىغا قايتىپ بېرىپ يېتىپتۇ.

چىمچىلاق ئالۋاستىنىڭ خورەك تارتقانلىغىنى ئاڭلاپ، ئاكىلىرىنى دەرھال ئويغىتىپ، تېز كىيىنىپ مەن بىلەن يۈرۈڭلار دەپتۇ. ئۇلار ئاستا مېڭىپ باغچىغا كېلىپ، تامدىن ئارتىلىپ

چۈشۈپتۇ. ئۇلار كېچىچە دىگۇدەك مېڭىپتۇ. يول بويى تىنىرەپ چىقىپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قايسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن.

ئەتىگىنى ئالۋاستى ئورنىدىن تۇرۇپ، خوتۇنىغا:

— سەن بالىخانىغا چىقىپ، ئاخشام ئېلىپ قالغان ھىلىقى شۇمتەكلىرىڭنىڭ habiller ①، — دەپتۇ.

ئۇ ئېرىنىڭ گېپىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، ھىلىقى باللارنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قوي دەۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىگە بۇنداق گەپ قىلغانلىقىدىن بەك ھەيران بوپتۇ. ئۇ بالىخانىغا چىقىپ قارىسا، قىزلىرى ئۆلۈك ياتقان، بۇ ھالنى كۆرۈپ چوچۇپ كېتىپتۇ.

خوتۇنى ھەممىدىن ئاۋال ئايلىنىپ كېتىپتۇ (ئومۇمەن، ئايالالار مۇشۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ھەممىدىن ئاۋال ئايلىنىپ كېتىدۇ). ئالۋاستى، خوتۇن بەك ئۇزاق ئىشلەپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىش ئۈچۈن يۈگۈرەپ بالىخانىغا چىقىپتۇ. ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرۈپ، خوتۇنىغا ئوخشاش چوچۇپ كېتىپتۇ.

— ھوي! مەن نىمىلەرنى قىپتىمەن؟ — دەپ ۋاقىراپ كېتىپتۇ ئۇ. — خەپ، دەرھال بۇ خۇمپەرلەردىن قىزلىرىمنىڭ خۇنىنى

① فرانسۇزچە habiller دىگەن ئاتالغۇنىڭ "كىيىندۈرۈش" ۋە "گوشىنى شىلىش" دىگەن مەنىلىرى بار. بۇ يەردە ئىككى بىسلىق سوز.

تولتۇۋالمايدىغان بولسام!

ئۇ دەرھال خوتۇنىنىڭ بۇرنىغا بىر پوتۇلكا سوغاق سۇ قۇيۇپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا:

— بول، مېنىڭ يەل تاپان ئوتۇكۇمنى ئېلىپ كەل، مەن ئۇلارنى تۇتۇپ كېلەي، — دەپتۇ.

ئالۋاستى يولغا چىقىپتۇ، ئۇ تەرەپ-تەرەپكە قاتراپ يۈگۈرەپتۇ، ئاخىردا ھېلىقى بىچارە بالىلار ماڭغان يولغا چۈشۈپتۇ، ئۇ بۇ بالىلارنىڭ دادىسىنىڭ كەپىسىگە يۈز مېتىرمۇ كەلمەيدىغان يەرگە يېتىپ بارغانلىقىنى كورۇپتۇ. بالىلارمۇ ئالۋاستىنىڭ بۇ تاغدىن ئۇ تاققا ئاتلاپ ئوتۇۋاتقانلىقىنى، دەريادىن خۇددى ئۇزلىرى كىچىك ئېرىقتىن ئوتكەندەكلا ئاسان ئوتۇۋاتقانلىقىنى كورۇپتۇ. چىمچىلاق يېقىندىكى بىر تاش غارنى كورۇپ، ئاكىلىرىنى غارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇشقا ئەۋەتىپتۇ، ئوزى بولسا ئالۋاستىنىڭ ھەركەتلىرىگە سەپسالغاچ ئارقىدا ئومىلەپ مېڭىپتۇ. ھېلىقى ئالۋاستى بىر تالاي يولنى بىكاردىن-بىكارغا مېڭىپ، بەك چارچاپ كەتكەچكە (چۈنكى يەل تاپان ئوتۇكنى كەيگەن كىشى ئاسانلا چارچاپ قالىدىكەن)، ئولتۇرۇپ دەم ئېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ؛ ئۇ دەل بالىلار يوشۇرۇنۇۋالغان تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇ ئىنتايىن ھېرىپ كەتكەچكە، بىر دەمدىلا يەنە ھېلىقىدەك دەھشەتلىك خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، بالىلار خۇددى ئالۋاستى پىچاقنى دېۋەيلەپ ئوزلىرىنى ئولتۇرمەكچى بولغان

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتىكىدەك قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. چىمچىلاق ئاكىلىرىدەك ۋەھىمىگە چۈشمەپتۇ، ئۇ ئاكىلىرىغا ئالۋاستىنى ئۇخلاۋاتقان چاغدا تېزدىن يۈگۈرەپ ئۆيگە قايتىڭلار، مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن دەپتۇ. ئۇلار چىمچىلاقنىڭ گېپىگە كىرىپ دەرھال يۈگۈرەپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

چىمچىلاق ئالۋاستىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئوتۇگىنى ئاستا سالدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى كىيىۋاپتۇ. بۇ ئوتۇك بەك كالامپاي، بەك چوڭ ئىكەن؛ ئەمما ئۇ خاسىيەتلىك ئوتۇك بولغانلىغى ئۈچۈن، ئادەمنىڭ پۇتىغا قاراپ كېڭىيىدىكەن ۋە تارىيىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزىگە تىكتۈرگەندەك دەل كەپتۇ.

چىمچىلاق ئۇدۇللا ئالۋاستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، ئالۋاستىنىڭ خوتۇنى قىزلىرىنىڭ ئۆلۈگى يېنىدا يىغلاۋاتقان ئىكەن.

— ئېرىڭىز، — دەپتۇ چىمچىلاق ئۇنىڭغا، — ھازىر ناھايىتى خەۋپ ئاستىدا قاپتۇ، ئۇنى بىر توپ قاراقچىلار تۇتۇۋاپتۇ، قاراقچىلار: بارلىق ئالتۇن-كۈمۈشلىرىڭنى بىزگە بەرمىسەڭ، ھازىرلا سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، دەپتۇ. قاراقچىلار قىلىچىنى ئۇنىڭ بويىنىغا تەڭلىگەن چاغدا، ئۇ مېنى كۆرۈپ قالدى-دە، مېنى ئۆزىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىغىنى سىزگە ئېيتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى ۋە بارلىق ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى بىر ئازمۇ قالدۇرماي ساڭا بەرسۇن، سەن ئېپكەل، دېدى، ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇلار قىلچىمۇ رەھىم قىلماستىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىش ناھايىتى جىددى بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ يەل تاپان ئوتۇ-

گىنى ماڭا كىيگۈزۈپ قويىدى، قاراڭ، پۈتۈمدىكى ئۇتۇك شۇ. بۇ ئۇتۇكنى كىيىۋالسام مەن تېزرەك ماڭىمەن ھەمدە بۇ مېنىڭ ئالدامچى ئەمەسلىكىمگە ئىسپات بولىدۇ.

ئالۋاستىنىڭ خوتۇنى ناھايىتى تىت ـ تىت بولۇپ كېتىپ، ئىزدەشتۇرۇپ يۈرۈپ ھەممە پۇلنى دەرھال چىمچىلاققا تاپشۇ ـ رۇپ بېرىپتۇ، چۈنكى ھىلىقى ئالۋاستى باللارنى يەيدىغان نەرسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئايال ئۈچۈن ياخشى ئەر ئىكەن. چىمچىلاق ئالۋاستىنىڭ ھەممە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، تېزلىك بىلەن دادىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە راسا قارشى ئېلىنىپتۇ.

نۇرغۇن كىشلەر ئىش ئۇنداق ئەمەس دىگەن قاراشتا؛ ئۇلار: چىمچىلاق ئالۋاستىنى ھېچقاچان ئالدىمىغان، ئۇنىڭ ئالۋاستىنىڭ يەل تاپان ئۇتۇگىنى ئالغىنى يوللۇق ئىش، چۈنكى



ئۇ بۇ ئوتۇكنى كىيسە ئاكىلىرىغا يېتىشۋالالايدۇ، دەيدۇ. ئۇلار: بۇنى بىز ئىشەنچلىك گوۋاچىلاردىن ئاڭلىغان، ئۇلار ھەتتاكى ئوتۇنچىنىڭكىدە تاماق يىگەنلەر، دەيدۇ. ئۇلار بىرگە، چىمچىلاق ئالۋاستىنىڭ ئوتۇگىنى كىيۋالغاندىن كېيىن، خان سارىيىغا بېرىپتۇ، سارايدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى يۇز چاقىرىم يولنىڭ نېرىسىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇندىن خەۋەر ئالالماي پۇتى كويگەن توخۇدەك بولۇپ كېتىپتىكەن، ھەممىسى خۇش خەۋەر كۇتۇپ تۇرۇپتىكەن، دەپ تەپسىلى ئېيتىپ بەرگەن. ئۇلار مۇنداق دىگەن: چىمچىلاق پادىشا بىلەن كورۇشۇپ، پادىشاغا: سىز بىراۋ كۇندىلىك خەۋەرنى شۇ كۇنىلا ئېلىپ كېلەلىسكەن دىگەن ئارزۇدا بولسىڭىز، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمەدىن كېلىدۇ دەپتۇ. پادىشا ئەگەر بۇ ئىش قولۇڭدىن كەلسە، مەن ساڭا نۇرغۇن پۇل بېرىمەن دەپتۇ. چىمچىلاق شۇ كېچىسىلا خەۋەرنى ئېلىپ كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ كېتىپتۇ-دە، ئۇ ئىسمىنى سورىسا شۇنى بېرىدىغان بوپتۇ؛ ئۇ پادىشا ئۇچۇن قوشۇنلارغا بۇيرۇق يەتكۇزۇپ بەرسە، پادىشا ئۇنىڭغا جىق-جىق ھەق بېرىدىكەن.

چىمچىلاق بىر مەزگىل خەۋەرچى بولۇپ ئىشلەپ نۇرغۇن پۇل يىغىپ، ئويىگە قايتىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن كورۇشۇپتۇ. ئويدىكىلەرنىڭ ئۇنى كورۇپ قانداق خوشال بولۇپ كەتكىنى ئوز ئوزىدىنلا مەلۇم.

www.uyghurkitap.com

# بوره ۋه يه‌تته ئوغلاق

## [گېرمانيه] ئاكا ـ ئۇكا گرىملار*

بۇرۇنقى زامانلاردا بىر قېرى ئوشكه بولغان ئىكه‌ن، ئۇنىڭ يه‌تته ئوغلىغى بار ئىكه‌ن؛ ئۇ ئوغلاقلىرىغا خۇددى ئانا بالىلىرىغا ئامراق بولغىنىده‌ك ئامراق ئىكه‌ن. بىر كۈنى ئوشكه ئوت ـ چوپ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئورمانلىققا بارماقچى بوپتۇ ۋه ئوغلاق‐لىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا:

— ئوماق بالىلىرىم، مه‌ن ئورمانلىققا بارىمه‌ن. سىله‌ر بورى‐دىن ئېھتىيات قىلىڭلار؛ ناۋادا بوره كېلىپ قالسا، سىله‌رنى

* ئاكا ـ ئۇكا گرىملار نېمىس يازغۇچىلىرى ۋېلىيام گرىم (1786 — 1859) بىله‌ن ياكوب گرىمنى كورسىتىدۇ. ۋېلىيام گرىم ئالى مه‌ك‐ته‌پته پروفېسسور بولغان. ئۇ ئه‌ل ئارىسىدىكى ھىكايىله‌رنى كوپله‌پ توپلاپ، ئۇلارنى چوچه‌ك قىلىپ يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ئاكىسى ياكوبمۇ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەمله‌شكه‌ن. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىله‌ن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نۇرغۇن چوچه‌ك يازغان بولۇپ، بۇلار ئىچىده ئىككىله‌نىڭ 1812 ـ يىلى بىرلىكته نه‌شر قىلغان «باللار ۋه ئائىله چوچه‌كلىرى» ئه‌ڭ مه‌شھۇر. بۇ كىتاپقا كىرگۈزۈلگه‌ن ئۈچ چوچه‌ك شۇ توپلامدىن تاللىۋېلىندى.

www.uyghurkitap.com

يالمىۋېتىدۇ. بۇ ئەبلەخ كوپ ھاللاردا ساختا قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، ئەمما ئۇنى بوم ئاۋازىدىن، قاپ-قارا پۇتىدىن تونۇۋالغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ.

— مېھرىۋان ئانا، بىز چوقۇم ئېھتىيات قىلىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ — دەپتۇ ئوغلاقلار. شۇنداق قىلىپ، قېرى ئۆشكە مەرەپ قويۇپ، ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا يولغا راۋان بوپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، بىرسى ئىشىك قېقىپ:

— جېنىم بالىلىرىم، ئىشىكنى ئېچىڭلار، ئاناڭلار قايتىپ كەلدى، مەن ھەممىڭلارغا ئازراقتىن نەرسە ئالغاچ كەلدىم، — دەپتۇ. ئەمما، ئوغلاقلار بۇ بوم ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇلار:

— ئىشىكنى ئاچمايمىز، سەن بىزنىڭ ئانىمىز ئەمەس، ئانىمىزنىڭ ئاۋازى زىل، يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. سېنىڭ ئاۋازىڭ بوم ئىكەن، سەن بۆرىسەن. — دېيىشىپتۇ. بۆرە مىلىچ مال دۇكىنىغا بېرىپ بىر پارچە كىراخمال سېتىۋېلىپ، ئاۋازىنى زىل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى يەپتۇ-دە، يەنە كېلىپ ئىشىك قېقىپ:

— جېنىم بالىلىرىم، ئىشىكنى ئېچىڭلار، ئاناڭلار قايتىپ كەلدى، مەن سىلەرگە ئازراقتىن نەرسە ئالغاچ كەلدىم، — دەپتۇ. لېكىن بۆرە قارا پۇتىنى دەرىزىگە قويۇپ تۇرغان ئىكەن، ئوغلاقلار ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ:

— ئاچمايمىز، ئانىمىزنىڭ پۇتى سېنىڭكىدەك قارا ئەمەس، سەن بۆرە، — دېيىشىپتۇ. بۆرە بولكىچى ئۇستامىنىڭ قېشىغا

بېرىپ:

— پۇتۇم يارىلىنىپ قالدى، پۇتۇمغا بىرئاز شىلىم سۇرتۇپ قويسىلا، — دەپتۇ. بولكىچى ئۇستام شىلىم سۇرتۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن بورە تۇگمەنچىنىڭ قېشىغا سوكۇلداپ بېرىپ:

— پۇتۇمغا بىر ئاز ئۇن سېپىپ قويسىلا، — دەپتۇ. تۇگمەنچى: "بۇ بورە بىرسىنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىدۇ" دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ دىگىنىنى قىلماپتۇ؛ بىراق بورە:

— سەپمىسەڭ، سېنى يەۋېتىمەن، — دەپتۇ. تۇگمەنچى قورقىنىدىن ئۇنىڭ پۇتىنى ئاقارتىپ قويۇپتۇ. شۇنداق، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنداق.

بورە دىگەن ئەبلەخ ئەمدى ئۈچىنچى قېتىم ئوغلاقلارنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ ئىشىك قېقىپ:

— بالىلىرىم، ئىشىكنى ئېچىڭلار، مېھرىۋان ئاناڭلار قايتىپ كەلدى، ئورمانلىقتىن ھەر بىرىڭلارغا ئازراقتىن نەرسە ئالغاچ كەلدىم، — دەپتۇ.

— ئاۋال پۇتۇڭنى كورسىتىپ باق، سېنىڭ مېھرىۋان ئانىمىز ئىكەنلىگىڭ ياكى ئەمەسلىگىڭنى كورۇپ باقايلى، — دېيىشىپتۇ ئوغلاقلار. بورە پۇتىنى دەرىزىدىن سوزۇپ كىرگۈزۈپتۇ، ئوغلاقلار ئاق پۇتنى كورۇپ، بورىنىڭ گېپىگە چۇمپۇتۇپتۇ-دە، ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپتۇ. بىراق ئويگە كىم كىرىپتۇ دىمەمسىز، دەل بورىنىڭ ئوزى كىرىپتۇ. ئوغلاقلار ھاڭ-تاڭ بولۇپ، يوشۇرۇنۇشقا باشلاپتۇ. بىرىنچىسى جوزىنىڭ ئاستىغا، ئىككىنچىسى

كارۋاتنىڭ كەينىگە، ئۈچىنچىسى مەشىنىڭ ئىچىگە، تۆتىنچىسى ئاشخانىغا، بەشىنچىسى ئىشكاپنىڭ ئىچىگە، ئالتىنچىسى داس قويۇقلۇق چاچاپنىڭ ئاستىغا، يەتتىنچىسى ئاسما سائەتنىڭ كاۋاك يېرىگە كىرىۋاپتۇ. بىراق بورە ئۇلارنىڭ ئالتىسىنى تېپىۋېلىپ، ھېچ تۈزۈت قىلماستىنلا بىر-بىرلەپ يۇتۇۋېتىپتۇ. پەقەت سائەتنىڭ كاۋاك يېرىدىكى ئەڭ كىچىك ئوغلاقنى تاپالماپتۇ. بورە قوسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ-دە، بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ چوپلۇكتە يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆچكە ئورمانلىقتىن قايتىپ كەپتۇ. قارىسا، ئىشلار باشقىچە تۇرغۇدەك: ئىشىك ھاڭگىرقاي ئوچۇق، ئۆيدىكى جوزا-بەندىڭلار ئۆكتەي-تۆكتەي تۇرغان، داس يېرىلغان، يوتقان-كۆرپە، ياستۇق-تەكىلەر يەردە ياتقان ئىكەن. ئۇ يەتتە بالىسىنى ئىزلەپتۇ، لېكىن ھېچنەدىن تاپالماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىر-بىرلەپ چاقىرىپتۇ، ئەمما جاۋاپ چىقماپتۇ. ئاخىردا كەنجىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپتىكەن، پەس بىر ئاۋاز:

— جېنىم ئانا، مەن سائەتنىڭ كاۋىكى ئىچىدە، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئۆچكە كىچىك ئوغلاقنى ئېلىپ چىقىپتۇ، ئوغلاق ئانىسىغا بورە كېلىپ ئاكىلىرىنى يەپ كەتكەنلىكىنى دەپ بېرىپتۇ. ئۆچكىنىڭ بالىلىرىنىڭ دەردىدە قانداق زار قاخشاپ يىغلىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىڭلار مۇمكىن.

ئاخىردا، ئۆچكە قاتتىق يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپتۇ، كىچىك ئوغلاق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇ بورىنىڭ چوپلۇك-

تنكى دەرەخ تۇۋىدە يېتىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانلىغىنى، خورىگىنىڭ كۈچىدىن دەرەخ شاخلىرىنىڭمۇ مىدىرلاپ تۇرۇۋاتقانلىغىنى كورۇپتۇ. ئۇ بۇ بورىگە سەپسېلىپ قارىسا، بورىنىڭ تومپايغان قوسىغىدا بىر نەرسە مىدىرلاپ تۇرغۇدەك، ئۇ: "ۋاي خۇدايىم، بورىگە كېچىلىك غىزا بولۇپ كەتكەن باللىرىم تېخى تىرىكمىدۇ-يا؟" دەپ ئويلاپتۇ. كېچىك ئوغلاق دەرھال يۇگۇرەپ بېرىپ ئويدىن قايچا ۋە يىپ-يىڭنە ئەكەپتۇ. ئۇشكە بورىنىڭ قوسىغىنى قايچا بىلەن يېرىپتۇ. ئازراقلا يېرىپ قارىسا بىر ئوغلاق بېشىنى چىقىرىپتۇ، ئۇ داۋاملىق يېرىپتىكەن، ئاللە ئوغلاقنىڭ ھەممىسى ساق-سالامەت سەكرەپ چىقىپتۇ. بورە دىگەن ئەبلەخ بەك ئاچكوز بولغاچقا، ئوغلاقلارنى پۇتۇن-پۇتۇن يۇتۇۋەتكەن ئىكەن. بۇ بىر خوشاللىق بوپتۇ! ئوغلاقلار سويۇملۇك ئانىسىنى قۇچاقلىۋېلىپ سويۇپ كېتىپتۇ، ئۇلار ئەمدىلا توي قىلغان سەيپۇڭدەك① خوشاللىقتىن قىن-قىنىغا پاتماي سەكرىشىپ كېتىپتۇ.

—سىلەر تاش تېپىپ كېلىڭلار، بۇ مۇناپىق ئويغانماستا قوسىغىنى تاش بىلەن توشقۇزۇۋېتەيلۇق،—دەپتۇ قېرى ئۇشكە. شۇنىڭ بىلەن يەتتە ئوغلاق ھەش-پەش دىگىچە تاشلارنى ئېپكېلىپ بورىنىڭ قوسىغىغا تىقىپتۇ. قېرى ئۇشكە ئاندىن

① نېمىسلاردا سەيپۇڭنىڭ ئايىغى چاققان بولىدۇ، سەكرىشى ئاسان بولىدۇ، دەيدىغان تەمسىل بار.

بورىنىڭ قوسغىنى ناھايىتى تېزلىكتە تىكىپ قويۇپتۇ. بورە بۇنى پەقەت سەزمەي، مىدىر-سىدىر قىلماي ئۇخلاۋېرىپتۇ.

بىر ۋاقىتتا ئۇيقۇسى قانغان بورە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاشقازىنىدا غىچلا تاش بولغاچقا، ئۇسساپ ئاغزى بەك قۇرۇپ كەتكەن ئىكەن، قۇدۇق بېشىغا سۇ ئىچكىلى بېرىپتۇ. بىراق ئۇ دەلدەڭشىپ ماڭغان چاغدا، قوسغىدىكى تاشلار بىر بىرىگە ئۇرۇلۇپ شاراقلاپ كېتىپتۇ. بورە مۇنداق دەپ ۋايساپتۇ:

قوسغىم شاراقلايدۇ،
ئىچىمدىكى نىمىدۇ؟
ئوغلاق يېدىم دەپ يۈرسەم،
يىگىنىم غىچ تاشكەنغۇ.

بورە قۇدۇق بېشىغا كېلىپ سۇ ئىچمەكچى بولۇپ ئېڭىشىپتىكەن، قوسغىدىكى ئېغىر تاش ياڭداپ كېتىپتۇ-دە، بورە قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. يەتتە ئوغلاق بۇنى كۆرۈپ يۈگۈرەپ كېلىپ: "بورە ئۆلدى! بورە ئۆلدى!" دەپ ئۈنلۈك توۋلاپتۇ ۋە خۇشاللىقىدا ئانىسى بىلەن بىللە قۇدۇقنى چۆرىدەپ ئۇسۇل ئويناپ كېتىپتۇ.

# پاخال، كومۇر ۋە پۇرچاق

## [گېرمانىيە] ئاكا ـ ئۇكا گرىملار

بىر يېزىدا بىر كەمبەغەل موماي ياشايدىكەن، ئۇ تېرىدىن كەلگەن بىر چىنە پۇرچاقنى قايناتماقچى بولۇپ، ئوت كويۇۋاتـقان ئوچاققا بىر تۇتام پاخالنى تىقىپ ئوتنى ئۇلغايتماقچى بولۇپتۇ. پۇرچاقنى كوزىغا تولۇۋاتقاندا، بىر تال پۇرچاق پاخالنىڭ يېنىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئارىدىن بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن، ئوچاقتا قىپ ـ قىزىل بولۇپ كويۇۋاتقان بىر پارچە كومۇرمۇ سەكرەپ چۈشۈپ، پۇرچاق، پاخاللار بىلەن بىللە بولۇپ قاپتۇ.

ــ قەدىرلىك دوستلار، قەيەردىن كەلدىڭلار؟ــ دەپ سوراپتۇ پاخال ئاۋال گەپ باشلاپ.

ــ ھىلىمۇ ياخشى، ئوتتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدىم، ئەگەر جېنىمنىڭ بېرىچە قاچمىغان بولسام جېنىمدىن جۇدا بولۇپ، كويۇپ كۈل بولغان بولاتتىم،ــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كومۇر.

ــ مېنىڭمۇ تەلىيىم ئۇڭدىن كېلىپ يارىلانماپتىمەن، ئەگەر موماي مېنىمۇ كوزىغا تولۇۋەتكەن بولسا، مېنىمۇ ھەمراھلىرىمغا ئوخشاش رەھىمسىزلىك بىلەن قاينىتىپ ئۇماچ قىلغان بولاتـ

www.uyghurkitap.com

تى، ــ دەپتۇ پۇرچاق.

ــ مېنىڭ تەقدىرىمنى سىلەرنىڭكىدىن ياخشىراق دەمسىلەر؟ ــ دەپتۇ پاخال، ــ مېنىڭ ھەممە قېرىنداشلىرىمنى موماي ئوتقا تاشلىدى، ئۇلار ئىس ـ تۈتەككە ئايلىنىپ كەتتى؛ موماي بىر تۇتاملاپلا ئاتمىش تال پاخالنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ھىلىمۇ تەلىيىم بار ئىكەن، ئۇنىڭ بارمىقىنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈپ قالدىم.

ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ــ دەپتۇ كومۇر.

ــ ھەممىمىز تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ ئامان ـ ئېسەن قاپتۇق، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمرا بولايلى، يەنە بىرەر بالايى ـ ئاپەتكە يولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، بىرلىكتە باشقا بىر جايغا كېتەيلى، ــ دەپتۇ پۇرچاق.

پۇرچاقنىڭ بۇ تەكلىۋىگە قالغانلار قوشۇلۇپتۇ، ئۇلار بىرلىكتە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار بىر ئېرىق بويىغا كېلىپ قاپتۇ، ئۆتىدىغان كوۋرۇك تاپالماي، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندا پاخال بىر ئامال تېپىپتۇ:

ــ مەن ئېرىقتا توغرىسىغا يېتىپ كوۋرۇك بولاي، سىلەر مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئۆتۈڭلار.

شۇنداق قىلىپ، پاخال ئېرىقنىڭ بۇ يېقىدىن ئۇ يېقىغا سوزۇلۇپ يېتىپ بېرىپتۇ. كومۇر ئىسسىق تەبىئەتلىك بولغاچقا، ناھايىتى يۈرەكلىك بىلەن يېڭى كوۋرۇك ئۈستىدە كىچىك قەدەم تاشلاپ تېز مېڭىپتۇ. ئېرىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئۇ

شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئەزايىنى تىترەك بېسىپ مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاخال كۆيۈشكە باشلاپتۇ-دە، ئىككى بۆلەك بولۇپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كومۇرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن سۇغا چۈشۈپ "پىژ"لا قىپتۇ-دە، ئۆلۈپتۇ. پۇرچاق ئېھتىياتچانراق بولغاچقا، قىرغاقتا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق كۈلۈپتۇ، بۇ كۈلكىدىن ئۇنىڭ ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئەگەر ئېرىق بويىدا دەم ئېلىۋاتقان سەيپۇڭ ئۇنىڭغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، يىپ-يىڭنىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچىيىنى ئۇلاپ قويمىغان بولسا، پۇرچاقمۇ ئۆلەتتىكەن. پۇرچاق سەيپۇڭدىن كۆپ مىننەتدار بوپتۇ، سەيپۇڭ شۇ چاغدا پۇرچاقنىڭ ئۈچىيىنى قارا يىپ بىلەن تىككەنلىكى ئۈچۈن، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھەممە پۇرچاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا سىزىق بولۇپ قالغان ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرىسى

# بېلىقچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى

## [گېرمانىيە] ئاكا ـ ئۇكا گرىملار

بۇرۇنقى زاماندا بىر بېلىقچى ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ خوتۇنى بىلەن دېڭىز بويىدىكى بىر ئەسكى قېپىقتا ياشايدىكەن. بېلىقچى ھەر كۈنى بېلىق تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن.

بېلىقچى بەزىدە قارماقنى سېلىپ قويۇپ، سۇزۇك سۇغا تىكىلىپ ئولتۇرىدىكەن، ئولتۇرغاندىمۇ تازا ئۇزاق ئولتۇرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ سالغان قارماق سۇنىڭ تەكتىگە چوكۇپتۇ، بېلىقچى قارماقنى بىردىنلا تارتقان ئىكەن، يوغان بىر دوقا كوز بېلىق ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بۇ بېلىق ئۇنىڭغا:

ــ ھەي بېلىقچى، ماڭا رەھىم قىلغىن، مەن راست دوقا كوز بېلىق ئەمەس، مەن سېھىر قىلىنغان بىر شاھزادىمەن. سەن مېنى ئولتۇرۇۋەتكەندىمۇ ھېچقانداق ياخشىلىق كورمەيسەن. مېنى يېسەڭلەرمۇ سىلەرگە مېزىلىك تائام بولالمايمەن. مېنى سۇغا قويۇۋەت، ئۇزۇپ كېتەي، ــ دەپتۇ.

ــ بولدى، نېرىسىنى دېمەيلا قوي، زۇۋانلىق دوقا كوز

بېلىق ئىكەنسەن، خاتىرجەم بول، مەن سېنى چوقۇم قويۇۋېتىمەن.
بېلىقچى گېپىدە تۇرۇپ دوقا كوز بېلىقنى سۈزۈك سۇغا قويۇۋېتىپتۇ. بېلىق قان بىلەن سىزىق سىزىپ شۇڭغۇپ كېتىپتۇ. بېلىقچى ئورنىدىن تۇرۇپ قېيىقتىكى ئائىلىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.
ھەي، بۈگۈن ھېچنېمە تۇتالمىدىڭلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.
— تۇتالمىدىم، بىر دانە دوقا كوز بېلىق تۇتۇۋالغان ئىدىم، ئۇ مەن سېھىر قىلىنغان شاھزادە دېۋىدى، قويۇۋەتتىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بېلىقچى.
— ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە سوراپ كورمىدىڭلىمۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنى.
— ياق، ئۇنىڭدىن نىمىمۇ سوراي؟
— ۋاي، خۇدايىم، بىز بۇ ئەسكى، كىچىك قېيىقتا قاچانغىچە ئولتۇرىۋېرىمىز. ئۇ بىزگە بىر كەپە قىلىپ بېرىشكە يارايتتىغۇ. بېرىپ ئۇنىڭغا بىزگە بىر كەپە كېرەك دېسىلە، ئۇ چوقۇم قىلىپ بېرەلەيدۇ، — دەپتۇ خوتۇنى.
— ھەي، مەن نىمە دەپ بارىمەن؟
— ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قويۇۋەتكەنىدىكىن، ئۇ چوقۇم قىلىپ بېرىدۇ، تېز بولسىلا، ھازىرلا بارسىلا.
بېلىقچىنىڭ بارغۇسى كەلمەپتۇ، ئەمما خوتۇنىنىڭ گېپىگە ياق دېيەلمەي، دېڭىز بويىغا بېرىپتۇ.
بېلىقچى دېڭىز بويىغا بېرىپ قارىسا، دېڭىز سۈيى بۇرۇنقى-

دەك سۈزۈك بولماي، ھەم يېشىل، ھەم سېرىق بولۇپ كەتكەن ئىكەن، ئۇ دېڭىز بويىدا ئۇرە تۇرۇپ مۇنـداق دەپتۇ:

كىچىك شاھزادە، شاھزادە،
دوقا كوز بېلىق، چىقىـك بۇ يەرگە،
مېنىڭ خوتۇنۇم ئىرىسپىلىنىڭ
ئوي ـ خىيالى باشقا يەردە.

دوقا كوز بېلىق سۇدىن شوڭغۇپ چىقىپ:

ــ ئۇنىڭغا نىمە لازىم ئىكەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ھەي، خوتۇنۇم سىزنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرگەنلىكىم ئۈچۈن سىزدىن بىرەر نەرسە سوراپ ئالماپسەن دەۋاتىدۇ. ئۇ ئەسكى قېيىقتا ئولتۇرۇشنى خالىمايدىكەن، كەپىدە ئولتۇرغىسى بار ئىكەن، ــ دەپتۇ بېلىقچى.

ــ بىرنۇبىرىڭ، خوتۇنىڭىز ھازىر كەپىدە ئولتۇرىدۇ، ــ دەپتۇ دوقا كوز بېلىق.

بېلىقچى بوۋاي قايتىپ كەلسە، خوتۇنى ئەسكى قېيىقتا ئەمەس، بىر كەپىنىڭ ئىشىگى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇدەك. خوتۇنى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

قاراپ باقسىلا، ئەمدى نىمە دىگەن ياخشى بولدى، ــ دەپتۇ.

ئۇلار كەپىگە بىللە كىرىپتۇ. كەپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دالان بار ئىكەن، بىر ئېغىز چىرايلىق ياتاق ئويىگە ئۇلارنىڭ كارۋاتلىرى قويۇلغان ئىكەن، يەنە ئاشخانا ۋە قازناقلار تۇرغۇدەك،

ئۇينىڭ ئىچىدە ناھايىتى چىرايلىق ئۆي جابدۇقلىرى، قەلەي ۋە مىس جابدۇقلار رەتلىك تىزىقلىق تۇرغۇدەك، ئىشقىلىپ ئۆي سەرامجانلىرىنىڭ ھەممىسى تەل تۇرغۇدەك. ئۇينىڭ كەينىدە يەنە بىر كىچىك ھويلا بولۇپ، ھويلىدا توخۇ-ئۆردەكلەر يۈرگۈدەك، كوكتات ۋە مىۋە-چىۋىلىك باغچىسىمۇ بار ئىكەن.

—قارىسىلا، بۇ نىمە دىگەن ياخشى-ھە؟—دەپتۇ خوتۇنى.

—ھە، مۇشۇنداق بولسىلا بولدىغۇ، بىز ئەمدى خوشال-خورام ياشايدىغان بولدۇق،—دەپتۇ بېلىقچى.

—بىز يەنە ئويلاپ باقايلى،—دەپتۇ خوتۇنى. ئۇلار غىزالىنىپ بولۇپ، ئۇخلىماقچى بولۇپ كارۋاتقا چىقىپتۇ.

شۇ ئارىدا بىر-ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن خوتۇنى:

—ھەي دادىسى، ماڭا قارىسىلا، بۇ كەپە بىزگە بەك تارلىق قىلىۋاتىدۇ، ھويلا ۋە باغچىسىمۇ بەك كىچىك ئىكەن. دوقا كوز بېلىق بىزگە چوڭراق بىر ئۆي بەرسۇن. چوڭراق تاش سارايدا بەكمۇ ئولتۇرغۇم بار. بېرىپ دوقا كوز بېلىققا ئېيتسىلا، بىزگە بىر ساراي بەرسۇن،—دەپتۇ.

—ھەي خوتۇن، بۇ كەپە بولۇۋاتىدىغۇ، سارايىنى نىمە قىلىمىز؟—دەپتۇ بېلىقچى.

—تولا كاپشىماي بارغىن دىگەندىكىن بارسىلا، دوقا كوز بېلىق چوقۇم بىر ساراي بېرىدۇ.

—بولمايدۇ، دوقا كوز بېلىق بىزگە بىر كەپە بەردى، ئەمدى يەنە قايسى يۈزۈم بىلەن باراي، دوقا كوز بېلىق خاپا بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قىلىشى مۇمكىن.

— بارىسلا، بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەك ئاسان چۈشىدۇ، بېرىنشىنمۇ خالايدۇ، بېرىۋەرسىلە.

كۆڭلى غەش بولغان بوۋاينىڭ زادى بارغۇسى كەلمەپتۇ، ئۇ ئۆز ئۆزىگە: ”ئۇنداق قىلساق ياخشى بولماس“ دەپتۇيۇ، ئاخىر يەنە بېرىپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ قارىسا، دېڭىز سۈيى يېشىل ۋە سېرىق رەڭلىك بولماي، ھەم سۇسۇن، ھەم كۆك، ھەم كۈلرەڭ، ھەم قوڭۇر بولۇپ كەتكەن، ئەمما ھىلىمۇ تېنىچ تۇرغان ئىكەن. بوۋاي دېڭىز بويىدا تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

كىچىك شاھزادە، شاھزادە،<br>
دوقا كوز بېلىق، چىقىڭ بۇ يەرگە.<br>
مېنىڭ خوتۇنۇم ئىرىسپىلىنىڭ<br>
ئوي-خىيالى باشقا يەردە.

دوقا كوز بېلىق:

— ئۇنىڭغا نىمە كېرەك ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنىڭ چوڭ تاش سارايدا تۇرغۇسى بار ئىكەن، — دەپتۇ بېلىقچى بوۋاي خىجالەتچىلىك بىلەن.

— بېرىۋېرىڭ. خوتۇنىڭىز سارايىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ دوقا كوز بېلىق.

بېلىقچى بوۋاي ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ناھايىتى چوڭ بىر

تاش سارايىنى كورۇپتۇ، ئۇنىڭ خوتۇنى پەلەمپەي بىلەن سارايـ
ـنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتـقۇدەك؛ خـوتۇنى ئۇنىڭ قايتىـپ
كەلگەنلىكىنى كورۇپ، قولـدىن تۇتۇپ:

ـــ مەن بىلەن ماڭسىلا، ـــ دەپـتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن بىلـلە كىرىپ كېتىپتۇ. سارايدا مەرمەردىن ياسالغان چوڭ مېھمانخانىدا نۇرغۇن چاكارلار چوڭ ئىشكىنى كۇچەپ ئېچىـۋاتقان ئىـكەن؛ تاملارغا گۇللۇك قەغەزلەر چاپلانـغان، ئويـنىڭ ئىچىـگە ئالتۇن ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلار قويۇلغان، ئويـنىڭ تورۇسىدا كىرىسـتال چىراقلار ئېسىقلىق تۇرغان ئىكەن، ھەممە ئويلەر ۋە ياتاقلارغا گىلەملەر سېلىنغان، ئۇستەللەرگە ئەڭ ئىسىل تائامـلار، نازۇـ نىمەتلەر قويۇلغان ئىـكەن. ئويـنىڭ كەينىـدە يوغان بىر ھويلا بولۇپ، ئېغىل ـ قوتانـلار بار ئىكەن، ھويلىـدا كاتتا هارۋىـلار تۇرغۇدەك. يەنە چوڭ ھەم گۇزەل بىر باغـچا بولۇپ، ئىچىـدە ئەڭ چىرايلىق گۇل ـ چىچەكلەر ۋە ئەڭ ياخشى مېۋىلىك دەرەخلەر بار ئىـكەن، بىرنەچـچە چاقىـرىمـغـچە سوزۇلـغان يەنە بىر باغچىدا بۇغا، كۇكەن، توشقان ۋە كىشىلەر ياخـشى كورىدىـغان باشقا جان ـ جانىۋارلار يۇرگەن ئىكەن. خوتۇنى:

ـــ بۇ نىمە دىگەن ياخشى ـ ھە؟ ـــ دەپتۇ.

ـــ ھە، شۇنـداق، مۇشۇنـداق بولسـلا بولىدىـغۇ، ـــ دەپتۇ بېلىقچى، ـــ ئەمدى بۇ ھەشەمەتلىك سارايدا ئولـتۇرغانلىغىمىزغا شۇكرى قىلساق بولـىدۇ.

ـــ بىز يەنە ئويـلاپ كورسەك بولـىدۇ، كېيـىـن بىرنەرسە

www.uyghurkitap.com

دىيىشەيلى،ــ دەپتۇ خوتۇنى. ئۇلار ئۇخلىغىلى كارۋاتقا چىقىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى خوتۇنى تاڭ ئاتا ـ ئاتمايلا ئاۋال ئويغىنىپ كېتىپتۇ، ئۇ كارۋاتتا يېتىپ گۈزەل يەر ـ زىمىننىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئېرى ئورنىدىن تۇرماي كېرىلىپ ياتقان ئىكەن، خوتۇنى جەينىكى بىلەن ئېرىنى تۇرتۇپ:

ــ هوي....، تۇرسىلا، دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ باقسىلا، بىز بۇ ئەتراپنىڭ پادىشاسى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسمىكەنمىز؟ دوقا كوز بېلىقنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىز پادىشا بولىمىز دىسىلە،ــ دەپتۇ.

ــ هەي خوتۇن، بىز پادىشا بولۇپ نىمە قىلىمىز؟ مەن پادىشا بولمايمەن،ــ دەپتۇ بېلىقچى.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، سىلە پادىشا بولمىسىلا مەن بولىمەن. دوقا كوز بېلىقنىڭ قېشىغا بېرىپ مېنى پادىشا بولغۇسى بار ئىكەن دىسىلە.

ــ هەي خوتۇن، سەن نىمە ئۈچۈن پادىشا بولماقچى بولۇپ قالدىڭ؟ مەن ئۇنىڭغا دىيەلمەيمەن.

ــ دىيەلمەيدىغان نىمىسى بار؟ چاققان بېرىپ دىسىلە، مەن چوقۇم پادىشا بولىمەن.

شۇنداق قىلىپ، بېلىقچى بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ، ئۇ خوتۇنىنىڭ پادىشا بولماقچى بولغىنىدىن بەكمۇ نارازى ئىكەن. ئۇ كۆڭلىدە: "مۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس، ياخشى ئەمەس"

دەپ ئويلاپ، بارغۇسى كەلمەپتۇيۇ، ئاخىر نائىلاج بېرىپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي دېڭىز قىرغىقىغا كەلگەندە، دېڭىز سۈيى قېنىق كۆك رەڭ تۈس ئېلىپ، قارىداپ كەتكەن ئىكەن، سۇ تېگىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ناھايىتى سېسىق بىر خىل پۇراقنى چېچىپتۇ. بېلىقچى دېڭىز بويىدا تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

كىچىك شاھزادە، شاھزادە،
دوقا كوز بېلىق، چىقىڭ بۇ يەرگە،
مېنىڭ خوتۇنۇم ئىرىسىپلىنىڭ
ئوي-خىيالى باشقا يەردە.

— ئۇنىڭغا نېمە لازىم ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دوقا كوز بېلىق.

— ئۇ پادىشا بولغۇدەك، — دەپتۇ بېلىقچى.

— بېرىۋېرىڭ، ئۇ پادىشا بولدى، — دەپتۇ دوقا كوز بېلىق.

بېلىقچى بوۋاي سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، ساراي بۇرۇنقىدىن كۆپ چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، بىر ئېگىز مۇنارە بىنا بوپتۇ ۋە ھەشەمەتلىك زىننەت بۇيۇملىرى قويۇلۇپتۇ، دەرۋازا ئالدىدا بىر ئەسكەر پوستا تۇرغۇدەك، يەنە داقا-دۇمباق، كاناي-سۇنايلىق نۇرغۇن لەشكەر تۇرغۇدەك. ئۇ ئويىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، ھەممە نەرسە مەرمەر تاشتىن ۋە ئالتۇندىن ياسالغان، جۇلالىق يوغان تۆۋت دەستۇرخانلار سېلىنغان ئىكەن. چوڭ زالنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپتۇ، قارىسا، ۋەزىر-ۋۇزرالار شۇ

www.uyghurkitap.com

يەردە تىك تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ خوتۇنى ئالتۇن ۋە بىلىيارتىتىن ياسالغان ناهايىتى ئېگىز تەختتە بېشىغا يوغان ئالتۇن تاج كىيىپ، قولىدا ئالتۇن ۋە گوھەردىن ياسالغان تاختا تۇتۇپ ئولتۇرغۇدەك، خوتۇنىنىڭ ئىككى يېنىدا ئالتىدىن كېنىزەك قاتار تىزىلىپ تۇرغۇدەك، بۇ كېنىزەكلەر بىرسى بىرسىدىن پاكار ئىكەن. بېلىقچى خوتۇنىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھەي خوتۇن، ئەمدى پادىشا بولدۇڭغۇ، — دەپتۇ.

— شۇنداق، پادىشا بولدۇم، — دەپتۇ خوتۇنى.

بوۋاي ئورنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپتۇ، ئاندىن:

— پادىشا بولدۇڭ، بۇ نىمە دىگەن چوڭ دولەت - ھە! ئەمدى باشقا نەرسە تاما قىلمايلى، — دەپتۇ.

— ياق، بوۋاي، مەن ھازىر بەك تىت - تىت بولۇپ كېتىۋا - تىمەن. دوقا كوز بېلىقنىڭ قېشىغا بېرىپ، مېنى پادىشا بولماي خاقان بولغۇسىكەپتۇ دىگىن، — دەپتۇ خوتۇنى ئالدىراپ.

— خوتۇن، سەن نىمە ئۇچۇن خاقان بولماقچى بولۇۋاتە - سەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئېرى.

— سەن دوقا كوز بېلىقنىڭ قېشىغا بېرىپ، مېنى خاقان بولغۇدەك دەۋەرگىن، — دەپتۇ ئۇ.

— ھەي پادىشا، دوقا كوز بېلىق كىشلەرنى خاقان قىلال - مايدۇ، مەن بۇ سوزنى ئاغزىمدىن چىقىرالمايمەن؛ بىر دولەتتە پەقەت بىرلا خاقان بولىدۇ، دوقا كوز بېلىق كىشلەرنى خاقان

قىلالمايدۇ، زادى قىلالمايدۇ، — دەپتۇ ئېرى.

— مەن دېگەن پادىشا، سەن پەقەت مېنىڭ ئېرىم، خالاس. چاققان ماڭماي نىمە تۇرىسەن؟ هازىرلا بار، بېلىق مېنى پادىشا قىلالىغان يەردە خاقانمۇ قىلالايدۇ. مەن هازىر خاقان بولىمەن، دەرهال بار، — دەپتۇ خوتۇنى.

شۇنداق قىلىپ، بېلىقچىغا دېڭىز بويىغا يەنە بېرىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ بەكمۇ قورقۇپتۇ ۋە ئىچىدە: ”بۇنداق قىلساق ياخشى بولماس، ياخشى بولماس، ئۇنىڭ ئەمدى خاقان بولىمەن دېگەنلىگى نىمە دېگەن رەسۋا ئىش، بۇ، نومۇسىنى بىلمىگەنلىك؛ دوقا كوز بېلىق چوقۇم بىزار بولىدۇ“ دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ ئويلا-ئويلا دېڭىز بويىغا كېلىپتۇ، دېڭىز سۈيى يەنىلا قاپ-قارا بولۇپ، سۇنىڭ ئاستىدىن كوپۇك قايناپ چىقىۋاتقان ئىكەن، قاتتىق بوران چىقىۋاتقانلىقتىن، دولقۇن ئوركەشلەپ دېڭىز قىرغىقىغا ئۇرۇلىدىكەن. بېلىقچىنى قورقۇنچ بېسىپتۇ. ئۇ دېڭىز بويىدا تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

كىچىك شاهزادە، شاهزادە،
دوقا كوز بېلىق، چىقىڭ بۇ يەرگە.
مېنىڭ خوتۇنۇم ئىرىسپىلنىڭ
ئوي-خىيالى باشقا يەردە.

— ئۇنىڭغا نىمە كېرەك ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دوقا كوز بېلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

—ئاھ قەدىردان بېلىق، خوتۇنۇم خاقان بولسەمەن دەيدۇ، —دەپتۇ ئۇ.

—بېرىۋېرىڭ، ئۇ خاقان بولدى، —دەپتۇ بېلىق.

بېلىقچى بوۋاي ئۆيگە قايتىپ كېلىپ قارىسا، قاردەك ئاپپاق سىڭىر تاشتىن ياسالغان ھەيكەللەر ۋە ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملار بىلەن بېزەلگەن، سۈزۈك مەرمەردىن ياسالغان ساراي تۇرغۇدەك، دەرۋازا ئالدىدا لەشكەرلەر مەشق قىلىۋاتقۇدەك، كاناي-سۇناي، داقا-دۇمباقلار چېلىنىۋاتقۇدەك. ئۆيدە چوڭ فېودال بەگلەر، تۆرىلەر، كىنەزلەر پايپاسلاپ يۈرگۇدەك، ئۇلار خۇددى چاكاردەك ئۇنىڭغا ساپ ئالتۇن دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. ئۇ كىرىپ خوتۇنىنىڭ پۇتۇنلەي ئالتۇندىن ياسالغان، ئىگىزلىگى تەخمىنەن ئىككى گەز كېلىدىغان تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. خوتۇنى بىرلىيارت ۋە قىزىل ياقۇتتىن نەقىشلەنگەن 2 چى ئىگىزلىكتىكى ئالتۇن تاج كىيىپ، بىر قولىدا تاختا، بىر قولىدا موھۇر تۇتۇپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ ئىككى يېقىدا بىر بىرىدىن پاكار ئىككى قاتار نەۋكەر تۇرغان ئىكەن، بۇ نەۋكەرلەرنىڭ ئەڭ ئىگىزى ئىككى يېرىم مېتىر، ئەڭ پاكىرى ئۇچلىك كېلىدىكەن. نۇرغۇن كىنەز ۋە بەگزادىلەر خوتۇنىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان ئىكەن. ئېرى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇپ:

—خوتۇن، ئەمدى خاقان بولدۇڭمۇ؟ —دەپ سوراپتۇ.

—شۇنداق، خاقان بولدۇم، —دەپتۇ ئۇ.

ئېرى ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىنراق بېرىپ ئۇنىڭغا بىردەم سەپ-سېلىپ قارىغاندىن كېيىن:
— ئوھو، خانلىق ساڭا تازا يارىشىپتۇ، — دەپتۇ.
— ھەي، نىمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، — دەپتۇ خوتۇنى، — مەن خاقان بولدۇم، ئەمما مېنىڭ پاپا بولغۇم بار، سەن يەنە دوقا كوز بېلىقنىڭ قېشىغا بېرىپ كەل.
— ۋاي ئاللا، خۇدايا توۋا دېگىن، شۇ گەپ ئاغزىڭدىن قانداق چىقتى؟ سەن پاپا بولالمايسەن، خىرىستىيان دۇنياسىدا پەقەت بىرلا پاپا بار، دوقا كوز بېلىق كىشلەرنى پاپا قىلالمايدۇ، — دەپتۇ ئېرى.
— ھەي، پاپا بولىمەن دىدىمۇ چوقۇم بولىمەن، يەنە كېلىپ بۇگۈنلا بولىمەن، ماڭ، ئىتتىك بار.
— ياق، بارمايمەن، مەن دوقا كوز بېلىققا بۇ سوزنى قانداقمۇ دەيمەن، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، بۇ بەك ھەددىدىن ئاشقانلىق بولىدۇ، دوقا كوز بېلىق كىشلەرنى پاپا قىلالمايدۇ.
— جېويلۇمە، ئۇ مېنى خاقان قىلالىغان يەردە پاپامۇ قىلالايدۇ. ھازىرلا ماڭ، سەنزە مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغۇدەك بولدۇڭما؟ سەن مېنىڭ ئېرىم بولغىنىڭ بىلەن، مەن دىگەن خاقان، غىدىڭ-پىدىڭنى قويۇپ چاپسان بارغىنىڭ ياخشى بولارمىكىن.
ئاخىر بارماي بولماپتۇ، لېكىن بېلىقچى قورققىنىدىن بەز-گەكتەك تىترەپ، پۇت-قولى دەرمانسىزلىنىپ، سولىشىپ

كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۇشكەندە جاھاننى بوران قاپلاپ، بۇلۇتلار تۇرۇلۇشكە باشلاپتۇ؛ دەرەخلەردىن يوپۇرماقلار تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. دېڭىز سۇيى خۇددى پاراخلاپ قايناۋاتقاندەك ئۇرلەپ، قىرغاققا ئۇرۇلۇپتۇ. ئۇ يىراقتىكى بىر قېيىقنىڭ دولقۇندا لەپپەڭشىگەنلىگىنى، قېيىقتىكىلەرنىڭ ئوق چىقىرىپ، قۇتقۇزۇۋېلىشنى مۇراجەت قىلىۋاتقانلىقىنى كورۇپتۇ. ئاسماندىكى ئازغىنا كوك رەڭنىڭ ئەتراپى قىزىرىپ، ھاۋا گۇلدۇرلەپ يامغۇر ياغمىدىغاندەك كورۇنۇپتۇ. بېلىقچى بوۋاي پەرىشان ھالدا بېرىپ، تىترەپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

كىچىك شاھزادە، شاھزادە،
دوقا كوز بېلىق، چىقىڭ بۇ يەرگە.
مېنىڭ خوتۇنۇم ئىرىسپىلىنىڭ
ئوي-پىكرى باشقا يەردە.

—ئۇنىڭغا نىمە كېرەك ئىكەن؟—دەپ سوراپتۇ دوقا كوز بېلىق.

—ئوھ......، ئۇ پاپا بولىمەن دەيدۇ،—دەپتۇ بېلىقچى.

—بېرىۋېرىڭ، ئۇ پاپا بولۇپ بولدى،—دەپتۇ دوقا كوز بېلىق.

شۇنداق قىلىپ، بېلىقچى ئويىگە قايتىپتۇ، ئۇ ئويىگە كېلىپ قارىسا، ئەتراپلىرى سارايلىق ئېگىز چېركاۋ تۇرغۇدەك. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن قىسىلىپ ئوتۇپتۇ. سانسىز چىراقلار چېركاۋنىڭ ئىچىنى يوپ-يورۇق قىلىۋەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ئالـ

تۈن تونغا پۈركىنىپ بۈرۈنقىدىنمۇ ئىگىز تەختتە ئولتۇرغان ئىكەن. بېشىغا ئۈچ چوڭ ئالتۇن تاج كىيگەن خوتۇنىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن باش روھانىلار تۇرغان ئىكەن. ئىككى تەرەپكە ئىككى قاتار شام يېقىلغان بولۇپ، بۇ شاملار ئىچىدىكى ئەڭ ئۇزۇنى ئەڭ چوڭ مۇناردەك ئىگىز ۋە توم ئىكەن، شاملار بىردىن بىرى كىچىك بولۇپ، ئەڭ كىچىكى ئاشخانىلاردا يېقىلىدىغان شامچىلىك بار ئىكەن. ھەممە پادىشا ۋە خاقانلار ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇنىڭ ئايىغىنى سويگىلى تۇرۇپتۇ.

ئېرى ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— خوتۇن، ئەمدى پاپا بولدۇڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، مەن پاپا بولدۇم.

ئېرى خۇددى كوكتىكى قۇياشقا قارىغاندەك زەڭ قويۇپ قاراپتۇ ۋە:

— ئوھو...... قالتىس يارىشىپتۇ ساڭا! — دەپتۇ.

لېكىن ئۇنىڭ خوتۇنى بۇتتەك قىمىر قىلماي، گىدىيىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

— خوتۇن، ئەمدى پاپامۇ بولدۇڭ، بەس ئەمدى، مۇشۇنىڭغا شۈكرى قىل، — دەپتۇ ئېرى.

— ئويلاپ كورىمەن-دە، — دەپتۇ خوتۇنى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇخلىماقچى بولۇپ كارۋاتقا چىقىپتۇ، ئەمما بۇ خوتۇن يەنىلا شۈكرى قىلماپتۇ، ئۇنىڭ نەپسى ئۇنى ئۇخلاتقىلى قويماپتۇ، كېچىچە يەنە نىمە قىلسام بولار دىگەن

نەرسىنى ئويلاپ چىقىپتۇ.

كۆندۈزى كوپ يول مېڭىپ ھارغان بېلىقچى ئاھايىتى راھەتلىنىپ ئۇخلاپتۇ؛ ئەمما ئۇنىڭ خوتۇنى تۈن بويى ئۇ يان ئورۇلۇپ-بۇ يان ئورۇلۇپ زادى ئۇخلىيالماپتۇ، ئەمدى نىمە كېرەك دىسەم بولاركىن دەپ ئويلاپتۇ، شۇنچە ئويلاپمۇ بىر يەرگە كېلەلمەپتۇ. كۈن چىققاندا، ئۇ تاڭ شەپىغىنى كورۇپ، كارۋىتىدا ئولتۇرۇپتۇ ۋە دەرىزىدىن قۇياشنىڭ كوتىرىلىپ چىقىۋاتقانلىغىنى كورۇپ: "مەن قۇياشنى ۋە ئاينى چىقىرىشقا قادىر بولالمايمەنمۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ جەينىكى بىلەن ئېرىنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ:

— ھوي دادىسى، تۇر ئورنۇڭدىن، دوقا كوز بېلىقنىڭ قېشىغا بارغىن، مەن ئاشۇ قەدىردان خۇداغا ئوخشاش بولىمەن، — دەپتۇ.

ئېرى چالا ئۇيقۇلۇقتا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلا-ئاڭلمايلا، چوچۇپ كېتىپ يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ. ئۇ خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ نىمە دەپ، كوزىنى ئۇۋىلاپ تۇرۇپ:

— خېنىم نىمە دەۋاتىسەن؟ — دەپتۇ.

— ھەي......، ئەگەر مەن قۇياش بىلەن ئاينى چىقىرىشقا قادىر بولالماي، پەقەت ئۇلارنىڭ چىققىنىلا كورسەم، قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمەن، مەن ئوزەم ئۇلارنى چىقىرىشقا قادىر بولمىسام، بىر سائەتمۇ ئارام تاپالمايمەن، — دەپتۇ خوتۇنى ۋە سوزلەۋېتىپ ئەلپازىنى بۇزۇپ ئېرىغا ھومىيىپتۇ، ئېرى قورقى-

ىندىن تىترەپ ئورنىدا تۇرالماي قاپتۇ. ئۇ ئېرىغا:
— دەرھال بېرىپ مېنى خۇداغا ئوخشاش بولغۇسى بار ئىكەن دىگىن، — دەپتۇ.
ئېرى ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:
— جېنىم خوتۇن، بۇ ئىش دوقا كوز بېلىقىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئۇ ئىنساننى پادىشا ۋە پاپالا قىلالايدۇ؛ مەن سېنىڭ بۇنىڭغا شۈكرى قىلىشىڭنى سورايمەن، پاپا بولغىنىڭ يېتەر، — دەپتۇ.
قاتتىق خاپا بولغان خوتۇنىنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپتۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىرتىپ، ئېرىنى بىر تېپىپتۇ ـ دە:
— چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، چىدىغۇچىلىكىم زادى قالمىدى، سەن نىمىشقا بارماي قاراپ تۇرىسەن؟ — دەپ چالۋاقاپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، بېلىقچى بوۋاي ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيىنە ـ ۋېلىپ، خۇدىنى يوقاتقان كىشىدەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.
تالادا گۈكىرەپ چىقىۋاتقان بوراندا بوۋاي يىقىلىپ چۈشۈشكە تاسلا قاپتۇ؛ بوران ئوي ـ ئىمارەت، دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، تاغلار لەرزىگە كەپتۇ، قىيا تاشلار دېڭىزغا دومىلاشقا باشلاپتۇ؛ قاپ ـ قاراڭغۇ ئاسماندا گۈلدۈرماما گۈلدۈر ـ لەپ، ۋال ـ ۋۇل قىلىپ چاقماق چېقىلىپتۇ، دېڭىزدا چېركاۋنىڭ مۇنارىسىدەك، ئېگىز تاغلاردەك دەھشەتلىك دولقۇنلار كوتىرىـ لىپتۇ. بېلىقچى توۋلاپتۇ، ئۆزىنىڭ نېمە دەپ توۋلاۋاتقانـ لىغىنىمۇ بىلمەپتۇ:

كىچىك شاھزادە، شاھزادە،
دوقا كوز بېلىق، چىقىڭ بۇ يەرگە.
مېنىڭ خوتۇنۇم ئىردىسپىلنىڭ
ئوي-خىيالى باشقا يەردە.

— ئۇنىڭغا نېمە كېرەك ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ دوقا كوز بېلىق.

— توۋا دېدىم، ئۇنىڭ خۇدايىمنائالا بىلەن ئوخشاش بولغۇسى كەپتۇ، — دەپتۇ بېلىقچى.

— بېرىۋېرىڭ، ئۇ ئوزىنىڭ ئاۋالقى ئەسكى قېپىغىدا ئولتۇرۇپتۇ، — دەپتۇ دوقا كوز بېلىق.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تا بۇگۈنگىچە ئاشۇ ئەسكى قېپىقتا ياشاپ كېلىۋاتقانمىش.

# كـۆل قــز

## [گېرمانىيە] ئاكا ـ ئۇكا گرىملار

بۆرۈن بىر باي ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئايىلى ئاغرىپ قېلىپ ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئوزىنىڭ ئۆزۈن ئومۆر كورەلمەيدىـ غانلىغىغا كوزى يەتكەن بۇ ئايال يالغۇز قىزىنى قېشىغا چاقىرتىپ كېلىپ:

ـــ جېنىم قىزىم، ھەرقانــداق ئىشتا ئاقــكوڭۇل بولــغىن، ـــ دەپتۇ ـ دە، سوزىنى تۈگىتىپ، ئالەمدىن ئوتۈپتۇ. قــز ھەركۈنى ئانىسىنىڭ قەۋرىــسىگە بېرىــپ يىــغا ـ زارە قىلىدىــكەن. قــش كىرىپتۇ، قار بىر پارچە ئاق كىگىزدەك قەۋرىنى يېپىپتۇ. باھار كېلىپ، قۇياش نۇرى ئاق كىگىزنى ئېلىــپ تاشلىــغان چاغــدا، باي يەنە بىر خوتۇنغا ئويلىنىپتۇ.

ئۇ خوتۇن ئىككى قىزىنى ئەرىنىڭ ئويىگە ئېلىپ كەپــتۇ. بۇ ئىككى قىز ساھىپجامال قىزلار بولسىمۇ، ئىچى زەھەر قىزلاردىن ئىكەن. دادىسى بۇ خوتۇنغا ئويلەنگەندىن كېيىن ئوزىنىڭ بىچارە قىزىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ. ھىلىقى قىزلار:

ـــ بۇ دوتىنىڭ بىز بىلەن مېھمانخانىدا ئولتۇرغۇچىلىگى بار ـ

مىكەن؟ ھەر كىم ئۆز كۆڭنى ئۆزى ئالسۇن. ھەي دوت، كۆزد-مىزدىن يوقال، چىق ئاشخانىغا، — دەپ، ئۇنىڭ چىرايلىق كىيىملىرىنىمۇ سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئەسكى كۆل رەڭ چاپان ۋە بىر جۈپ ياغاچ كەش كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ. ئۇلار يەنە:

— قاراڭلار بۇ ھاكاۋۇر مەلىكىگە، نىمە دىگەن چىرايلىق ياسىنىۋالغان-ھە! — دەپ زاڭلىق قىلىپ، ئاشخانىغا ھەيدىۋېتىپتۇ. ئۇ قىز ئاشخانىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېغىر ئىشلارنى قىلىدىكەن، تاڭ يورۇمايلا سۇ توشۇيدىكەن، ئوت يېقىپ، تاماق ئېتىدىكەن، كىر-قات يۇيىدىكەن. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ ئۆگەي ئاچا-سىڭىللىرى ئۇنى خالىغانچە ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىكەن. ئۇلار يېسمۇق بىلەن نوقۇتنى كۈلگە تۆكۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا تەرگۈزۈپ تاماشا كۆرىدىكەن، ئۇ كۈن بويى ئىشلەپ ھارغان بولسىمۇ، ئاخشىمى ياتىدىغان كارىۋىتىمۇ بولمىغانلىقتىن، ئوچاق ئالدىدىكى كۈلگىلا مىلىنىپ يېتىپ ئۇخلايدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇستىۋاشلىرى دائىم كۈل، مەينەت تۇرىدىكەن، شۇڭا ئۇلار ئۇنى ”كۈل قىز“ دەپ چاقىرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتىسى بازارغا بارماقچى بوپتۇ. ئۇ ئىككى ئۆگەي قىزىدىن:

— سىلەرگە بازاردىن نىمە ئالغاچ كېلەي، — دەپ سوراپتۇ.

بىرسى:

— ماڭا چىرايلىق كىيىم-كېچەك ئالغاچ كېلىڭ، — دەپتۇ.

— ماڭا ئۈنچە-مارجان، مەرۋايىتلاردىن ئالغاچ كېلىڭ، —

www.uyghurkitap.com

دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— سىزگىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاتىسى كۆل قىزدىن.

— دادا، — دەپتۇ كۆل قىز، — ئۆيگە قايتىشىڭىزدا، ئەگ ئاۋال بېشىڭىزغا تېگىپ كەتكەن دەرەخ شېخىنى ئۈشتۈپ ئالغاچ كېلىڭ.

ئاتىسى ئىككى ئۆگەي قىزىغا بازاردىن چىرايلىق كىيىم-كېچەك، ئۈنچە-مارجان، مەرۋايىتلارنى ئالغاچ كەپتۇ. ئۇ ئاتلىق قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر يېشىل دەرەخلىققە كەلگەندە، ئورمان ياغىنىڭ بىرتال شېخى باش كىيىمىگە ئىلىنىپ قاپتۇ-دە، چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ شۇ شاخنى ئۈشتۈۋېلىپ ئۆيىگە ئالغاچ كەپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككى ئۆگەي قىزىغا ئالغاچ كەلگەن نەرسىلىرىنى بېرىپتۇ. ھېلىقى شاخنى كۆل قىزغا بېرىپتۇ. كۆل قىز ئاتىسىغا رەھمەت ئېيتىپ، بۇ شاخنى ئاپىرىپ ئانىسىنىڭ قەۋرىسىگە سانچىپ قويۇپ، قەۋرىگە ئۆزىنى ئېتىپ ھوگرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ كوزىدىن ئاققان ياشلار بۇ شاخنى سۇغۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ شاخ يوغىناپ، كوركەم دەرەخ بولۇپ ئۆسۈپتۇ. كۆل قىز ھەر كۈنى دەرەخ تۈۋىگە ئۈچ قېتىم بېرىپ، زار-زار يىغلاپ، تائەت-ئىبادەت قىلىپ تۇرۇپتۇ، قىز ھەر قېتىم تۇپىراق بېشىغا كەلگەندە ئاق قۇش كېلىپ دەرەخقە قونىدىغان بوپتۇ. قىز ئۆزىنىڭ ئارزۇ-تىلىگىنى قۇشقا ئېيتسا، قۇش ئۇنىڭ ئارزۇ-تىلىگىنى بىجا كەلتۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشا ئوغلىغا قىز تاللاش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى



ئۈچ كۈن كاتتا زىياپەت بەرمەكچى بولۇپ، ئۇز دولىتىدىكى بارلىق چىرايلىق قىزلارنى زىياپەتكە چىللاپتۇ، ھەلىقى ئاچا-سىڭىل ئىككىلەننىمۇ چىللاپتۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ناھايىتى خوشال بولۇشۇپ، كۈل قىزنى ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ:

— چاققان بول، چېچىمىزنى تارا، ئايىغىمىزنى مايلا، تۈگمىلىرىمىزنى قادا، بىز شاھ ئوردىسىغا زىياپەتكە بارىدىغان بولدۇق، — دەپتۇ. كۈل قىز ئۇلارنىڭ دېگىنىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ. ئەمما ئۇنىڭمۇ زىياپەتكە بارغۇسى كېلىپ، كۆڭلى يېرىم بوپتۇ، ئۇ كوزىگە ياش ئېلىپ ئوگەي ئانىسىغا يالۋۇرۇپتۇ.

ئوگەي ئانىسى:

— كۆل قىز، سېنىڭ ئۈستىۈڭدىكى غىچ كۆل، مەيىنەت تۇرسا، زىياپەتكە قانداقمۇ بارسەن؟ سېنىڭ تۈزۈكرەك كىيىم-كېچىكىڭ ياكى ئايىغىڭ بولمىسا، قانداقمۇ ئۇسۇل ئوينىيالايسەن؟ — دەپتۇ.

لېكىن كۆل قىز، مەنمۇ بارىمەن، دەپ يېلىنىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئوگەي ئانىسى ئامالسىزلىقتىن:

— مەن ھازىر بىر چىنە پۇرچاقنى كۆلگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىمەن، ئىككى سائەت ئىچىدە ھەممىسىنى كۆلدىن تېرىپ بولساڭ، بارغۇزىمەن، — دەپتۇ.

كۆل قىز كەينى ئىشىكتىن باغچىغا كىرىپ: "كەپتەرلىرىم، پاختەكلىرىم، ئاسماندىكى جىمى جان-جانىۋارلىرىم، ھەممىڭلار كېلىپ ماڭا ياردەم قىلىڭلار، پۇرچاقنى تېرىشىپ بېرىڭلار:

ياخشىسى چىنىگە چۈشسۇن،
ئەسكىسى قوسىغىڭلارغا" دەپتۇ.

شۇ ئان ئىككى كەپتەر ئاشخانىنىڭ دەرىزىسىدىن ئۇچۇپ كىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پاختەك كىرىپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاسماندىكى قۇشلارنىڭ ھەممىسى ۋىچىرلىشىپ، توپ-توپ بولۇشۇپ ئۇچۇپ كىرىپ، كۆلنى چۆرىدەپ قونۇپتۇ. كەپتەر ئېگىشىپ تۇمشۇغى بىلەن دانلارنى بىر-بىرلەپ چوقۇلاپ

تېرىشكە باشلاپتۇ، قالغان قۇشلارمۇ چوقۇلاشقا باشلاپتۇ. شۇنداق
قىلىپ پۇرچاقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر سائەتتىن سەل ئوشۇقراق
ۋاقىت ئىچىدىلا تېرىپ بولۇپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. كۆل
قىز زىياپەتكە ئەمدى بىللە بارىدىغان بولدۇم دەپ ناھايىتى
خوشال بولغان ھالدا چىنىنى كوتىرىپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ قېشىغا
كىرىپتۇ. لېكىن ئۆگەي ئانىسى:
— بارساڭ بولمايدۇ، كۆل قىز، سېنىڭ تۈزۈك كىيىم-
كېچىكىڭ يوق تۇرسا، تانسا ئوينىيالمايسەن، كۆلكىگە قالـ-
سەن، — دەپتۇ.
كۆل قىز يەنە يىغلاپتۇ. ئۆگەي ئانىسى:
— ئەگەر سەن بىر سائەت ئىچىدە ئىككى چىنە پۇرچاقنى
كۆل ئارىسىدىن پاك-پاكىز تېرىپ بولالىساڭ، بىللە بارغۇزـ-
مەن، — دەپتۇ. ئۆگەي ئانا كوڭلىدە: "ئەمدى تېرىپ بولالىغىـ-
نىڭنى كورەي" دەپ ئىككى چىنە پۇرچاقنى كۆلگە ئارىلاشتۇرۇ-
ۋېتىپتۇ. قىز كەينى ئىشىكتىن باغچىغا چىقىپ: "كەپتەرلىرىم،
پاختەكلىرىم، ئاسماندىكى جىمى جان-جانىۋارلىرىم، ھەممىڭلار
كېلىپ ماڭا ياردەم قىلىڭلار، پۇرچاقنى تېرىشىپ بېرىڭلار:

ياخشىسى چىنىگە چۈشسۇن،
ئەسكىسى قوسىقىڭلارغا" دەپتۇ.

شۇئان ئىككى كەپتەر ئاشخانىنىڭ دەرىزىسىدىن ئۇچۇپ

كىرىپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن پاختەك كىرىپتۇ؛ ئاخىردا ئاسماندىكى قۇشلارنىڭ ھەممىسى ۋىچىرلىشىپ، توپ-توپ بولۇشۇپ ئۇچۇپ كىرىپ، كۆلنى چۆرىدەپ قونۇپتۇ. كەپتەر ئىگىشىپ تۇمشۇغى بىلەن دانلارنى بىر-بىرلەپ چوقۇلاپ تېرىشكە باشلاپتۇ، قالغان قۇشلارمۇ چوقۇلاشقا باشلاپتۇ، شۇنداق قىلىپ يېرىم سائەت ئۆتمەيلا، پۇرچاقنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ بولۇپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. قىز ئەمدى زىياپەتكە بىللە بارىدىغان بولدۇم دەپ ناھايىتى خوشال ھالدا چىنىنى كوتىرىپ ئۇگەي ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. ئەمما ئۇگەي ئانىسى:

—ئاۋارە بولمايلا قوي، بەرىبىر بىز بىلەن بىللە بارالمايسەن. بۇنداق جۇل-جۇل قاسماق كىيىملەر بىلەن قانداق تانسا ئويناياتتىڭ؟ بۇ تۇرقۇڭ بىلەن بارساڭ، بىزگە نومۇس ئەمەسمۇ، — دەپتۇ. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، ئالدى-كەينىگە قارىماي، ئىككى ھاكاۋۇر قىزىنى ئېلىپ شاپاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۆيدە باشقا ھېچكىم قالماپتۇ، كۆل قىز ئانىسىنىڭ قەۋرىسىدىكى ئورمان ياڭىغىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ئورمان ياڭىغى دەرىخىم،
ئىرغىپ-لىڭشىپ قويغىنچۇ.
زەر-كۈمۈشتىن تىكىلگەن
كىيىم تاشلاپ بەرگىنچۇ.

دىگەندەكلا، قۇش ئۇنىڭغا زەر-كۈمۈشتىن تىكىلگەن بىر قۇر كىيىم ۋە بىر جۈپ مەشۇت بىلەن كۈمۈش يىپتىن توقۇلغان ئاياق تاشلاپ بېرىپتۇ. كۆل قىز ئۇنى دەرھال كىيىپ زىياپەتكە يول ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى ۋە ئۆگەي ئانىسى ئۇنى تونۇماي، چەتئەللىك مەلىكە بولسا كېرەك دېيىشىپتۇ، چۈنكى ئۇ زەر كىيىمنى كىيىۋالغاندىن كېيىن، بەكمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتىكەن. ئۇلار ئۇنىڭ كۆل قىز ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، ئۇنى ئۆيدە، ئوچاق ئالدىدىكى كۆل-توپىلار ئارىسىدا كۆلدىن پۇرچاق تېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىكەن. شاھزادە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تانسىغا چۈشۈپتۇ. شاھزادىنىڭ باشقا قىزلار بىلەن زادى ئويۇنغۇسى كەلمەپتۇ، ئۇ كۆل قىزنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەپتۇ. باشقىلار كۆل قىزنى تانسىغا تارتسا، شاھزادە:

—بۇ مېنىڭ ئوينايدىغان جورەم—دەيدىكەن.

كۆل قىز كەچكىچە ئويناپ، ئاخشىمى ئۆيگە قايتماقچى بوپتۇ. شاھزادە:

—مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي،—دەپتۇ.

ئەسلىدە شاھزادە بۇ گۈزەل قىزنىڭ قايسى ئائىلىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بوپتىكەن. ئەمما كۆل قىز شاھزادىنىڭ قېشىدىن قېچىپ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى كەپتەرخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ. شاھزادە شۇ يەردە ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. كۆل قىزنىڭ ئاتىسى قايتىپ كەلگەندە شاھزادە:

— ئىسمى نامەلۇم بىر قىز كەپتەرخانىغا كىرىپ كەتتى، — دەپتۇ.

ئاتىسى ئىچىدە: ”بۇ كۆل قىز بولۇپ قالمىغىيتتى؟“ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ كەپتەرخانىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپتۇ، ئەمما ئىچىدە ھېچكىم يوق ئىكەن. ئاتىسى ۋە ئوگەي ئانىسى ھەم ئوگەي ئاچا-سىڭىللىرى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، كۆل قىز مەينەت كىيىملىرى بىلەن كۆل ئۈستىدە ياتقۇدەك، مورا بېشىغا قويۇلغان قارا چىراق پىل-پىل قىلىپ تۇرغۇدەك. ئەسلىدە، كۆل قىز كەپتەرخانىنىڭ كەينى بىلەن قېچىپ ئورمان ياغىچىنىڭ قېشىغا بېرىۋالغان ئىكەن. ئۇ چىرايلىق كىيىملىرىنى سېلىپ، قەۋرىگە قويغاندا، قۇش كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە كۆل رەڭ چاپىنىنى كىيىۋېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ-دە، ئاشخانىدىكى كۆل ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى زىياپەت يەنە باشلىنىپتۇ. دادىسى، ئوگەي ئانا ۋە ئاچا-سىڭىللىرى كەتكەندىن كېيىن، كۆل قىز ئورمان ياغىچىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ئورمان ياغىچى دەرىخىم،
ئىرغىپ-لىڭشىپ قويغىنچۇ.
زەر-كۈمۈشتىن تىكىلگەن
كىيىم تاشلاپ بەرگىنچۇ.

www.uyghurkitap.com

قۇش تۈنۈگۈنكىدىنمۇ ئېسىل بىر قۇر كىيىم تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ بۇ كىيىمنى كىيىپ تانسىغا چۈشكەندە، ھەممەيلەن ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ھەيران بوپتۇ. شاھزادە ئۇنى توت كوزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، قىز كەلگەن ھامان ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، بىللە تانسىغا چۈشۈپتۇ. شاھزادە باشقا قىزلار بىلەن ئوينىماي كۆل قىز بىلەنلا ئويناپتۇ. باشقا يىگىتلەر كۆل قىزنى تانسىغا تارتسا، شاھزادە:

—بۇ مېنىڭ ئوينايدىغان جورەم، —دەپتۇ.

كەچقۇرۇن قىز قايتقان چاغدا، شاھزادە يەنە ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ قايسى ئائىلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپتۇ. ئەمما قىز ئۇنىڭ قېشىدىن قېچىپ ئۆينىڭ كەينىدىكى باغچىغا كىرىپ كېتىپتۇ-دە، باغچىدىكى مېۋىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ئامۇت دەرىخىغە خۇددى تىيىندەك ئەپچىللىكىنە چىقىۋاپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە قىزنىڭ ئاتىسى قايتىپ كەلگەندە، ئاتىسىغا:

—ھېلىقى ئىسمى نامەلۇم قىز يەنە قېچىپ كەتتى، ئۇ ئامۇت دەرىخىغە چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، —دەپتۇ.

ئاتىسى: ”كۆل قىز بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟“ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ شوتا ئەكېلىپ، دەرەخقە چىقىپتۇ، ئەمما دەرەختە ئىنسى-جىنمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئاتىسى، ئۆگەي ئانىسى ۋە ئۆگەي ئاچا-سىڭىللىرى ئاشخانىغا كىرىپ قارىسا، كۆل قىز بۇرۇنقىدەكلا ئاشخانىدىكى كۆل ئۈستىدە ياتقۇدەك. ئەسلىدە ئۇ دەرەخنىڭ

يەنە بىر تەرىپىدىن چۈشۈپ، چىرايلىق كىيىملىرىنى ئورمان ياقىسىدىكى قۇشقا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ كۆل رەڭ چاپىنىنى كىيىۋالغان ئىكەن.

ئۈچىنچى كۈنى، ئاتىسى، ئوگەي ئانىسى ۋە ئوگەي ئاچا-سىڭىللىرى كەتكەندىن كېيىن، كۆل قىز يەنە ئانىسىنىڭ قەۋرىسىدىكى ئورمان ياقىسى دەرىخىغە بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ئورمان ياقىسى دەرىخىم،
ئىرغىپ-لىڭشىپ قويغىنچۇ.
زەر-كۈمۈشتىن تىكىلگەن
كىيىم تاشلاپ بەرگىنچۇ.

شۇنداق قىلىپ، قۇش ئۇنىڭغا ئالدىنقى قېتىمقىلاردىكىدىنمۇ ئېسىل، ۋال-ۋۇل قىلىپ تۇرىدىغان بىر قۇر كىيىم ۋە بىر جۈپ ئالتۇن كەش تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ بۇ كىيىملەرنى كىيىپ بەزمىگە كىرىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى كورۇپ بەك ھەيران بولۇشۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ بىلەنلا تانسا ئويناپتۇ. ئۇنى بىرەرسى تانسىغا تارتسا، شاھزادە:

— بۇ قىز بىلەن مەنلا ئوينايمەن، — دەيدىكەن.

كەچ كىرگەندە، كۆل قىز ئويگە قايتماقچى بولغاندا، شاھزادە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ بىللە مېڭىپتۇ. قىز يەنىلا ئۇنىڭ

قېشىدىن قېچىپ كېتىپتۇ، شاھزادە ئۇنىڭغا يېتىشەلمەپتۇ. ئەمما بۇ قېتىم شاھزادە پەلەمپەيلەرگە قاراماي سۈرتكۈزۈپ قويغان ئىكەن. قىز پەلەمپەيدىن چۈشكەندە سول پۇتىدىكى كەشنى قارامايغا چاپلىشىپ قاپتۇ. شاھزادە كەشنى ئېلىپ قارىسا، بۇ ناھايىتى سىپتا، نەپىس ئالتۇن كەش ئىكەن. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە شاھزادە كەشنى ئېلىپ كۆل قىزنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— بۇ كەش قايسى قىزىڭىزنىڭ پۇتىغا دەل كەلسە، شۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ سۆز ئۆگەي ئانىنىڭ ئىككى قىزىغا مايدەك يېقىپتۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇتلىرى چىرايلىق ئىكەن. ئالدى بىلەن ئاچىسى كەشنى ئېلىپ كىيىپ باققىلى كىرىپ كېتىپتۇ، ئانىسى ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرى يوغان، كەش كىچىك بولغانلىقتىن پۇتىغا پاتماپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا پىچاقنى سۇنۇپ:

— پۇتۇڭنىڭ بارماقلىرىنى يونۇۋەتكىن، خانىش بولساڭ، پىيادە يول مېڭىپ يۈرمەيسەن، — دەپتۇ.

قىز پۇتىنى يونۇۋېتىپ كەشنى كىيىپتۇ، كەش مىڭ تەسلىكتە پېتىپتۇ، قىز پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. شاھزادە ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلماقچى بولۇپ، ئاتقا مىنگۈزۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ يولى كۆل قىزنىڭ ئانىسىنىڭ قەۋرىسى ئالدىدىن ئۆتىدىكەن. ئۇلار تۇيراق بېشىدىن

ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا، ئورمان ياغىچىدىكى ئىككى كەپتەر مۇنداق دەپ گۇگۇلاپتۇ:

گۇ-گۇ، گۇ-گۇ، گۇ-گۇ-گۇ،
ئالتۇن كەش قان تۇرىدۇ.
كىچىك كەپتۇ قىزغا كەش،
جورىڭىز ئويىدىغۇ.

شاھزادە قارىسا، دىگەندەكلا ئۇنىڭ پۇتىدىن قان چىقىۋاتى-قۇدەك. ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ، مەن ئالىدىغان قىز بۇ ئەمەسكەن دەپ، قىزنى ئويىگە ئاپىرىپ قويۇپ، كەشنى ئۇنىڭ سىڭلىسىغا كىيگۈزۈپ باقماقچى بوپتۇ. سىڭلىسى كەشنى كىيىپ باققلى ئويگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بارماقلىرى كەشكە پېتىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تاپىنى يوغان بولغانلىقتىن، پۇتى كەشكە چۇشمەپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا پىچاقنى سۇنۇپ:
— تاپىنىڭنى بىر ئاز يونۇۋەت، خانىش بولساڭ، پىيادە مېڭىپ يۇرمەيسەن، — دەپتۇ.
قىز تاپىنىنى يونۇۋېتىپ، كەشنى تەستە كىيىۋاپتۇ-دە، پۇتىنىڭ ئاغرىغىنىغا قارىماي، شاھزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.
شاھزادە بۇ قىزنى ئاتقا مىنگۈزۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئورمان ياغىچىنىڭ ئالدىدىن ئوتكەندە، ئىككى كەپتەر دەرەختە

يەنە مۇنداق دەپ گۇگۇلاپتۇ:

گۇ-گۇ، گۇ-گۇ، گۇ-گۇ-گۇ،
ئالتۇن كەش قان بولۇپتۇ.
بۇ كەش قىزغا پاتماپتۇ،
جورىڭىز ئۆيىدىغۇ.

شاهزادە ئىگىشىپ قىزنىڭ پۇتىغا قارىسا، پۇتىدىن ئاققان قان ئاق پايپىقىنى قىپ-قىزىل قىلىۋەتكەن ئىكەن. شاهزادە ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ، بۇ قىزنىمۇ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ ۋە:

—بۇمۇ مەن ئىزلىگەن قىز ئەمەسكەن، سىلەرنىڭ باشقا قىزىڭلار يوقمۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

—يوق،—دەپتۇ كۆل قىزنىڭ دادىسى،—بۇرۇنقى خوتۇنۇمدىن ۋىجىككىنە بىر قىزىم بار، ئۇ سىزگە باپ كەلمەيدۇ.

شاهزادە ئۇنى چاقىرىپ چىقىڭلار دېگەن ئىكەن. ئۆگەي ئانا:

—ۋاي جېنىمەي، بولمايدۇ، بولمايدۇ، ئۇ بەكمۇ مەينەت، ئۇنى باشقا ئادەمنىڭ ئالدىغا ئەپچىققىلى بولمايدۇ،—دەپتۇ.

ئەمما شاهزادە ئۇنى بىر كورمىسەم بولمايدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئۆگەي ئانا ئامالسىزلىقتىن كۆل قىزنى چاقىرىپ بېرىپتۇ. كۆل قىز پۇت-قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ، شاهزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تازىم قىپتۇ. شاهزادە كەشنى ئۇنىڭغا سۇنۇپتۇ، ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قوپال ياغاچ كەشنى سېلىۋېتىپ،

ئالتۇن كەشنى كىيىپتۇ. كەش ئۇنىڭ پۇتىغا قۇيۇپ قويغاندەكلا كەپتۇ. قىز ئورنىدىن تۇرغاندا، شاھزادە ئۇنىڭ چىرايىغا زەڭ سېلىپ قاراپ، ئۆزى بىلەن تانسا ئوينىغان گۈزەل قىزنىڭ مۇشۇ قىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ:

— مەن ئىزلىگەن قىز دەل مۇشۇ! — دەپتۇ.

ئوگەي ئانا، ئوگەي ئاچا-سىڭىللار بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ، تاتىرىپ كېتىپتۇ. شاھزادە كۆل قىزنى ئاتقا مىنگۈزۈپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئورمان ياقىغى دەرەخنىڭ قېشىغا كەلگەندە،



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئىككى ئاق كەپتەر مۇنداق دەپ گۇگۇلاپتۇ:

گۇ-گۇ، گۇ-گۇ، گۇ-گۇ-گۇ،
ئالتۇن كەش قان بولماپتۇ.
بۇ كەش قىزغا باپ كەپتۇ،
چىن جورىڭىز تېپىلىپتۇ.

ئىككى كەپتەر گۇگۇلاپ بولۇپ پەسكە چۈشۈپتۇ ۋە بىرى قىزنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە، بىرى سول مۈرىسىگە قونۇپتۇ، قىزنىڭ تويى بولغان چاغدىمۇ شۇ قونغان پېتىچە تۇرۇۋېرىپتۇ.

# ”ئۇزۇن بۇرۇن“ پاپا

## [گېرمانىيە] خاۋف*

ھور-پەرىلەر ۋە سېھرىگەرلەر باغدات پادىشاسى ھاررۇن ئەمىر راشىد زامانىدىلا بولغان دەپ قاراش، بىز شەھەرلەردىكى بازارلاردا مەددالاردىن ئاڭلىغان جىن-ئالۋاستىلار ۋە شاھزادە توغرىسىدىكى ھىكايىلەر توقۇپ چىقىرىلغان دەپ قاراش راسا يېڭىلىشقانلىق بولىدۇ. ھور-پەرىلەر ھازىرمۇ بار، مەن يېقىندىلا ئۆز كوزۈم بىلەن كورگەن بىر ۋەقەنىڭ جىن-ئالۋاستى بىلەن چىتىشلىق ئىكەنلىگى ئېنىق. تۆۋەندە شۇ ۋەقەنى سىلەرگە سوزلەپ بېرەي.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، سويۇملۇك ۋەتىنىم — گېرمانىيىنىڭ بىر مەشھۇر شەھىرىدە بىر موزدوز ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ خوتۇنى

---

* خاۋف (1802 — 1827) نېمىس يازغۇچىسى. ئۇ ھىكايە-چوچەك يېزىشقا ئۇستا، گەرچە ئۇ 25 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىرمۇنچە ھىكايىلەرنى يازغان، بۇلار 8 كىتاپ بولغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ 24 — 25 ياش چېغىدا يەنى 2 يىل ئىچىدە ئېلان قىلغان.

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئاددى-ساددا، تىنچ-خاتىرجەم كۈن كەچۈرىدىكەن. مۇزدوز كۈندۈزى كوچىنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ ئاياق كىيىم يامايدىكەن، يېڭىسىنى تىكتۈرىدىغان خېرىدار چىقىپ قالسا، يېڭى ئاياقمۇ تىكىدىكەن؛ ئۇ بەك كەمبەغەل بولۇپ، تېرە ئالغۇدەك دەسمايىسى بولمىغاچقا، بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا ئاۋال تېرە سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. خوتۇنى ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك باغدىكى ئۈتياش ۋە مېۋە-چېۋىلىرىنى ساتىدىكەن. ئۇ ئائىلىنىڭ ئۆزى پاكىز-رەتلىك، ئۈتياشلىرى كىشىنى ئۆزىگە تارتقۇدەك بولغاچقا، ھەممەيلەن ئۇنىڭ نەرسىسىنى سېتىۋېلىشنى ياقتۇرىدىكەن.

ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ قاش-قاپىقى جايىدا، تەققى-تۇرقى كېلىشكەن چىرايلىققىنا بىر ئوغلى بار ئىكەن، بۇ بالا ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، خېلى بويى تارتىپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئادەتتە كوكتات بازىرىدا ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىكەن، ئائىلىلار ياكى ئاشپەز ئۇستاملار ئانىسىدىن جىقراق نەرسە سېتىۋېلىپ، نەرسىلەرنى كوتىرەلمەي قالسا، ئۇ نەرسىلەرنى كوتىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىشىپ بېرىدىكەن. ئۇ ھەر نۆۋەت مۇشۇنداق ئىشقا بېرىپ قايتىپ كەلگەندە، كوپىنچە، بىر تال چىرايلىق گۈل، بىر يارماق ياكى بىرەر پارچە پېچىنە ئالغاچ كېلىدىكەن، چۈنكى بۇ ئاشپەزلەرنىڭ خوجايىنلىرى بۇ چىرايلىق بالىنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىدىن ناھايىتى خوشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەر قېتىمدا ئۇ-بۇ نەرسىلەرنى

بېرىدىكەن.

بىر كۈنى موزدوزنىڭ خوتۇنى ئادەتتىكىدەك بەسەي، ھەر خىل كاپۇستا ۋە باشقا كوكتاتلار، سەي ئۇرۇقلىرى سېلىنغان سېۋەتلەرنى ئالدىغا قويۇپ بازاردا ئولتۇرۇپتۇ، بىر كىچىك سېۋەتتە يېڭى ئۈزگەن ئامۇت، ئالما ۋە ئۇرۇكلەرمۇ بار ئىكەن. ياگو — ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمى — ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

— قېنى كېلىڭلار، ئەپەندىملەر، خانىملار! قاراپ بېقىڭلار بۇ بەسەي، كاپۇستىلارغا، ئەجەپمۇ ئوخشاپ كېتىپتىكەنغۇ! تەمى تىلنى يارىدۇ! يېڭى ئامۇت، يېڭى ئالما ۋە تاتلىق ئۇرۇك، كىم ئالىدۇ؟ يېمىگەن ئارماندا، يېگەن دەرماندا، قېنى كېلىڭلار، باھاسى بەك ئەرزەن — دەپ توۋلايدىكەن. بالا ئاشۇنداق توۋلاپ تۇرسا، كىيىملىرى جۇل-جۇل، يۈزى ئىشەكنىڭ يۈزىدەك سوزۇق، قېرىپ دەرمانى قالمىغان، يۈزىنى قورۇق باسقان، كوزلىرى قىزارغان، ئىلمەك بۇرنى ئېڭىكىگىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن بىر موماي بازار تەرەپكە قاراپ كەپتۇ، ئۇنىڭ قولىدا ئۇزۇن بىر ھاسا بار ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ماڭىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ دەپ بېرەلمەيدىكەن؛ چۈنكى ئۇ پۇتىغا شارىلىق بىكىتىۋالغاندەك دىككوكلاپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا دەلدەڭشىپ ماڭىدىكەن، ئۇنىڭ مېڭىشى كىشىگە ھازىرلا مۇدۇرۇلۇپ يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تۇيۇلىدىكەن.

موزدوزنىڭ خوتۇنى بۇ ئايالغا زەڭ قويۇپ قاراپتۇ. مۇشۇ

www.uyghurkitap.com

بازاردا سېتىقچىلىق قىلىپ كەلگىنىگە ئون ئالتە يىل بولغان موزدوزنىڭ خوتۇنى مۇنداق بىر قىسمىلا ئادەمنى رادىلا كورۇپ باقمىغان ئىكەن. بۇ موماي دىككىوكلاپ كەلگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىدىكى سۆەتلەرنىڭ قېشىدا توختاپ، ئۇن-تىنسىز تۇرۇپتۇ. موزدوزنىڭ خوتۇنى بەك چوچۇپ كېتىپتۇ.

— سەن كوكتات ساتقۇچى شانىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ موماي قاقىلداۋاتقان قاغىنىڭ ئاۋازىدەك سەت ئاۋاز بىلەن ۋە ھە دەپ بېشىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرۇپ.

— ھەئە، مەن شانا بولىمەن، — دەپتۇ موزدوزنىڭ خوتۇنى، — نىمە ئالماقچىسىز؟

— كورۇپ باقاي، كورۇپ باقاي، كاپۇستىنى كورۇپ باقاي، كاپۇستىنى كورۇپ باقاي؛ سېنىڭدە مەن ئالغۇدەك نەرسە يوقتەك تۇرىدۇ. — موماي گېپىنى تۇگىتىپلا ئىگىشىپ سۆەتكە قاراپتۇ ۋە سۆەتكە قاپ-قارا مەينەت قولىنى سوزۇپ، ئومچۇكىنىڭ پۇتىغا ئوخشاش ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن چىرايلىق قىلىپ رەتلىك تىزىپ قويۇلغان كاپۇستىنى مالتىلاپ بىر-بىرلەپ ئېلىپ، ئۇزۇن بۇرنىغا ئاپىرىپ پۇراپتۇ. بۇ مومايىنىڭ ئىسىل كاپۇستىلارنى ئېلەشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى كورگەن موزدوزنىڭ خوتۇنىنىڭ يۇرىگى پارە-پارە بولۇپ كەتكۇدەك بوپتۇ؛ ئەمما بىر نىمە دېيەلمەپتۇ؛ خېرىدار مالنى ئىلغاپ ئېلىشقا ھەقلىق-تە. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭغا بۇ خوتۇن بەك قورقۇنچلۇق بىلىنىپتۇ. موماي سۆەتتىكى ئوتياشلارنى بىر-بىرلەپ كورۇپ بولغاندىن

كېيىن، غودۇڭشۇپ:
— يارامسىز مال، سېسىق ئوتىياش، بىرىنىمۇ ياراتمىدىم، بۇنىڭدىن ئەللىك يىل بۇرۇنقىسى كوپ ياخشى ئىدى. يارامسىز مال، يارامسىز مال! — دەپتۇ.
ياگو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپتۇ.
— ھەي، سەن راست يۈزسىز بىر قاقۋاش خوتۇن ئىكەنسەن، — دەپ ۋاقىراپتۇ ئۇ غەزەپ بىلەن، — سەن قاپ-قارا قولۇڭ بىلەن بىر ئوبدان ئوتياشلارنى مالتىلاپ ئېلەشتۇرۇۋەتتىڭ، يەنە تېخى ئۇلارنى ئۇزۇن بۇرنۇڭغا تەككۈزۈپ پۇرىدىڭ، خەقلەر كورسە كىم ئالىدۇ؟ ھەممە گۇنا ئوزەڭدە تۇرۇپ، بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى ياراتمايدىغان كېتىشىڭنى كورەي تېخى! ئۇقۇپ قوي، كىنەز بېگىمنىڭ ئاشپەزلىرىمۇ بىزدىن ئوتىياش ئالىدۇ!
موماي بۇ باتۇر بالىغا بىر ئالىيىپتۇ-دە، قاقاقلاپ كۇلۇپتۇ، كۇلگەنىدە تەرى شۇنداق سەتلىشىپ كېتىپتۇكى، ئادەمنىڭ قۇسقۇسى كېلىدىكەن. ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن:
— بالا، ھەي بالا! سەن مېنىڭ ئۇزۇن بۇرنۇمنى، مېنىڭ چىرايلىق ئۇزۇن بۇرنۇمنى ياراتمىدىڭمۇ؟ ساڭىمۇ ئېڭەككىچە ساڭگىلاپ چۇشكەن مۇشۇنداق بىر بۇرۇن بەرگەي ئىلاھىم — دەپتۇ-دە، بۇرۇلۇپ بەسەي سېلىنغان بىر سىۋەتىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۇ ئەڭ ئوبدان ئوخشىغان ئاپپاق بەسەينى قولىغا ئېلىپ كۇچەپ قىسىپتۇ، ئاندىن يەنە سىۋەتكە تاشلاپ قويۇپ، يەنىلا

"يارامسىز مال، ئەسكى بەسەي!"دەپتۇ.

— ئەجەپمۇ بىزار بولدۇمغۇ بېشىڭنى گىلدىڭلىتىشىڭدىن، — دەپ غەزەپ بىلەن ۋاقىراپتۇ بالا، — بويىنۇڭ بەسەيىنىڭ يىلتىزىدەك ئىنچىكە ئىكەن، كاللاڭ سۋەتكە تېگىپ كەتسىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ؛ كاللاڭ سۋەتكە چۈشۈپ كەتسە، بەسەينى ئېلىشقا كىمنىڭمۇ كۆڭلى بارسۇن؟

— سەن مېنىڭ بۇ ئىنچىكە بويىنۇمنى ياقتۇرمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ موماي ھەجايغىنىچە غودۇڭشۇپ، — بويىنۇڭ يوقاپ، بېشىڭ مۈرەڭگە چاپلىشىپ قالسۇن ئىلاھىم، شۇنداقتا سېنىڭمۇ كاللاڭ چۈشۈپ كەتمەيدىغان بولىدۇ!

— بالا بىلەن تەڭ بولۇپ، يوق گەپلەرنى قىلمىسىلا، — دەپتۇ ئاخىر موزدوزنىڭ خوتۇنى مومايىنىڭ مالتىلاپ، ئېلەشتۇرۇپ، پۇراپ بولۇپمۇ ياراتماي كېتىشلىرىدىن بەك خاپا بولۇپ، — ئالىدىغان بولسىلا تېزرەك ئېلىۋالسىلا، خېرىدارلىرىمىزنى قاچۇرۇۋەتتىلە!

— خوپ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دەپتۇ موماي ئۇنىڭغا زەردە بىلەن قاراپ قويۇپ، — مەن بۇ ئالتە بەسەينى ئالاي؛ ئاپىلا، مەن ھاسىغا چۈشۈپ قالغانمەن، بىر تۇپ بەسەينىمۇ كۆتىرەلمەيمەن؛ ئوغلۇڭ بەسەينى ئۆيگە ئاپىرىشىپ بەرسۇن، مەن ئۇنىڭغا تاپان ھەققى بېرىمەن.

بۇ سەت مومايدىن قورقۇپ كەتكەن بالا ئاپىرىشىپ بېرىشنى خالىماي يىغلاپتۇ. لېكىن بۇنداق قېرى، ئاجىز بىر ئايالغا

شۇنچە ئېغىر نەرسىنى كوتەرتكۈزۈپ قويۇش جىنايەت بولىدۇ دەپ قارىغان ئانىسى ئوغلىنى ئاپىرىشىپ بېرىشكە قاتتىق بۇيرۇپتۇ. بالا كوز يېشى قىلىپ تۇرۇپ ئانىسىنىڭ بۇيرۇغىغا بوي سۇنۇپتۇ، بەسەيىنى بىرلاتىغا يوگەپ، مومايغا ئەگىشىپ بازاردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

موماي بەك ئاستا ماڭىدىكەن، ئۈچ چارەك سائەت ۋاقىت دىگۇدەك مېڭىپ، شەھەر ئىچىدىكى خېلى يىراق بىر يەرگە كەپتۇ؛ ئۇ ئاخىر قىڭغىر-سىڭغىر بىر كىچىك ئويىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. ئۇ يانچۇغىدىن داتلىشىپ كەتكەن بىر كونا تومۇر ئىلغۇنى ئېلىپ، ئۇنى چاقىقانلىق بىلەن ئىشىكتىكى بىر كىچىك توشۇككە ساپتىكەن، ئىشىك غىچىرلاپ، شارت قىلىپلا ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ياگو ئويگە كىرىپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ! ئوي شۇنداق ياساداق، ھەشەمەتلىك ئىكەنكى، تورۇس بىلەن تاملىرى مەرمەردىن ئىكەن، ئوي جاھازلىرى ئەڭ نەپىس قارا سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، ئالتۇن ۋە مەرۋايىتلار بىلەن بىزەلگەچكە ۋال-ۋۇل قىلىپ تۇرىدىكەن، يەرگە ئەينەك ياتقۇزۇلغان بولۇپ، سىلىقلىقىدىن ياگو نەچچە قېتىم تېيىلىپ يىقىلىپتۇ. موماي يانچۇغىدىن بىر كىچىك كۈمۈش نەينى چىقىرىپ، بىر نەغمىگە چېلىپتىكەن، ئاۋازى ئويىنى بىر ئاپتۇ. شۇ زامات بىرنەچچە دېڭىز چوشقىسى پەلەمپەيدىن يۇگۇرەپ چۈشۈپتۇ؛ ياگو ئىككى پۇتى بىلەن ئورە ماڭىدىغان، پۇتىغا كەش ئەمەس، بەلكى ياڭاق پوستى كىيگەن، ئۈچىسىغا ئىنسان كىيىمى، بېشىغا

ئەڭ يېڭىچە شلەپە كىيىۋالغان بۇ نەرسىلەرنى كورۇپ بەك ئەجەپلىنىپتۇ.

— مېنىڭ ساپما كەشمنى نەگە قويدۇڭلار، خۇمپەرلەر؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ موماي ۋە قولىدىكى ھاسا بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپتۇ، ئۇلار چىقىراپ، ۋاي-دات دېيىشىپتۇ، موماي يەنە ۋاقىراپتۇ، — قاچانغىچە ساقلاتماقچى مېنى؟

ئۇلار ئالمان-تالمان پەلەمپەيدىن چىقىپ، تېرە ئەستەرلىك بىر جۇپ كوكىس پوستىنى ئېلىپ كېلىپ، دەرھال مومايىنىڭ پۇتىغا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ.

ئەمدى مومايىنىڭ پۇتى پەقەت ئاغىرمايدىغان بوپتۇ. ئۇ ھاسىسىنى تاشلاپ، ياگونى قولىدىن يېتىلەپ، ئەيىنەك پولدا ئۇچقاندەك مېڭىپتۇ. ئاخىر ئۇ ھەر خىل-ھەر ياڭزا نەرسە-كېرەكلەر قويۇلغان بىر ئويگە كېلىپ توختاپتۇ. گەرچە ئويدىكى ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان شىرە ۋە چىرايلىق ئەدىيال سېلىنغان سافالار ھەشەمەتلىك مېھمانخانىغا لايىق نەرسىلەر بولسىمۇ، بۇ ئوي ئاشخانىغا ئوخشايدىكەن.

— ئولتۇرغىن، — دەپتۇ موماي ناھايىتى تۈزۈت بىلەن ۋە شۇ ھامان ياگونى سافانىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئالدىغا بىر شىرە قويۇپ، چىقماي ئولتۇرۇشنى تاپىلاپتۇ ۋە:

— ئولتۇرۇپ تۇرغىن، ئېغىر نەرسە كوتەردىڭ، ئادەمنىڭ كاللىسى دىگەن يېنىك چۈشمەيدۇ، يېنىك چۈشمەيدۇ، — دەپتۇ.

— موما! سىز غەلىتە گەپلەرنى قىلىۋاتىسىزغۇ؟ — دەپتۇ ياگو، — مەن دىمىسىمۇ بەك چارچىدىم، لېكىن مەن ئادەم كاللىسىنى ئەمەس، ئۇزىڭىز ئاپامدىن سېتىۋالغان بەسەينى كوتىرىپ كەلدىم.

— ھەي، سەن يېڭىلىشىپ قالدىڭ، — دەپتۇ موماي كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە سىۋەتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ بېشىنى چېچىدىن قامالالاپ ئېپچىقىپتۇ. بالا قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ، ئادەمنىڭ بېشى توغرىسىدىكى بۇ ئىشنى بىر كىم بىلىپ قالسا، چوقۇم ئانام ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ دەپ ئويلاپ، ئانىسىدىن ئەنسىرەپتۇ.

— سەن ناھايىتى يۇۋاش بالا ئىكەنسەن، ئەمدى ساڭا ئازراق بىر نىمە بېرەي، — دەپتۇ موماي كۈسۈلداپ، — بىردەم ساقلاپ تۇرغىن، ئازراق شورپا قىلىپ بېرەي، بىر ئىچىۋالساڭ، تەمى ئۇمۇر بويى ئاغزىڭدىن كەتمەيدۇ.

ئۇ گېپىنى قىلىپ بولۇپ، يەنە نەينى چېلىپتۇ. ئاۋال ئىنسان كىيىمى كىيىۋالغان، ئالدىغا پەرتۇق تارتقان، بەلۋىغىغا قوشۇق ۋە پىچاق قىستۇرۇۋالغان بىرمۇنچە دېڭىز چوشقىسى يۈگۈرەپ كەپتۇ؛ ئارقىدىن تۇركچە كەڭ-كەڭ كالتە ئىشتان كىيىۋالغان، ئۇرە ماڭىدىغان، باشلىرىغا يېشىل مەخمەلدىن دوپپا كىيىۋالغان بىر توپ تىيىن سەكرىشىپ كىرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە تامغا يامىشىپ چىقىپ، قازان، داس، تۇخۇم، خام قايماق،

كوكتات، ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوچاق بېشىغا ئەكەپ قويۇشلىرىدىن ئۇلارنى ئاشخانا خىزمەتچىلىرى دېيىش مۇمكىن ئىكەن. موماي كوكس پوستى كەشنى كىيىۋېلىپ، ئوچاق بېشىدا پايپاسلاپ كېتىپتۇ، ياگو بۇ ئەھۋالنى كورۇپ، موماي ماڭا ئوبدان تاماق تەييارلايمەن دەپ ئىشلەۋاتىدۇغۇ دەپ ئويلاپتۇ. بىر پەستە ئوت راسا يالقۇنجاپ كويگىلى تۇرۇپتۇ، بىردەمدىن كېيىن قازاندىن ئىس چىقىپتۇ، قازان قايناپتۇ، ئاشخانىنى مېزىلىك پۇراق قاپلاپتۇ. موماي پايپاسلاپ كېتىپتۇ، تېيىن بىلەن دېگىز چوشقىلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن قالماپتۇ، ئۇ ھەر قېتىم ئوچاق بېشىغا كەلگەندە ئۇزۇن بۇرنىنى قازانغا تىقىپ، قازانغا بىر قاراپ قويىدىكەن. ئاخىر قازان پورۇخلاپ قايناپتۇ، قازاندىن پىژ-پىژ ئاۋاز چىقىپ، پۇرقۇراپ ھور چىقىپتۇ، كوپۇكلەر تېشىپ چىقىپ ئوتقا چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا موماي قازاننى ئېلىپ، شورپىنى بىر كۈمۈش تاۋاققا قويۇپ، ياگونىڭ ئالدىغا ئېپكېلىپ قويۇپتۇ.

— قېنى ئىچكىن، — دەپتۇ موماي، — مېنىڭ تەقسى-تۇرقۇم ساڭا بەك ياراپ كەتتىغۇ، بۇ شورپىنى ئىچۋالساڭ، سېنىڭ تۇرقۇڭمۇ مېنىڭكىدەك بولىدۇ، ناھايىتى ئۇستا بىر ئاشپەز بولىسەن، شۇنداق بولغاندا ھۈنەرلىك بولۇپ قالىسەن. ئەمما بەسەي قېنى؟ ھە، سەن ھەرقانداق قىلىپمۇ بەسەي تاپالمايسەن، نېمە ئۈچۈن ئاناڭ بەسەينى سېۋەتكە سالمىدى؟

ھېچنېمىگە قارىماي شورپا ئىچىۋاتقان ياگو ئۇنىڭ نېمىلەرنى



www.uyghurkitap.com

دەۋاتقىنىنى ئوچۇق ئاڭلىماپتۇ. ئۇنىڭغا ئانىسى بۇرۇن ئېيتىپ بەرگەن نۇرغۇن ياخشى تاماقلارمۇ مۇشۇ شورپىغا يەتمەيدىغاندەك سېزىلىپتۇ. شورپىدىن بەسەي بىلەن دورا- دەرمەكنىڭ ئىسىل پۇرىغى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن، بىر پۇراپلا ئۇنىڭ پۇرىغىنىڭ ئاچچىق- چۇچۇك ئىكەنلىكىنى ھەم ناھايىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىكەن. ئۇ بۇ ئىسىل شورپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يۇتۇمىنى ئىچكەن چاغدا، دىڭىز چوشقىسى ئەرەپ ئىسرىغىنى تۇتاشتۇرۇپتىكەن، ئۆينىڭ ئىچىدە كوكۇش ئىس ئۇزۇشكە باشلاپتۇ. بۇ ئىس بارغانسېرى كوپىيىپ ئۆينى قاپلاپ، بارا- بارا پەسكە چۇشۇپتۇ. ياگو بۇ ئىستا ئىسلىنىپ مەس بولغاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەمدى ئانامنىڭ قېشىغا قايتىشىم كېرەك دىمەكچى بوپتۇيۇ، لېكىن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپلا، يەنە بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۇشۇپتۇ، ئاخىر ئېسىنى بىلمەي مومايىنىڭ سافاسىدا ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئۇ نۇرغۇن غەلىتە چۇشلەرنى كورۇپتۇ. ئۇنىڭغا موماي ئۇزىنىڭ كىيىملىرىنى يېشىپ، تىيىن تېرىسىگە يوگەپ قويغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. ئەمدى ئۇ تىيىندەك سەكرەپ- تاقلىيالايدىغان، ئومۇلەپ ماڭالايدىغان بوپتۇ. ئۇ تىيىن ۋە دىڭىز چوشقىلىرى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان، ئۇلار بىلەن بىللە مومايىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بوپتۇ، بۇ تىيىن ۋە دىڭىز چوشقىلىرى ناھايىتى ئەدەپلىك ئىكەن. ئۇ دەسلەپتە ئاياق سۇرتۇش ئىشىغا، يەنى مومايىنىڭ كەش قىلىپ كىيىدىغان كوكىس پوستىنى مايلاپ، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

پاقىرىتىپ سۇرتۇش ئىشىغا تەقسىم قىلىنىپتۇ. ئۇ ئۇيىدە دادىسىغا ياردەملىشىپ ئاياق مايلاپ باققان بولغاچقا، بۇ ئىشقا قولى ئوبدان كېلىدىكەن. بىر يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە بىر چۈش كورۇپتۇ. چۈشىدە ئۇ باشقا تىيىنلار بىلەن بىللە كۈن نۇرىدىكى ئۇششاق توزاڭلارنى سۈزۈۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى تاسقاش ئىشىغا ئەۋەتىلىپتۇ، بۇ ئۇششاق توزاڭلار مومايىنىڭ ئەڭ ياخشى كورىدىغان ئوزۇغى ئىكەن. بۇ موماي كوماك بولغانلىقتىن، باشقا نەرسىلەرنى چايىنيالمىغاچقا، بۇ ئۇششاق توزاڭدىن بولكا ئەتكۈزۈپ يەيدىكەن.

ئارىدىن يەنە بىر يىل ئوتۇپتۇ، ئۇ يەنە بىر توپ چاكارلار ئارىسىغا ئەۋەتىلىپتۇ، بۇ چاكارلار مومايغا ئىچىدىغان سۇ تەييارلايدىكەن. ئۇلار بىر كولچەك قېزىپ، ياكى هويلىغا بىر چىلەك قويۇپ يامغۇر سۈيى ئېلىۋالسىلا بولمىدىمۇ دەپ قالماڭ، ئىش بۇنداق ئاددى ئەمەس. تىيىنلار ــ ياگومۇ شۇلار قاتارىدا ــ ئورمان ياڭىغى پوستى بىلەن ئەتىرگۇل بەرگىدىكى شەبنەمنى يىغىۋالىدىكەن، مومايىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى مانا مۇشۇ ئىكەن. موماي سۇنى ئادەتتىن تاشقىرى كوپ ئىچكەچكە، سۇچىلارنىڭ ئىشى ناهايىتى ئېغىر ئىكەن. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئوي ئىچىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ، پول سۇرتىدىغان بوپتۇ. پول ئەيىنەك بولغاچقا، ئادەم بوش تىنسىمۇ، ئىزى قالىدىكەن، شۇڭا بۇمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن. ئۇلار مۇشۇنداق پولنى سۇرتىدىغان چاغدا پۇتلىرىغا ئەسكى لاتا يوگىۋالىدىكەن، مۇشۇنداق قىلغان-

دىلا ئۆيىنىڭ ئىچىدە ماشغۇلى بولىدىكەن. تۇتىنچى يىلى كەلگەندە، ئۇ ئاخىر ئاشخانىغا يۆتكىلىپتۇ. بۇ پەقەت ئۇزاق مۇددەت سىناقتىن ئۆتكەن ئادەملا قىلىدىغان شەرەپلىك ئىش ئىكەن. ياگو دەسلەپتە ئاشخانىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلەپتۇ، كېيىن بىرىنچى دەرىجىلىك ئاشپەز بولۇپ كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ ھەرقانداق ئاش ـ تاماق ئېتىشكە بەك ئۇستا ئىكەن، تېخىنكىسىنىڭ شۇنچە ئۇسۇپ، تاماققا شۇ قەدەر ئۇستا بولۇپ كەتكىنىگە ھەتتا ئۆزىمۇ دائىم ھەيران بولىدىكەن. ئىككى يۈز خىل ئۇزۇق بىلەن پىچىنە ياساش، يەر يۈزىدىكى جىمى كۆكتات بىلەن شورپا ئېتىش ھەممىدىن تەس ئىش ئىكەن. لېكىن ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋاپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەم تېز، ھەم ئوخشىتىپ ئېتىدىكەن.

ياگو يەتتە يىلچە ۋاقىت ئىچىدە مومايىنىڭ خىزمىتىدە بوپتۇ. بىر كۈنى موماي كۆكس پوستى كەشنى سېلىپ، قولىغا سىۋەت ۋە ھاسىسىنى ئېلىپ بىر ياققا چىقماقچى بوپتۇ؛ ئۇ ياگوغا بىر چوجىنى پاكىز يۇڭداپ، قوسىقىغا توشقۇزۇپ كۆكتات تىقىپ، ساپ ـ سېرىق كاۋاپ قىلىپ قويغىن، قايتىپ كېلىپ يەيمەن دەپ بۇيرۇپتۇ. ياگو ئېشقا قائىدە بويىچە تۇتۇنۇپتۇ. ئۇ چوجىنىڭ بويىندىن تۇتۇۋېلىپ قايناق سۇغا بېسىپتۇ، ئاندىن تۈكنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يۇڭداپ، چوجىنى پاك ـ پاكىز قىلىپتۇ، ئاندىن ئىچى ـ قارنىنى ئېلىۋېتىپ، كۆكتات ئادالاشقا تەمشىلىپتۇ. ئۇ كۆكتاتخانىغا كىرىپ ئاغزى ئوچۇق بىر تام ئىشكاۋىنى

كورۇپتۇ. بۇنى ئۇ زادىلا كورۇپ باقمىغان ئىكەن. ئۇ: ئىچىدە
نىمە باردۇ، كىرىپ كورۇپ باقمايمۇ، دەپ قىزىقسىنىپتۇ-دە،
ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىسا، نۇرغۇن سىۋەت تۇرغۇدەك، سىۋەتلەر-
دىن دىماق يارغۇچ خۇش پۇراق گۇپۇلدەپ كېلىپ تۇرغۇدەك.
ئۇ بىر سىۋەتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىغان ئىكەن، شەكلى بىلەن
رەڭگى بەك غەلىتە، غولى بىلەن يوپۇرماقلىرى قارا كوك، بىر
تال قىپ-قىزىل گۇلى بار، گۇل بەرگىنىڭ چورىسى ساپ-
سېرىق بىر خىل ئۇسۇملۇك كورۇنۇپتۇ. ئۇ بۇ گۇلگە بىر دەم
قاراپ تۇرۇپتۇ، ئاندىن پۇراپتۇ، ئىسىل پۇراق دىمىغىغا ئۇرۇ-
لۇپتۇ، بۇ پۇراق موماي ئېيتىپ بەرگەن شورپىنىڭ پۇرىقىغا
ئوپ-ئوخشاش ئىكەن. پۇراق بەك كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ چۈش-
كورۇشكە باشلاپتۇ ۋە بارغانسېرى قاتتىق چۈشكورۇپتۇ-دە،
ئاخىردا چۈشكورۇۋېتىپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

ئويغىنىپ مومايىنىڭ سافاسىدا يېتىۋاتقانلىقىدىن ھەيران
بولۇپ ئەتراپقا كوز تاشلاپتۇ. "ياق، مۇمكىن ئەمەس، بىر ئادەم
قانداقسىگە بۇنداق راست ئىشتەك چۈش كورسۇن!" دەپتۇ ياگو
ئوزىگە ئوزى، "بىراق مەن شۇنداق دەپ دەرھال قەسەم بېرە-
لەيمەنكى، مەن ھەقىقەتەن بىر پەسكەش تىيىنغا ئايلىنىپ،
دېڭىز چوشقىسى ۋە باشقا قۇرۇت-قوڭغۇزلار بىلەن بىللە ئىش-
لىگەن، بەلكى تېخى ئاشپەزمۇ بولغان. ئەگەر بۇ ئىشلارنى
ئانامغا ئېيتىپ بەرسەم، ئۇ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۇلۇشى
مۇمكىن! لېكىن ئۇ بازاردا ماڭا ھە-ھۇ دېيىشمەي، نىمە دەپ

خەقنىڭ ئۆيىدە ئۇخلاپ يۈرسەن دەپ كايىماس، ھە؟“ ئۇ شۇنداق ئويغا كەپتۇ ـ دە، شاققىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭماقچى بوپتۇ. ئەمما ئۇ ئۇخلاۋېرىپ پۇت ـ قوللىرى ئۇيۇشۇپ قالغان، بېشى خالىغانچە مىدىرلاتقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن، خۇسۇسەن بوينى قېتىپلا قالغان ئىكەن. ئۇنىڭغا ھەممە ئىش ــ بېشى گاڭگىرىغىچە ئۇخلاش، بۇرنىنىڭ ھە دىگەندىلا ئىشكاپقا ياكى تامغا، يا بولمىسا ئىتتىك ئورۇلگەندە ئىشىككە تېگىشى بەك كۈلكىلىك تۇيۇلۇپتۇ. تىيىن بىلەن دېڭىز چوشقىلىرى گويا ئۇنى ئويغا ئۇزىتىۋاتقاندەك، ئۇنى چۆرىدەۋېلىپ چىرىلدى-شىپتۇ، ئۇ يان ـ بۇ يان قاترىشىپتۇ. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىققان چاغدا، بۇ نازۇك، ئوماق ھايۋانلارنى راستلا بىللە مېڭىشقا تەكلىپ قىلغان ئىكەن، ئەمما ئۇلار ياڭاق پوستى كىيىۋالغان ئاياقلىرى بىلەن تېپىلغان پېتى تېزدىن ئويگە كىرىپ كېتىپتۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ يىراقتىن كەلگەن يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ.

موماي ئۇنى باشلاپ بارغان يەر شەھەرنىڭ خېلى چەت بۇرجىگى ئىكەن، بۇ يەردە كوچا ناھايىتى تار بولۇپ، ئادەملەر تىقما ـ تىقماق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن چىقالمىغىلى تاسلا قاپتۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇشمۇ ـ تۇشتىن: ”ھوي، ئاۋۇ سەت يەر پايپىسىغا قاراڭلار! نەدىن كېلىپ قالغاندۇ؟ ھوي، ئۇنىڭ بۇرنى نىمانداق ئۇزۇن، بوينى يوق ئىكەن، سەت قارا قولىنى دىمەمسىلەر تېخى!“ دەپ ۋاقىراشلىرىدىن، ”بۇ ئەتراپقا بىرەر پاپا ـ پەتەك كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ“ دىگەن

ئۇيغا كەپتۇ. باشقا ۋاقىتلاردا بولسا، ئۇ چوقۇم كىشىلەر تويىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەن بولاتتىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ گىگانت ئادەم ياكى پاكار ئادەمنى، ياكى چەتئەللىكلەرنىڭ غەلىتە كىيىملىرىنى بەك كۆرگۈسى بار ئىكەن، بىراق ئۇ ھازىر تېزرەك قايتىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاچقا، ئۇنداق قىلماپتۇ.

ئۇ بازارغا كەلگەندىن كېيىن، قورقۇنچلۇقتا يۈرىكى سىيلىپ كېتىپتۇ. ئانىسى تېخىچە مۇز قاچىلانغان سۇۋەتنى ئالدىغا تىزىپ قويۇپ ئولتۇرغۇدەك، ئۇ، ھەر ھالدا ئانچە ئۇزاق ئۇخلىمىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپتۇ، لېكىن ئۇ يىراقتىنلا ئانىسىنىڭ خېرىدارلارنى چاقىرماي، ئىڭىكىنى تۇتۇپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، قاتتىق قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئانىسىنىڭ چىرايىنىڭ ئادەتتىكىدىن بەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سېزىپتۇ. ئۇ ئارىسالدا بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئاخىر ئۇ غەيرەتكە كېلىپ، تۇيدۇرماستىن ئانىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋاپتۇ-دە، يېقىنلىق قىلىپ قولىنى ئانىسىنىڭ بىلىكىگە قويۇپ:

— ئانا، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

موزدوزنىڭ خوتۇنى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بىرلا قاراپتۇيۇ، قورقۇپ ۋاقىراپ تاشلاپتۇ ۋە ئارقىسىغا داجىپ:

— مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ نېمە قىلىسەن سەت پاپا؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ، — ماڭ، كۆزۈمدىن يوقال! مەن بۇنداق چاقچىغىڭنى

كوتەرمەيمەن.

— ئانا، نىمە بولدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھەيران قالغان ياگو، — چوقۇم بىتاب ئوخشايسىز، بولمىسا، ئوز ئوغلىڭىزنى قوغلىمىغان بولاتتىڭىز؟

— نېرى كەت دىگەندىكىن دەرھال كەت! — دەپتۇ شانىنا خانىم ئاچچىغىدا جاۋاپ قايتۇرۇپ، — ھىلە-نەيرەڭ بىلەن مېنىڭ پۇلۇمنى ئالدىۋالىمەن دەپ خىيال ئەيلىمە، نىجىس ئالۋاستى.

"راست، ئۇنىڭ ئەقىل نۇرىنى خۇدايىم ئېلىپ كېتىپتۇ!" دەپتۇ ئىچى سىيرىلگەن بالا ئوز ئوزىگە، "ئاپامنى قانداق قىلىپ ئويگە ئاپىرارمەن؟"

— جېنىم ئاپا، ئەمدى ئۇققانسىز، ماڭا سەپسېلىپ قارىڭا، مەن راستلا سىزنىڭ ئوغلىڭىز ياگو بولىمەن!

— يوق گەپنى قىلىپ، ھازىرمۇ ماڭا چاقچاق قىلىپ يۈرگىنىنى تېخى، تازا بەڭۋاش نەرسە ئىكەن، — دەپتۇ شانىنا يېنىدىكى بىر ئايالغا، — بۇ پاپىنى كورمەملا، ئۇ بۇ يەردە تۇرسا، چوقۇم خىرىدارلىرىمنى قاچۇرۇۋېتىدۇ، "مەن راستلا سىزنىڭ ئوغلىڭىز ياگو بولىمەن" دەپ، مېنى مەسخىرە قىلىپ كەتكىنىنى تېخى! ھۇ يۈزسىز، بەچچىغەر!

ئەتراپتىكى ئاياللار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ياگونى تىللاپتۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بازاردىكى يايمىچى ئاياللار ۋەقەنىڭ قانداق ئىكەنلىگىنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئۇلار بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بىچارە شانىنانىڭ دەردىگە دەرت قوشۇپ چاقچاق قىلماسلىغىنىڭ

www.uyghurkitap.com

كىرەك ئىدى، ئۇنىڭ چىرايلىق ئوغلىنى بۇندىن يەتتە يىل ئىلگىرى بىر ئالدامچى ئالداپ ئېلىپ كەتكەن دەپ ياگونى ئەيىپلەپتۇ. ئۇلار ياگوغا: دەرھال يوقال، بولمىسا تاياق يەيسەن. سېنى تاتىلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، دەپ ھەيۋە قىپتۇ.

بىچارە ياگو ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاپتۇ. ياگو، بۈگۈن ئەتىگەندە ئانام بىلەن بازارغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مېۋە-چېۋىلەرنى ئوبدان تىزىشىپ بەرگەن ئەمەسمىدىم؟ كېيىن بىر موماينىڭ نەرسىلىرىنى ئاپىرىشىپ بېرىپ، ئۇنىڭكىدە بىرقاچا شورپا ئىچىتىم، بىر دەم ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئەمدى قايتىپ كەلدىمغۇ؟ لېكىن ئانام بىلەن خوشنا ئاياللارنىڭ يەتتە يىل بولدى دېگىنى نىمىسى! تېخى مېنى رەزىل پاپا دەپ تىللاۋاتىدۇ! مەن زادى نىمە ئىش قىپتىمەن؟ دەپ ئويلاپتۇ. ئانىسىنىڭ ئوزىنىڭ بىر ئېغىز گېپىنىمۇ ئاڭلىغۇسى كەلمىگەنلىگىنى كورگەن ياگونىڭ كوزلىرىدىن بۇلاقتىن بۇلدۇقلاپ چىققان سۇدەك ياش ئېقىپتۇ، قەلبى ئەلەمگە تولۇپ كوچىنى بويلاپ مېڭىپ، دادىسىنىڭ ياماقچىلىق دۇكىنىغا كەپتۇ. ئۇ ئىچىدە: ”بېرىپ باقاي، ئۇمۇ مېنى تونۇماي قالارمۇ. ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، دادام بىلەن پاراڭلىشىپ كورەي“ دەپ ئويلاپتۇ. ياگو موزدوزخانىغا كېلىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئىچكىرىگە قاراپتۇ. ئىش بىلەن بولۇپ كەتكەن موزدوز ئۇنى كورمەپتۇ. موزدوز بىر چاغدا توساتتىن بېشىنى كوتىرىپ ئىشىككە قاراپتۇ-دە، چوچۇپ كېتىپتۇ، قورقىنىدىن قولىدىكى ئاياق، يىپ ۋە بىگىزلەر يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

—ۋوي، ئاللا، بۇ قانداق نەرسە، بۇ زادى قانداق نەرسە! — دەپ ۋاقىراپ كېتىپتۇ موزدوز.

— سالام، ئۇستام! — دەپتۇ بالا دۇكانغا كىرىپ، — ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

— ھالىم بەك خاراپ، بەك خاراپ، كىچىك ئەپەندىم! — دەپتۇ دادىسى. دادىسىنىڭ تونۇمىغانلىقىغا ياكو بەك ھەيران بوپتۇ، دادىسى سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — ئىشقا قول ئەپلەشمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئوزەم يالغۇز، ھازىر ياشىنىپ قالدىم، بىر ئادەم ياللاي دىسەم، قۇربىم يەتمەيدۇ.

— ئوغلىڭىز يوقمۇ؟ ئوغلىڭىز بولسا ياردەمچى قىلىۋالسىڭىز، بارا-بارا ئەسقېتىپ قالىدۇ، — دەپتۇ بالا سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— مېنىڭ ئەسلىدە ياكو ئاتلىق بىر ئوغلۇم بار ئىدى، بولغان بولسىغۇ ھازىر يىگىرمە ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئىگىز بويلۇق، زىرەك يىگىت بولغان بولاتتى، ئۇ بولغان بولسا، بەك ئەسقاتقان بولاتتى، ئامال قانچە، تەلىيىم شۇنچىلىكتە! ئۇ ئون ئىككى يېشىدىلا زىرەكلىگى كورۇلۇشكە باشلىغان ئىدى، نۇرغۇن ھۇنەر ئۇگىنىۋالغان ئىدى، تەقىي-تۇرقىمۇ كېلىشكەن بالا بولغان ئىدى. ئۇ بولغان بولسا، نۇرغۇن خېرىدارلار كەلگەن بولاتتى، مەنمۇ ياماقچىلىق قىلىپ ئولتۇرماي ناھايىتى تېزلىكتە يېڭى ئاياقلار تىككەن بولاتتىم! لېكىن بۇ دۇنيادا ئىش دىگەن مەن ئويلىغاندەك بولمىدى!

— ئوغلىڭىز نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ ياكو تىترەڭگۇ

ئاۋاز بىلەن دادىسىدىن.

— كىم بىلىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دادىسى، — بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى، دۇرۇس، ھازىر يەتتە يىل بوپتۇ، ئۇنى بازاردا بىرسى ئالداپ ئىلىپ كەتكەن.

— يەتتە يىل ئىلگىرى! — دەپ ۋاقىراپ تاشلاپتۇ ياگو ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق، كىچىك ئەپەندىم! يەتتە يىل ئىلگىرى؛ ئىسىمدە ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ، خۇددى بۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشتەكلا تۇرىدۇ. ئايىلىمنىڭ يىغلاپ-قاخشاپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىكى، ئىزدىمىگەن يېرى قالمىغانلىقى، ئەمما ھېچنەدىن تاپالمىغانلىقى ھازىرمۇ ئېسىمدە. بىر كۈنى بولمىسا بىركۈنى ھامان مۇشۇنداق ۋەقە يۈز بېرىدۇ دەپ دائىم ئويلايتتىم، دائىم دەيتتىم. ياگو ھەقىقەتەن چىرايلىق بالا بولغان ئىدى، ئۇنى چىرايلىق دىمەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئايىلىم مۇشۇنداق بىر بالىنىڭ بولغانلىقىدىن ناھايىتى مەغرۇرلىناتتى، باشقىلار بالىنى ماختىسا، ئۇ بەك خوشال بولاتتى، دائىم ئۇنى كاتتىلارنىڭ ئۆيىگە كوكتات-پوكتات ئاپىرىپ بېرىدىكە ئەۋەتەتتى. بۇمۇ بولىدىغان ئىش، ئەلۋەتتە؛ ھەر قېتىمدا خەقلەر ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسە-كېرەك بېرەتتى. ئەمما مەن: "ئېھتىيات قىلايلى! چوڭ شەھەردە ئەسكى ئادەم كوپ بولىدۇ، ياگوغا ئوبدان قارايلى!" دەپمۇ ئېيتقان ئىدىم. دەرۋەقە، ئىش مەن دىگەندەكلا بولۇپ چىقتى. بىر كۈنى بازارغا بىر سەت قاقۋاش خوتۇن كەپتىكەن،

ئۇ خېلىغىچە باھا قويۇشۇپ، ئاخىر بىر تالاي مېۋە-چېۋە ۋە كوكتات ئاپتۇ، ئۇ خوتۇن نەرسىلەرنى ئوزەم ئەپكېتەلمەيمەن دىسە، كوڭلى يۇمشاق ئايىلىم بالىنى ئاپىرىشىپ بېرىشكە قېتىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنى ئىككىنچى كورمىدۇق.

—شۇ ئىشقا ھازىر يەتتە يىل بولدى دىدىڭىزما؟

—بۇ يىل ئەتىيازدا يەتتە يىل بولىدى. بىز ئۇنى ئىزدەپ ئېلان چىقاردۇق، ئويمۇ-ئوي سۇرۇشتۇردۇق، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كېلىشكەن بالىنى تونۇيتتى، ياخشى كورەتتى، ئۇلار تېخى يېقىندا بىز بىلەن بىللە ئىزدىدى، ئەمما ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. كوكتات ئالغۇچى موماينىمۇ ھېچكىم تونۇمايدىكەن. توقسان ياشقا كىرگەن بىر موماي، ئېھتىمال، جادۇگەر خوتۇن كىلتوۋىس بولسا كېرەك، ئۇ ھەر ئەللىك يىلدا شەھەرگە بىر قېتىم كىرىپ نەرسە-كېرەك ئالىدۇ دىدى.

ياگونىڭ دادىسى گەپ قىلغاچ كەشنى قاتتىق بولقىلاپ ئۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن يىپنى ئۇزۇن قىلىپ تارتىپتۇ. بالا ئوزىنىڭ بېشىدىن نىمە ئىشلار ئوتكەنلىكىنى، ئوزىنىڭ چۇش كورگەن ئەمەس، بەلكى جادۇگەر خوتۇننىڭ قولىدا يەتتە يىل تىيىن بولغانلىقىنى بارا-بارا چۇشىنىپتۇ. ئۇنىڭ يۇرىكى غەزەپ-تىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ، قاتتىق ھەسرەتلىنىپتۇ. ئۇنىڭ يەتتە يىللىق ياشلىق باھارىنى ئوغرىلاپ كەتكەن قېرى خوتۇن ئۇنىڭغا نىمە ھەق بەردى قېنى؟ ئۇ كوكىس پوستىدىن قىلغان ساپما كەشنى پاقىرىتىۋەتمىدىمۇ؟ ئەينەك پوللۇق ئوينى پاك-پاكىز

قىلىۋەتمىدىمۇ؟ ئۇ دىگىز چوشقىلىرىدىن ئاشپەزلىكىنىڭ ھەممە سىرىنى ئۆگىنىۋالغانمۇ؟ ئۇ دۇكاندا خىلىغىچە تۇرۇپ، بۇرنىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپتۇ. ئاخىردا دادىسى ئۈنىگدىن:

— كىچىك ئەپەندىم، مىنىڭ بۇ تەييار قىلىپ قويغان نەرسىلىرىم ئىپتىمال سىزگە ياراپ قالار؟ — دەپ سوراپتۇ ۋە:

— بىر كىشىلىك يىگى ئاياق سېتىۋېلىڭ، ئىپتىمال...... — دەپتۇ ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قوشۇمچە قىلىپ، — ئىپتىمال، بۇرنىڭىزغا بىر قاپ ئالارسىز؟

— مىنىڭ بۇرنۇمغا نىمە بوپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ياكو، — نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاپ ئالىدىكەنمەن؟

— خەير، بوپتۇ، — دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ موزدوز، — ئىلىش - ئالماسلىق ئىختىيارىڭىز؛ گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ئەگەر مىنىڭ بۇرنۇم شۇنداق قورقۇنچلۇق بولىدىغان بولسا، چوقۇم بىنەپشە رەڭلىك تېرىدىن بىر قاپ ياساپ، كىيدۇرۇپ قويغان بولاتتىم. قاراڭ، مەندە تەييار تېرە بار، بەك چىرايلىق، راست گەپنى قىلسام، بۇرنىڭىزغا كەم دىگەندە بىر مىتىر تېرە كىتىدۇ. قاپلىۋالسىڭىز، ئۇنى ئوبدان ئاسرىيالايسىز، كىچىك ئەپەندىم؛ سىزنىڭ بۇرنىڭىزنى جەزمەن ھەممىشە ئىشىككە ۋە ھارۋىلارغا ئۇرىۋالىدىغانلىقىڭىز كۆڭلۈمگە ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ، سىز، ئەلۋەتتە، ئۇرۇۋېلىشنى خالىمايسىز.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بالا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بۇرنىنى سىلاپ بېقىپتۇ، بۇرنى ناھايىتى يوغان، ئۇزۇن بىلىنىپتۇ،

ئۇزۇنلۇغى ئىككى غېرىشچە كېلىدىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. دىمەك، موماي چىراي-شەكلىمنىمۇ ئۇزگەرتىۋەتكەن ئىكەن-دە، شۇڭا ئانامنىمۇ مېنى تونۇيالماپتۇ، كىشىلەرمۇ مېنى سەت پاپا دەپ ئىللاپتۇ، دىگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ بالا.

— ئۇستام! — دەپتۇ ئۇ موزدوزغا يىغلىغۇدەك بولۇپ، — ئەينىگىڭىز بولسا بېرىپ تۇرسىڭىز، قاراپ باقسام قانداق؟

— كىچىك ئەپەندىم، — دەپتۇ دادىسى تەرىنى تۇرۇپ، — سىزدە كوز-كوز قىلىغۇدەك چىراي-مۇ يوق، ئەينەككە قاراش سىزگە نېسىپ ئەمەس. بۇ ئادىتىڭىزنى تاشلاڭ، خۇسۇسەن سىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل كۇلكىلىك ئادەت.

— ۋاي ئۇستام، بىر قارىۋالايچۇ، — دەپ ۋاقىراپتۇ بالا، — بۇ ھەرگىزمۇ كوز-كوز قىلغانلىق ئەمەس!

— ماڭا كاشلا قىلماڭ، مېنىڭ مال-مۇلكۇمنىڭ ئىچىدە ئەينەك دىگەن نەرسە يوق. ئايلىمنىڭ بىر كىچىك ئەينىگى بار، بىراق نەدە قويغانلىغىنى بىلمەيمەن. ئەگەر چوقۇم ئەينەك لازىم بولسا، كوچىنىڭ ئۇدۇلدىكى ئۇلپاننىڭ ئويى، ئۇ ساتىراچلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ سىزنىڭ كاللىڭىزدەك ئىككى چىقىدىغان بىر ئەينىگى بار، شۇنىڭكىگە بېرىڭ، خەير، ئامان بولۇڭ!

دادىسى گەپ قىلىۋېتىپ، ئۇنى ئىشىكتىن ئاستا ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى تاقاپتۇ-دە، ئىشىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. بالا بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى كوچىدىن ئوتۇپ، ساتىراچ ئۇلپانىڭكىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ بۇ ئادەم بىلەن خېلى بۇرۇنلا

تونۇشىدىكەن.

— ئەسسالام، ئۇلپان، — دەپتۇ بالا، — سىزگە ھاجىتىم چۈشۈپ كەلدىم، ئەينىڭىزگە بىر قارىۋالسام بولامدۇ؟

— مەرھەمەت، ئەنە تۇرۇپتۇ، — ساتراچ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، ساقىلىنى ئالدىرىۋاتقان خېرىدارمۇ كۈلۈپ كېتىپتۇ. — ھەقىقەتەن كېلىشكەن يىگىت ئىكەنسىز، زىلۋا بويلۇق، ئالما يۈزلۈك، بويىڭىز ئاققۇنىڭ بويىنىدەك، قوللىرىڭىز خانىش ئايىمىنىڭ قولىدەك ئىكەن، بۇرنىڭىزنىڭ يارىشىپ كەتكىنىچۇ تېخى. بۇ تۇرقىڭىز بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئوخشايسىزغۇ، چوقۇم شۇنداق. ئەينەككە قارىۋېلىڭ، قارىغىلى قويمىسام خەق مېنى ئىچى تارلىق قىلىپ، ئەينىگىگە قاراپ باققىلىمۇ قويمىدى دەپ يۈرمىسۇن يەنە.

ساتراچ شۇنداق دىگەن ئىكەن، ساتراچخانىدىكىلەر پاراقىدە كۈلۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا بالا ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىغان ئىكەن، چاناقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش توكۈلۈپتۇ. "مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئوغلىڭىز ياگونى تونۇيالماي قالغانسىز – دە، جېنىم ئانا" دەپتۇ ئۇ ئۆز ئۆزىگە، "سىزنىڭ خوشال – خورام كۈنلەردە باشقىلارغا ماختاپ بېرىپ يۈرگەن ئوغلىڭىز ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئەمەس بولۇپ قالدى!"

ئۇنىڭ كوزلىرى چوشقىنىڭ كوزىدەك كىچىك بولۇپ قالغان، بۇرنى بولسا بەك چوڭ بولۇپ، ئاغزى ۋە ئېڭىكىگىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن ئىكەن، بېشى مورىسىگە كىرىپ كەتكەچكە، بويىنى

پۈتتۈنلەي يوق بولۇپ كەتكەن ئىكەن، ئوك-سولغا بۇرۇلۇشتىمۇ ناھايىتى قىينىلىدىكەن. ئۇنىڭ بويى يەنىلا يەتتە يىل ئىلگىرى ئون ئىككى ياش چېغىدىكىدەكلا ئىكەن؛ باشقىلار ئون ئىككى ياشتىن يىگىرمە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بوي تارتقان بولسا، ئۇ توغرىسىغا ئۆسكەن ئىكەن، دۈمبىسى بىلەن كوكرىكى تومپىيىپ چىققان بولۇپ، ئىچىگە لىق نەرسە قاچىلانغان كىچىككىنە تاغار-دەك بولۇپ قالغان ئىكەن. بىلىنىڭ يۇقۇرىسى شۇنداق يوغان ئىكەنۇ، پۇتلىرى تەمەچتەك ئىكەن، قارىسا پۇتلىرى ھازىرلا ئېگىلىپ سۇنۇپ كېتىدىغاندەكلا كورۇنىدىكەن. بىلەكلىرى ناھايىتى يوغان بولۇپ، خۇددى چوڭلارنىڭ بىلەكلىرىدەك ساغلام تۇرىدىكەن. ساغۇچ قوللىرى بەك يىرىك بولۇپ، بارماقلىرى ئومچۇك پۇتلىرىدەك ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە ئىكەن، ئېگىشىسىمۇ قولى يەرگە يېتىدىكەن. ياگو مانا شۇنداق قىياپەتكە كىرىپ قېلىپ، غەلىتە بىر پاپىغا ئايلىنىپ قالغان ئىكەن.

ئەمدى ياگو قېرى خوتۇن ئانىسىنىڭ سۇۋتى يېنىغا كەلگەن ئاشۇ ئەتىگەننى يەنە ئېسىگە ئاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ قېرى خوتۇننى ئۇزۇن بۇرۇن، مەينەت قول دەپ تىللىغان، قېرى خوتۇن لىڭشىپ تۇرغان ئۇزۇن بويىننى ئېلىپ قالغاندىن باشقا، قالغان-نىڭ ھەممىسىنى ياگوغا تېكىپتۇ.

—ھە، ئەمدى قانغانسىز شاھزادەم!—دەپتۇ ساتراچ ياگو-نىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ،—راست ئېيتىمەن، سىزدەك كۈلكىلىك ئادەمنى كىشى چۈشىدىمۇ كورەلمەيدۇ.

سىزگە بىر تەكلىپ بەرگىم بار، پەتەك بالا. مېنىڭ ساتىراچىخا-نامدا خېرىدار ناھايىتى كوپ بولسىمۇ، لېكىن ساتىراچ خوشئام شوم قەيەردىندۇ بىر گىگانت ئادەم تېپىپ كېلىپ، خېرىدارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغاچقا، يېقىندىن بۇيان كېلىدىغان خېرىدارلار مولچىرىمدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ. قاراڭ، بىر گىگانت ئادەمگە ئايلىنىش ھېچقانداق ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، ئەمما سىزدەك پاكار بولۇش ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس. مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئىشلەڭ، پايىجان، تۇرالغۇڭىزمۇ، يېيىش-ئىچىشىڭىزمۇ، كىيىم-كېچەكلىرىڭىزمۇ مەندىن بولىدۇ، ھەممىسىنى مەن تەمىنلەيمەن، ھەر كۈنى ئەتىگەندە دۇكاننىڭ ئالدىدا تۇرۇپ خېرىدارلارنى چاقىرىسىز، سوپۇن سۇرتۇپ بەرسىڭىز، مېھمانلارغا لوڭگە ئېلىپ بەرسىڭىزلا بولدى، بۇنداق قىلسىڭىز ئىككىلىمىزگە پايدىسى بولىدۇ. ماڭا كېلىدىغان خېرىدار چوقۇم ھېلىقى ساتىراچىنىڭ ۋە ئۇنىڭ گىگانت ئادىمىنىڭ خېرىدارىدىن كوپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە خېرىدارلار سىزگە ئاتاپ بىرئاز ھاراق پۇلى قوشۇپ بېرىشىمۇ مۇمكىن.

پاپا بۇ ساتىراچىنىڭ ماڭا ئىشلان بولۇپ بەرگىن دىگەن تەكلىپىنى قويغانلىقىغا ئىچىدە قاتتىق ئاچچىقلىنىپتۇ. ئەمما بۇنداق خورلۇققا ئۇنىڭ سەۋرى قىلماسلىققا نىمە ئامالى بار؟ شۇڭا ئۇ تەمكىنلىك بىلەن ساتىراچىقا بۇنداق ئىشنى قىلىشقا چولام تەگمەيدۇ دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ-دە، ئوز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ھېلىقى زەھەر خالتىسى قاقۋاش خوتۇن ياگوننىڭ بەدەن

تۈزۈلۈشنى ئۆزگەرتىپ كىچىكلىتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ روھىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەپتۇ، بۇنىسى ياگونىڭ ئۆزىگىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئىكەن؛ چۈنكى ئۇنىڭ پىكىر قىلىشى ۋە ھېسسىياتى يەتتە يىلدىن بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن؛ ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە تېخىمۇ زىرەك، تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن؛ ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل چىرايىدىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن، سەت بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ئىشىكىدىن قوغلاندى قىلىنغان لالما ئىتتەك ھەيدەپ چىقىرىلغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىپتۇ. شۇڭا ئۇ يەنە ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ.

ياگو بازارغا كېلىپ ئانىسىنى تېپىپتۇ، ئانىسىدىن سوزىنى زېرىكمەي-تېرىكمەي ئاڭلاشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ قايسى كۈنى قاقۋاش خوتۇن بىلەن كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بالىلىق چېغىدىكى ھەر بىر ئىشىنى سوزلەپ بېرىپتۇ، ئۆزىنىڭ جادۇگەر خوتۇننىڭ قول ئاستىدا قانداق قىلىپ يەتتە يىل تىيىن بولغانلىقىنى، ئۇنى تىللىغانلىقى ئۈچۈن، جادۇگەر خوتۇننىڭ ئۆزىنىڭ چىراي-شەكلىنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. موزدوزنىڭ خوتۇنى نىمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. بالىنىڭ بالىلىق چېغىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئېيتقانلىرى راست ئىكەن؛ لېكىن يەتتە يىل تىيىن بولغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئانىسى:

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، جادۇگەر خوتۇن دىگەنمۇ مەۋجۇت ئەمەس، — دەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانىسى بۇ سەت پاپىنى كورۇپلا ئۇنىڭدىن بەك يىرگىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەپتۇ. ئاخىر ئۇ ئېرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باققىنىم تۇزۇك دىگەن خىيال بىلەن، سىۋەتىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپتۇ-دە، ياگونى ئەگەشتۇرۇپ مىڭىپتۇ. ئۇلار موزدوزنىڭ دۇكىنىغا كەپتۇ.

— قارىسىلا، — دەپتۇ ئانىسى موزدوزغا، — بۇ ئادەم: مەن سىلەرنىڭ يۇتۇپ كەتكەن ئوغلۇڭلار ياگو بولىمەن دەيدۇ. ئۇ ماڭا بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى قېرى قاقۋاشنىڭ قانداقىسىگە ئالداپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، قانداق سېھىر قىلغانلىقىنى سوزلەپ بەردى.

— شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ موزدوز غەزەپ بىلەن خوتۇنىنىڭ سوزىنى بولۇپ، — ئۇ ساڭا ئاشۇنداق دىدىمۇ تېخى؟ خەپ توختاپتۇر ھارىمى! مەن بۇ گەپلەرنى بىر سائەت بۇرۇن ئۇنىڭغا دەپ بەرسەم، ئۇنىڭ دەرھال بېرىپ سېنى زاڭلىق قىلغىنىنى! سېنى سېھىر قىلىپ مۇشۇنداق قىلىپ قويىدىما ئوغلۇم؟ خوپ، ئۇنداق بولسا، مەن سېنى ئەسلى ھالىتىڭگە كەلتۇرۇپ قوياي.

شۇنداق قىلىپ موزدوز ئەمدىلا تىلىپ قويغان بىر باغ تاسمىنى ئېلىپ، پاپىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپتۇ-دە، ئۇنىڭ تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان دۇمبىسىگە ۋە ئۇزۇن بىلىكىگە تاسما

بىلەن ساپتۇ، تېنى ئاغرىغان پاپا ۋاقىراپ كېتىپتۇ ۋە يىغلاپ-قاخشاپ قېچىپتۇ.

ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىغى توت دىگەندەك، بۇ شەھەردە بەختسىز، شۇنداقلا تۇرقى غەلىتە ۋە كۇلكىلىك بۇ بالىغا ياردەم قىلىشنى خالايدىغان بىرەر مېھرى-شەپقەتلىك كىشى چىقماپتۇ. شۇ سەۋەپتىن بەختسىز پاپا كۆن بويى ئاچ يۇرۇپتۇ، كېچىسى چېركاۋ ئالدىدىكى ھەم قاتتىق، ھەم سوغاق پەلەمپەي ئۇستىدە يېتىپ تاڭ ئاتقۇزۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئەمدى كوتىرىلگەن قۇياش ئۇنى ئويغىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ مۇنۇلارنى جىددى ئويلاپتۇ: ئاتا-ئانام مېنى تونۇمىدى، ئەمدى قانداق قىلىپ كۆن كەچۇرەرمەن؟ غۇرۇرۇمنى يوقىتىپ، بىر ساتراچقا ۋىۋىسكا بولۇپ يۇرمەيمەن، بىرنەچچە يارماق پۇل ئۇچۇن بىرسىگە ياللىنىپ ھەزىلكەش بولمايمەن. ئەمىسە نىمە قىلسام بولىدۇ؟ بۇ چاغدا ئۇ ئوزىنىڭ تىيىن بولغان چاغدا ئاشپەزلىكنى خېلى ئوبدان ئۇگەنگەنلىگىنى بىردىنلا ئېسىگە ئاپتۇ، ئۇ بىرەر ئاشخانىغا بارسام ئىشقا ئالىدىغانلىغىدا گەپ يوق دىگەن ئىشەنچكە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىشنى قارار قىپتۇ.

ئەتراپ يورۇپ، كوچىدا ئادەم كوپىيىشكە باشلاپتۇ، ئۇ ئالدى بىلەن چېركاۋغا كىرىپ، بامدات ئىبادىتىنى قىلىپ بولۇپ ئاندىن يولغا چىقىپتۇ. بۇ يەردىكى غوجا بىر كىنەز بولۇپ، ئاتاقلىق ئاچكوز ئىكەن، ياخشى تائاملارغا ئامراق ئىكەن، دۇنيا-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ھەممە يېرىدە ئاشپەز ئىزدەپ يۈرۈپتىكەن. پاپا غوجىنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ دەرۋازىغا كەلگەندە، دەرۋازىۋەن ئۇنىڭدىن نىمىگە كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپتۇ. پاپا ئاشپەز ئۇستام بىلەن كورۇشۇشنى تەلەپ قىپتۇ. دەرۋازىۋەنلەر قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۇنى باشلاپ ھويلىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى يەردە مالاي ـ چاكارلارنىڭ ھەممىسى قەدەملىرىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان ھەر خىل مالاي ـ چاكارلار بارا ـ بارا كوپىيىپ بىر تالاي بوپتۇ، ئۇلارمۇ ئوردىنىڭ پەلەمپىيىگە قاراپ كېلىشىپتۇ. ئات باقار قولىدىكى تاغاقنى تاشلاپتۇ. چاكارلار ئۇ يان ـ بۇ يان پايپاسلاپ كېتىپتۇ، گىلەم سالغۇچىلار گىلەمنى قېقىشنى ئۇنتۇپتۇ، گويا دۈشمەن كېلىپ قالغاندەك، بىر بىرىنى ئىتتىرىشىپ، پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ، ھەممىسى "پاپا كەلدى، پاپا، ئاۋۇ پاپىنى كوردۇڭلارمۇ؟" دەپ ئۇنىنىڭ بىرىچە ۋاقىرىشىپتۇ.

ساراي مۇپەتتىشى تېلەتىنى يۈرۈشتۈرۈپ، قولىغا يوغان قامچا ئالغان پېتى ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرەپ كەپتۇ:

— ھەي بېشىنى يەيدىغانلار، نىمە ئانچە ۋاقىرىشىسەن؟ كىنەز غوجامنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلىشمەمسەن؟ — دەپتۇ، — دە، قامچىسىنى ئوينىتىپ، زەردە بىلەن بىرنەچچە ئات باقار ۋە دەرۋازىۋەننى قامچىلاپتۇ.

— ھەي، غوجام، — دەپتۇ ئۇلار، — كورمىدىڭىزمۇ؟ بىز

بىر پەتەكنى، پاپىنى باشلاپ كەلدۇق، بۇنداق پاپىنى تېخى كورۇپ باقمىغان بولغىدىلە.

پاپىنى كورگەن ساراي مۇپەتتىشىنىڭ كۇلگۇسى كەپتۇ، ئەمما ئۇ كۇلۇپ سالسام ئابروييۇمغا تەسىر يېتىدۇ دەپ ئاران تەسلىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۇلكىسىنى تېشىغا چىقارماپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ قامچىسىنى دېۋەيلەپ يۇرۇپ باشقىلارنى ھەيدىۋېتىپ، پاپىنى سارايغا باشلاپ كىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نىمە ئىشى بارلىغىنى سوراپتۇ. ئۇ ئاشپەز ئۇستام بىلەن كورۇشمەن دىگەننى ئاڭلاپ:

— ياق، خاتا قىلدىڭ، بالام! سەن مېنىڭ بىلەن، يەنى ساراي مۇپەتتىشى بولغان مەن بىلەن كورۇشۇشىڭ كېرەك؛ سەن كىنەز غوجامغا كىچىك مالاي بولماقچىمۇ؟ — دەپتۇ.

— ياق، غوجام! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پاپا، — مەن ناھايىتى ئۇستا ئاشپەز، ھەر خىل ئىسىل تائاملارنى ئېتەلەيمەن؛ مېنى ئۇستام بىلەن كورۇشتۇرۇپ قويسىلا؛ ئېھتىمال، مېنىڭ ھۇنىرىم ئۇنىڭغا يېقىپ قالار.

— ئىختىيار ئۇزەڭدە، پاپىجان؛ راستلا ئىش كورمىگەن بىر بالا ئىكەنسەن. قېنى ئاشخانىغا ماڭغىن! كىچىك مالاي بولساڭ ھىچ ئىش قىلمايسەن، قوساق تويغۇدەك يەيسەن، ئىچىسەن، ئۇچاڭغا چىرايلىق كىيىم كىيىسەن. ئەمما، ئاشپەزلىك ھۇنىرىڭ كىنەز غوجامنىڭ ئاشپىزى بولۇشقا تېگىشلىك سەۋىيىدىمۇ، ئەمەسمۇ، بۇنى كېيىن كورىمىز تېخى. ئاشپەزگە ياردەمچى

بولساڭ ساڭا ئۇۋال بولۇپ قالارمىكىن، — مۇپەتتىش شۇنداق دەپتۇ-دە، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئاشپەز ئۇستامنىڭ ئۇيىگە باشلاپ مېڭىپتۇ.

— غوجام! — دەپتۇ پاپا بېشى يەرگە يەتكۇدەك ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇرنى گىلەمگە تېگىپتۇ — سىزگە ئۇستا ئاشپەز لازىممۇ؟

ئاشپەز ئۇستام ئۇنىڭ باش-ئايىغىغا بىر قاراپ چىقىپ، ئارقىدىن ئۇنلۇك كۇلۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— نىمە......سەن ئاشپەزمۇ؟ سەنزە بىزنىڭ ئوچىغىمىزنى شۇ قەدەر پاكار چاغلاپسەن-دە، تازا بويۇنداپ قارىسام قازاننى كو-رەلەيمەن دەپ ئويلاپسەن-دە؟ هەي، پاپىجان! سېنى بۇ يەرگە ئاشپەزلىككە تونۇشتۇرغان ئادەم سېنى كولدۇرلىتىپ ئەخمەق قىپتۇ.

ئاشپەز ئۇستام بۇ گەپلەردىن كېيىن تولا كۇلۇپ ئىككى مۇك بولۇپ قاپتۇ، ساراي مۇپەتتىشى ۋە ئويىدىكى چاكارلارمۇ كۇلۇشۇپ كېتىپتۇ.

پاپا تەمكىن تۇرۇپتۇ.

— بىر-ئىككى تۇخۇم، ئازراق شەرۋەت ۋە هاراق، ئۇن ۋە دورا-دەرمەك بۇ ئائىلە ئۇچۇن هېچ گەپ ئەمەسقۇ دەيمەن؟ بۇنداق نەرسىلەر سىلەردە تولا، — دەپتۇ پاپا، — مەن بىرەر خىل مېزىلىك تائام ئېتىپ باقاي، ماڭا ئازراق زورۇر نەرسە بەرسىڭىزلا، مەن سىزگە كورسىتىپ تۇرۇپ ناهايىتى تېزلا

تەييارلاپ چىقىمەن، ئۇ چاغدا سىز چوقۇم "بۇ يارايدىغان ئاشپەز ئىكەن!" دەپ قالىسىز.

پەتەك بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا كىچىك كوزلىرىدىن نۇر چاقناپتۇ، ئۇزۇن بۇرنى پۇلاڭلاپتۇ، سوزلەۋېتىپ ئومچۇكنىڭ پۇتىدەك ئىنچىكە قوللىرى بىلەن ئىشارەت قىپتۇ، ئۇنىڭ تۇرقى ئاجايىپ قىزىق ئىكەن.

— ماقۇل! — دەپتۇ ئاشپەز ئۇستام ساراي مۇپەتتىشىنىڭ قو-لىدىن تۇتۇپ، — بوپتۇ، چاخچاق ئورنىدا بولسۇن؛ بىللە ئاشخا-نىغا بارايلى.

ئۇلار نۇرغۇن ئوي-خانا ۋە دالان-كارىدورلاردىن ئوتۇپ، ئاشخانىغا كەپتۇ. ئاشخانا ناھايىتى چوڭ بىر ئېغىز ئوي بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق سەرامجانلاشتۇرۇلغان ئىكەن؛ يىگىرمە ئوچاقتا ئوت لاۋۇلداپ كويۇۋاتقان ئىكەن، سۇپ-سۇزۇك بۇلاق سۇيى ئاشخانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئوتىدىكەن، بۇ بۇلاق سۇيىدە بېلىقمۇ بېقىلىدىكەن. ئىچىگە دائىم تەييارلاپ قويۇشقا تېگىشلىك ھەر خىل يېمەكلىكلەر تىزىپ قويۇلغان ئىشكاپ-جاۋەنلەر مەرمەردىن ۋە ئىسىل ياغاچلاردىن ياسالغان ئىكەن. ئاشخانىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئون ئېغىز ئوي بار بولۇپ، ھەممىسىدە ھەر خىل يېمەكلىك بار ئىكەن، بۇ يەردە فرانكونىيە-نىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە ھەتتا شەرقتە ئەڭ داڭلىق، مېزىلىك دەپ سانالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. ئاشپەزلەر قول-قولىغا تەگمەي ئىشلىمەكتە ئىكەن، چىنە-قاچا، قازان-

قومۇشلارنىڭ تاراڭ-تۇرۇڭ، جاراڭ-جۇرۇڭلىرى ئاڭلانماقتا ئىكەن. ئاشپەز ئۇستام ئاشخانىغا كىرىشىگىلا، ھەممەيلەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، پەقەت ئوچاقتىكى ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان، بولاقتىكى سۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئىكەن.

— كىنەز غوجام بۈگۈن نېمە ناشتىلىق بۇيرۇپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاشپەز ئۇستام بىر پېشقەدەم ئاشپەز — بىرىنچى ناشتىلىق تائام ئۇستىسىدىن.

— غوجام! ئۇ دانىيە شورپىسى بىلەن ھامبۇرگ كاتلېتكىسى بۇيرۇپتۇ.

— ياخشى، — دەپتۇ ئاشپەز ئۇستام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كىنەز غوجامنىڭ نېمە يەيدىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ بۇ ئىككى خىل تەس تائامنى ئېتەلەمسەن؟ سەن ھامبۇرگ كاتلېتكىسىنى ھەرگىز ئېتەلمەيسەن، بۇ بىر خىل مەخپىي ھۈنەر.

— بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىش يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەتەك ئۇلار كۈتمىگەن يەردىن، ئۇ تېيىن بولۇپ يۈرگەن چاغدا بۇ ئىككى خىل تائامنى دائىم ئەتكەن ئىكەن، — بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىش يوق، ماڭا پالانى-پۇستانى كۆكتات، پالانى-پۇستانى دورا-دەرمەك، قاۋان مېيى، ياڭيۇ ۋە تۇخۇم بېرىڭلار، سىلەر دېگەن نەرسىلەرنى ئېتىپ بېرەي، — ئاندىن ئۇ ئاشپەز ئۇستام بىلەن ناشتىلىق تائام ئۇستىسىلا ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋاز بىلەن، — كاتلېتكىغا تۆت خىل گۆش، ئازراق ھاراق، ئۆدەك مېيى، زەنجىۋىل ۋە ”تېيىنتقۇ“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل نەرسە

كىرەك، — دەپتۇ.
— بەللى! ۋاي بۇ قالتىس گەپقۇ! سەن بۇنى قايسى سېھىر-گەردىن ئۆگىنىۋالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇستام ھەيران بو-لۇپ، — تامامەن توغرا ئېيتتىڭ، ”تېتىتقۇ“ دىگەن نەرسىنى سېلىشنى بىزمۇ ئاڭلاپ باقمىغان، دىمىسىمۇ، ئۇنى سالسا كاتلېتكا تېخىمۇ مېزىلىك بولىدۇ. ھەقىقەتەن كارامەت ئاشپەز ئىكەنسەن!
— بۇنىڭ بۇنداق ھۈنىرى بارلىغىنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، — دەپتۇ ئاشپەز ئۇستام، — ئەمما ئۇنى ھەر ھالدا سىناپ باققىنىمىز تۈزۈك. ئۇنىڭ دىگەن نەرسىلىرىنى، ئەسۋاپلارنى ۋە ھەر خىل نەرسىلەرنى بېرىڭلار، ئۇ ناشتىلىق ئېتىپ بەرسۇن.
ئاشپەزلەر ئۇستامنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، ھەر خىل نەرسىلەرنى ئوچاق بېشىغا ئەكەپ قويۇپتۇ؛ بىراق پاپىنىڭ بويى ئوچاققا يەتمەپتۇ، ھەتتا بۇرنىنى سوزۇپمۇ يەتكۈزەلمەپتۇ. شۇڭا ئۇلار پاپىغا ئىككى ئورۇندۇقنى قاتار قويۇپ، توپىسىگە بىر مەرمەر تاختا قويۇپ بېرىپتۇ. ئاشپەز، ئاشخانا خىزمەتچى-لىرى ۋە چاكارلار ئۇنىڭ چۆرىسىدە قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ھۈنىرىنىڭ شۇ قەدەر كامالىغا يەتكەنلىگىدىن، ھەركىتى-نىڭ شۇ قەدەر چەبدەس، چاققان ئىكەنلىگىدىن ھەيران بولۇ-شۇپتۇ. ئۇ دورا-دەرمەكلەرنى تەگشەپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قازاننى ئوچاققا قويۇپ قاينىتىڭلار، مەن قازاننى چۈشۈر

دىسگەنىدە، چۇشۇرۇڭلار دەپ بۇيرۇپتۇ. ئارقىسىدىن ئۇ بىر، ئىككى، ئۈچ.....دەپ ساناپتۇ. ساناپ بەش يۈزگە كەلگەندە، "پىشتى!" دەپتۇ-دە، تۇۋاقنى ئېچىپتۇ، ئاندىن ئاشپەز ئۇستامنى تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

ئاشپەز بىر ئاشخانا خىزمەتچىسىگە ئالتۇن قوشۇق ئەكەلدۇ-رۇپ، ئۇنى بۇلاق سۈيىدە پاكىز يۇيۇپ ئاشپەز ئۇستامغا بېرىپتۇ. ئاشپەز ئۇستام ئالچاڭلاپ ئوچاق بېشىغا كېلىپ، شورپىدىن بىر قوشۇق تېتىپتۇ-دە، ھوزۇر قىلىپ تامشىپ كېتىپتۇ ۋە:

— كارامەت ئوخشاپتۇ، مەن كىنەز غوجامنىڭ نامىدىن قەسەم بېرىمەنكى، كارامەت ئوخشاپتۇ! سىزمۇ تېتىپ باقامسىز، مۇپەتتىش! — دەپتۇ. ساراي مۇپەتتىشى تازىم قىلىپ، ئالتۇن قوشۇقنى ئېلىپ تېتىپ بېقىپتۇ، مىزىلىكلىكىدىن ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ.

— سىزنىڭ ھۈنىرىڭىزگە ھەممە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، سويۇملۇك ناشتىلىق تائام ئۇستىسى، سىز تەجرىبىلىك ئاشپەز، لېكىن ئەزەلدىن بۇنداق ئوبدان شورپا ياكى ھامبۇرگ كاتلېتكىسى ئېتىپ باققان ئەمەسسىز! — دەپتۇ ساراي مۇپەتتىشى. ئەمدى ناشتىلىق تائام ئۇستىسىمۇ تېتىپ بېقىپ، قايىل بولۇپ ئۇنىڭغا قول قويۇپتۇ، ئۇ پاپىنىڭ قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ:

— ھەي بالا! سەن راستلا تائام ئېتىشكە ئۇستىكەنسەن. "تېتىقۇ"دىن ئازراق سېلىپلا ئاجايىپ تەم كىرگۈزۈۋېتىپ-سەن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا كىنەزنىڭ ياساۋۇلى ئاشخانىغا كىرىپ كوپچىلىككە كىنەز غوجام ناشتىلىق ئەكەلسۇن دەيدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئىككى خىل تائامنى كۇمۇش تەخسىگە سېلىپ كىنەزگە كىرگۇزۇپتۇ. ئاشپەز ئۇستام پاپىنى ئوز ھوجرىسىغا باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ پارىڭى «ئەيسا ئاتا كالامى»نىڭ («ئەيسا ئاتا كالامى» فرانكلارنىڭ ئىبادەت قىلغاندا ئوقۇيدىغان كالامى بولۇپ، ئىنجىلنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ) تېگىنى ئوقۇپ بولغىچىلىق ۋاقىتمۇ داۋاملاشمايلا①، بىر چاپارمەن كېلىپ، كىنەز چاقىرىۋاتىدۇ دەپ ئاشپەز ئۇستامنى چاقىرىپتۇ. ئاشپەز ئۇستام دەرھال كىيىمنى كىيىپ، چاپارمەن بىلەن كېتىپتۇ.

كىنەزنىڭ ناھايىتى خوشال بولغانلىغى تۇرقىدىن چىقىپ تۇرغان ئىكەن. ئاشپەز ئۇستام كىرگەندە، كىنەز كۇمۇش تەخسىدىكى نەرسىلەرنى يەپ تۇگىتىپ، ساقىلىنى سۇرتىۋاتقان ئىكەن.

— قارا، ئاشپەز ئۇستام! — دەپتۇ كىنەز، — مەن ئاشپەزلىرىڭدىن ئەزەلدىن ناھايىتى رازى؛ ئەمما بۇگۇنكى ناشتىلىقنى كىم ئەتكەنلىگىنى دەپ بەرگىنچۇ. مەن دادامنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن بۇيان، بۇنداق مېزىلىك ناشتىلىق يەپ

① ئارىدىن ئۇزاق ئوتمەيلا دىمەكچى. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

باقمىغان ئىدىم. ئېيتقىنا، بۇ ئاشپەزنىڭ ئىسمى نېمە، مەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە دۇكاتىن① مۇكاپات بېرىمەن.

— كىنەز غوجام! كورمەملا ئىشىنىڭ قىزىقلىقىنى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاشپەز ئۇستام ۋە ئەتىگەندە بىرسىنىڭ بىر پاپىنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى، پاپىنىڭ ئاشپەز بولىمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى كىنەزگە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. كىنەز ھەيران بولۇپ، پاپىنى ئالدىغا چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ كىم بولىدىغانلىقىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ سوراپتۇ. بىچارە ياگو ئۆزىنىڭ سېھىر قىلىنىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇلغانلىقىنى، بىر مەھەل باشقىلارغا تېيىن بولغانلىقىنى دېمەيدۇ-دە، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىز قالغانلىقىنى، بىر موماينىڭكىدە ئاشپەزلىكنى ئۆگەنگەنلىكىنى راستى بىلەن ئېيتىپ بېرىپتۇ. كىنەز ئىچكىرىلەپ سوراپ ئولتۇرماپتۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېڭى ئاشپىزىنىڭ غەلىتە چىراي-شەكلى بەك قىزىق تۇيۇلۇپتۇ.

— ئەگەر بۇ يەردە قېلىشنى خالىساڭ، — دەپتۇ كىنەز، — ساڭا يىلىغا ئەللىك دۇكاتىن پۇل، بىر قۇر كىيىم بېرىمەن، بۇنىڭغا بىر كالتە ئىشتان قوشۇپمۇ بېرىمەن. بىراق ھەر كۈنى ماڭا ئۆز قولۇڭ بىلەن ناشتىلىق ئېتىپ بېرىشىڭ، چۈشلۈك

---

① دۇكاتىن — پۇل نامى. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تائامنى قانداق ئېتىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشىڭ ھەمدە مېنىڭ يېمەك-ئىچمىكىمگە پۈتۈنلەي مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەك. سارايدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئىسمىنى مەن قويىغان، بۈنىڭدىن كېيىن مەن سېنى "ئۇزۇن بۇرۇن" دەپ ئاتايمەن، ساڭا 2-دەرىجىلىك ئاشپەز دىگەن شەرەپلىك نام بېرىمەن.

"ئۇزۇن بۇرۇن" پاپا ئۇلۇغ فرانكونىيە كىنىزىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇنىڭ پۈتىنى سويۇپتۇ، ئۇنىڭ سادىق چاكىرى بولۇشقا ماقۇل بوپتۇ.

تۇرمۇشى ئەمدى تۈنجى قېتىم كاپالەتكە ئىگە بولغان پاپا ئىشنى كارامەت ياخشى قىپتۇ. "ئۇزۇن بۇرۇن" پاپا كىنەزنىڭ-كىدە ئاشپەز بولغاندىن كېيىن، كىنەز ئۆزگىرىپ باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ. بۇرۇن ئاشپەزلەر ئۇنىڭ ئالدىغا بىر نەرسە ئەكەلگەندە، ئۇ ھەمىشە چىنە-قاچىلارنى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئاتىدىكەن، بىر كۈنى كالا پاقالچىقى ئوبدان پىشمىغان-لىقى ئۈچۈن ئۇ خاپا بولۇپ، ھەتتا كالا پاقالچىقى بىلەن ئاشپەز ئۇستامنىڭ كاللىسىغا قاتتىق ئۇرغان، ئاشپەز ئۇستام شۇ زاماتلا يىقىلىپ چۈشۈپ، ئۈچ كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىكەن. كىنەز ئۆزىنىڭ خاپا بولغاندا قىلغان ئىشلىرىنى بىر-نەچچە ئوچۇم دۇكاتىن پۇل بېرىش بىلەن سالاۋات قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ كەلگەندە قورقۇپ دىر-دىر تىترىمەيدىغان بىرمۇ ئاشپەز يوق ئىكەن. پاپا ئوردىغا كەلگەندىن بۇيان، سېھرى ئىشلىتىپ ئۆزگەرتىۋەتكەندەك،

www.uyghurkitap.com

كىنەز پۇتۇنلەي باشقىچە ئادەم بولۇپ قاپتۇ. كىنەز غوجام بۇرۇن كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماق يىسە، ئەمدى بەش ۋاخ تاماق يەيدىغان، ئۆزىنىڭ پاكار چاكىرىنىڭ تائام ئېتىش ھۈنىرىدىن پۇخادىن چىققىچە بەھرىمەن بولىدىغان بوپتۇ، تەرىنى پۇرۇش-تۇرمەيدىغان، قاپىغىنى تۇرمەيدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭغا ھەر بىر خىل تائام تاتلىق-مېزىلىك تېتىيدىغان بوپتۇ، مىجەزىمۇ خۇشخۇي، مۇلايىم بولۇپ، كۈندىن-كۈنگە سەمرىشكە باشلاپتۇ.

كىنەز تاماق ۋاقتىدا كوپىنچە، ئاشپەز ئۇستام بىلەن "ئۇزۇن بۇرۇن" پاپىنى چاقىرتىپ كېلىپ، بىرىنى ئۇڭ تەرىپىگە، بىرىنى سول تەرىپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئەڭ ئېسىل تائاملارنى ئۆز قولى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويىدىكەن. بۇنداق ھەممەتكە ئېرىشكەن ئاشپەز ئۇستام بىلەن "ئۇزۇن بۇرۇن" پاپا بۇنداق ئىلتىپاتنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، پاپىنىڭ نامى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. بەزىلەر پاپىنىڭ ئاشپەزلىك ھۈنىرىنى كورۇپ باقساق دەپ ئارقا-ئارقىدىن ئاشپەز ئۇستامغا ئىلتىماس قىپتۇ. بىرنەچچە ئابرويلۇق كىشى ھەتتا ئۆز ئاشپەزلىرىنىڭ پاپىدىن ئۆگىنىشى توغرىسىدا كىنەزدىن رۇخسەت ئاپتۇ. ھەر بىر كىشى كۈنىگە يېرىم دۇكاتىندىن ھەق بەرگەچكە، پاپا نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ. باشقا ئاشپەزلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇش، ئۇلاردا كورەلمەسلىك كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، "ئۇزۇن بۇرۇن" پاپا غوجاملار ئۆز ئاشپەزلىرى ئۈچۈن تولىگەن

ھەقنى ئۇلارغا ئوز مەيلىچە خەجلەشكە بېرىدىكەن.
“ئۇزۇن بۇرۇن” پاپا ئىككى يىلغا يېقىن ئاشپەزلىك قىلغاندىن كېيىن تۇرمۇشى ناھايىتى باياشات ئوتۇپتۇ، نام-ئاتىغىمۇ چىقىپتۇ، بىراق ئۇ ئاتا-ئانىسىنى ئويلىسا، كوڭلى بەك يېرىم بولىدىكەن. ئۇ تاكى توۋەندىكى ۋەقە يۈز بەرگىچە، خاتىرىسىدە قالغۇدەك ھېچقانداق ئىش ئوتۇلمەي ئوبدان كۇن كەچۇرۇپتۇ. “ئۇزۇن بۇرۇن”پاپا نەرسە-كېرەك ئالغاندا بەك چىچەن، بەك تەلەيلىك ئىكەن، شۇڭا ۋاقىت يار بەرسىلا، ئۇ ھامان ئوزى بازارغا بېرىپ توخۇ، ئوردەك، ئوتياش، يەل-يېمىش قاتارلىق نەرسە-لەرنى ئوزى ئەكىلىدىكەن. كىنەز غوجام غاز گوشىگە بەك ئامراق ئىكەن، بىر كۇنى ئەتىگەندە، پاپا غاز بازىرىغا كېلىپ سېمىز-يوغان غازلاردىن سېتىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ ياخشىسىنى تاللايمەن دەپ، بازارنى نەچچە مەرتەم ئارىلاپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ سەت قىياپىتىنى كورگەن كىشىلەر ئۇنى پەقەت مەس-خىرە-شاكىخو قىلماپتۇ، ئەكسىچە، ئۇنى كىنەزنىڭ ئاشپىزى دەپ ھورمەتلەپتۇ. ئۇ بۇرنىنى غاز ساتقۇچى ئايالغا قاراتسىمۇ، بۇ ئايال ئامىتىم كەلدى دەپ ھىس قىلىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.
كوچىنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان ئېلىپ-ساتارلار قاتارىنىڭ ئەڭ بېشىدىكى غاز ساتقۇچى ئايال بىردىنلا پاپىنىڭ كوزىگە چېلىقىپتۇ. لېكىن بۇ ئايال باشقىلاردەك مېلىنى داڭلاپ ۋاقىرى-مايدىكەن. پاپا بۇ ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ غازلىرىنى ئوبدان كورۇپ چىقىپتۇ ۋە دەڭسەپ بېقىپتۇ، بۇ غازلار ئۇنىڭ

كۆڭلىدىكىدەك چىقىپتۇ. ئۇ ئۈچ غازنى سېۋىتى بىلەن قوشۇپ سېتىۋاپتۇ-دە، سېۋەتنى كەڭ مۈرىسىگە ئېلىپ، ئوردىغا قاراپ يول ئاپتۇ. پاپا ئۈچ غازدىن ئىككىسىنىڭ غازدەك غاقىلدىغانلىغى، ئۈچىنچىسىنىڭ سېۋەتتە جىم ياتقانلىغىغا، پەقەت ئادەمگە ئوخشاش ئاھ ئۇرغانلىغىغا بەك ھەيران بوپتۇ. ”بۇ غازنىڭ كېسىلى بار ئوخشايدۇ“ دەپتۇ ئۆزىگە ئۆزى، ”مەن تېزرەك بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، قازانغا تىقسام بولغۇدەك.“ لېكىن بۇ غاز ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

ئۆلتۈرمەك بولساڭ مېنى،
چىشلەيمەن شۇئان سېنى.
بوغماق بولساڭ بوينۇمدىن،
ئايرىلىسەن جېنىڭدىن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ”ئۇزۇن بۇرۇن“ پاپا قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، سېۋەتنى دەرھال يەرگە قويۇپتۇ. بۇ غاز يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، يەنە بىر ئۇھ تارتىپتۇ.

— خۇدايا توۋا! — دەپ توۋلۇۋېتىپتۇ پاپا، — غاز خېنىم! سىلە زۇۋان سۈرىدىغان غازكەنلىغۇ؟ بۇنداق ئىش چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىدى. ھە، قورقمىسىلا! مەن ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم، سىلىدەك ئاجايىپ جانىۋارغا زىيان يەتكۈزمەيمەن.

ئەمما مەن شۇنىڭغا قول باغلىشالايمەنكى، سىلە ھەرگىز ئەس-لىدىلا بۇنداق پەيلىرى بار غاز بولمىسىلا كېرەك. ئۆزەممۇ بىر چاغلاردا ئەرزىمەس تىيىن بولغان.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دەپتۇ غاز، — مەن مۇشۇنداق يىرگە-نىشلىك بىر قات تېرە بىلەن يارالغان ئەمەس. ھەي، ئۇلۇغ ۋىتبوكنىڭ قىزى مىمى ئۆز ھاياتىنى بىر كىنەزنىڭ ئاشخانىسىدا قۇربان قىلىدۇ دەپ ھەرگىز ئويلاپ باقماپتىكەنمەن!

— خاتىرجەم بولسىلا، سويۇملۇك مىمى خېنىم، — دەپتۇ پاپا ئۇنى بەزلەپ، — مەن بىر مومىن بەندە، جانابى كىنەزنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ئاشپىزى، ھېچكىم سىلىنى ئۇنداق-بۇنداق قىلالمايدۇ. مەن ئۆز ھوجرامدا سىلىگە بىر كاتەك جوندەپ بېرەي، شۇ يەردە تۇرسىلا، سىلىگە يېتەرلىك دان بېرىپ تۇرىمەن، بوش ۋاقىتلاردا سىلە بىلەن پاراڭلىشىمەن. مەن باشقا ئاشپەزلەرگە ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئالاھىدە كوكتات يوپۇرماقلىرى بىلەن كىنەزگە ئاتاپ بىر غاز بېقىۋاتىمەن دەيمەن. پۇرسەت بولسىلا، سىلىنى قويۇۋېتىمەن.

غاز كوزىگە ياش ئېلىپ پاپىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. پاپا ئۆز ۋەدىسىدە تۇرۇپتۇ، ئۇ ھىلىقى ئىككى غازنى سويۇپ، كىنەزگە ئاتاپ ئالاھىدە بېقىلغان غاز دىگەن بانا بىلەن، مىمىغا ئايرىم بىر كاتەك سېلىپ بېرىپتۇ. پاپا بۇ غازنى ئادەتتىكى دان بىلەن ئەمەس، بەلكى قازان نېنى ۋە كەمپىتلەر بىلەن باقىدىكەن. بوش ۋاقتى چىقسىلا، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

تەسەللى بېرىدىكەن. ئۇلار كەچۈرمىشلىرىنى بىر-بىرىگە دېيىشكەندىن كېيىنلا، پاپا بۇ غازنىڭ تارىخىنى بىلىپتۇ. ئەسلىدە بۇ غاز گوتلاند ئارىلىدىكى سېھىرگەر ۋىتبوكىنىڭ قىزى بولۇپ، ۋىتبوك بىلەن بىر قېرى جادۇگەر خوتۇن ئارىسىدا تالاش-تارتىش بولغان، بۇ جادۇگەر خوتۇن ھىلە-مىكىر ئىشلىتىپ ۋىتبوكنى يەڭگەن ئىكەن. جادۇگەر خوتۇن ئۇچىنى مىمىدىن ئېلىپ، ئۇنى بىر غازغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، يىراق يەرگە ئېلىپ كەتكەن، ئاندىن مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. "ئۇزۇن بۇرۇن" پاپا ئۆز كەچمىشلىرىنى مىمىغا سوزلەپ بەرگەندىن كېيىن، مىمى:

— مېنىڭمۇ سېھىرگەرلىكتىن بىر ئاز خەۋىرىم بار، دادام ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە ماڭا ۋە سىڭىللىرىمغا سېھىرگەرلىكنىڭ بەزىبىر دەسلەپكى ساۋاتلىرىنى ئۆگەتكەن. كوكتات سىۋىتى ھەققىدە بولغان ماجىراغا قارىغاندا، سەيىنى يۇرىغان چاغدا سىزدە بولغان تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە ۋە بايا سىز دىگەن مومايىنىڭ ئېيتقان سوزلىرىگە قارىغاندا، سىزنى كوكتاتقا ئەپسۇن ئوقۇپ باشقا تۇسكە كىرگۈزگەنلىكىنى كورۇۋېلىش مۇمكىن، دىمەك، ئەگەر جادۇگەر خوتۇن سىزگە ئەپسۇن ئوقۇشتا پايدىلانغان كوكتاتنى تاپساقلا، سىز ئەسلىڭىزگە كېلىسىز، — دەپتۇ.

بۇ سوزلەر بۇنداق كوكتاتنى نەدىن تاپاي، دەپ ئويلىغان پاپىغا ئانچە بەك تەسەللى بېرەلمەپتۇ. بىراق ئۇ يەنىلا ئۇنىڭغا

رەھمەت ئېيتىپتۇ ھەمدە پايدا ئازراق بولسىمۇ ئۈمىت پەيدا بوپتۇ.

بۇ چاغدا، خوشنا شەھەردىن بىر ماركىز (كىنەزنىڭ دوستى) كىنەزنى يوقلاپ كەلگەن ئىكەن. كىنەز ئوزىنىڭ "ئۈزۈن بۇرۇن" پاپا ئاشپىزىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى تاپىلاپتۇ:

— ئەمدى ئوزەڭنىڭ ماڭا سەممى-ساداقەت بىلەن ئىشلەيدىغان-ئىشلىمەيدىغانلىقىڭنى، ھۈنىرىڭنىڭ كامالەتكە يەتكەن-يەتمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ۋاقتىڭ كەلدى. ماڭا مېھمان بولۇپ كەلگەن بۇ ماركىز غوجام، مەندىن قالسا، تائامنىڭ ھەممىدىن ياخشىسىنى يەيدىغان ئادەم، ئاشپەزلەرنىڭ ھۈنىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىدىغان چىچەن ئادەم. سەن ھەر كۈنى تائامنى ئوبدان ئېتىشىڭ، چوقۇم ئۇنى بارغانسېرى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇشۇڭ كېرەك. ئۇ مېنىڭكىدە تۇرغان مەزگىلدە تەكرار سەي كەلتۈرۈلمىسۇن، تەكرار بولۇپ قالسا، مېنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمە. مۇشۇ تەلەۋىمنى ئورۇنلىساڭلا بولدى، لازىملىق نەرسىلەرنى، نېمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، غەزىنىچىدىن ئېلىۋەر، ئالتۇن ۋە ئالماسنى مايدا قورۇيمەن دېسەڭمۇ ئىختىيارىڭ. گاداي بولۇپ كەتسەم كېتەيكى، ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزۈمگە سەت بولىدىغان ئىش بولمىسۇن.

كىنەز سوزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. پاپا ئەدەپ بىلەن تازىم قىلىپ:

— چوقۇم سىزنىڭ تاپشۇرۇغىڭىز بويىچە ئىشلەيمەن، كىنەز غوجام! خۇدا بۇيرۇسا، بۇ رىزقلىق ماركىز غوجام چوقۇم ھەممە تائامدىن رازى بولىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پاپا ئۇزىنىڭ ھەممە ھۈنىرىنى كورسىتىپتۇ. ئۇ خوجايىنىنىڭ پۇلىنى ئايىماپتۇ، ئۇزىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئايىماپتۇ. ئۇ كۈن بويى ئىس-تۈتەك ئىچىدە ئىشلەيدىكەن، ئۇ ئاشخانىدا قوماندان بولغاچقا، ئاشخانا خىزمەتچىلىرىگە ۋە تووەن دەرىجىلىك ئاشپەزلەرگە بۇيرۇق بېرىپ ۋاقىراپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاشخانىنى بىر ئالىدىكەن.

ھېلىقى ماركىز كىنەزنىڭ ئوردىسىدا پۇخادىن چىققىچە يەپ-ئىچىپ ئون توت كۈن تۇرۇپتۇ. ئۇلار كۈنىگە كەم دىگەندە بەش ۋاخ تاماق يەيدىكەن، كىنەز پاپا ئاشپىزىنىڭ ھۈنىرىدىن بەك رازى بوپتۇ. چۈنكى ئۇ مېھمانىنىڭ تەرىدىن ئۇنىڭ قانائەتلەنگەنلىكىنى بىلگەن ئىكەن. كىنەز ئون بەشىنچى كۈنى پاپا ئاشپەزنى دەستۇرخان ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى ئۇزىنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولغان ماركىز بىلەن كورۇشتۇرۇپتۇ ھەمدە ماركىزدىن پاپىدىن رازى بولغان-بولمىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— سەن ھەقىقەتەن كارامەت ئاشپەز ئىكەنسەن، — دەپتۇ ناتونۇش ماركىز، — نىمىنىڭ مىزىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەنسەن. مەن بۇ يەردە شۇنچە ئۇزاق تۇردۇم، سەن بىرەر خىل سەينىمۇ تەكرار قورۇمىدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەيلەرنىڭ تەمى

ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ. ئەمما سەندىن بىر نەرسىنى سوراي: شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتقىچە نىمە ئۈچۈن تائاملارنىڭ خانىشى دەپ ئاتالغان سۇزلۇينا① گوشىنىي ئېتىپ بەرمەيسەن؟

پاپا قاتتىق چوچۇپتۇ. چۈنكى ئۇ بۇنداق گوشنان خانىشىنىڭ ئېتىنى پەقەت ئاڭلاپ باقماپتىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ تەمكىن ھالدا جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

— ھە، ماركىز غوجام! ئالدىرىمىسىلا، مەن سىلىنىڭ نۇرلىرى ئوردىنى ئۇزاقراق يورۇتۇپ تۇرسىكەن دىگەن ئارزۇدا بولغان-لىغىم ئۈچۈن بۇنداق تائامنى تېخى سىلىگە تەقدىم قىلمىدىم. بالدۇر تەقدىم قىلىۋەتسەم، خوشلىشىدىغان كۈنى سىلىنى تەبرىكلەيدىغان نەرسە بولماي قالىدۇ-دە، گوشنان خانىشىنى باشقا نەرسە سىلىنى مۇبارەكلەشكە قانداقمۇ باپ كەلسۇن!

— شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ كىنەز قاقاقلاپ كۈلۈپ، — چوقۇم مەن ئۇ ئالەمگە كەتكەن چاغدا ئاندىن تەبرىكلەيدىغان ئوخشاي-سەن، شۇنداقمۇ؟ چۈنكى ئەقەللىسى مەندەك ئادەمگىمۇ مۇشۇن-داق گوشناندىن بىرەر قېتىم ئېتىپ بەرمىدىڭ-دە! خوشلىششقا باشقا نەرسە ئويلاپ قويارسەن، بۇنداق گوشناننى ئەتە چوقۇم ئېتىپ دەستۇرخانغا كەلتۇرۇشۇڭ كېرەك.

— تاپشۇرۇغىڭىزنى بىجا قىلاي، كىنەز غوجام! — دەپتۇ پاپا

---

① سۇزلۇينا دىگەن سوزنىڭ خانىش ئايىم، ئايال پادىشا دىگەن مەنىلىرى بار.

ۋە دەرھال چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمدى رەسۋا بولىدىغان ۋە پىشكەللىك باسىدىغان كۈن يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان پاپىنىڭ كۆڭلى غەش بوپتۇ. ئۇ بۇنداق گوشنانىنى قانداق ئېتىشنى ئۇقمايدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپتۇ. غاز مېمى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ — غاز ئۇنىڭ ھوجرىسىدا ئەركىن ماڭالايدىكەن — ئۇنىڭدىن نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— يىغلىماڭ، — دەپتۇ ئۇ سۆزلۈينا گوشنىنى توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپ، — بۇ تاماق دادامنىڭ دەستۇرخىنىدا دائىم بولاتتى. ئۇنىڭ خورۇچلىرى تېخى ئېسىمدە غۇۋا تۇرۇپتۇ. گەرچە زورۇر نەرسىلەر تولۇق بولمىسىمۇ، پالانىدىن مۇنچە، پوستانىدىن مۇنچە سېلىڭ، بۇ غوجاملارنىڭ شۇنچىۋالا ئىنچىكىلەپ كەتكۈچىلىك ئىشتىيىمۇ بولمىسا كېرەك.

پاپا مېمىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا سەكرەپ كېتىپتۇ، ئۇ ئۆزى بۇ غازنى سېتىۋالغان كۈننى قۇتلۇقلاپ، گوشنان خانىش ئېتىشكە تۇتۇنۇپتۇ. ئۇ كىچىكىدىن بىرنى ئېتىپ باققان ئىكەن، تازا ئوخشاپتۇ. ئۇ ئاشپەز ئۇستامغا تېتىتىپ كۆرۈپتىكەن، ئاشپەز ئۇستام ئۇنى ھۈنىرىڭ قالتىس ئىكەن، ھەممە نېمە قولۇڭدىن كېلىدىكەن دەپ يەنە بىر قېتىم ماختاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، ئۇ چوڭراق بىر گوشنانىنى چۆرىسىگە گۈل چىقىرىپ پىشۇرۇپتۇ ۋە مېھماننىڭ ئالدىغا ئىسسىق پېتى كىرگۈ-

زوپتۇ. ئوزىمۇ ئەڭ چىرايلىق كىيىمىنى كىيىپ تاماقخانىغا كەپتۇ. ئۇ تاماقخانىغا كىرگەن چاغدا، توغرىغۇچى ئۇستام گوشناننى توغراپ، كىچىك كۇمۇش قوشۇقلارغا سېلىپ، كىنەز ۋە ئۇنىڭ مېھمىنىنىڭ ئالدىغا قويۇۋاتقان ئىكەن. كىنەز چوڭراق بىر پارچىسىنى ئاغزىغا سېلىپ، كوزىنى يوغان ئېچىپ تورۇسقا قاراپتۇ ۋە گوشناننى يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن:

— پاھ! پاھ! پاھ! گوشنان خانىش دىگۇچىلىكى بار ئىكەن؛ پاپا ئاشپىزىمىزمۇ ئاشپەزلەر شاھى دىسە بولىدىكەن، شۇنداقمۇ، جان دوستۇم؟ — دەپتۇ.

مېھمان كىچىك توغرالغان بىرنەچچە پارچىنى ئاغزىغا سېلىپ، ئالدىرىماي چايناپ تېتىغاندىن كېيىن، چىرايىدا مەسخىرىلىك ۋە ياراتماسلىق كۇلكىسى پەيدا بوپتۇ.

— گوشنان ھەقىقەتەن يامان ئەمەس بوپتۇ، — دەپتۇ ئۇ ۋە تەخسىنى نېرىغا ئىتتىرىپ قويۇپتۇ، — بىراق سۇزلۇينا گوشنىنىغا دىگەندەك ئوخشاپ كەتمەپتۇ؛ مېنىڭچە شۇنداق.

كىنەز ناھايىتى خاپا بوپتۇ، قوشۇمىسى تۇرۇلۇپتۇ، ئۇيالغىنىدىن يۇزى پوكاندەك قىزىرىپ كېتىپتۇ:

— ھۇ، ئىتنىڭ بالىسى! — دەپ تۇۋلاپتۇ ئۇ، — سەن مۇشۇنداق بىر نىمە بىلەن مېنى ئالدىماقچى بولدۇڭمۇ؟ مۇشۇنداق قاملاشمىغان بىر نىمىنى ئەتكىنىڭنىڭ جازاسى قىلىپ يوغان كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلدۇرىۋەتسەم توغرا بولىدۇ.

— تەخسىر غوجام! بۇ گوشناننى پۇتۇنلەي قائىدە بويىچە

ئەتتىم، ھەرگىز بىرەر نەرسە كېمىپ قالغىنى يوق! — دەپتۇ پاپا دىر-دىر تىترەپ تۇرۇپ.

— يالغان گەپ قىلما، مۇتىھەم! — دەپتۇ كىنەز ۋە پاپىنى بىرنى تېپىۋېتىپ، — دوستۇم بىر نەرسە كەم دەپ قارىسىغا دىمەيدۇ. مەن سېنى چاناپ قىيما قىلدۇرۇپ، گوشۇڭدىن گوشنان ئەتكۈزمىسەم، خەپ!

— رەھمى قىلغايلا، رەھمى قىلغايلا! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ پاپا ۋە مېھماننىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ، — ئېغىزلىرىغا تېتىمىغان گوشناندا نىمە نەرسە كەم بولۇپ قالغانلىغىنى ئېيتىپ بەرسىلىكەن. ئازراقلا گوش ۋە بىرەر ئوچۇم ئۇننى دەپ جېنىمغا زامىن بولمىسىلا.

— بۇنىڭ ساڭا ھېچقانچە ياردىمى تەگمەيدۇ، ھەي ئەزىز ئۇزۇن بۇرۇن، — دەپتۇ مېھمان كۈلۈمسىرەپ، — مەن تۇنۇگۈنلا سېنىڭ بۇنداق گوشناننى مېنىڭ ئاشپەزىمچىلىك ئېتەلمەيدىغانلىغىنى سەزگەن ئىدىم. گېپىمگە قۇلاق سال، بۇ گوشناندا "چۇشكۇرۇك ئوتىيېشى" دىگەن كوكتات كەم، بۇنداق كوكتاتنى بۇ ئەتراپتا ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇ كوكتات بولمىسا، گوشنان مېزىلىك بولمايدۇ، كىنەز خوجايىنىڭمۇ بۇنداق تائامدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

فرانكونىيە كىنەزىنىڭ فۇيقا چېچى تىك بوپتۇ.

— مەن چوقۇم بۇنداق گوشناننى يەپ كورمەي قالمايمەن، — دەپتۇ كوزىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان كىنەز ۋاقىراپ، —

مەن كىنەزلىك شوھرىتىم بىلەن قەسەم بېرىمەنكى، سىز بۇيرۇت-
قان گوشنانىي ئەتە ئەتكۈزۈپ ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلمىسەم، بۇ
ئەبلەخنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئۇردا دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىمەن.
يوقال كوزۇمدىن ئىتنىڭ بالىسى، مەن يەنە بىر قېتىم يىگىرمە
توت سائەتلىك سۈرۈك بەردىم.

كىنەز ئاشۇنداق ۋاقىراپتۇ، بۇنداق كوكتاتنىڭ ئېتىنى ھېچ
ئاڭلاپ باقمىغان پاپا ئۇز ھوجرىسىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇزىگە
بالا-قازا كەلگەنلىكىنى، جېنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقىنى غازغا
يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

—ئىش شۇلا بولىدىغان بولسا،—دەپتۇ غاز خېنىم،—مەن
سىزگە ياردەم قىلالايمەن: دادام ماڭا كوكتاتلارنى پەرق
ئېتىشنى ئۈگىتىپ قويغان. باشقا ۋاقىتلاردا بولغان بولسا،
جېنىڭىز ئامان قالمىغان بولار ئىدى، تەلىيىڭىز بار ئىكەن،
ھازىر دەل ئاينىڭ بېشى، دەل بۇنداق كوكتات چېچەكلەيدىغان
مەزگىل. ئۇردا ئەتراپىدا كونا كاشتان دەرىخى بارمۇ؟

—بار!—دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇزۇن بۇرۇن كوڭلى بىر
ئاز ئەمىن تېپىپ،—كول بويىدا، بۇ ئۇردىدىن ئىككى يۈز
قەدەم يىراقلىقتا بىرمۇنچە دەرەخ بار؛ كاشتان دەرىخىنى
سوراپ نىمە قىلىسىز؟

—بۇنداق كوكتات پەقەت قەدىمىي كاشتان دەرىخىنىڭ
تۈۋىدىلا ئوسىدۇ،—دەپتۇ مىمى،—ۋاقتىنى ئوتكۈزۈۋەتمەي،
لازىملىق نەرسىنى تاپقىلى بېرىڭ، مېنىمۇ ئېلىۋېلىڭ. تالاغا

www.uyghurkitap.com

چىققاندىن كېيىن مېنى قويۇۋەتسىڭىز ئۇزەم تېپىپ بېرىمەن.

پاپا غاز خېنىمنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە، ئۇنى كونەرگەن پىتى ئوردا دەرۋازىسىغا كەلگەن ئىكەن. پوست ملتىغىنى كوتىرىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

—ھە ئۇزۇن بۇرۇن، سەن ئەمدى تۇگەشتىڭ، ئوردىدىن چىقىشىڭغا رۇخسەت يوق، سېنى ئىشكتىن چىقارماسلىق ھەققىدە قاتتىق بۇيرۇق ئالغانمەن.

—باقىقا چىقسام بولار؟—دەپتۇ پاپا،—ھەمرايىڭىزنى ئەۋەتىڭ، ئوردا مۇپەتتىشىدىن سوراپ باقسۇن، باققا ئوتياش-كوكتاتقا چىقسام بولامدىكىن؟

پوست سوراپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن، ئۇ رۇخسەت ئېلىپ كەپتۇ؛ باغنىڭ ئەتراپى ئىگىز تام بولغاچقا، پاپنى ھەرگىزمۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ دەپ ئويلاشقان ئىكەن. ئۇزۇن بۇرۇن مىمنى ئېلىپ تالاغا چىقىپتۇ-دە، ئۇنى يەرگە ئاستاغىنا قويۇپتۇ؛ مىمى خېنىم كاشتان دەرىخى ئوسكەن كول بويىغا بىرىنچى بولۇپ ئۇچقاندەك چېپىپتۇ. يۇرىگى گۇپۇلدەپ سالغان ئۇزۇن بۇرۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ۋە بىردىن-بىر ئۇمىدىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىشىنى كۇتمەكتە ئىكەن. ئەگەر بۇنداق ئوتياش تېپىلماي قالسا، ئوزەمنى كولگە تاشلاپ ئولۇۋېلىشقا رازىمەنكى، ھەرگىز باشقىلارنىڭ قولىدا ئولمەيمەن دىگەن قەتئى نىيەتكە كەپتۇ پاپا. غاز خېنىم ئۇ يان، بۇ يان چېپىپ يۇرۇپ، ھەممە كاشتان دەرىخى ئارىسىدىكى

ئۈششاق ئوت-چۆپلەرنى ئاغزى بىلەن قايرىپ ئاختۇرۇپتۇ. ئەمما بۇنىڭدىن نەتىجە چىقماپتۇ، ھېچنىمە تېپىلماپتۇ. غاز خېنىم بەك بىارام ۋە تىت-تىت بولۇپ كېتىپ، يىغلىۋېتىپتۇ؛ بۇ چاغدا كۆن كەچ بولۇپ، قاراڭغۇ چۈشكەن، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى تەس بولۇپ قالغان ئىكەن.

پاپا ئۈشتۈمتۇت كۆلنىڭ نېرىقى قېتىغا قاراپتۇ ۋە بىردىنلا:

—قاراڭ، قاراڭ، كۆلنىڭ نېرىسىدا يەنە بىر تۈپ يوغان كاشتان دەرىخى تۇرىدۇ؛ ئاشۇ ياققا بېرىپ ئىزلەپ باقايلى، بەلكىم، تەلىيىم بولسا شۇ ياقتىن چىقىپ قالار.

غاز بىر ئۇچۇپ، بىر سەكرەپ ئالدىدا مېڭىپتۇ، پاپا ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىنچىكە پاچاقلىرىنى جىددىي ئىشقا سېلىپ ئەڭ تېز سۈرئەتتە يۈگرەپتۇ. كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋى ھېچنىمە كۆرۈنمىگۈدەك ھالەتتە قاپ-قاراڭغۇ ئىكەن. ئەمما ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، غاز تۇيۇقسىز قەدىمىنى توختىتىپ، خوشال-لىقتىن قاناتلىرىنى قېقىپتۇ ۋە تېزلىكتە بېشىنى ئوت-چۆپ ئىچىگە تىقىپ، بىرتال نەرسىنى چىشلىۋېلىپ، ئۇنى ھەيران بولۇپ تۇرغان ئۆزۈن بۇرۇنغا ھېچ ئىككىلەنمەستىن بېرىپ:

—ھىلىقى ئوتياش مۇشۇ، بۇ يەردە كوپ ئىكەن، ئەمدى بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولغۇدەك،—دەپتۇ.

پاپا بۇ ئوتياشقا سىنچىلاپ قاراپتۇ. ئوتياشنىڭ دىماققا ئۇرۇلغان ئىسىل پۇرىقى ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭ قىياپىتىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلىتىپتۇ. بۇ

ئوتياشنىڭ غولىمۇ، يوپۇرماقلىرىمۇ ئاچ يېشىل بولۇپ، قىپ-قىزىل گۈلى بار ئىكەن. گۈل بەرگىنىڭ چۆرىسى ئالتۇندەك سېرىق يوللۇق ئىكەن.

— خۇداغا شۈكرى! — ۋاقىرىۋېتىپتۇ پاپا ئاخىر، — ھەقىقەتەن موجىزە ئىكەن! مېنى بىر تېنىدىن مۇشۇنداق رەسۋا قىيا-پەتكە كىرگۈزگەن نەرسە مۇشۇ ئوتياش، بۇ گېپىم ئىشەنچلىك. مەن سىناپ باقايمۇ؟

— ئالدىرىماڭ، — دەپتۇ غاز ئىلتىماس قىلىپ، — بۇ ئوتياشتىن ئاۋال بىر تۇتام ئۈزۈۋېلىڭ، بىز ئاۋال ھوجرىڭىزغا قايتىپ بارايلى، پۇل-پىچەك، نەرسە-كېرەكلىرىڭىزنى يىغىش-تۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن بۇ ئوتياشنىڭ كارامىتىنى كۆرەيلى.

ئۇلار مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ، پاپىنىڭ ھوجرىسىغا قايتىپ كەپتۇ. پاپا ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، يۈرىكىنىڭ سوققان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. پاپا تېجەپ قالغان ئەللىك-ئاتمىش دۇكاتتىن پۇلنى، بىرنەچچە قۇر كىيىمى ۋە بىرنەچچە ئايىغىنى بىر بوپا قىلىپ تۈگۈپ، ئاندىن:

— ئى خۇدايا پەرۋەردىگارا، مېنى بۇ ئېغىر يۈكتىن ئازات قىلغايسەن، — دەپتۇ-دە، بۇرنىنى ھېلىقى ئوتياشنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئىسىل پۇراقنى بىر ھازاغىچە پۇراپتۇ.

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى ئۇگە-ئۇگىلىرى دەرھال قوزغى-لىپ، تاراس-تۇرۇس قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپتۇ، ئۇ ئۆزىنى بېشى مۆرىسىدىن سوزۇلۇپ چىققاندەك سېزىپتۇ، بۇرنىغا كۆزىنىڭ



www.uyghurkitap.com

قىرىدا قارىغۇدەك بولسا، بۇرنى بارغانسېرى كىچىكلەپ بارغۇ-
دەك، دۇمبىسى بىلەن كوكرىگى تۈزۈلۈپتۇ، پۇتىمۇ ئۇزىراپتۇ.

غاز بۇ ئوزگىرىشلەرنى ھەيرانلىق بىلەن كورۇپ تۇرۇپتۇ.

—پاھ! سىز نىمە دىگەن ئىگىز، نىمە دىگەن چىرايلىق-
ھە! —دەپتۇ غاز، —خۇداغا شۇكرى، پۇتۇنلەي باشقىچە قىياپەتكە
كىردىڭىز! —ياگو ئادەتتىن تاشقىرى خوشال بولۇپ، ئىككى
ئالقىنىنى جۇپلەپ دۇئا قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ مۇشۇ خوشاللىغىدا
غاز مىمىغا مىڭلاپ-تۇمەنلەپ تەشەككۇر بىلدۇرۇشنى ئەسلا
ئېسىدىن چىقارماپتۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئويىگە قايتىپ ئاتا-ئانىسى
بىلەن كورۇشكۇسى تازا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىننەت-
دارلىغى مۇنداق ئارزۇ-تىلىگىدىن ئۇستۇن كەپتۇ. ئۇ مۇنداق
دەپتۇ:

—مەن گورنىڭ ئاغزىدىن يېنىپ كەلگەن، بۇ ئىشتا
سىزدىن مىننەتدار بولماي كىمدىن مىننەتدار بولاي؟ سىز
بولمىغان بولسىڭىز مەن بۇنداق كوكتاتنى ھەرگىزمۇ تاپالمىغان
بولاتتىم، مەن مەڭگۇ ئاشۇنداق قىياپەتتە قېلىۋەرگەن بولاتتىم،
ئېھتىمال، جاللاتلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئولگەن بولاتتىم. چوقۇم
قىلغان ياخشىلىغىڭىزنى قايتۇرىمەن. مەن سىزنى دادىڭىز بىلەن
كورۇشتۇرۇشكە ۋەدە بېرىمەن؛ ئۇ ھەرخىل سېھىرگەرلىككە
ئۇستا، ئۇ سىزنى جادۇگەرلىكتىن ئاسانلا ئازات قىلىدۇ.

كوزىدىن شاتلىق ياشلىرى ئاققان غاز ياگونىڭ تەكلىۋىنى
ماقۇل كورۇپتۇ. ياگو غازنى باشلاپ خوشال-خورام ھالدا ئور-

دىدىن چىقىپ، مىمىنىڭ يۇرتى ــ دېڭىز ساھىلى تەرەپكە قاراپ يول ئېلىپتۇ، ئۇنىڭ كوڭلىدىكىنى ھېچكىممۇ بىلەلمەپتۇ.

بۇ ھىكايىنىڭ ئاخىرىسىنى مەن دەپ بېرەي: ئۇلار كوزلىگەن مەنزىلگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بېرىپتۇ. ۋىتىبوك قىزنى سېھىرگەرلىكتىن ئازات قىپتۇ، ياگونى نۇرغۇن سوغا ـ سالاملار بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ياگو يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، ئاتا ـ ئانىسى بۇ چىرايلىق يىگىتنى كورۇپ، ئوزلىرىنىڭ يۇتۇپ كەتكەن ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىگىدىن خوشاللىقىغى ئىچىگە پاتماي قاپتۇ، ياگو ۋىتىبوك بەرگەن سوغا ـ سالامىغا بىر يېڭى دۇكان سېتىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشى بارا ـ بارا ياخشىلىنىپ، خاتىرجەم، خوشال ـ خورام ياشاپتۇ.

ئۇردا ھەققىدىمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي: ياگو كىنەز ئوردىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە چاتاقىنىڭ چوڭى چىقىپتۇ، چۇنكى كىنەز ئىككىنچى كۇنى ئوزىنىڭ قەسىمىنى ــ ئەگەر پاپا ھىلقى كوكتاتنى تاپالمىسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ــ ئورۇنلىماقچى بولغان ئىكەن، ئەمما پاپىنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالماپتۇ. كىنەز ئەڭ ياخشى ئاشپىزىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۇچۇن، ئۇزۇن بۇرۇن پاپىنى قەستەن قاچۇرۇۋەتكەن دەپ ئويلىغان ماركىز لەۋزىگىزدە تۇرمايدىكەنسىز دەپ، كىنەزگە تاپا قىپتۇ، نەتىجىدە كىنەز بىلەن ماركىز ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ، تارىختىكى داڭلىق "ئوتىياش ئۇرۇشى" مۇشۇ ئۇرۇش ئىكەن. ئۇلار نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىر سۇلھ قىلىشقان

ئىكەن، سۇلىھ يىغىنىدا ماركىزنىڭ ئاشپىزى گوشنان خانىش ـــ سۇزلۇينا ئېتىپ بېرىپ، كىنەزنى راسا رازى قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى سۇلىھ "گوشنان سۇلىھى" دەپ ئاتالغان ئىكەن.

كىچىككىنە سەۋەپلەردىن، كوپ هاللاردا، چوڭ ـ چوڭ ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ھەببەللى، ئۇزۇن بۇرۇن پاپا ھەقىقىدىكى ھىكايە مانا شۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق

## (دانىيە) ئاندېرسېن*

ھاۋا دەھشەت سوغاق ئىدى. قار توختىماي ياغماقتا، زۇلمەتلىك تۈن پەردىسى چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى. بۇ — يىلنىڭ ئاخىرقى كېچىسى — يېڭى يىل ھارپىسى ئىدى. مۇشۇنداق سوغاق ۋە قاراڭغۇ كېچىدە يالاڭۋاشتاق، يالىڭاياق بىر نامرات قىزچاق كوچىدا كېتىۋاتاتتى. ھە، راست، ئۇ ئۆيىدىن چىققان چېغىدا پۇتىغا سايما كەش سېپىۋالغان ئىدى، بىراق، ئۇ نىمىگە دال بولسۇن؟ بۇ كەش قىزچاققا بەك چوڭ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى ئاپىسىنىڭ كەشى ئىدى. ئۇ كوچىدىن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا، ئىككى ئات ھارۋىسى ئۇچقاندەك كېپقالدى، قىزچاق قورققىنىدىن يۈگۈرۈۋىدى، كەشى چۈشۈپ قالدى. ئۇ كەشنىڭ بىر پېيىنى

---

* ئاندېرسېن (1805 — 1875 - يىللار) 19 - ئەسىردىكى دانىيە ئەدەبىياتىدىكى گىگانت ئادەم شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئۇستا چوچەك يازغۇچىسى. بۇ كىتاپقا ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە 7 پارچە ئەسىرىلا تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ھىچنەدىن تاپالمىدى، يەنە بىر پېيىنى بولسا بىر ئوغۇل بالا تېپىۋېلىپ ئېلىپ قاچتى. بۇ ئوغۇل بالا تېخى: كېلىچەكتە بالام بولۇپ قالسا، بۇ كەشنى بوشۇك ئورنىدا ئىشلىتىمەن، دىدى.

ئەمدى قىزچاققا يالىڭاياق مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى سوغاقتا توڭلاپ قىزىرىپ، كوكىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كونىراپ كەتكەن پەرتۇغىغا بىرمۇنچە سەرەڭگە سېلىنغان ئىدى؛ ئۇنىڭ قولىدىمۇ بىر تۇتام سەرەڭگە بار ئىدى. شۇ كۈنى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۇنىڭدىن ھىچكىم بىرتالمۇ سەرەڭگە سېتىۋالمىدى؛ ئۇنىڭغا ھىچكىم بىر يارماقمۇ پۇل بەرمىدى.

بىچارە قىزچاق! ئاچ قوساق ھەم توڭلاپ كەتكەن قىزچاق تىترىگىنىچە ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى. بۇ راستلا ئېچىنىشلىق بىر كورۇنۇش ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ ئالتۇندەك ساپ ـ سېرىق، ئۇزۇن بۇدرە چاچلىرىغا چۈشمەكتە ئىدى ــ بۇ بۇدرە چاچلار ئۇنىڭ مۇرىسىگە تاشلىنىپ تۇراتتى، بۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلايتتى. بىراق، ئۇ ئوزىنىڭ گۈزەللىكىنى ئېسىگىمۇ كەلتۇرمەيتتى. ھەممە دەرىزىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى، كوچىلاردا مەزىلىك غاز كاۋىۋى① پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، چۈنكى بۈگۈن ھارپا كۈنى ئىدى. ئۇ: راست، بۈگۈن

---

① دانىيىدە غاز كاۋىۋى روژدېستوۋو بايرىمى كۈنىدىكى ۋە ھارپا كۈنى ئاخشىمىدىكى غىزانىڭ ئاساسلىق سەيلىرىدىن بىرى.

هارپا كۈنگۈ، دەپ ئويلىدى.

قىزچاق ئىككى كورپۇس ئۆيىنىڭ (كوچىنىڭ قاپ ئوتتۇرى-سىغا چىقىپ تۇرغان ئىككى كورپۇس ئۆيىنىڭ) ئوتتاشقان يېرىدىكى بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. ئۇ پۇتلىرىنىمۇ يىغىۋىدى، تېخىمۇ توڭۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ بىر تال سەرەڭگىمۇ ساتالمىغان، بىر يارماقمۇ تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن دادىسىدىن چوقۇم تاياق يەيتتى، شۇڭا ئۆيىگە قايتىشقا پېتىنالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيىمۇ مۇشۇ يەرگە ئوخشاش بەك سوغاق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئېچىلىپ قالغان يوغان توشۈكنى ئوت-چۆپ ۋە ئەسكى-تۈسكى لاتىلار بىلەن ئېتىپ قويغان بولسىمۇ، شامال يەنىلا غۇيۇلداپ كىرىپ تۇرىدىغان ئۆگزىسىدىن باشقا ھېچنىمە يوق ئىدى.

ئۇنىڭ قوللىرى سوغاقتا قېتىپ قالاي دەپ قالدى. ھەي! مۇشۇ پەيتتە بىر تال سەرەڭگىمۇ ئۇنىڭغا ئەسقاتاتتى. ئۇ بىر تال سەرەڭگىنى ئېلىپ تامغا سۈركەشكە جۈرئەت قىلىسىدى، قولىنى بىرئاز بولسىمۇ ئىسسىتىۋالغان بولاتتى! ئۇ ئاخىر بىر تال سەرەڭ-گىنى ئالدى-دە، ”شارت“ قىلىپ ياقتى، سەرەڭگە ياندى، ئوت پىلىلدىدى! قىزچاق قوللىرىنى ئوتقا قاقلىۋىدى، ئوت خۇددى كىچىك بىر تال شامدەك بولۇپ، ئىسسىق، نۇرلۇق يالقۇنغا ئايلاندى. بۇ نۇر بەكمۇ گۈزەل ئىدى! بۇ چاغدا قىزچاق ئۆزىنى پاقىراپ تۇرغان مىس مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدى. بۇ ئوت نىمە دىگەن ئۇلۇغ، نىمە دىگەن ئىسسىق، نىمە

www.uyghurkitap.com

دىگەن گۈزەل ـ ھە! ھەي، بۇ قانداق ئىش؟ قىزچاق ئىسسىتما ۋالاي دەپ پۈتلىرىنى ئەمدىلا سوزۇشىغا توساتتىن ئوت ئۈچۈپ قالدى! مەشمۇ كورۇنمەيتتى. قىزچاق كويۇپ بولغان بىر تال سەرەڭگىنىڭ قالدۇغىنى تۇتقان پېتى ئوز ئورنىدا ئولتۇراتتى.

ئۇ يەنە بىر تال سەرەڭگە ياقتى. سەرەڭگە يېنىپ نۇرچاچتى. تامنىڭ يورۇق چۈشكەن يېرى بىردىنلا تېخىمۇ سۈزۈكلىشىپ، خۇددى بىر پارچە نېپىز پەردىگە ئوخشاپ قالدى؛ ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى: شىرەگە سېلىنغان ئاپپاق دەستىخاننى، دەستىخان ئۈستىگە قويۇلغان ئىسىل چىنە ـ قاچىلارنى، ئۇلارغا توشقۇزۇپ قويۇلغان، قارا ئۆرۈك ۋە ئالما سېلىپ پىشۇرۇلغان مىزىلىك غاز كاۋىۋىنى كوردى. تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ غاز پەتنۇستىن سەكرەپ چۈشۈپ، دۈمبىسىگە پىچاق، ۋىلكا سانجىلغان پېتى ئىغاڭلاپ توپ ـ توغرا ئوزىگە قاراپ كېلىۋاتماقتا ئىدى. بۇ چاغدا سەرەڭگە ئوچۈپ قالدى؛ ئۇنىڭ كوز ئالدىدا ھەم قېلىن، ھەم سوغاق تاملا تۇراتتى.

ئۇ يەنە بىر تال سەرەڭگە ياقتى. ئەمدى ئۇ كوركەم بىرتۈپ نورۇز ئارچىسى ئاستىدا ئولتۇراتتى. بۇ ئارچا ئۇنىڭ ئوتكەندە روژدېستۋو بايرىمىدا بىر باي سودىگەرنىڭ ئەينەكلىك ئىشىگىدىن كورگەن ھېلىقى ئارچىدىنمۇ يوغان ھەم كوركەم ئىدى. ئۇنىڭ ياپ ـ يېشىل شاخلىرىدا نەچچە مىڭلىغان شام يېقىقلىق ئىدى؛ سودا دۇكانلىرىنىڭ دەرىزىلىرىگە ئېسىلغان چىرايلىق، رەڭلىك رەسىملەر ئۇنىڭغا كوزىنى ئىسىلەيتتى. قىزچاق ئىككى قولىنى

ئۇزىتىشىغا، سەرەڭگە ئۆچۈپ قالـدى. نورۇز ئارچىسىدىكى شام نۇرى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كەتـكەن ئىدى، قىزچاق ئۇلارنىڭ نۇرچاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كوردى. بۇ يۇلتۇزلارنىڭ بىرى ئاسماندا بىرتال قىزىل سىـزىق سىزىپ ئېقىپ چۈشتى.

"يەنە بىرسى ئۆلۈپ كەتـكەن ئوخشايـدۇ" دەپ ئويـلىدى قىزچاق، ئۇنىڭ ئەڭ مېھرىۋان مومىسى هايات ۋاقـتىدا ئۇنىڭغا ئاسماندا بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشسە، يەردىن بىر روھ خۇدانىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىدۇ، دېـگەن ئىدى.

قىزچاق يەنە بىر تال سەرەڭگىنى تامغا سۈركەپ ياندۇردى. سەرەڭگە يورۇغى ئەتراپنى يورۇتتى؛ ئۇ مۇشۇ يورۇقتا مومىسىنى ئېنىق كوردى. مومىسى ئۇنىڭ كوزىـگە بەكـمۇ نۇرلۇق، بەكمۇ مۇلايىم، بەكمۇ ئىللىق كورۇندى.

— موما! — دەپ توۋلىۋەتتى قىزچاق، — جېنىم موما! مېنىمۇ ئالغاچ كېتىڭ! مەن بىلىمەن، بۇ سەرەڭگە ئۆچكەن هامان سىز غايىپ بولۇپ كېتىـسىز، سىز ئاشۇ ئىسسىق مەش، ئاشۇ ئىـسىل غاز كاۋىپى، ئاشۇ بەختلىك نورۇز ئارچىـسىدەك غايىپ بولۇپ كېتىسىز!

شۇنداق قىلىپ، قىزچاق مومىسىنى ئېپقېلىش ئويىدا بىرتۇتام سەرەڭگىدىن قېپقالغان سەرەڭگىلەرنىڭ هەممىسىنى ئالدىراشلىق بىلەن ياندۇردى. بۇ سەرەڭگىلەرنىڭ ئوتى كۈچلۈك نۇرچېچىپ، ئەتراپنى كۈندۈزدىنمۇ بەك يورۇق قىلىۋەتتى. مومىسى بۇ دورام

ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل ھەم قامەتلىك كورۇنىدى. مومىسى قىزچاقىنى كوتىرىۋىلىپ، باغرىغا چىڭ باستى. ئىككىيلەن يورۇقلۇق ۋە خوشاللىق ئىچىدە ئۇچۇپ كەتتى، ئۇچقانسېرى ئىگىزگە كوتىرىلىپ، سوغاقمۇ، ئاچلىقمۇ، قايغۇ-ھەسرەتمۇ يوق جايغا — خۇدانىڭ يېنىغا كەتتى!

بىراق، سوغاق قاتتىق بولغان تاڭ سەھەردە بۇ قىزچاق تام تۈۋىدە ئولتۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزارغان، لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئاللىقاچان ئولۇپ كەتكەن ئىدى — كونا يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى مۇزلاپ ئولۇپ كەتكەن ئىدى. يېڭى يىل قۇياشىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ كىچىككىنە جەسىدىگە چۈشەتتى! ئۇ قولىدا سەرەڭگە تۇتاملىغان ھالەتتە شۇ يەردە ئولتۇراتتى — سەرەڭگىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك كويۈپ تۈگىگەن ئىدى.

— ئىسسىنۋالاي دەپتىكەن-دە، — دىيىشتى كىشلەر.

ئۇنىڭ نى-نى گۈزەل نەرسىلەرنى كورگەنلىگىنى، نەقەدەر بەختلىك ھالدا مومىسى بىلەن بىللە يېڭى يىلىدىكى بەخت-سائادەتكە چومگەنلىگىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پادىشانىڭ يېڭى كىيىمى

## (دانىيە) ئاندېرسېن

بۇنىڭدىن نۇرغۇن زامانلار بۇرۇن چىرايلىق يېڭى كىيىم دىسە جېنىنى بېرىدىغان بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ چىرايلىق كىيىنىش ئۈچۈن قولىدىكى دەپە-دۇنيانى ئايىمايدىكەن. ئۇ ھەربى قوشۇنلىرىغىمۇ كوڭۈل بولمەيدىكەن، ئويۇن كورۇشنىمۇ خالىمايدىكەن، يېڭى كىيىمنى ئەل-يۇرتقا كورسىتمەن دىمىسە، هارۋىسىغا چۈشۈپ باغ سەيلىسى قىلىشنىمۇ ھەۋەس قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ ھەممە ھەۋىسى كىيىمنى كۈنىگە، سائىتىگە بىر قۇردىن يېڭىلاپ تۇرۇشتا ئىكەن. پادىشا جاناپلىرى تىلغا ئېلىنغاندا كىشىلەرنىڭ "ئۇ مەجلىسخانىدا" دىگىنىگە ئوخشاش، بۇ پادىشا تىلغا ئېلىنغاندا كىشىلەر ھامان "پادىشايى ئالەم كىيىمخانىسىدا" دىيىشىدىكەن.

پادىشا تۇرغان چوڭ شەھەردە تۇرمۇش باياشات، كوڭۈللۈك بولۇپ، چەتئەللىكلەر ھەركۈنى كېلىپ تۇرىدىكەن. بىركۈنى ئىككى ئالدامچى كەپتۇ. ئۇلار: بىز توقۇمىچىلارمىز، ئىنسان بالىسى ئويلاپ تاپالايدىغان ئەڭ چىرايلىق رەختنىڭ ھەرقاند-

دىغىنى توقۇيالايمىز، بۇنداق رەختنىڭ رەڭگى ۋە گۈلى ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق بولغانـىنىڭ ئۈستىگە، بۇلاردىن تىكىلـگەن كىيىملەرنىڭ قابىلىيەتسىز ياكى ئوتتۇپ كەتـكەن ئەخمەقلەرنىڭ كوزىگە كورۈنمەيدىغان ئالاھىدە خاسىيىتى بار، دەپتۇ.

"بۇ تازا كوڭۇلدىكىدەك كىيىم ئىكەنغۇ! مەن بۇنداق كىيىم كىيىۋالسام، پادىشالىغىمدا كىملەرنىڭ ئوز خىزمىتىگە لايىق ئەمەسـلىكىنى؛ كىملەرنىڭ ئەقىللىق، كىملەرنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايـدىكەنـمەن. راست، مەن ئۇلارغا بۇنـداق رەختنى دەرھال توقۇپ بىرىشنى بۇيـرۇتسام بولـغۇدەك!" دىگەن ئويغا كەپتۇ پادىشا. شۇنداق قىلىپ، ئىشقا تېزرەك كىرىشسۇن دەپ بۇ ئىككى ئالدامـچىغا نۇرغۇن نەق پۇل بىرىپتۇ.

ئالدامچىلار ئىككى دەستىگاھ قۇرۇپ، ئىشلەۋاتقان كىشىدەك بولۇشۇۋاپـتۇ، بىراق دەسـتىگاھـلىرىدا ھىچقانـداق نەرسىنىڭ قارىسىمۇ كورۈنمەپتۇ. ئۇلار ئەڭ ئىنچـىكە يىپەك يىپ ۋە ساپ ئالـتۇن بىرىشنى جىددى تەلەپ قىپتۇ. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چونتەكلىرىگە سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ھىچقانداق يىپ تارتىلمىغان دەستىگاھ بىلەن تۈن يېرىمىغىچە ھەپىلىشىپتۇ.

"ئۇلار رەختنى قانداقراق توقۇۋاتىدىكىن، شۇنىڭدىن خەۋەر ئالسام بولاتـتى" دەپ ئويـلاپـتۇ پادىشا. بىراق ئەخمەق ياكى خىزمەتكە يارامسىز كىشىلەرنىڭ كوزىگە ئۇ رەختنىڭ كورۈنمەيـدىغانلىغىنى ئويلاپ كوڭلى ھەقىقەتەن باشقىچە بوپتۇ. ئۇ ئوزىنىڭ قورقۇشىنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىگىگە ئىشىنىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

ئىشنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتىشنى لايىق كۆرۈپتۇ. ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ كارامەت رەختلىرىنى توقۇۋېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان پۈتكۈل شەھەر خەلقىمۇ ئۆز خوشنىلىرىنىڭ زادى قانچىلىك دۆت ياكى قانچىلىك ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئارزۇسىدا ئىكەن.

"توقۇمىچىلارنىڭ يېنىغا سادىق قېرى ۋەزىرىمنى ئەۋەتەي، رەختنىڭ قانداقلىقىنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىلىدىغان كىشى بولماس، چۈنكى ئۇ بەك ئەقىللىق ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ" دەپ ئويلاپتۇ پادىشا.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئاقكۆڭۈل قېرى ۋەزىر ھېلىقى ئىككى ئالدامچى تۇرغان ئۆيگە كەپتۇ. ئىككىيلەن قۇرۇق دەستىگاھتا قول-قوللىرىغا تەگمەي ئىشلەۋاتقان ئىكەن.

"خۇدايا توۋا! ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدىغۇ كۆزۈمگە!" دەپ ئويلاپتۇ قېرى ۋەزىر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، لېكىن بۇ سۆزنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

ئالدامچىلار ۋەزىرگە، يېقىنراق كېلىڭ دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭدىن گۈللىرى چىرايلىقمىكەن، رەڭگى چىرايلىقمىكەن دەپ سوراپتۇ ئىككى قۇرۇق دەستىگاھنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. بىچارە قېرى ۋەزىر شۇنچە قارىسىمۇ ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ھېچنەرسە يوق ئىكەن.

"ۋاي، خۇدايىم! مەن ئەخمەقمەنمىدۇ؟ مەندە ئۇنداق

ئۆي ئەسلا بولمىغان ئىدىغۇ. مەن بۇنى ھەرقانداق ئادەمگە بىلدۈرمەسلىگىم كېرەك. ئىشقا يارامسىزمەنمۇيا؟ بولمىدى، كوزۇمگە بۇ رەختنىڭ كورۇنمىگەنلىگىنى بىرسىگە ئىللا ـ بىللا دىمەيمەن" دىگەن ئويغا كەپتۇ ۋەزىر.

ــ خوش، ھىچقانداق پىكىرلىرى يوقمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ رەخت توقۇۋاتقان توقۇمىچىلارنىڭ بىرى.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، بەك چىرايلىق بوپتۇ، راست بەك ياخشى توقۇلۇپتۇ! ــ قېرى ۋەزىر شۇنداق دەۋېتىپ كوزەينەكنىڭ تېگىدىن سىنجىلاپ قاراپتۇ، ــ گۇللىرى نىمە دىگەن چىرايلىق! رەڭگى نىمە دىگەن پەيزى! راست، ئىسىل توقۇلغان بۇ رەختتىن ئىنتايىن رازى بولغانلىغىمنى پادىشا جاناپلىرىغا مەلۇم قىلىمەن.

ــ بۇ گەپلىرىدىن ناھايىتى خوشال بولدۇق، ــ دەپتۇ ئىككى توقۇمىچى تەڭلا. ئاندىن ئۇلار بۇ رەختنىڭ رەڭگىنى ۋە ئاز ئۇچرايدىغان گۇللىرىنى بىرقۇر تەرىپلەشىپتۇ ۋە بەزى ئاتالغۇ ـ لارنىمۇ تەسۋىرلىرىگە قوشۇپ قويۇپتۇ. پادىشانىڭ ئالدىغا بارغاندا ئەينەن يادقا ئېيتىپ بېرىش ئۇچۇن، قېرى ۋەزىر ئۇلارنىڭ سوزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپتۇ ۋە ئەمىلىيەتتىمۇ شۇنداق قىپتۇ.

بۇ ئىككى ئالدامچى رەخت توقۇشقا ئېھتىياجلىق دەپ، يەنە كوپ پۇل، يىپەك ۋە ئالتۇن ئاپتۇ. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى چونتەكلىرىگە ساپتۇ، بىرتال يىپنىمۇ دەستىگاھقا سالماپتۇ. بىراق ئۇلار قۇرۇق دەستىگاھتىكى ئىشلىرىنى يەنىلا توختىتماپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا پادىشا ئىشىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە رەختنىڭ قاچان توقۇلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىشكە يەنە بىر سادىق ئەمەلدارىنى ئەۋەتىپتۇ. ئاۋالقى ۋەزىرگە ئوخشاشلا، ئۇنىڭمۇ ئىشى ئوڭغا تارتماپتۇ: نېرى-بېرى ئايلىنىپ شۇنچە قارىسىمۇ، قۇرۇق دەستگاھتا ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنەرسە چېلىقماپتۇ.

— ماۋۇ رەخت قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئىككى ئالدامچى. ئۇلار چىرايلىق گۈللەرنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈپتۇ — ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق نەرسە يوق ئىكەن.

”مەن ئەخمەق ئەمەس ئىدىمغۇ! ئېھتىمال، ھازىرقى ئەمەلىمگە لايىق ئەمەسلىكىمدىن بولۇۋاتامدۇ يا؟ بۇ قىزىق ئىشنى كۆرۈڭ، لېكىن بۇنى ھېچكىم بىلىپ قالماسلىقى كېرەك!“ دەپ ئويلاپتۇ ھېلىقى ئەمەلدار. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ كۆزىگە سايىسىمۇ كۆرۈنمىگەن رەختنى تازا ماختاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، توقۇمىچىلارغا رەختنىڭ چىرايلىق رەڭگى ۋە چېۋەرلىك بىلەن چۈشۈرۈلگەن گۈللىرىدىن بەك مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— راست، ئىنتايىن چىرايلىق توقۇلۇپتۇ، — دەپتۇ ئۇ پادىشاغا.

بۇ چىرايلىق رەخت توغرىلىق شەھەردىكى ئەل-جامائەت ئارىسىدا گەپ-سۆزلەر تارقىلىپتۇ.

رەخت دەستگاھتا چاغدىلا پادىشانىڭ رەختنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىرتوپ ئادەمنى ئالاھىدە تاللاپ بېكىتىپتۇ،

بۇلارنىڭ ئىچىدە رەختنى كورۇپ كەلگەن ھىلىقى سادىق ئىككى ۋەزىرمۇ بار ئىكەن. ئاندىن ئۇلار ھىلىقى ئىككى ھىلىگەر ئالدامچى تۇرغان يەرگە بېرىپتۇ. بۇ ئىككى ئەبلەخ پۇتۇن دىققىتى بىلەن رەخت توقۇۋاتقان ئىكەن، بىراق بىر تال يىپنىڭ قارىسىمۇ كورۇنمەپتۇ.

—بۇ رەخت پۇزۇرمىكەن؟ ئالىيلىرى، قارىسىلا: گۇللىرى نىمە دىگەن چىرايلىق! رەڭگى نىمە دىگەن پەيزى!—دەپتۇ ئىككى سادىق ئەمەلدار قۇرۇق دەستىگاھنى كورسىتىپ تۇرۇپ، چۇنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ چوقۇم بۇ رەختلەرنى كورەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

"بۇ قانداق ئىش؟ مەن ھىچنىمىنى كورمىدىمغۇ! بۇ غەلىتە بىر ئىش بولدىغۇ. ئەجىبا مەن ئەخمەقمۇ؟ مىنىڭ پادىشا بولۇش لاياقىتىم يوقمۇ؟ بۇ مەن ئۇچراتقان ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش بولدى" دەپ ئويلاپتۇ پادىشا.

—پاھ، ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ئىكەن!—دەپتۇ پادىشا،—مەن بۇنىڭدىن يۇزدە-يۇز رازى بولدۇم!

شۇنداق قىلىپ، پادىشا بېشىنى لىڭشىتىپ رازى بولغانلىقىنى بىلدۇرۇپتۇ. پادىشا دەستىگاھقا سىنچىلاپ قاراپتۇ، چۇنكى ئۇ ئوزىنىڭ ھىچ نەرسە كورمىگەنلىكىنى دىيىشنى خالىمىغان ئىكەن. پادىشانىڭ ھەمرالىرىمۇ ئۇ يان-بۇ يان سىنچىلاپ قاراپ كېتىپ-تۇ، بىراق ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ھىچ نىمىنى كورەلمەپتۇ. ئۇلارمۇ پادىشاغا ئوخشاش: "پاھ، پاھ، نىمە دىگەن چىرايلىق

ـ هه!“ دېيىشىپتۇ. ئۇلار پادىشاغا بۇ يېڭى، چىرايلىق رەخت بىلەن كىيىم تىكتۇرۇپ، شۇ كىيىمنى كىيىپ، ئۇتكۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرغان نامايىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپتۇ. ”بۇ رەخت ئىسىل، نەپىس، تەڭداشسىز ئىكەن!“ دېيىشىپتۇ ھەممەيلەن بىر بىرىنىڭ سوزىگە قوشۇلۇپ. ھەممەيلەن قاتتىق خوشال بوپتۇ. پادىشا ئىككى ئالدامچىغا گېراتسوگ دېگەن ئۇنۋان ۋە تۆگمىسىگە قادىۋالغىلى بولىدىغان مىدال بېرىپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇلارغا ”پادىشاغا خاس توقۇمىچىلار“ دېگەن نام بېرىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە نامايىش مۇراسىمى ئۇتكۇزۇلىدىغان بوپتۇ. ئەتە مۇراسىم بولىدۇ دېگەن كۇنى كېچىسى ئالدامچىلار پادىشانىڭ يېڭى كىيىمنى پۇتتۇرىمىز دەپ تۇن بويى ئىشلىگەن بولۇۋېلىپ، ئون ئالتىدىن ئوشۇق شام يېقىپ، تۇن بويى كىرپىك قاقماي چىقىپتۇ. ئۇلار دەستىگاھتىن رەختنى ئالغان، ئىككى چوڭ قايچا بىلەن كىيىم پىچقان، يىپسىز يىڭنە بىلەن كىيىم تىككەن ھەركەتلەرنى قىپتۇ. ئاخىردا ئۇلار ”مانا، يېڭى كىيىم تەييار بولدى!“ دەپتۇ تەڭلا.

پادىشا ئۆزىنىڭ ئالىجاناپ ـ ئىسىلزادە چەۋەندازلىرىنى باشلاپ كەپتۇ. ئىككى ئالدامچى خۇددى بىر قولىدا بىر نەرسە باردەك، بىردىن قولىنى ئالدىغا سۇنۇپتۇ.

ــ قارىسىلا پادىشا ئالىيلىرى، مانا ماۋۇ شىم! ماۋۇ تون! ماۋۇ چاپان! ــ دەپتۇ ئۇلار، ــ ئومچۇكنىڭ تورىدەك يېنىك ـ

www.uyghurkitap.com

يۇمشاق بۇ كىيىمنى كىيۋالسلا، ھېچنېمە كىيمىگەندەك بىلىنىدۇ، بۇ كىيىمنىڭ خاسىيىتى دەل شۇ.

— خۇدا ھەققى راست ئېيتىسىلەر، — دېيىشىپتۇ چەۋەنداز-لار. بىراق ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ، چۈنكى ھېچ نەرسە يوق ئىكەن.

— پادىشايى ئالەم كىيىملىرىنى سالسلا، — دەپتۇ ئىككى ئال-دامچى، — يېڭى كىيىمنى مۇشۇ چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىدا كىيگۈ-زۈپ قويساق.

پادىشا ھەممە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپتۇ. ئىككى ئالدامچى بايا تىككەن يېڭى كىيىملىرىنى بىر-بىرلەپ ئېلىپ بەرگەندەك ھەركەتلەرنى قىپتۇ. ئۇلار بىر نىمىنى چىگىۋاتقاندەك بولۇپ پادىشانىڭ بېلى بىلەن خېلىغىچە ھەپىلىشىپتۇ: ئۇ ئارقا پەش ئىكەن. پادىشا ئەينەك ئالدىدا ئۇ ياق-بۇ ياقلىرىغا قاراپ، بېلىنى تولغاپ كۆرۈپتۇ.

— ۋاي توۋا، قۇيۇپ قويغاندەك دەل كەلگىنىنى كورمەم-دىغان! بەك ئېسىل تىكىلىپتۇ! — دەپتۇ ھەممەيلەن، — گۈلى نېمە دېگەن چىرايلىق! رەڭگى نېمە دېگەن پەيزى! بۇنداق ئېسىل كىيىم نەدە بولسۇن!

— ئەل-جامائەت پادىشايىمىزنى كۈتۈپ قالدى، جاناپ-لىرىنىڭ بېشىغا تۇتىدىغان گۈللۈك سايىۋەنمۇ ھازىر بولدى! — دەپتۇ مۇراسىم بېگى.

— بولىدۇ! مەن كىيىنىپ بولدۇم، بۇ كىيىم يارىشىپتىمۇ؟ —

www.uyghurkitap.com

دەپتۇ پادىشا يەنە ئەيىنەك ئالدىدا ئۇ يان-بۇ يان بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۇ ئەل-جامائەت: پادىشايىمىز چىرايلىق يېڭى كىيىمگە زەڭ سېلىپ قاراۋاتىدۇ دەپ ئويلىسۇن، دىگەن ئويىدا ئىكەن.

پادىشانىڭ ئارقا پېشىنى كوتىرىپ ماڭىدىغان ۋەزىرلەر شۇ پەشنى كوتىرىپ ماڭغان قىياپەتتە قۇرۇق قوللىرىنى كوتىرىشىپ پادىشانىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئۇلار ھىچ نەرسە كورمىگەنلىگىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، پادىشا بۇ ھەشەمەتلىك گۈللۈك سايىۋەن ئاستىدا نامايىشقا چىقىپتۇ. كوچىلاردا ۋە دەرىزىلەردە قاراپ تۇرغانلار:

— پاھ، پاھ! پادىشانىڭ يېڭى كىيىمى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن! كىيىمنىڭ ئارقا پېشى بەكمۇ چىرايلىق بوپتۇ! بۇ كىيىم ئۇنىڭغا بەكمۇ يارىشىپتۇ!“ دىيىشىپتۇ. ھىچكىم ئوزىنىڭ ھىچ نەرسە كورمىگەنلىگىنى بىلدۇرمەپتۇ، چۈنكى بىلىنىپ قالسا، باشقىلارنىڭ خىزمەتكە يارامسىز ياكى ئەخمەق دىيىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. پادىشانىڭ ھەممە كىيىملىرى ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك ماختاشقا سازاۋەر بولمىغان ئىكەن.

— پادىشايىم ھىچقانداق كىيىم كىيمەپتىغۇ! — دەپ ۋاقىرىۋېتىپتۇ ئاخىردا بىر بالا.

— تەڭرىم، بۇ نىمە دىگەن گودەكلىك! — دەپتۇ بالىنىڭ دادىسى. شۇنداق قىلىپ، ھەممەيلەن بۇ بالىنىڭ گېپىنى كۇسۇلدىشىپ تارقىتىشقا باشلاپتۇ.

— پادىشا ھىچقانداق كىيىم كىيمەپتۇ! پادىشانىڭ كىيىم كىيمىگەنلىگىنى بىر كىچىك بالا دەۋېتىپتۇ!

— پادىشا راستلا ھىچ نەرسە كىيمىگەن!— دېيىشىپتۇ ئاخىر ھەممە يۇقرا. پادىشانى سەل سۈر بېسىپتۇ، چۈنكى بۇ ئەل-جامائەتنىڭ سوزلىرى ئۇنىڭغا توغرىدەك تۇيۇلۇپتۇ. "ھەرقانداق بولسىمۇ بۇ نامايىش مۇراسىمى ئاياقلاشسۇن-دە" دەپ ئويلاپتۇ پادىشا ئىچىدە. شۇڭا ئۇ تېخىمۇ مەغرۇرانە قىياپەتكە كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىمۇ زادىلا مەۋجۇت ئەمەس ئارقا پەشنى كو-تەرگەن پېتى ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# دېڭىز بوغما يىلانى

## [دانىيە] ئاندېرسېن

بۇرۇن ئائىلە كېلىپ چىققىشى ناھايىتى ياخشى بىر كىچىك دېڭىز بېلىقى ئوتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ — ئۇنى بىلىم ئىگىلىرىلا سىزگە دەپ بېرەلەيدۇ. بۇ كىچىك بېلىقنىڭ ياش-قۇرامى تەڭ بىرمىڭ سەككىز يۈز ئاكا-ئۇكا، ھەدە-سىڭلىسى بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى بىلمەيدىكەن. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئېلىپ، ئوكياندا ئەركىن ئۈزۈشىدىكەن، ناھايىتى كوڭۈللۈك ئوتۇشىدىكەن.

ئۇلارنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس سۈيى بار ئىكەن — پۈتكۈل ئوكيان ئۇلارغا مەنسۇپ ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ھېچقاچاندا يىمەك-لىك ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرمەيدىكەن، چۈنكى ئۇ يەردە يىمەكلىك تەييار ئىكەن. بېلىقلار نىمىنى قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلىدىكەن، نىمە ھىكايە ئاڭلىغۇسى كەلسە، شۇ ھىكايىنى ئاڭلايدىكەن. بىراق ھېچقايسىسى بۇنى ئويلىمايدىكەن.

كۈن نۇرى سۇغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتۇپ

تۇرىدىكەن. كۇن نۇرىدا ھەممە نەرسە ئوپ-ئوچۇق كورۇ-نۇپ تۇرىدىكەن، دېڭىزنىڭ ئىچى راستلا ئەڭ ئاجايىپ-غارايىپ جانلىقلار بىلەن تولغان دۇنيا ئىكەن. بەزى جانلىقلارنىڭ چوڭ-لۇغىدىن ئادەم قورقىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاغزى بەك چوڭ بولۇپ، ئاغزىنى ئاچسىلا بىرمىڭ سەككىز يۈز قېرىنداشنى ھاپ ئېتىۋې-تەلەيدىكەن. ئۇلار بۇ مەسىلىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىرەر جانلىق يۇتۇۋەتمىگەن ئىكەن.

كىچىك بېلىقلار خۇددى ئاق بېلىق ۋە كوك بېلىقلاردەك بىر بىرىدىن ئايرىلماي توپ بولۇپ ئۈزۈشىدىكەن. بىراق ئۇلار ھېچ ئىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەي سۇدا ئويناقلاپ ئۈزۈپ يۈر-گەندە، تۇيۇقسىزدىنلا ئۈزۈن ھەم توم بىر نەرسە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ نەرسە قورقۇنچلۇق بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ توختىماستىن توۋەنگە چۈشۈۋېرىپتۇ. بۇ نەرسە بارغان-سېرى ئۇزىراپتۇ؛ بېلىقجانلار ئۇنىڭغا تېگىپ كەتسىلا كۆكۈم-تالغان بولۇپ كېتىدىكەن ياكى ئېغىر يارىدار بولۇپ، ئىككىنچى ھۇشىغا كېلەلمەيدىكەن. ھەممە بېلىقجانلار—چوڭلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس—ۋەھىمە باسقان ھالدا جېنىنى ئېلىپ دېڭىز يۈزىدىن دېڭىز تېگىگە قاچماقتا ئىكەن. بۇ يوغان ئېغىر نەرسە بارغانسېرى چوڭقۇر چوكۇپ، بارغانسېرى ئۇزىراپ، نۇرغۇن-نۇرغۇن كىلومېتىر سوزۇلۇپ، دېڭىزنى كېسىپ ئوتۇپتۇ.

بېلىق ۋە قۇلۇلە—ئۈزەلەيدىغان، ئومىلىيەلەيدىغان ياكى

سۇنىڭ ئېقىشى بىلەن ماڭىدىغان جىمى جانلىقلارنىڭ بۇ قور-
قۇنچلۇق نەرسىگە، نامەلۇم بولغان، توساتتىن يۇقۇرىدىن چۈشۈپ
كەلگەن، غايەت چوڭ بولغان دېڭىز يىلان بېلىقىغا دىققىتى
چۈشۈپتۇ.

بۇ زادى نىمە نەرسە؟ راست، بۇ بىزگە مەلۇم، ئۇ سان-
ساناقسىز ئۇزۇنلۇقتىكى توم ئېلېكتىر سىمى. كىشىلەر ئۇلارنى
ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا قىتئەسى ئارىلىقىغا تارتىۋاتقان ئىكەن.

ئېلېكتىر سىمى چۈشكەنلىكى يەردە، دېڭىزدىكى قانۇنىي
ئاھالىلەرنى ۋەھىمە بېسىپ، شاۋ-شۇۋ باشلىنىپ كېتىدىكەن.
ئۇچار بېلىقلار دېڭىز يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىپ، باركۇچى بىلەن
ئاسمانغا قاراپ ئۇچىدىكەن. فاكفۇ بېلىقى سۇ يۈزىدە ئوق
يېتىم مۇساپىگىچە ئۇچۇپ بارالايدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ شۇنداق
بىگىسى بار ئىكەن. قالغان بېلىقلار بولسا دېڭىزنىڭ تېگىگە
شۇڭغۇيدىكەن؛ ئۇلار ئۇچقاندەك تېز قاچىدىكەن، ئېلېكتىر
سىمىنى كورمەي تۇرۇپلا يىراق يەرلەرگە بېرىپ بولىدىكەن.
دېڭىزنىڭ تەكتىدە ئەركىن-ئازادە ئۈزۈپ، ئوز ئۇرۇقداش-
لىرىنى يەپ يۈرگەن يوغان باش بېلىق بىلەن بىمۇ بېلىقلىرىنىمۇ
ئەمدىلىكتە باشقا بېلىقلار ساراسىمىگە سېلىپ قويۇپتۇ.

بىر جۈپ خەيشېن شۇ قەدەر قورقۇپ كېتىپتۇكى، ھەتتا ئۇچەي-
لىرىمۇ ئاغزىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپتۇ. بىراق ئۇلار يەنىلا ئولۇپ
كەتمەيدىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇنداق بىگىسى بار ئىكەن.
بىرمۇنچە راك بىلەن قىسقۇچ پاقىلار ئوزلىرىنىڭ قاسراقلىرىدىن

ئېتىلىپ چىقىپ، پۆت-قوللىرى قېپقالسىمۇ قېچىپتۇ.

مۇشۇنىداق ئالاقزادىلىك-پاتىپاراقچىلىقتا ھەلىقى بىر مەك سەككىز يۈز ئاكا-ئۇكا، ھەدە-سىڭىل قېرىندىشىلار تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ كېتىپتۇ. ئۇلار قايتا بىر يەرگە جەم بولالماپتۇ، بىر بىرىنى تونۇۋېلىشقىمۇ مۇمكىن بولماپتۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمىلا بۇرۇنقى يېرىدە قاپتۇ. ئۇلار بىرەر سائەت جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يۇرىگى جايىغا چۈشكەندەك بوپتۇيۇ، بىر ئاز ئەجەپلىنىشكە باشلاپتۇ.

ئۇلار ئەتراپلىرىغا قاراپتۇ؛ يۇقۇرىغىمۇ، تۆۋەنگىمۇ قاراپتۇ. ئۇلار دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۇزلىرىنى قورقۇتقان، شۇنداقلا باشقا چوڭ-كىچىك بېلىقلارنىمۇ قورقۇتقان ھېلىقى قورقۇنچلۇق نەرسىنى كورگەنلىگىگە ئىشىنىپتۇ. بۇ بېلىجانلار ئۇزلىرىنىڭ ئاددى كوزلىرى بىلەن بۇ نەرسىنىڭ دېڭىزنىڭ تېگىدە ياتقانلىغىنى، ئۇنىڭ خېلىلا ئىنچىكە ئىكەنلىگىنى كورەلەپتۇ، لېكىن ئۇلار بۇ نەرسىنىڭ قانچىلىك يوغىنالايدىغانلىغىنى، قانچىلىك پىششىق بولۇپ ئۇزگىرىدىغانلىغىنى بىلمەيدىكەن. بۇ نەرسە جىم-جىت ياتىدىكەن، بىراق ئۇلار بۇ ئۇنىڭ ھېلىسى بولسا كېرەك دەپ قارايدىكەن.

— ئۇ ئاشۇ يەردە يېتىۋەرسۇن! ئۇنىڭ بىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق! — دەپتۇ بېلىجانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېھتىياتچان بىرى، ئەمما ھېلىقى ئەڭ كىچىك بېلىق يەنىلا ئۇنىڭ زادى نىمە نەرسە ئىكەنلىگىنى بىلمەكچى بوپتۇ. ئۇلار بۇ

نەرسە يۇقۇرىدىن چوكۇپ كەلگەن، كىشىلەر چوقۇم يۇقۇرىدىن ئىشەنچلىك خەۋەر ئالالايدۇ دەپ ئويلاپ، دېڭىز يۈزىگە ئۈزۈپ چىقىپتۇ.

ھاۋا ئەينەكتەك سۈزۈك ئىكەن.

بېلىقچىلار دېڭىز يۈزىدە بىر يۇنۇس بېلىقىنى ئۇچرىتىپتۇ. يۇنۇس بېلىقى چامباشچىلىقنى بىلىدىغان بىر سەرگەردان ئىكەن: ئۇ دېڭىز يۈزىدە موللاق ئاتالايدىكەن. ئۇنىڭ كۆزى بار ئىكەن، شۇڭا ئۇ ھەممە ئەھۋالنى كۆرگەن ۋە بىلگەن بولۇشى مۇمكىن. بېلىقچىلار ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغان ئىكەن، بىراق ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىلا ۋە ئۆزىنىڭ موللاق ئېتىشىنىلا ئويلايدىكەن. يۇنۇس بېلىقى ھېچ نەمىنى كۆرمىگەچكە، ھېچ نەمىگە جاۋاپ بېرەلمەپتۇ. ئۇ گەپ قىلماستىن غادىيىپ تۇرۇۋاپتۇ.

بېلىقچىلار نائىلاج بىر تېيولىنغا مۇراجەت قىپتۇ. تېيولىن سۇغا شۇڭغۇشنىلا بىلىدىكەن. ئۇ كىچىك بېلىقلارنى يەيمۇ، بىراق بۈگۈن ئۇنىڭ قوسىقى بەك توق بولغاچقا، خېلى ئەدەپ بىلەن تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلىدىغىنى يۇنۇس بېلىقىدىن سەل-پەل كۆپرەك ئىكەن.

— مەن بىرنەچچە كېچە نەم تاشنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، بىرنەچچە چاقىرىم يىراقتىكى قۇرۇقلۇققا قاراپ تۇردۇم. ئۇ يەردە نۇرغۇن كېلەڭسىز جانىۋارلار بار ئىكەن — ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆز تىللىرىدا "ئادەم" دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار ھەمىشە بىزنى تۇتماقچى بولىدىكەن، بىراق بىز دائىم قېچىپ قۇتۇلىدىكەنمىز.

مەن قانداق قىچىشنى بىلمەن، بايا سىلەر تىلغا ئالغان يىلان بېلىقمۇ بىلىدۇ. يىلان بېلىق ئەزەلدىنلا ئۇلار تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن، چۈنكى، ئۇنىڭ ئەلمساقتىن تارتىپلا قۇرۇقلۇقتا يېتىپ كەلگەنلىكى شۇبھىسىز. ئۇلار ئۇنى قۇرۇقلۇقتىن ئايرىپ كېمىگە بېسىپ، ئاندىن يەنە دېڭىز ئارقىلىق يىراقتىكى بىر قۇرۇقلۇققا توشۇپ بارىدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ ئاۋارىگەرچىلىككە دۇچكەلگەنلىكىنى كوردۇم، بىراق ئۇلارنىڭ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇش چارىسى بار ئىكەن، چۈنكى ئۇ قۇرۇقلۇقتا بەك گەپكە كىرىدىكەن. ئۇلار ئۇنى كاللەك قىلىپ يوگىۋالىدىكەن. سۇغا چۈشۈرۈلگەن چاغدا ئۇنىڭدىن چىققان شالاق-شۇلۇق ئاۋازنى ئاڭلىدىم. ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىپ مۇشۇ يەرگە كېلىۋالغان. ئۇلار ھەممە كۈچلىرى بىلەن، نۇرغۇن قوللىرى بىلەن ئۇنى تۇتماقچى بولغان ئىكەن، لېكىن ئۇ يەنىلا قېچىپ قۇتۇلۇپ، دېڭىز تېگىگە بېرىۋاپتۇ. ئۇ ھازىرمۇ دېڭىز تېگىدە ياتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن!

—ئۇ ناھايىتى ئىنچىكىغۇ!—دەپتۇ كىچىك بېلىق.

—ئۇلار ئۇنى ئاچ قويۇپ شۇنداق قىلىپ قويىدى! بىراق ئۇ دەرھاللا ئېسىگە كېلىپ، ئەسلىدىكى يوغان ھالىغا كېلىدۇ. كىشىلەر دائىم تىلغا ئالىدىغان ۋە قورقىدىغان چوڭ دېڭىز بوغما يىلانى شۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇنى ئەسلا كورۇپ باققان ئەمەس، ھەم ئۇنىڭغا زادىلا ئىشەنمەيتتىم. ئەمدى ئىشىنىدىغان بولدۇم: ئۇ شۇ ئەبلەخ ئىكەن!—تىيولېن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇنداق دەپتۇ-دە، شارتتىدا شۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ.

— ئۇ ھەقىقەتەن كوپ ئىشنى بىلىدىكەن! ئۇ راست سوزمەن ئىكەن! — دەپتۇ كىچىك بېلىق، — ماڭا ئەزەلدىن بۇنداق ئەقىل كىرگەن ئەمەس! بۇنىسى يالغان گەپ بولمىسىلا بولدى!

— بىز ئۈزۈپ بېرىپ تەكشۈرۈپ باقايلى! — دەپتۇ ھىلىقى ئەڭ كىچىك بېلىق، — بىز يول بويى باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقساقمۇ بولىدۇ!

— ئەگەر باشقا خەۋەر ئالالىمسام، قانىتىمنى مىدىرلىتىپ قويۇشنىمۇ خالىمايمەن، — دەپتۇ قالغان بېلىقلار ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپتۇ.

— ئەمما مەن بارىمەن! — دەپتۇ ئەڭ كىچىك بېلىق. شۇنداق قىلىپ، ئۇ سۇنىڭ تەكتىگە كىرىپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ بارغان يېرى "چوكۇپ كەتكەن ھىلىقى ئۈزۈن نەرسە" ياتقان يەردىن تېخى ناھايىتى يىراق ئىكەن. كىچىك بېلىق دېڭىز تېگىدە يۈرۈپ ھەممە ياققا سەپسالىپتۇ ۋە ئىزلەپتۇ.

كىچىك بېلىق ئۆزى تۇرغان دۇنيانىڭ شۇ قەدەر چوڭلۇغىغا زادىلا دىققەت قىلماپتىكەن. ئاق بېلىقلار پاقىراپ خۇددى كۈمۈش رەڭلىك چوڭ كېمىدەك، بىرتوپ بولۇپ ئۈزۈشۈپ يۈرگەن ئىكەن. تېخىمۇ كوركەم كوك بېلىقلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈزۈپ يۈرگەن ئىكەن. تۈرلۈك شەكىلدىكى ۋە رەڭگا-رەڭ بېلىقلارنىڭ ھەممىسى كەپتۇ. دېڭىز كۈنلۈگى يېرىم سۈزۈك گۈل-چېچەكلەردەك، سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ ئۇ يان-بۇ يانغا

تولغىنىپ تۇرغان ئىكەن. دېڭىز تېگىدە غايەت چوڭ ئۇسۇملۇكلەر، ئادەم بويى كېلىدىغان ئوت-چوپلەر ۋە بالىمان دەرىخىغە ئوخشايدىغان دەرەخلەر ئوسكەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرىدا پاقىراپ تۇرغان سەدەپلەر بار ئىكەن.

ئاخىر كىچىك بېلىق تۆۋەندىكى ئۇزۇن بىرقارا نۇرنى بايقاپ، شۇ تەرەپكە ئۇزۇپ بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ بېلىقمۇ ئەمەس ئىكەن، ئاغامچىمۇ ئەمەس ئىكەن، بەلكى چوكۇپ كەتكەن چوڭ بىر كېمىنىڭ سالاسۇنى ئىكەن. دېڭىز سۇيىنىڭ بېسىمى سەۋەپلىك، بۇ كېمىنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەن ئىككى قەۋىتى يېرىلىپ ئىككى بولەك بولۇپ كەتكەن ئىكەن. كىچىك بېلىق كېمە بولمىلىرىگە ئۇزۇپ كىرىپتۇ. كېمە چوككەن چاغدا، كېمە بولمىسىدىكى نۇرغۇن ئادەم ئولگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنى سۇ ئېقىتىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ كېمىدە هازىر ئىككىلا ئولۇك قاپتۇ: بىرى قۇچىغىدا بىر بالىسى بار ۋە تۇپ-تۇز ياتقان جۇۋان ئىكەن. سۇ ئۇلارنى بوشۇككە بولەپ قويغاندەك تەۋرىتىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقان ئىكەن.

كىچىك بېلىق بەك قورقۇپ كېتىپتۇ؛ ئۇلارنىڭ ئەمدى ئويغانمايدىغانلىقىنى ئۇ پەقەت ئۇقمايدىكەن. دېڭىز يۇسۇنى سالاسۇنىغا يامىشىپ، ئانا-بالىنىڭ چىرايلىق جەسىدىگە ئېسىلىپ تۇرغان ئىكەن. بۇ يەر بەك جىمجىت ۋە تىپ-تىچ ئىكەن. كىچىك بېلىق جان-مانىغا قارىماي قېچىپ سۇيى بىرئاز تىنىق ۋە باشقا بېلىقلار سۇ ئۇزۇۋاتقان يەرگە بېرىۋاپتۇ. ئۇ

ئانچە ئۇزاققا بارمايلا قورقۇنچلۇق كارامەت چوڭ بىر كىتقا يولۇقۇپتۇ.

— مېنى يۇتۇۋەتمىسىلە تەخسىر، — دەپتۇ كىچىك بېلىق، — بەك كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈن مەندە ھېچقانداق تەم يوق، مەن ھايات ياشاش ئەڭ چوڭ خۇشاللىق دەپ قارايمەن!

— شۇنچە چوڭقۇرلۇققا كېلىپ نېمە بار ساڭا؟ باشقا جەمەتلىرىڭ نېمىشقا كەلمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ كىت.

شۇنداق قىلىپ، كىچىك بېلىق ھېلىقى غەلىتە يىلان بېلىق

— ئۇنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىشىدىن قەتئىي نەزەر — ھەققىدە، بۇ نەرسىنىڭ سۇ يۈزىدىن چوكۇپ چۈشكەنلىكىنى، دېڭىزدىكى ئەڭ يۈرەكلىك ئاھالىلەرنىڭمۇ قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ياپىر! — دەپتۇ كىت. ئۇ ئاغزىنى تولدۇرۇپ بىر يۇتۇم سۇ يۇتۇۋېلىپ، سۇ يۈزىگە چىقىپ نەپەس ئالغاندا، ئاغزىدىن چىققان سۇ يوغان ناسوستىن ئېتىلىپ چىققان سۇدەك چىقىپتۇ.

— ياپىرىم! — دەپتۇ كىت، — مەن ئۆرۈلگەن چاغدا، دۈمبەم قىچىشقاندەك قىلىۋىدى، بايا شۇ ئەبلەخ ماڭا سۈرۈلۈپتىكەن-دە! مەن تېخى ئۇنى كېمىنىڭ خادا ياغىچى بولسا كېرەك، ئۇنى ئەكېلىپ تاتىلىغۇچ قىلايمىكىن دەپتىمەن! ئەمما ئۇ بۇ يېقىن ئەتراپتا ئەمەس. شۇنداق، بۇ نەرسە ناھايىتى يىراق يەرلەردە ياتىدۇ. مېنىڭ ھازىر قىلغۇدەك باشقا ئىشىم يوق، بېرىپ ئىزلەپ باقاي!

شۇنداق قىلىپ، كىت ئالدىدا ئۈزۈپتۇ، كىچىك بېلىق خېلى ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، شىددەتلىك بىر ئېقىن تۇرۇلۇپ كەلگەچكە، كىت تېزدىنلا ئۈزۈپ كەتكەن ئىكەن.

ئۇلارغا يولدا بىر لەھەڭ بىلەن چىشلىق ئاقۇلە ئۇچراپتۇ. بۇ ئىككىسىمۇ ئۈزۈن ھەم ئاۋاق بۇ غەلىتە يىلان بېلىق ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇلار بۇنى كورمىگەن ئىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭمۇ ئۇنى كورگۇسى كەپتۇ.

بۇ چاغدا بىر نيەنيۇي بېلىغى ئۈزۈپ كەپتۇ.

— مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە باراي، — دەپتۇ نيەنيۇي بېلىغى. ئۇمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان ئىكەن. — ئەگەر بۇ چوڭ دېڭىز يىلانى لەڭگەر ئاغامچىسىدىن توم بولمىسا، مەن بىر چىشلەپلا ئۇنى ئىككى قىلىۋېتىمەن. — ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ، ئالتە قاتار چىشلىرىنى كورسىتىپتۇ. — مەن لەڭگەرنى چىشلىسەم، ئۇنىڭدا ئىز قالىدۇ، ئۇ نەرسىنىمۇ چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشىم مۇمكىن، ئەلۋەتتە!

— ھە، بايا شۇنداق ئىكەن-دە! — دەپتۇ كىت، — مەن چۈشەندىم!

كىت ئىشنى باشقىلاردىن روشەن كورۈۋالايمەن دەپ يۈرگەن ئىكەن.

— قېنى، ئۇنىڭ قانداق ئۈزىدىغانلىقىنى، قانداق چايقىلىدىغانلىقىنى، قانداق بۇرۇلىدىغانلىقىنى ۋە قانداق يوگىلىدىغان-

www.uyghurkitap.com

لىغنى كورۇپ باقايلى!ـــ دەپتۇ ئۇ.

كىت توغرا پەرەز قىلالماپتۇ. ئۇلار تەرەپكە نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يوغان يىلان بېلىق ئۇزۇپ كېلىۋاتقان ئىكەن.

ـــ بۇ ئەبلەخنى مەن بۇرۇن كورگەن!ـــ دەپتۇ چىشلىق ئاقۇلە، ـــ ئۇ دېڭىزدا زادىلا چاتاق چىقارمايدۇ، ھەرقانداق چوڭ بېلىقنىمۇ قورقىتىپ باققان ئەمەس.

شۇڭا ئۇلار دېڭىز يىلان بېلىغىغا ھىلىقى يېڭىدىن كەلگەن يىلان بېلىقنى سوزلەپ بېرىپتۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوزلىرى بىلەن بىللە ئۇنى ئىزلەپ بېرىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىغىنى سوراپتۇ.

ـــ ھىلىقى يىلان بېلىق مەندىنمۇ ئۇزۇنمىدۇ؟ـــ دەپ سوراپتۇ دېڭىز يىلان بېلىغى، ـــ ئۇنداق بولسا، چاتاق چىقارمىسىن!

ـــ ئۇنداق بولۇشى مۇقەررەر! بىز كوپ سانىنى تەشكىل قىلىمىز، شۇڭا قورقمايمىز. ـــ دەپتۇ قالغان بېلىقلار. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دەرھال ئالدىغا قاراپ ئۇزۇپ كېتىپتۇ.

دەل مۇشۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ يولىنى بىرنەرسە ـــ ئۇلارنىڭ قوشۇلمىسىدىنمۇ چوڭ بولغان بىر يوغان مەخلۇق توسىۋاپتۇ.

بۇ نەرسە لەيلەپ تۇرغان ئارالغا ئوخشايدىكەن، ھالىبۇكى لەيلەپ چىقالمايدىكەن.

بۇ بىر قېرى كىت ئىكەن. ئۇنىڭ بېشى دېڭىز يوسۇنى بىلەن تولۇپ كەتكەن، دومبىسىگە ئومىلىگۈچ ھايۋانلار تولۇپ كەتكەن، قۇلۇلە ۋە سەدەپ قېپى دوۋە بولۇپ كەتكەن ئىكەن،

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قارا تېرىسى ئاق داغلار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىكەن.

— بوۋاي، بىز بىلەن بىللە ماڭسىلا! — دەپتۇ ئۇلار، — بىر يېڭى بېلىق كەپتىكەن، بىز بۇنىڭغا سەۋرى قىلىپ تۇرالمايمىز.

— مەن مۇشۇ يەردە يېتىشنى خالايمەن، — دەپتۇ قېرى كىت، — مېنى دەم ئالغىلى قويۇڭلار! مەن يېتىپ ئارام ئالاي! ۋاي، راست، راست، راست. مەن قاتتىق كېسەل بولۇپ قالدىم! دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ، دۇمبەمنى سۇدىن چىقىرىپ تۇرساملا، بىرئاز ياخشى بولغاندەك بولىمەن. بۇ چاغدا غايەت چوڭ دېڭىز قۇشلىرى كېلىپ مېنى چوقۇيدۇ. ئۇلار بەك چىڭ چوقۇمىسىلا، بۇمۇ مەن ئۈچۈن راھەت بولىدىكەن. بۇ قۇشلار-نىڭ تۇمشۇغى بەزىدە سىمىز گوشلىرىمگە پاتىدۇ. قاراپ بېقىڭلار! بىر قۇشنىڭ پۈتۈن ئۇستىخانلىرى تا ھازىرغىچە دۇمبەمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ تىرنىقىنى دۇمبەمگە بەك چىڭ پاتۇرۇپتىكەن، مەن دېڭىز تېگىگە چوككەندە ئۇ تىرنىقىنى ئېلىپ چىقالمىغان. شۇنىڭ بىلەن، كىچىك بېلىقلار كېلىپ ئۇنى چوقىغان. ئۇنىڭغا قاراپ بېقىڭلار، ئاندىن ماڭا قاراپ بېقىڭلار! مەن كېسەل!

— بۇنىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇر! — دەپتۇ باشقا بىر كىت، — مەن ئەزەلدىن كېسەل بولۇپ باققان ئەمەس. بېلىق كېسەل بولمايدۇ!

— ئەپۇ قىلىڭلار! — دەپتۇ قېرى كىت، — يىلان بېلىقنىڭ تېرە كېسىلى بار، كارپ بېلىقىغا چېچەك چىقىشى مۇمكىن،

www.uyghurkitap.com

ھەممىمىزدە پارازىت بار!

— بۇ يالغان گەپ! — دەپتۇ لەھەك. ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىماپتۇ، باشقا بېلىقلارمۇ شۇنداق ئىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ يەنە باشقا ئىشلىرى بار ئىكەن.

ئاخىردا ئۇلار سىمىتاناپ ياتقان يەرگە كەپتۇ. ئۇ دېڭىز ئاستىدا ياتقان ئىكەن، قۇملۇق، پاتقاق، تاش ئاستى، دېڭىز ئۇسۇملۇكلىرى ۋە پۇتكۇل مارجانلىقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ياۋروپادىن ئامېرىكا قىتئەسىگىچە سوزۇلغان ئىكەن. بۇ يەردە جىددى ئېقىنلار تىنماي ئۆزگىرىپ تۇرغان، قايناملار چوگىلەپ تۇرغان، بېلىقلار توپ-توپ بولۇشۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئىكەن — بېلىقلار بىز كورگەن سان-ساناقسىز پەسىل قۇشلىرىدىنمۇ كوپ ئىكەن. بۇ يەردە شاۋ-شۇۋلار، سۇ چاچرىغان ئاۋاز، شالاقلىغان ۋە غۇڭۇلدىغان ئاۋاز بار ئىكەن — قۇلۇلە قېپىنى يېنىمىزغا قويساق، بۇنداق غۇڭۇلدىغان ئاۋازنى سەل-پەل ئاڭلايمىز. ئەمدى ئۇلار مۇشۇ يەرگە كەپتۇ.

— ھىلىقى ئەبلەخ مۇشۇ يەردە ياتىدۇ! — دەپتۇ چوڭ بېلىق. كىچىك بېلىقلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ شۇنداق دەپتۇ.

ئۇلار سىمىتاناپنى كورۇپتۇ، بۇ سىمىتاناپنىڭ باش-ئايىغىغا ئۇلارنىڭ كوزى يەتمەپتۇ.

دېڭىز بولۇتى، سۇلۇك ۋە مارجان قۇرۇتى دېڭىز ئاستىدا لەيلەپ يۇرمەكتە ئىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېسىلىپ تۇرغان، بەزىلىرى يەرگە چاپلىشىپ تۇرغان ئىكەن، شۇڭا گاھ كورۇنۇپ،

گاھ كورۇنــمەيدىكەن. دېڭــىز كامىرى، قۇلۇلە ۋە سازاڭسىمان قۇرۇتلار دېــڭىز تېگىدە ئۆمىلەپ يۈرىدىكەن. چوڭ ئۆمچۈكلەر بىرمۇنچە ئۆمــىلىگۈچى قۇرۇتــلارنى دۈمبىــسىگە ئارتىۋېــلىپ، سىمــتاناپ ئۈســتىــدە ماڭــىدىــكەن. قارا كوك خەيــشېڭــبۇ ئۆمىلىگۈچى نىمە دەپ ئاتالسا ئاتالسۇن، ئىش قىلىپ ئۇ پۈتۈن بەدىــنى بىلەن نەرسە يەيدىــكەن ــ دېڭــىز تېگىــدە يېتىپ بۇ يېڭى هايۋاننى پۇراپ ياتقان ئىكەن. بىمۇ بېلىغى بىلەن يوغان باش بېلىق ئۇ يان ــ بۇ يان ئۈزۈپ، سۈكۈت بىلەن هەرتەرەپتىن كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇرىــدىكەن. دېڭىز چاقپىلىگى پاتقاققا كىرىشــكە ئامراق بولۇپ، پەقەت كوزى بار ئىككى مۈڭگۈزىنى چىقىرىپ تۇرىــدىكەن. ئۇ بۇ پاتىپاراقچىلىقــتىن زادى قانداق نەتىجە چىقىدىكىن دەپ جىم قاراپ ياتقان ئىــكەن.

سىمتاناپ جىمجىت ياتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا جان ۋە پىكىر بار ئىكەن. ئىنسانلارنىڭ پىكرى ئۇنىڭ ۋۇجۇ-دىغا سىڭگەن ئىكەن.

ــ بۇ جانىۋار ناهايىتى قۇۋ! ــ دەپتۇ كىت، ــ ئۇ دەل مېنىڭ قوسىغىمغا كېلىپ تــېگىشى مۇمــكىن، هالبۇكــى مېنىڭ قوسىغىم ئەڭ ئاسان يارىلىندۇ!

ــ ئەتراپىنى سىلاپ ــ سىيپىغاچ ئىلگىرىــلەيلى! ــ دەپتۇ سۇ-لۇك، ــ مېنىڭ بىلەكلىرىم ئۇزۇن، بارماقلىرىم چاققان. مەن ئۇنى تۇتالايــمەن. مەن هازىر ئۇنى چىڭ تۇتۇپ كورۇپ باقــمەن.

سۇلۇك ئوزىنىڭ ئەپلىك ئۇزۇن بىلىكىنى سىمتاناپىنىڭ ئاستىغا

سوزۇپ ئاپىرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا يوگىۋاپتۇ.

ــ ئۇنىڭ قاسىرىغى يوق ئېكەن! ــ دەپتۇ سۇلۇك، ــ تېرىسمۇ يوق ئېكەن! ئېشىنىمەنكى، بۇ نەرسە ھەرگىز جانلىق بالا تاپالمايدۇ!

دېڭىز يىلان بېلىغى سوزۇلۇپ سىمتاناپىنىڭ يېنىغا يېتىپتۇ.

ــ بۇ كاساپەت مېنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ئېكەنغۇ! ــ دەپتۇ ئۇ، ــ ئەمما ئۇزۇن بولغىنى بىلەن كارايىتى چاغلىق، بىر ئادەمنىڭ تېرىسى، قوسىغى بولۇشى ۋە جانلىق ـ جۇشقۇن ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك ـ تە.

ھىلىقى ياش، قاۋۇل كىت تۇۋەنگە چوكۇپتۇ، چوككەندىمۇ ئادەتتىكىدىن كوپ چوڭقۇر چوكۇپتۇ.

ــ سىز بېلىقمۇ ياكى ئۇسۇملۇكمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ كىت، ــ ئېھتىمال، سىز دېڭىزنىڭ تويىسىدىن چۇشكەن بىرەر نەرسە بولسىڭىز كېرەك؛ بىزنىڭ ئارىمىزدا ياشاش تەس كېلىۋاتقاندۇ ـ ھە؟

لېكىن سىمتاناپ جاۋاپ بەرمەپتۇ ــ جاۋاپ بېرىش ئۇنىڭ ئىشى ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە پىكىر ــ ئىنسانلارنىڭ پىكرى ئوتۇۋاتقان ئىكەن. بۇ پىكىر بىر سىكۇنت ئىچىدىلا نەچچە مىڭ چاقىرىم يول مېڭىپ، بىر دولەتتىن ئىككىنچى بىر دولەتكە بارالايدىكەن.

ــ جاۋاپ بېرىشنى خالامسەن ياكى ئوتتۇرىدىن ئۇزۇلۇشنى خالامسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ يىرتقۇچ لەھەڭ. قالغان چوڭ بېلىق

لارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ــ جاۋاپ بېرىشىنى خالامسەن ياكى ئوتتۇرىدىن ئۇزۇلۇشنى خالامسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

سىمتاناپ قىلچە پەرۋا قىلماپتۇ، ئۇنىڭ ئۇزىگە خاس پىكرى بار ئىكەن. ئۇ پىكىر قىلماقتا ئىكەن، بۇ ناھايىتى تەبىي ئەھ‍ۋال، چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى پىكىر بىلەن تولغان ئىكەن.

"ئۇلار مېنى ئۇزۇۋۇەتسە ئۇزۇۋۇەتسۇن. كىشىلەر مېنى سۇزۇ‌ۋېلىپ، قايتا ئۇلاپ قويىدۇ. مېنىڭ بىرمۇنچە جەمەتلىرىم تېپىز سۇلاردا بۇنىداق ئەھۋاللارنى ئۇچراتقان" دەپ ئويلاپتۇ سىمتاناپ.

شۇڭا ئۇ جاۋاپ بەرمەپتۇ؛ ئۇنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشلىرى بار ئىكەن. ئۇ تېلېگىراممىا يەتكۇزىدىكەن؛ ئۇنىڭ دېڭىز تېگىدە يېتىشى قانۇنلۇق ئىكەن.

بۇ چاغدا، كۇن، كىشىلەر ئېيتقاندەك، ئولتۇراي دەپ قاپتۇ. ئاسماندىكى بۇلۇتلار ئوتقاشتەك، بىر بىرىدىن چىرايلىق كورۇنۇپتۇ.

ــ ھازىر بىزگە قىزىل نۇر چۈشتى! ــ دەپتۇ سۇلۇك، ــ ئەمدى بۇ نەرسىنى تېخىمۇ ئېنىق كورەلەيمىز ــ ئەگەر شۇنداق قىلىش زورۇر بولسا.

ــ كورۇپ باقايلى! كورۇپ باقايلى! ــ دەپتۇ نيەنيۇي بېلىقى چىشلىرىنى كورسىتىپ تۇرۇپ.

ــ كورىلى! كورىلى! ــ دەپتۇ يەلكەن بېلىق، كىت ۋە دېڭىز يىلان بېلىقى تەگلا.

ئۇلار تەڭلا ئالدىغا قاراپ ئىتتىلىپتۇ. نيەنيۇي بىلىغى ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ئەمما ئۇلار سىمتاناپنى چىشلەپ ئۈزمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، چىشلىق ئاقۇلە ھەردەك چىشىنى نيەنيۇي بېلىغىنىڭ دۈمبىسىگە چىقىرىپتۇ. بۇ بىر ئېغىر خاتالىق بوپتۇ: نيەنيۇي بېلىغىدا چىشلىگۈدەك ماغدۇر قالماپتۇ.

ئەمدى پاتقاقنىڭ ئىچى قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ. چوڭ بېلىقلار بىلەن كىچىك بېلىقلار، خېيشىڭلار بىلەن قۇلۇلىلەر ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ، بىر بىرىنى چىشلەپ سوقۇشۇپ كېتىپتۇ. سىمتاناپ جىمجىت يېتىپ، ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشنى قىپتۇ.

دېڭىزنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ، ئەمما مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن دېڭىز جانۋارلىرى نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. تېررىقچىلىكمۇ كەلمەيدىغان راك تۇخۇملىرىدىنمۇ نۇر چاقناپ تۇرىدىكەن. بۇ ھەقىقەتەن كارامەت ئىش ئىكەن، بىراق بۇ پاكىت.

دېڭىزدىكى ھايۋانلار بۇ سىمتاناپقا كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ.

"بۇ كاساپەت بىر نەرسىمۇ ياكى نەرسە ئەمەسمۇ؟"

راست، گەپنىڭ پوسكاللىسى مۇشۇ يەردە.

بۇ چاغدا بىر دېڭىز پىلى كەپتۇ. ئىنسانلار بۇ نەرسىنى دېڭىز قىزى ياكى دېڭىز ئادىمى دەپ ئاتايدىكەن. بۇ كەلگىنى "قىز" ئىكەن، ئۇنىڭ بىر قۇيرۇغى، سۇ پالاقلىتىدىغان قىسقا ئىككى بىلىكى ۋە ساڭگىلاپ تۇرغان كۆكرىكى بار ئىكەن. ئۇنىڭ

بېشىدا نۇرغۇن دېڭىز يۇسۇنى ۋە ئۇمىلىگۇچلەر بار ئىكەن، ئۇ مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلەن بەك پەخىرلىنىدىكەن.

— سىلەرنىڭ بىلگىڭلار ۋە چۈشەنگىڭلار كېلەمدۇ، يوقمۇ؟ — دەپتۇ دېڭىز پىلى، — پەقەت مەنلا دەپ بېرەلەيمەن. بىراق مەن ماڭا ۋە مېنىڭ جەمەتلىرىمگە دېڭىز تېگىدىن ئەركىن ئوت - چۆپ يېيىش هوقۇقى بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بېلىقمەن، لېكىن ھەركەت جەھەتتە مەن ئۇمىلىگۇچىلەردىنمەن. مەن دېڭىزدا ئەڭ ئەقىللىق ئادەم. مەن دېڭىزدا ياشايدىغان ھەممە نەرسىنى بىلىمەن، دېڭىزنىڭ تاشىنىدا ياشايدىغان ھەممە نەرسىنىمۇ بىلىمەن. دېڭىزنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى جانسىز ياكى ئۆلگەن نەرسە بولىدۇ، ئۇلاردا ھېچقانداق كۈچ - قۇدرەت بولمايدۇ. ئۇ ئورنىدا يېتىۋەرسۇن. ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىر خىل كەشپىياتىدىنلا ئىبارەت، خالاس!

— ئىشىنىمەنكى، ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ! — دەپتۇ كىچىك بېلىق.

— كىچىك كوك بېلىق، لوقما سالما! — دەپتۇ دېڭىز پىلى.

— سىم بېلىق! — دەپتۇ باشقا بېلىقلار؛ بۇنىڭدىن باشقا كىشىنىڭ كوڭلىنى تېخىمۇ ئاغرىتىدىغان گەپلەر بولۇپتۇ.

دېڭىز پىلى ئۇلارغا: بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدىغان، ئادەمنى قورقىتىدىغان بۇ جانۋارنىڭ پەقەت قۇرۇقلۇقتىكى بىر كەشپىيات ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ئۇ يەنە قىسقىچە نۇتۇق

سۆزلەپ، ئىنسانلارنىڭ مەككارلىغىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

— ئىنسانلار بىزنى تۇتماقچى، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى بىردىن-بىر مەقسىدى مانا مۇشۇ. ئۇلار تور سېلىپ، قارماققا يەمتۈك سېلىپ بىزنى تۇتىدۇ. ئاۋۇ ياتقان نەرسە بىرتال ئاغامچا. ئۇلار بىزنى ئۇنى چىشلەيدۇ دەپ ئويلايدۇ، تازا ئوتتۇپ كەتكەن ئەخمەقلەر ئىكەن! بىز ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس! كارغا كەلمەيدىغان بۇ نەمىگە چېقىلمايلى، ئۇ ئۆزىلا يوقاپ كېتىدۇ، چاڭ-توزاڭ ۋە لاي-لاتقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. قۇرۇقلۇقتىن چۈشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە نۇقسان بار ۋە ئۇلار چىرىپ تۈرىدۇ — بىر پۇلغا ئەرزىمەيدۇ!

— بىر پۇلغا ئەرزىمەيدۇ! — دېيىشىپتۇ ھەممە بېلىقلار. ئۇلار دېڭىز پىلىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ پىكىر بايان قىپتۇ.

كىچىك بېلىق بولسا ئۆز قارىشىدا تۇرۇپتۇ:

— ئۇزۇن ھەم ئاۋاق بۇ دېڭىز بوغما يىلانى دېڭىزدىكى ئەڭ ئاجايىپ بېلىق بولۇشى مۇمكىن. ماڭا مۇشۇنداق تۇيۇلىدۇ.

— ئاجايىپ بېلىق! — بىز ئادەملەر مۇشۇنداق دەيمىز، بەلكى بۇنداق دېيىشتە بىزدە ئىشەنچ ۋە ئاساس بار.

بۇ غايەت چوڭ دېڭىز بوغما يىلانى بۇرۇنىسىدىلا غەزەل ۋە رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىكەن.

ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقىل-پاراستىدىن تۇغۇلغان ۋە پەيدا بولغان ئىكەن. ئۇ دېڭىز ئاستىدا يېتىپ، شەرق ئەللىرىدىن غەرب ئەللىرىگە سوزۇلغان ئىكەن. ئۇ خەۋەرنى قۇياش ئۇز

نۇرىنى يەر شارىمىزغا يەتكۈزگەنىدەك تېز يەتكۈزىدىكەن. ئۇ تەرەققى قىلىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ قۇدرىتى ۋە دائىرىسى يىلدىن-يىلغا ئاشماقتا ۋە كېڭەيمەكتە ئىكەن. ئۇ دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ، يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقىدىكەن؛ ئۇ ئۇركەشلەۋاتقان سۇغىمۇ، تىپ-تىنچ سۇغىمۇ چوكۇپ كىرەلەيدىكەن — مۇشۇنداق سۇدا كېمە باشلىغى خۇددى سۈزۈك ھاۋادا ماڭغاندەك، سۇغا قارايدىكەن، رەڭگا-رەڭ ساليوتتەك بېلىق توپلىرىنى كورەلەيدىكەن.

بۇ بوغما يىلان — بەخت بەخش قىلىدىغان ئوتتۇرا قاتلام[①] نىڭ بوغما يىلانى — يەر شارىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ئوزىنىڭ



① ئەسلىسى Midgaard — جەننەت بىلەن دوزاق ئوتتۇرىسىدىكى جاي، يەنى بىز ئىنسانلار تۇرغان دۇنيا.

www.uyghurkitap.com

قۇيرۇغىنى چىشلىۋالىدىكەن. بىلىقلار بىلەن ئۇمىلىگۈچىلەر چىشلىرىنى چىشلەپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپتۇ، ئۇلار قۇرۇقلۇقتىن چۇشۇرۇلگەن بۇ نەرسىنىڭ ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ پىكىرىنىڭ ياخشى مەقسەت ئۈچۈن، شۇنداقلا يامان مەقسەت ئۈچۈنمۇ تۇرلۇك-تۇرلۇك تىللار ئارقىلىق، ئۇن-تىنسىز هالدا بۇ بىلىم قاچىلانغان يىلاننىڭ ۋۇجۇدىدا ئېقىپ يۈرگەنلىكىنى تامامەن چۇشەنمەيدىكەن. ئۇ دېڭىزدىكى ئاجايىپ نەرسىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاجايىپ نەرسە — زامانىمىزدىكى

**دېڭىز بوغما يىلاندۇر.**

# كورۇمسىز ئۆدەك چوجىسى

## (دانىيە) ئاندېرسېن

يېزا ھەقىقەتەن كارامەت چىرايلىق ئىدى. ئۇ چاغ بۇغداي ئالتۇندەك ساغارغان، سۇلۇ ياپ-يېشىل بولۇپ كەتكەن، يېشىل يايلاقتا قۇرۇق چۆپلەر دۆۋە-دۆۋە قىلىپ دۆۋىلەنگەن ياز كۈنلىرى ئىدى، ئۇزۇن ھەم قىزىل پاچاقلىرى بىلەن يوغان قەدەم تاشلاپ سەيلە قىلىپ يۈرگەن لەيلەك تىنماي ئەرەپچە سۆزلەيتتى. ئۇ بۇ تىلنى ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئېتىز-لىق بىلەن يايلاق ئەتراپى كەڭ ئورمانلىق بولۇپ، ئورمانلىقتا چوڭقۇر كۆلچەكلەر بار ئىدى. يېزىنىڭ چىرايلىقلىقىدا راستلا گەپ يوق ئىدى. كۈن ئۆز نۇرىنى كونا شەكىلدىكى بىر ئۆيگە چېچىپ تۇراتتى، ئۆي ئەتراپىدىكى چوڭقۇر ئېرىقلاردا سۇ ئاقاتتى. تام تۈۋىدىن ئېرىق بويىغىچە ئۆسكەن قېرىقىزلار شۇ قەدەر بوي تارتىپ كەتكەن ئىدىكى، ئەڭ ئېگىز ئۆسكەنلىرىنىڭ ئاستىدا بالىلار تىك تۇرالايتتى. بۇ ئەتراپ قېلىن ئورمانلىققا ئوخشاش چاتقاللىق ئىدى. بۇ يەردە ئۇۋىسىدا بالىلىرىنىڭ شاكال يېرىپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بىر ئانا ئۆدەك بار

ئىدى. بۇ ئۆدەكنىڭ بۇ چاغدا چارچاپ ھالى قالمىغان ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى يوقلاپ كەلگۈچىلەرمۇ ئازلاپ كەتكەن ئىدى. باشقا ئۆدەكلەر قىرىقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە ئېرىقتا ئۈزۈپ ئويناشنى ئەۋزەل كۆرەتتى.

ئاخىر تۇخۇملار بىر-بىرلەپ يېرىلىشقا باشلىدى. ھەممە تۇخۇملارنىڭ سىرىغا جان كىرىپ، ئۆدەك چۈجىلىرى بويۇنلىرىنى سوزۇپ چىقىشقىلى تۇردى.

— غاق-غاق! — دېدى ئانا ئۆدەك. چۈجىلەرمۇ ئۇنى دوراپ بار ئاۋازى بىلەن غاقلىدىشىپ كەتتى. ئۇلار يېشىل يوپۇرماقلار تۈۋىدە ئەتراپقا كۆز سالاتتى. ئاپىسى ئۇلارنى ئىمكان قەدەر تەرەپ-تەرەپكە قارىتاتتى، چۈنكى يېشىل رەڭ ئۇلارنىڭ كۆزىگە پايدىلىق ئىدى.

— ئەجەپ چوڭ ئىكەنا بۇ ئالەم! — دېيىشىپ كەتتى كىچىك جانىۋارلار. تۇخۇم ئىچىدىكى چېغىدىكىدىن ھازىر ئۇلار كۆرۈپ تۇرغان بۇ جاھان ھەقىقەتەن باشقىچە ئىدى.

— جاھاننىڭ ھەممىسى مۇشۇكەن دەپ قالدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئاپىسى ئۇلارغا، — بۇ ئالەم باغنىڭ نېرىقى بېشىغا، پوپنىڭ ئېتىزلىقىغا، ناھايىتى يىراققا سوزۇلىدۇ! ئۇ ياقلارغا ئۆزەممۇ بېرىپ باقمىغان! بارغىڭلار كېلىۋاتامدۇ؟ — ئۇ ئورنىدىن تۇردى، — ياق چۈجىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق چىقىپ بولغىنى يوققۇ! ئەڭ چوڭ تۇخۇم تېخى قىمىر قىلماي ياتىدۇ، قاچانغىچە

ياتاركىن؟ ئىچىم ئەجەپمۇ پۇشتىغۇ. — شۇنىداق قىلىپ، ئۇ يەنە جايىدا ئولتۇرۇۋالدى.

— هە، چىققاي دەپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنى يوقلاپ كەلگەن بىر قېرى ئانا ئودەك.

— ماۋۇ بىر تۇخۇم ئەجەپمۇ جىق ۋاقتىمنى ئالدى! — دېدى ئولتۇرغان ئانا ئودەك، — يېرىلىدىغاندەك ئەمەس. قالغانلىرىغا قاراپ بېقىڭ. بۇ چوجىلىرىمگە كىمنىڭ زوقى كەلمىسۇن؟ ھەممىسى دادىسىغا ئوخشاپتۇ — ئۇ ئەسكىغۇ مېنى يوقلاپ بىرەر قېتىممۇ كېلىپ باقمىدى!

— يېرىلمايۋاتقان تۇخۇمىغا قاراپ باقايچۇ، — دېدى قېرى مېھمان، — مېنىڭچە، بۇ كۈركە توخۇنىڭ تۇخۇمى ئىكەن. بۇرۇن مەنمۇ بىر قېتىم ئالدانغانمەن. ئاشۇ كىچىك جانۋارلار سۇغا كىرىشتىن قورقىدىكەن، مېنى كوپ ئاۋارە قىلغان ۋە باش قېتىنچىلىغىغا سالغان ئىدى. ئۇلارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ سۇغا چۈشۈرەلمىدىم، شۇنچە دېسەممۇ، تىللىسامۇ كار قىلمىدى! — قېنى، بۇ تۇخۇمىغا قاراپ باقايچۇ. ۋاي خۇدايىم! بۇ كۈركە توخۇنىڭ تۇخۇمى ئىكەن! بۇنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ، باشقا بالىلىرىڭىزغا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىۋېرىڭ.

— مەن ئۇنى يەنە بىر مەزگىل بېسىپ ئولتۇراي، — دېدى ئانا ئودەك، — شۇنچە ۋاقىت باستىمغۇ، يەنە بىر ھەپتە باسساممۇ مەيلى.

— ئۇنداق بولسا ئۆز مەيلىڭىزچە بولسۇن، — دېدى قېرى

ئۆدەك ۋە خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

ئاخىر ھەلىقى چوڭ تۇخۇم يېرىلدى. كىچىك جانىۋار چۇكۇلداپ سىرتقا ئومىلەپ چىقتى، ئۇ چوڭ ھەم كورۇمسىز ئىدى.

— نىمە ئانچە چوڭ بۇ چوجە، — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتۈپ، — باشقا چوجىلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، لېكىن بۇ ھەرگىز كۈركە توخۇنىڭ چوجىسى ئەمەس! بوپتۇ، دەرھال بۇنى سىناپ باقاي، ئۇ سۇغا چۈشۈشى كېرەك، ئۇنى پۇتۇمدا تېپىپ بولسىمۇ سۇغا چۈشۈرىمەن!

ئەتىسى، كۈن باشقىچىلا ئوچۇق بولۇپ، ئاپتاپ يېشىل قېرىقىزغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئانا ئۆدەك بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېرىق بويىغا باشلاپ كەلدى. ئۇ ئۆزى چولتۇككىدە قىلىپ سۇغا چۈشۈپ، غاقىلداۋېدى، بالىلىرى كەينى-كەينىدىن سۇغا سەكرىدى. ئۇلارنىڭ بېشى سۇغا چوكۇپ كەتكەن ئىدى، لېكىن ئۇلار دەرھال بېشىنى سۇدىن چىقىرىۋېلىپ، بىر چىرايلىق ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى بەك ئەپچىل ھەركەتلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇدا ئىدى، ھەتتا ھېلىقى كورۇمسىز سۇر چوجىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئۈزمەكتە ئىدى.

— بەللى، كۈركە توخۇنىڭ چوجىسى ئەمەس ئىكەنغۇ ئۇ، — دېدى ئانا ئۆدەك، — قارىمامدىغان پۇتلىرىنىڭ چاققانلىقىغا، ئۈزۈشلىرى نىمدىگەن سالماق، سىلىق! ئۇ مېنىڭ ئۆز بالام! ئوبدان سەپسېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ خېلى چىرايلىق

ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. غاق، غاق، غاق! مېڭىڭلار ئارقامدىن، سىلەرنى كەڭ ئالەمگە ئاپىرىپ، سىلەرگە ئۇدەك فېرمىسىنى كۆرسىتىپ قوياي. بىراق ماڭا يېقىن مېڭىڭلار، بىرەرسى دەسسەپ سالمىسۇن سىلەرنى يەنە. مۈشۈكتىنمۇ ئېھتىيات قىلىڭلار جۇمۇ!

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇدەك فېرمىسىغا كىرىشتى. بۇ چاغدا فېرما ئىچىدىن قورقۇنچلۇق شاۋقۇن-سۈرەن كۆتىرىلدى، قارىغۇدەك بولسا، ئىككى جەمەت بىر يىلان بېلىقنىڭ بېشىنى تالاشقان، ئاخىر ئۇنى مۈشۈك ئېپقاچقان ئىدى.

—قاراڭلار بالىلىرىم، ئالەم دىگەن مۇشۇنداق بولىدۇ!— دىدى ئانا ئۇدەك. ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن بىرئاز شۆلگەي ئاققان ئىدى، ئۇنىڭمۇ ھىلقى يىلان بېلىقنىڭ بېشىنى يىگىسى كەلگەن ئىدى. —ئەمدى پۇتۇڭلارنى ئىشقا سېلىڭلار،—دىدى ئانا ئۇدەك،—روھلۇق بولۇڭلار، ئاۋۇ تەرەپتىكى قېرى ئانا ئۇدەك بۇ يەرنىڭ كاتتا موتىۋەرى بولىدۇ، ئۇ ئۇچراپ قالسا، بېشىڭلارنى ئېگىڭلار. ئۇنىڭ ئىسپانىيىلىك بىلەن قانداشلىقى بولغاچقا شۇنداق سېمىز. كوردۇڭلارمۇ، ئۇنىڭ پۇتىدا بىر پارچە قىزىل لاتا بار، ئۇ بەك كارامەت نەرسە، شۇنداقلا ئۇ ئۇدەك ئۇچۇن ئەڭ چوڭ شان-شەرەپ بولۇپ ھىساپلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور، ئۇ كىشىلەرنىڭ بۇ ئۇدەكتىن ئايرىلىغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى، ھايۋانلار بىلەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى بىلىشى كېرەكلىگىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

روھلۇق بولۇشلار — پۇتۇشلارنى يىغىۋالماقلار. ئوبدان تەربىيە كۆرگەن چۈجە ئاتا ـ ئانىسىدەك پۇتلىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىدۇ. قېنى، بېشىڭلارنى ئېگىپ، غاق، غاق! دەڭلار.

چۈجىلەر ئاپىسىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىشتى.

— قاراڭلار، ئۆزىمىز ئازلىق قىلىۋاتقاندەك بىر تالاي ھارامتاماقلار كەپتۇ يەنە! تۇفىي! قاراڭلار ئاۋۇ شۇمتەكنىڭ ئەلپازىغا! كۆزىمىزگە بەك سەت كۆرۈنۈپ كەتتىغۇ! — دەپ جاۋۇلداشتى ياندا تۇرغان ئۆدەكلەر. بىرى دەرھال ئۇچۇپ بېرىپ بىچارىنىڭ گەجگىسىدىن چوقۇدى.

— ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، — دېدى ئانىسى، — ئۇ ھېچكىمگە زەرەر يەتكۈزمەيدۇ!

— ئۇغۇ راست، بىراق ئۇ بەك چوڭ، بەك غەلىتە ئىكەن، — دېدى ھېلىقى چوقۇغان ئۆدەك، — شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى چوقۇيمىز!

— بۇ ئۆدەكنىڭ باللىرى ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، — دېدى پۇتىدا قىزىل لاتىسى بار قېرى ئانا ئۆدەك، — ئاشۇ بىرسىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى چىرايلىق ئىكەن. بىرىنىڭ ئاشۇنداق بولۇشى راست ئەپسۇسلىنارلىق بوپتۇ. ئانىسىنىڭ ئۇنى چىرايلىقراق قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

— ئۇنداق قىلالمايمەن، خانىم، — دېدى ئانا ئۆدەك، — ئۆزى سەت بولغىنى بىلەن، مىجەزى بەك ياخشى. سۇ ئۈزۈش-



www.uyghurkitap.com

تېمۇ باشقىلاردىن قېلىشمايدۇ — باشقىلاردىن ياخشى ئۈزىدۇ دەپ ئېيتالايمەن. ئاستا-ئاستا چىرايلىق بولۇپمۇ قالار، مۇۋاپىق پەيتى كەلگەندە كىچىكلەپمۇ قالار، بەلكىم. ئۇ تۇخۇمنىڭ ئىچىدە كوپ ياتقانلىغى ئۈچۈن قىياپىتى باشقىچىرەك بولۇپ قالغان، — شۇنداق قىلىپ، ئانىسى ھىلىقى كورۈمسىز بالىسىنىڭ يەلكىسىنى سىلاپ، تۈكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، — ئۇ ئېرىكەك ئۆدەك، شۇڭا ھېچ گەپ ئەمەس. مېنىڭچە ئۇنىڭ تېنى بەك ساغلام، كەلگۈسىدە ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تاپالايدۇ.

— باشقا بالىلىرىڭ ناھايىتى ئوماق ئىكەن، — دېدى پۈتىدا قىزىل لاتىسى بار قېرى ئانا ئۆدەك، — بۇ يەردە ھەرگىز قىسىلىپ-تارتىنىپ يۈرمە؛ يىلان بېلىقنىڭ بېشى ئۇچرىسا، ماڭا يوللىۋېتەرسەن.

مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ كۈنى بۇ يەردە ئۆز ئۆيلىرىدە ئۆتكەندىكىدەك ئۆتۈشتى.

بىراق، تۇخۇمدىن كېيىن چىققان ھىلىقى چوجە بەك سەت-كورۈمسىز بولغاچقا، نەگىلا بارسا باشقا ئۆدەكلەر ئۇنى چوقۇلايتتى، يەكلەيتتى، مەسخىرە قىلاتتى، ئۆدەكلەر شۇنداق قىلىپلا قالماي، توخۇلارمۇ شۇنداق قىلىشاتتى.

— راستلا بەك چوڭ ئىكەن ئۇ! — دېيىشتى ھەممىسى. پۈتىدا دوكۈرى بار تۇغۇلغان ھىلىقى ئەركەك كۈركە ئۆزىنى پادىشا چاغلايتتى. ئۇ تۈك-پەيلىرىنى پاخپايتىۋېلىپ، ھىلىقى چوجىگە

www.uyghurkitap.com

ھۇرپىيىپ كەلدى، ئۇنىڭ كوزلىرى چەكچەيگەن، يۇزى پوكاندەك قىزارغان ئىدى. بۇ بىچارە چوجە ئوزىنى نەگە قويۇشنى ياكى نەگە بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئوزىنىڭ كورۇمسىز بولۇپ قالغانلىقىغا، يەنە كېلىپ ھەممە ئودەك، توخۇلارنىڭ مەسخىرە قىلىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا قاتتىق ھەسرەتلەندى.

بىرىنچى كۈندىكى ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئەھۋال كۈندىن-كۈنگە ناچارلاشتى. ھەممەيلەن بۇ بىچارە چوجىنى قوغلىۋەتمەكچى بولۇشتى؛ ھەتتا ئۇنىڭ ئاكا-ئۇكا، ھەدە-سىڭىللىرىمۇ ئۇنىڭغا دوق قىلىدىغان بولدى. ئۇلار دائىم:

— بۇ سەت ئالۋاستىنى مۇشۇك ئېلىپ كەتسىكەن! — دېيىشەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئانىسىمۇ:

— كوزۇمدىن نېرىراق يوتسەڭچۇ! — دەيدىغان بولدى. ئودەكلەر ئۇنى چوقۇيدىغان، چوجىلەر ئۇنى دوشكەللەيدىغان، ئودەك ۋە توخۇ باققۇچى ئايالمۇ ئۇنى تېپىدىغان بولدى.

ھېچ بولماي، ئۇ چىتلاقتىن ئۇچۇپ چىقىپ قېچىپ كەتتى. چاتقاللىقتىكى قۇشلار ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ ئاسمانغا قاراپ ئۇچۇشتى. "بۇمۇ مېنىڭ بەك سەت بولغانلىقىمدىن بولسا كېرەك!" دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كوزىنى يۇمۇۋېلىپ، قېچىۋەردى. شۇ قاچقان پېتى نۇرغۇن ياۋا ئودەك ماكانلاشقان ساسلىققا كېلىپ قالدى. بەك چارچىغانلىقى ۋە روھى چۈشكۈن

بولغانلىغى سەۋەبىدىن تۈن بويى قىمىر قىلماي ياتتى.

تاڭ ئېتىشىغىلا ئۇچۇشقا باشلىغان ياۋا ئۆدەكلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى دوستىغا سەپسېلىشتى.

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار. ھەممىسىگە ئىززەت بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرمەكچى بولغان چۈجە بىر دەم بۇيان، بىر دەم ئۇيان ئۆرۈلۈپ باش ئېگەتتى.

— سەن ھەقىقەتەن تولىمۇ سەت ئىكەنسەن! — دېيىشتى ياۋا ئۆدەكلەر، — بىزنىڭ جەمەتتىكى بىرسىگە ئۆيلەنمىسەڭلا بولغىنى، كۆرۈمسىز بولغىنىڭنىڭ بىز بىلەن ئانچە ئالاقىسى يوق. — بىچارە جانۋار ئۆيلىنىشنى زادى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى؛ ئۇ كىشىلەر مېنىڭ قومۇشلۇقتا يېتىشىمغا، ساسلىقتىكى سۇدىن ئانچە-مۇنچە ئىچىشىمگە رۇخسەت قىلسىلا بولاتتى، دىگەننى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇ بۇ يەردە توپ-توغرا ئىككى كۈن ياتتى. بىر ۋاقىتلاردا ئىككى ياۋا غاز — ئېنىقراق ئېيتقاندا ئىككى ئاتا غاز — ئۇچۇپ كەلدى. ئاپىسىنىڭ تۇخۇمىدىن يېقىندىلا چىققان بۇ غازلار ئىنتايىن كەپسىز ئىدى.

— ھەي، دوستۇم، — دىدى ئۇلار، — كۆرۈمسىزلىگىڭدىن ئايلىنىپ كېتەي، ھەتتا مەن①مۇ ئىختىيارسىز ھالدا سېنى ياق-

---

① بۇ يەردىكى "مەن" (Jeg) بىرلىك بولۇپ، ئۇ ئالدىدىكى "ئۇلار" دىگەن سۆز بىلەن زىت كېلىدۇ. ئەمما ئەسلىسى شۇنداق.

تۇرۇپ قالدىم. بىز بىلەن بىللە ئۇچۇپ، پەسىل قۇشى بولساڭ قانداق؟ بۇ يەرگە يېقىن يەنە بىر ساسلىقتا بىرنەچچە چىرايلىق غاز بالىسى بار. ئۇلار قىزلار، ھەممىسى "غاق، غاق!" دېيىشنى بىلىدۇ. ئۆزەڭ سەت بولساڭمۇ، بېرىپ تەقدىرىڭنى سىناپ باقمامسەن!

دەل شۇ ئەسنادا "پاڭ-پۇڭ" قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بۇ ئىككى ئەركەك غاز قومۇشلۇققا چۈشۈپ ئۆلدى، سۇ قىپ-قىزىل قانغا بويالدى. يەنە "پاڭ-پۇڭ" قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. توپ-توپ ياۋا غازلار قومۇشلۇقتىن ئۇچۇپ كېتىشتى. ئارقىدىن يەنە مىلتىق ئاۋازى چىقتى. بايا كىشىلەر ئوۋ قىلىۋاتقان ئىكەن. ئوۋچىلار ساسلىق ئەتراپىغا موكۇۋالغان، بىرنەچچە ئادەم ھەتتا قومۇش ئۈستىگە سوزۇلۇپ كەتكەن دەرەخ شاخلىرىغا چىقىۋالغان ئىدى. كۆك ئىس قارىياغاچ ئارىسىنى تۇماندەك قاپلاپ، سۇ يۈزىدىن ئاستا-ئاستا يىراقلارغا تارقالماقتا ئىدى. ئوۋ ئىتلىرى پالاق-پۇلۇق قىلىپ پاتقاقلىقتىن يۈگۈرەپ چىقىشتى، پىلىك ئوت بىلەن قومۇشلار ئىككى تەرەپكە يېتىپ قالغان ئىدى. ھىلىقى بىچارە ئۆدەك چوچىسى ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى! ئۇ بېشىنى قانىتى ئاستىغا تىقىۋالدى. دەل مۇشۇ چاغدا، قورقۇنچلۇق يوغان بىر ئوۋ ئىتى يۈگۈرەپ كېلىپ ئۇنىڭ قېشىغىلا كېلىپ تۇردى. ئىت تىلىنى ئۇزۇن ساڭگىلىتىۋالغان بولۇپ، كۆزلىرى خۇنۈك ھەم دەھشەت پاقىرايتتى. ئۇ تۇمشۇغىنى ئۆدەك چوچىسىغا تاقاپ، ئۇچلۇق چىشلىرىنى

چىقاردىيۇ، چوجىگە چىقىلماي، يەنە "پالاق، پۇلۇق!" قىلىپ چىپىپ كەتتى.

— ئۇف، خۇداغا شۈكۈر! — دېدى چوجە يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بولۇپ، — سەتلىكىمدىن ئىتمۇ مېنى يارىتماي كەتتى!

ئۇ تېچقىنا ياتتى. قومۇشلۇقتىن مىلتىق ئاۋازى كەينى-كەينىدىن كېلىپ تۇراتتى.

قاش قارايغان چاغدا ئەتراپ جىمجىت بولۇپ قالدى. بىراق بىچارە ئۆدەك چوجىسى تېخىچە ئورنىدىن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئاندىن غەيرەتلىنىپ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى-دە، بۇ سازلىقتىن شاققىدىلا قېچىپ چىقتى. ئېتىزلىقتا، ئوتلاقتا قاراپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى. بۇ چاغدا قاتتىق بوران چىقىۋاتقاچقا، ئۇ ئىنتايىن تەسلىكتە يۈگۈرەپ باراتتى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۇ بىر دېھقاننىڭ ئاددى ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئۆي شۇنداق ۋەيرانە ئىدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ چۈشۈشنى بىلمەي تۇرغان ئىدى — شۇ سەۋەپتىنمۇ ئۆرۈلمىگەن ئىدى. چوجىنىڭ ئەتراپىدا قاتتىق بوران غۇيۇلدايتتى، ئۇ نائىلاج بوران چىققان تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. بوران بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باراتتى. ئۇ بىردىنلا ئىشىكنىڭ زەنجىرى بوشاپ قالغانلىقىنى، ئىشىكمۇ قىڭغىر بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆيگە

كىرىپ كەتسە بولىۋېرەتتى؛ شۇنداق قىلىپ، ئۇ كىرىپ كەتتى.

ئۆيدە بىر موماي مۇشۈك ۋە مىكىيىنى بىلەن تۇراتتى. موماي مۇشۈگىنى "ئوغلۇم" دەيتتى. بۇ مۇشۈك دۈمبىسىنى ئىگىز كۆتىرىپ مىياڭلايتتى، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتالايتتى. بىراق ئۇنى شۇنداق قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۈكىنى تەتۈرسىگە سىلاشقا توغرا كېلەتتى. ھىلىقى مىكىياننىڭ پۇتى كالتە ھەم ئىنچىكە بولغانلىقى ئۈچۈن، موماي ئۇنى "كالتە پاچاق مىكىيان" دەيتتى. ئۇ ئوبدان تۇخۇم تۇغۇپ بېرەتتى، شۇڭا موماي ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ ناتونۇش ئۆدەك چۆجىسى دەرھال ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. مۇشۈك مىياڭلىغىلى، مىكىيان قاق-قاقلىغىلى تۇردى.

— بۇ قانداق ۋەقە؟ — دېدى موماي ۋە ئۆيچۆرىسىگە قاراشقا باشلىدى. مومايىنىڭ كۆزى تورلىشىپ قالغاچقا، چۆجىنى ئادىشىپ كېلىپ قالغان سېمىز ئۆدەك ئوخشايدۇ دەپ قالغان ئىدى. — راست ئاجايىپ تەلەيلىك ئىكەنمەن! — دېدى ئۇ، — ئەمدى مەندە ئۆدەك تۇخۇمى بولىدىغان بولىدى، ئۇ ئەركەك ئۆدەك بولۇپ قالمىسىدى! بۇنى ئىنىقلاش كېرەك!

شۇنداق قىلىپ، ئۆدەك چۆجىسىنى ئۈچ ھەپتە كۈتۈشتى، بىراق ئۇ تۇخۇم تۇغمىغان ئىدى. ھىلىقى مۇشۈك بۇ ئۆينىڭ موتىۋىرى ئىدى، مىكىيان بولسا ئۆينىڭ خېنىمى ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا "بىز ۋە بۇ ئالەم!" دېگەن

سوزنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيتتى، ئۇلار ئۇزلىرىنى بۇ ئائىلە-نىڭ يېرىمى، يېرىمى بولغاندىمۇ ئەڭ ياخشى يېرىمى ھىساپ-لايتتى. ئۇدەك چوجىسى بىر ئادەمدە ئەكسىچە پىكىرنىڭ بولۇشى مۇمكىنلىگۇ دەپ ئويلايتتى، ئەمما بۇنىڭغا مىكىيان قوشۇلالمايتتى.

— تۇخۇم تۇغالامسەن؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— ياق!

— ئۇنداق بولسا، پىكىر قىلماي جىم ئولتۇر.

— دۈمبەڭنى كوتىرەلەمسەن، مىياڭلىيالامسەن، كوزۇڭدىن ئوت چاقنىتالامسەن؟— دەپ سورىدى مۇشۇك.

— ياق!

— ئۇنداقتا، ئەقىللىقلار سوزلەۋاتقاندا، ساڭا پىكىر بايان قىلىش ھاجەت ئەمەس!

كوڭلى يېرىم بولغان ئۇدەك چوجىسى تامنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە ساپ ھاۋا ۋە ئاپتاپ كەلدى. ئۇ ئوزىدە بىر خىل ئاجايىپ ئارمان بارلىغىنى ھىس قىلىپ، سۇغا چۈشۈپ ئۈزۈشنى خىيال قىلدى. ئاخىردا ئۇنىڭ تاقىتى پۈتتى-دە، خىيالىغا كەچكەن ئىشلارنى مىكىيانغا ئېيتتى.

— نىمە كويلاردا يۈرىسەن؟— دىدى مىكىيان،— بىكار چىلىق-تىن كەلسە-كەلمەس خىياللارنى قىلىپ يۈرگىنىڭگۇ بۇ. بىر-نەچچە تۇخۇم تۇغۇپ ياكى مىياڭلاپ باق، شۇ چاغدا بۇنداق ئويلاردا بولمايدىغان بولىسەن.

www.uyghurkitap.com

ــ دىگەن بىلەن سۇدا ئۇزۇش بەك راھەتتە! ــ دىدى ئۇدەك چوجىسى، ــ باشنى سۇغا تىقىپ بىر شۇڭغۇۋېلىش نىمە دىگەن ھوزۇر!

ــ شۇنداق، ئۇغۇ راست شۇنداق! ــ دىدى مىكىيان، ــ سارالڭ بولۇپ قالغان ئوخشايسەن، ھە؟ مۇشۇكتىن سوراپ كور ــ ئۇ مەن بىلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن دانىشمەن ــ شۇنىڭدىن سوراپ كور، ئۇ سۇدا ئۇزۇشنى ياكى سۇغا شۇڭغۇشنى ياخشى كورەمدىكىن، كورمەمدىكىن. ئوزەم توغرىلىقمۇ گەپ قىلمايلا قوياي، سىنىڭ خوجايىنىڭ بولغان ئاۋۇ مومايدىن سوراپ كور؛ دۇنيادا ئۇنىڭ ئالدىغا ئوتىدىغان ئەقىللىق ئادەم يوق! ئۇنى سۇدا ئۇزۇشنى، بېشىنى سۇغا تىقىشنى خالايدۇ دەپ ئويلامسەن؟

سىلەر مىنى چۈشەنمەيسىلەر! ــ دىدى ئودەك چوجىسى.

سىنى چۈشەنمەيدىكەنمىزمۇ؟ ئۇنداق بولسا كىم چۈشىنىدۇ سىنى؟ سەن ھەرگىز مۇشۇكتىنمۇ، خوجايىن مومايدىنمۇ ئەقىللىق ئەمەستۇرسەن ــ ئوزەم توغرىسىدا گەپ قىلمايلا قوياي. ھەي بالا، ئوزەڭنى بەك قالتىس چاغلاپ يۈرمە! مۇشۇنچىلىك ياخشىلىق كورگىنىڭگە رازى بولۇپ، ياراتقۇچى ئىگەمگە ھەشقاللا دىسەڭ بولىدۇ. ھازىر ئىسسىق ئويگە كىلىپ، ئاغىنىمۇ تېپىۋالدىڭ، ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوگىنىۋېلىشىڭ مۇمكىنغۇ؟ بىراق سەن ھارام تاماق بىرنىمىكەنسەن، سىنىڭ بىلەن بىللە بولۇش راستىلا ھىچقانداق خوشاللىق كەلتۇرمەيدۇ. گېپىمگە

ئېشەنگىن، قولاقتا ياقمايدىغان بۇنداق سوزلەرنى قىلىشتىكى مەقسىدىم ساڭا ياردەم قىلىش. كىمنىڭ ساڭا ھەقىقى دوست ئىكەنلىگىنى شۇندىلا بىلىسەن! تۇخۇم تۇغۇشنى، ياكى مياڭ-لاشنى، ياكى بولمىسا كوزۇڭدىن ئوت چاقنىتىشنى ئۇگىنىۋېلىشقا ئەھمىيەت بەرگىن!

— كەڭ ئالەمگە بارغىنىم تۇزۇكتەك تۇرىدۇ، — دىدى ئودەك چوجىسى.

— مەرھەمەت، يول بولسۇن ئەمىسە! — دىدى مىكىيان.

شۇنداق قىلىپ، ئودەك چوجىسى ئوز يولىغا راۋان بولدى. ئۇ سۇدا ئۇزدى، شۇڭغۇدى؛ بىراق، بەك سەت بولغانلىغى ئۈچۈن، باشقا ھايۋانلار ئۇنى كوزگە ئىلمىدى. كۇز كېلىپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ساغىرىشقا باشلىدى. كۇز شامىلى يوپۇرماقلارنى ئاسمانغا ئۇچۇراتتى. ھاۋا ناھايىتى سوغاق بولۇپ، ئېغىر مولدۇر ۋە قارنى كوتىرىپ كېلىۋاتقان بۇلۇتلار پەسىيىشكە باشلىغان ئىدى. توڭغان قاغىلار قاشاغا قونۇۋېلىپ ھە دەپ قاقىلدايتتى. راست، مۇشۇنداق مەنزىرىنى كوز ئالدىڭىزغا كەلتۇرسىڭىزلا، سىزمۇ توڭلىغاندەك بولىسىز. بۇ بىچارە چوجىنىڭ راستىلا راھەتلىنىپ ئوتكەن ۋاقتى بولمىغان ئىدى.

بىر كۇنى كەچقۇرۇن، گوزەل قۇياش ئولتۇراي دىگەندە، چاتقاللىقتىن بىر توپ چىرايلىق يوغان قۇش ئۇچۇپ چىقتى. ئودەك چوجىسى شۇ چاققىچە بۇنداق چىرايلىق قۇشلارنى كورۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇلار ئاپپاق بولۇپ، بوينى ئۇزۇن ھەم ئەۋ-

رىشىم ئىدى. بۇلار ئاقـقۇلار ئىدى. ئاجايىپ بىر خىل ئاۋازدا قىچقىرىدىغان بۇ ئاققۇلار چىرايلىق قاناتلىرىنى كېرىپ، سوغاق جايـلاردىن ئىلـلىق ئىقـلىمغا، مۇز قاتـماس كولـلەرگە قاراپ ئۇچۇشماقتا ئىـدى.

ئاققۇلار بەك ئىگىزــئىنتايىن ئىگىز ئۇچقان ئىدى، كورۈمسىز ئۆدەك چوجىسى ئىختىيارسىز ھالدا ئېيتـقۇسىز خوشاللىققا چومدى. ئۇ سۇدا چاقپىلەكتەك پىقىرايتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ بويىنىنى ئاققۇلارغا قارىـتىپ سوزۇپ، بىر خىل غەلىتە، ئۇنلۇك ئاۋازدا غاقىلدايتتى، ھەتتا بۇ ئاۋازىدىن ئۆزىمۇ چوچۇپ كەتتى. ئاھ! بۇ گۈزەل، بەختلىك قۇشلار قانداقـمۇ ئۇنىڭ ئېسـىدىن كوتىرىلسۇن! ئاقـقۇلار كوزدىن غايىپ بولغان چاغـدا، ئۆدەك چوجىسى سۇ تېگىگە شۇڭـغۇدى؛ سۇ بېتىگە قايـتىپ چىقـقاندا بولسا، كوڭلىدە بىرخىل غەشـلىك پەيـدا بولـدى. ئۇ ھېلىقى قۇشلارنىڭ ئېتىنىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇچۇپ نەگە بارىدىغانـلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھېچقانداق نەرسىنى ياخـشى كورۈپ باقمىغاندەك، ئۇلارنى ياخـشى كورۈپ قالـغان ئىـدى. ئۇلارغا ئىچى تارلىقمۇ قىلمايـتتى. ئۇلاردەك گۈزەل بولۇشنى خىيالىغا قانداقمۇ كەلتۈرەلىسۇن؟ باشقا ئۆدەكـلەر ئوزلىرى بىلەن بىللە ياشاشقا رۇخسەت قىلسىلا، بىچارە سەت چوجە ناھايـىتى رازى بولغان بولاتتىغۇ.

قىش ھاۋاسى بارغانسىرى سوۋۇپ كەتكىلى تۇردى، ئىنتايىن سوغاق بولۇپ كەتـتى! سۇ يۈزىـدە مۇز قېـتىپ قالماسـلىقى

ئۈچۈن، ئۆدەك چۈجىسى سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.
بىراق ئۇ ھەركەت قىلىپ يۈرگەن بۇ كىچىك دائىرە ھەركۈنى
كىچىسى تارىيىپ باراتتى. مۇز قېتىپ، يېرىلغان مۇزنىڭ ئاۋازى
ئاڭلىنىدىغان بولغان ئىدى. پۈتۈنلەي مۇز تۇتۇپ كەتمەسلىكى
ئۈچۈن، ئۆدەك چۈجىسى ئىككى پۇتى بىلەن تىنىماي ئۈزەتتى.
ئاخىردا ئۇ ھۇشىدىن كېتىپ قىمىر قىلماي يېتىپ قالدى ۋە مۇز
بىلەن بىللە قېتىپ قالدى.

سەھەردە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر دېھقان ئۆدەك
چۈجىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يېقىن بېرىپ مۇزنى ياغاچ كەشى
بىلەن ئۇرۇپ ياردى ۋە چۈجىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ خوتۇنىغا
بەردى. ئۆدەك چۈجىسى بۇ ئۆيدە ئاستا-ئاستا ھۇشىغا كەلدى.

دېھقان بالىلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقۇسى كەلدى، بىراق
چۈجە، بۇلار ماڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەكچىكەن دەپ ئەنسە-
رەيتتى. ئۇ قورقۇپ كېتىپ سۈت قاچىسىغا سەكرىۋىدى، سۈت
تۆكۈلۈپ كەتتى. دېھقاننىڭ خوتۇنى ئىككى قولىنى قېقىپ
تۇرۇپ ۋاقىرىۋەتتى. ئۈركۈپ كەتكەن ئۆدەك چۈجىسى ئۇچقان
پېتى سارماي سېلىنغان داسقا چۈشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇن
تۇڭىغا ئۇچۇپ كىرىپ، ئاخىردا ئۇنىڭدىن ئۆمىلەپ چىقتى. بۇ
چاغدا ئۇنىڭ تۇرقىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكىنىنى دېمەمسىز!
دېھقاننىڭ خوتۇنى قىيا-چىيا كوتىرىپ، قولىغا لاخشىگىرنى
ئېلىپ ئۇنى ئۇرماقچى بولدى. ئۇنى تۇتماقچى بولغان بالىلار
قىستى-قىستاڭچىلىقتا ئۈپۈر-تۈپۈر بولۇشتى. بالىلار كۈلۈشەتتى،

ۋاقىراپ ـ جاقىرىشاتتى! ھىلىمۇ ياخشى دەرۋازا ئۇچۇق بولغاچقا، چوجە قېچىپ چىقتى ـ دە، يېڭى قار ياققان چاتقاللىققا بېرىۋالدى. ئۇ ھۇشىدىن كەتكەندەك ياتاتتى.

ئودەك چوجىسىنىڭ مۇشۇنداق قەھرىتان قىشتا تارتقان ئازاپ ۋە چەككەن كۈلپەتلىرىنىلا سۆزلىسەك، ھېكايىمىز بەك ئېچىنىشلىق بولغان بولار ئىدى. كۈن يەر ـ زېمىننى قايتا ئىللىتىشقا باشلىغاندا، ئودەك چوجىسى ساسلىقتىكى قومۇشلار ئارىسىدا ياتاتتى. بۇلبۇل سايراشقا باشلىدى ـ گۈزەل باھار كۈنلىرى كەلگەن ئىدى.

ئۇ تۇساتتىن قانىتىنى كەردى: قانات قېقىۋىدى، ئۆزىنى بۇرۇندىن كۆپ كۈچلۈك ھېس قىلىپ، شۇ زامات ئۇچۇپ كەتتى. ئۇچقان پېتى بىر چوڭ باققا كېلىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. باغدا ئالمىلار ھۇپپىدە چېچەكلىگەن، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان سىرىنگۈللەرنىڭ ياپ ـ يېشىل شاخلىرى ئەگرى ئېرىققا ساڭگىلىغان ئىدى. باھار تۇسىگە چومگەن بۇ يەر نېمە دېگەن چىرايلىق ـ ھە! چىرايلىققىنا ئۈچ ئاققۇ دەرەخ سايىسىدىن چىقىپ ئۇدۇللا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار سۇدا شىر ـ شىر ئاۋاز چىقىرىپ يېنىك ـ ئازادە ئۈزەتتى. بۇ گۈزەل جانىۋارلارنى تونۇۋالغان ئودەك چوجىسىدە غەلىتە بىر خىل غەمكىنلىك پەيدا بولدى.

"شۇلار تەرەپكە قاراپ ئۇچىمەن، ئاشۇ ئالىجاناپ قۇشلارنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ بارىمەن! ئۇلار شۇنچە سەت تۇرۇپ تېخى

تەپتارتىماستىن بىزنىڭ قىشمىزغا كەلگۈدەك بولدۇگمۇ دەپ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. بىراق، كېرەك يوق! ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلگىنىم ئۆدەكلەرنىڭ چوقۇلىشىدىن، توخۇلارنىڭ چوقۇغىنىدىن، ئۆدەك فېرمىسىدىكى ھىلىقى ئايالنىڭ تەپكىنىدىن ۋە قىشتا جاپا چەككەندىن كوپ ياخشى ئەمەسمۇ!" دەپ ئويلىدى چوجە ۋە سۇغا ئۇچۇپ چۈشۈپ، گۈزەل ئاققۇلارغا قاراپ ئۈزۈپ كەتتى. ئۇنى كورگەن ئاققۇلار تۇكلىرىنى پاخپايتىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئۈزۈپ كەلدى. بىچارە ئۆدەك چوجىسى: "مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار!" دىدى ۋە بېشىنى سۇغا تىقىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇردى. لېكىن ئۇ شۇ تاپتا ئەينەكتەك سۈپ سۈزۈك سۇدا نىمىنى كوردى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ شولىسىنى كوردى. ئۇ ئەمدى كالامپاي، كۆلرەڭ، سەت ھەم كىشى بىزار بولىدىغان ئۆدەك ئەمەس، بەلكى ئاققۇ ئىدى!

ئاققۇنىڭ تۇخۇمىدىن بولغانلا بولساڭ، توخۇ فېرمىسىدا تۇغۇلغان بولساڭمۇ ھېچقىسى يوق.

بۇرۇن بېشىغا تالاي-تالاي بەختسىزلىك ۋە كۆلپەتلەر چۈشكەن ئۆدەك چوجىسى ئەمدىلىكتە ئىنتايىن شاتلانىدى. بەخت بىلەن گۈزەللىكنىڭ ئوزىگە قۇچاق ئېچىۋاتقانلىغىنى ئۇ ئەمدى ئېنىق بىلگەن ئىدى — نۇرغۇنلىغان چوڭ ئاققۇلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا سۇ ئۈزمەكتە، ئۇنى سويمەكتە ئىدى.

باققا بىرنەچچە بالا كېلىپ، نان ئۇۋۇغى بىلەن بۇغدايىنى سۇغا تاشلىدى.

— ئاۋۇ يېقىندىن كەلگەن ئاققۇغا قاراڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى.

— راست، يېقىندىن يەنە بىر ئاققۇ كەپتۇ! — دەپ باشقا بالىلارمۇ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئاندىن ئۇلار چاۋاك چېلىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرەپ كېتىشتى. ئۇلار جىق-جىق نان ئۇۋۇغى بىلەن پېچىنىلەرنى سۇغا تاشلىدى، ئەينى ۋاقىتتا ھەممەيلەن:

— يېڭى كەلگىنى ھەممىدىن بەك چىرايلىق ئىكەن! ئۇ نېمە دېگەن ياش، نېمە دېگەن گۈزەل! — دېيىشتى. قېرى ئاققۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىنى سىلىشتى.

ئۇ بەك تەڭلىكتە قالدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشىنى قانىتى ئاستىغا تىقىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك سەزدى، لېكىن ئۇ پەقەت مەغرۇرلانمايتتى، چۈنكى ياخشى نىيەتلىكلەر زادىلا مەغرۇرلانمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى، مەسخىرە قىلىنغانلىقىنى؛ ئەمدى كۆپچىلىكنىڭ ئۆزىنى چىرايلىق قۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقى دەپ ماختاشلىرىنى كۆز ئالدىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزدى. سىرىنگۈل ئۇنىڭ ئالدىدا شاخلىرىنى سۇغا تەككۈدەك قىلىپ ئېگەتتى. كۈن ئۇنىڭغا ئىللىق نۇرىنى چېچىپ، خۇشاللىق بەخش ئېتەتتى. ئۇ قاناتلىرىنى كۆتىرىپ، ئۇزۇن بويىنىنى سوزۇپ، چىن كۆڭلىدىن شاتلىقىنى ئىزھار قىلدى:

— بۇنداق بەختلىك بولۇشۇم كۆرۈمسىز ئۆدەك چۈجىسى ۋاقتىمدا چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىدى!

# ئاققۇ

## (دانىيە) ئاندېرسېن

بىزگە قىش كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندە قالغاچلار يىراق جايلارغا ئۇچۇپ كەتكەن بولىدۇ. شۇ يىراق جايدا بىر پادىشا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئون بىر ئوغلى ۋە ئېلىزا ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ ئون بىر ئاكا-ئۇكىنىڭ ھەممىسى شاھزادە ئىكەن. ئۇلار مەكتەپكە مېيدىلىرىگە يۇلتۇز ئىزنەك تاقاپ، يانلىرىغا خەنجەر ئېسىپ بارىدىكەن. ئۇلار ئالتۇن تاختايغا ئالماس قەلەم بىلەن خەت يازىدىكەن، كىتاپنى بېشىدىن ئايە-غىغىچە، ئايىغىدىن بېشىغىچە يادقا ئوقۇيدىكەن. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىدىنلا شاھزادىلەر ئىكەنلىگىنى بىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ سىڭلىسى ئېلىزا ئەينەكتىن ياسالغان كىچىك ئورۇن-دۇقتا ئولتۇرىدىكەن. ئېلىزانىڭ باھاسى پادىشالىق بايلىغىنىڭ تەڭ يېرىمىغا باراۋەر كېلىدىغان بىر رەسىملىك كىتاۋى بار ئىكەن.

ياھ، بۇ بالىلار نىمىدىگەن بەختلىك ئوتىدۇ-ھە؛ بىراق بەخت ئۇلارغا مەڭگۈلۈك بولماپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بالىلارنىڭ دادىسى پۈتكۈل دولەتنىڭ پادىشاسى بولۇپ، بۇ پادىشا ئىچىدە زەھەر قايناپ يۈرىدىغان بىر خوتۇننى ئاپتۇ. ئۇ خوتۇن بۇ بىچارە بالىلارغا كۈن كۆرسەتمەيدىكەن. بۇنى بالىلار بىرىنچى كۈنىلا بايقىغان ئىكەن. ئوردا بويىچە كاتتا مۇبارەكلەش مەرىكىسى بولۇۋاتقاندا، بالىلار ”مىھمان كۈتۈش“ ئويۇنى ئويناپتۇ. بىراق خانىش ئۇلارغا پىچىنە ۋە ئوتقا قاقلانغان ئالمىدىن ئاشقان ـ تاشقانلىرىنىمۇ بەرمەپتۇ، خانىش ئۇلارغا بىر پىيالە قۇم بېرىپتۇ؛ بۇنى ئىسسىل تائام دەپ بىلىڭلار، دەپتۇ ئۇ بالىلارغا.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ خوتۇن ئېلىزانى يېزىدىكى بىر دىخاننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىۋېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ خانىش بىچارە شاھزادىلەرنى پادىشاغا يۈز تۈرلۈك تازا يامانلاپ بېرىپتۇ ۋە پادىشانى ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ.

ــ سىلەر ئۆزۈڭلار چوڭ قۇشلارغا ئوخشاش، داللارغا ئۇچۇپ كېتىڭلار، كۈنۈڭلارنى ئۆزەڭلار ئېلىڭلار، ــ دەپتۇ ئىچى زەھەر خانىش. ئەمما ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئېشىۋەرمەپتۇ. شاھزادىلەر چىرايلىق ئون بىر ئاققۇغا ئايلىنىپ، غەلىتە ئاۋازدا سايرىشىپ، ئوردا دەرىزىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپتۇ، باغدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئورمانلىققا كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دىخاننىڭ ئۆيىدە ئۇخلاۋاتقان سىڭلىسى ئورنىدىن تېخى تۇرمىغان ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈۋاتقاندا

تاڭ ئاتقىنغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئىكەن. ئۇلار ئۆيىنىڭ تۆپىسىدە ئايلىنىپ، ئۇزۇن بويىۇنلىرىنى بىر ئۇ ياققا، بىر بۇ ياققا سوزۇشۇپ، قاناتلىرىنى قېقىپتۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىمىغان، ئۆزلىرىنى ھېچكىم كۆرمىگەن بولغاچقا، ئۇلار نائىلاج ئۇچۇپ كېتىۋېرىپتۇ، ئېگىز ئۇچۇپ، قەۋەت-قەۋەت بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپتۇ، چەكسىز ئالەمگە قاراپ يول ئېلىپ، دېڭىز بويىغا تۇتىشىپ كەتكەن قېلىن ئورمانغا كەپتۇ.

دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۇرغان بىچارە ئېلىزا بىر يېشىل يوپۇرماقنى ئويناپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئويۇنچۇقىمۇ يوق ئىكەن. ئېلىزا يوپۇرماقتىن كىچىك بىر تۆشۈك تېشىپ، شۇ تۆشۈكتىن كۈنگە قاراپتۇ، ئاكىلىرىنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بوپتۇ. كۈن نۇرى يۈزىگە چۈشكەندە، ئېلىزا ئاكىلىرىنىڭ ئۆزىنى سۆيۈپ ئەركىلەتكەنلىكلىرىنى ئېسىگە ئالىدىكەن.

كۈنلەر ئادەتتىكىدەكلا بىر بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋېرىپتۇ. شامال ئۆي سىرتىدىكى يوغان ئەتىر گۈللەردىن قىلىنغان قاشاغا غۇيۇلداپ ئۆرۈلۈپ، بۇ گۈللەرگە:

—سىلەردىنمۇ چىرايلىق نەرسە بارمىدۇ؟—دەپتۇ پىچىرلاپ.

—ئېلىزا بىزدىن چىرايلىق،—دەپتۇ ئەتىر گۈللەر باشلىرىنى چايقاپ.

www.uyghurkitap.com

يەكشەنبە كۈنى دىخاننىڭ خوتۇنى ئىشىك ئالدىدا قەسىدىنامىسىنى ئوقۇۋاتقاندا، شامال كىتاپنىڭ بەتلىرىنى ئۇچۇرتۇپ:

— سېنىڭدىن ياخشى نەرسە بارمىدۇ؟ — دەپتۇ كىتاپقا.

— ئېلىزا مەندىن ياخشى، — دەپتۇ كىتاپ. ئەتىر گۈل بىلەن كىتاپنىڭ دىگەنلىرى مۇتلەق راست گەپ ئىكەن.

ئېلىزا 15 ياشقا كىرگەندە، ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئايدەك چىرايلىق بولۇپ ئۆسكەنلىگىنى كۆرۈپ، خانىشنىڭ ئۆغىسى قايناپ، غەزىۋى ئۆرلەپتۇ. ئۇنىڭ ئېلىزانىمۇ ئاكىلىرىغا ئوخشاش ئاققۇغا ئايلاندۇرۇۋەتكىسى كەپتۇ، پادىشا قىزىنى كۆرمەكچى بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ دەرھاللا ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالماپتۇ.

بىر كۈنى سەھەردە خانىش مونچىغا كىرىپتۇ. ئاق مەرمەر تاشتىن سېلىنغان بۇ مونچىنىڭ ئىچىگە يۇمشاق سېلىنچا ۋە ئەڭ ئېسىل گىلەم سېلىنغان ئىكەن. خانىش يەردىن ئۈچ چارپاقا ئېلىپ، ئۈچىلىسىنى بىر-بىرلەپ سۆيۈپتۇ-دە، بىرىنچى پاقىغا:

— ئېلىزا مونچىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ بېشىغا چىقىۋالغىن، ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش گۇمۇش-كالۋا بولۇپ كەتسۇن، — دەپتۇ. ئاندىن خانىش ئىككىنچى پاقىغا:

— ئۇنىڭ پېشانىسىگە چىقىۋال، ئۇ ساڭا ئوخشاش سەت بولۇپ قالسۇن، دادىسى تونۇيالماس بولۇپ كەتسۇن، — دەپتۇ. كېيىن ئۈچىنچى پاقىغا مۇنداق دەپ پىچىرلاپتۇ:

— ئۇنىڭ مەيدىسىگە چىقىپ يېتىۋال، يۈرىكى ئېچىشىپ ئازاپلانسۇن.

شۇنداق قىلىپ خانىش چارپاقىلارنى سۈزۈك سۇغا قويۇپ بېرىپتۇ؛ سۇ شۇ ئەسنادىلا يېشىل رەڭگە كىرىپتۇ. خانىش ئېلىزانى چاقىرتىپ كېلىپ، كىيىمىنى سالدۇرۇپ، سۇغا كىرگۈزۈپتۇ. ئېلىزا سۇغا كىرىشىگە، بىرىنچى پاقا بېشىغا، ئىككىنچى پاقا پېشانىسىگە، ئۈچىنچى پاقا مەيدىسىگە چىقىۋاپتۇ. بىراق ئېلىزا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا دىققەت قىلماپتۇ. ئۇ ئورە تۇرغان ئىكەن، ئۈچ تال كوكنارگۈلى سۇنىڭ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپتۇ. ئەگەر بۇ پاقىلار زەھەرلىك بولمىغان بولسا، ئۇلارنى سېھىرگەر ئايال سۆيمىگەن بولسا، ئۇلار ئۈچ تال قىزىل ئەتىر گۈلگە ئايلىناتتىكەن. لېكىن، قانداقىلا بولمىسۇن، ئۇلار ئېلىزانىڭ بېشىدا ۋە مەيدىسىدە ياتقانلىقتىن گۈلگە ئايلانماي قالمايدىكەن. بەك ئاقكۆڭۈل، بەك ساددا ئېلىزاغا سېھىرگەرلىكمۇ ئۆتمىگەن ئىكەن.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن زەھەرخەندە خانىش ئېلىزانىڭ بەدىنىگە ياڭاق سۈيى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى قارا قوڭۇر تۈسكە كىرگۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۇ يەنە ئېلىزانىڭ چىرايلىق يۈزىگە بىر خىل سېسىق ماي سۈرتۈپ قويۇپتۇ، سۇمبۇل چاچلىرىنى پاخپايتىپ چىگىشلەشتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ساھىپجامال ئېلىزا ھېچكىم تونۇمايدىغان ھالغا كەپتۇ.

دادىسى ئېلىزانى كۆرۈپ قاتتىق ھەيرەتتە قاپتۇ-دە، بۇ

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ قىزىم ئەمەس دەپتۇ. ئۆيدىكى ئىت ۋە قالغاچلاردىن باشقا ھېچكىممۇ ئۇنى تونۇيالماپتۇ. ئەمما بۇ ئىت ۋە قالغاچلار بىچارە ھايۋان، ئۇچار قۇشلار بولغاچقا، گەپ قىلالمايدىكەن.

بىچارە ئېلىزا يىغلاپ تاشلاپتۇ. يىراقلارغا كەتكەن 11 ئاكىسىنى ئويلاپ، ھەسرەت بىلەن ئوردىدىن تۇيدۇرماستىن چىقىپتۇ-دە، دالا ۋە ساسلىقتا توپ-توغرا بىركۈن يۈرۈپ، چوڭ بىر قېلىن ئورمانلىققا كىرىپ قاپتۇ، نەگە بارىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن، ئۇ قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ؛ ئاكىلىرىنى سېغىنىپتۇ: ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش، مۇشۇ كەڭ بىپايان دۇنياغا قوغلانغانمۇ، ئۇلارنى ئىزدەپ تاپاي، دېگەن ئويغا كەپتۇ.

ئېلىزا ئورمانغا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەستىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ-دە، ئېزىپ قېلىپ، چوڭ ۋە كىچىك يوللاردىن بەك يىراقلىشىپ كېتىپتۇ؛ شۇڭا ئۇ يۇمشاق موخ ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپتۇ. ئۇ كەچلىك دۇئا-تىلاۋەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن بېشىنى بىر تۈپ دەرەخقە قويۇپ دەم ئاپتۇ. ئەتراپ تىم-تاس بولۇپ، ھاۋا ئىللىق ئىكەن؛ سان-ساناقسىز پاقىراق قوڭغۇزلارنىڭ پاقىرىغان نۇرلىرى يېشىل ئوت ئۇچقۇنلىرىدەك ئوتلار ۋە موخلار ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىكەن. ئېلىزا بىر تال شاخنى ئاستا لىڭشىتىپتىكەن، پاقىراق قوڭغۇزلار، خۇددى يۇلتۇز ئېقىپ چۈشكەندەك ئۇنىڭ ئۈستىۋېشىغا چۈشۈپتۇ.

ئېلىزا تۈن بويى ئاكىلىرىنى چۈشەپتۇ. ئاكىلىرى بىر توپ

باللار بولۇپ، بىللە ئويناۋاتقىدەكمىش، ئالتۇن تاختايغا ئالماس قەلەم بىلەن خەت يېزىپتىمىش، قىممىتى پادىشالىق دۇنياسى-نىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان ھىلىقى چىرايلىق رەسىملىك كىتاپنى كورۈۋاتقۇدەكمىش. بىراق، ئاكىلىرى ئالتۇن تاختايغا بۇرۇنقىدەك دۇگىلەك ياكى ئاچىماق سىزماي، ئوزلىرىنىڭ كورسەتكەن باتۇرلۇقلىرىنى — ئوز باشلىرىدىن ئوتكەن ياكى ئوزلىرى كورگەن ئىشلارنى يازغانمىش. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھىلىقى رەسىملىك كىتاپتىكى نەرسىلەرگىمۇ جان كىرگەنمىش — قۇشلار سايراۋاتقۇدەك، ئادەملەر رەسىملىك كىتاپتىن مېڭىپ چىقىپ، ئېلىزا ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقۇدەك. ئېلىزا كىتاپنى ۋاراقلىسا، ئۇلار ئورنىمىز ئالمىشىپ قالمىسۇن دەپ دەرھال ئوز ئورۇنلىرىغا بېرىۋالغانمىش.

ئېلىزا ئويغانغاندا كون خېلى ئېگىز كوتىرىلگەن ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، ئېگىز ئوسكەن دەرەخلەرنىڭ قويۇق شاخ-يوپۇرماقلىرى كۈننى توسۇۋالغاچقا، ئېلىزا كۈننى كورمىگەن ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ كۈن ئالتۇندىن ياسالغان گۈلدەك دەرەخلەر ئارىسىدا سىلجىپ پاقىراپ تۇرغان ئىكەن. يېشىل شاخ-يوپۇرماقلار خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان، قۇشلار ئېلىزانىڭ دولىسىغا قونۇۋالغۇدەك قىلغان ئىكەن. ئېلىزانىڭ قۇلىقىغا سۇنىڭ شىلدىرلىشى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ بىرنەچچە چوڭ بۇلاق سۇيىنىڭ كولگە قاراپ ئاققان چاغدىكى ئاۋازى ئىكەن. تېگىگە ناھايىتى چىرايلىق قۇم تىنغان بۇ كولنىڭ ئەتراپى قېلىن چاتقاللىق ئىكەن، چاتقاللارنىڭ بىر

يېرىدىن بۇغلار خېلى يوغان بىر يوچۇق ئېچىۋەتكەن ئىكەن — ئېلىزا مۇشۇ يول بىلەن كول تەرەپكە مېڭىپتۇ. كول سۈيى شۇنداق سۈزۈك ئىكەنكى، دەرەخ شاخلىرىنى ۋە چاتقاللارنى شامال لىڭشىتمىغان بولسا، ئېلىزا ئۇلارنى كول تەكتىگە سىزىلغان رەسىم ئوخشايدۇ دەپ قالاتتىكەن، چۈنكى يوپۇرماقلارنىڭ ھەممىسى، مەيلى ئاپتاپ چۈشكەنلىرى بولسۇن، ياكى چۈشمىگەنلىرى بولسۇن، كولدە شۇنداق ئېنىق ئەكسلىنىپ تۇرغان ئىكەن.

ئېلىزا سۇدا ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ چوچۇپ كېتىپتۇ: ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ ھەم سەتلىشىپ كەتكەن ئىكەن. بىراق، ئۇ نازۇك قوللىرىنى ھۆلدەپ، كۆزى بىلەن پېشانىسىنى ئۇۋۇلىغان ئىكەن، ئەسلىدىكىدەك ئاق رەڭلىك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ، سۈزۈك سۇغا كىرىپتۇ: شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكىگە ئايلىنىپتۇ.

ئېلىزا كىيىملىرىنى قايتا كىيىپ، سۇمبۇل چاچلىرىنى تۇگۈۋالغاندىن كېيىن شاقىراپ ئېقىۋاتقان بۇلاق بېشىغا كېلىپ، سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ، لېكىن نەگە بارىدىغانلىقىنى ئۆزىگىمۇ مەلۇم ئەمەس ئىكەن. ئۇ سويۇملۇك ئاكىلىرىنى سېغىنىپتۇ، شەپقەتلىك خۇدانى ئېسىگە ئاپتۇ: خۇدايىم ھەرگىز مېنى تاشلىۋەتمەيدۇ، خۇدا ئاچ قالغان بەندىلەرگە ئاش بولسۇن دەپ تاغ ئالمىسىنى بەخش قىلغان، مېنى مۇشۇ دەرەخ تۈۋىگە باشلاپ كەلگەنمۇ خۇدايىمغۇ،

دەپ ئويلاپتۇ. بۇ دەرەختىكى مىۋە شاخلىرى كۆتىرەلمەس دەرىجىدە بەك چىڭ بولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئىلىزانىڭ چۈشلۈك غىزاسى مۇشۇ مىۋە بوپتۇ. ئۇ ئىگىلىپ كەتكەن شاخلارغا تىرەك قويۇپتۇ، ئاندىن ئورمانىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ.

ئەتراپ شۇنداق جىمجىت بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاياق تىۋىشى، ئايىغى ئاستىدا غازاڭلارنىڭ سۇنغان ئاۋازىمۇ ئىلىزاغا ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە بىرەر ئۇچار قاناتمۇ كۆزگە چېلىقماپتۇ، قېلىن دەرەخلەر ئارىسىدا ئاپتاپمۇ كۆرۈنمەپتۇ. قاتار-قاتار كەتكەن دەرەخلەر شۇنداق ئىگىز ھەم قويۇق ئۆسكەن ئىكەنكى، ئىلىزا ئالدىغا قاراپ، تۆت ئەتراپىنى قاشا تورىۋالغاندەك ھېس قىپتۇ. ئۇ مۇشۇنداق غېرىپلىق-يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى ئۆمرىدە تارتىپ باقمىغان ئىكەن!

تۈن قاپ-قاراڭغۇ بولۇپ، مۇخلار ئارىسىدىن پاقىراق قوڭغۇزلارنىڭ پاقىرىغان يورۇقىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. كەيپى بەك بۇزۇلغان ئىلىزا يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن تۆپىسىدىكى شاخلارنىڭ ئارىسى ئېچىلىپ، شەپقەتلىك خۇدا مېھرىلىك كۆزىنى تىككەندەك، نۇرغۇن-نۇرغۇن پەرىشتە خۇدانىڭ تۆپىسىدىن ۋە يېنىدىن ماراپ تۇرغاندەك بوپتۇ.

ئەتىگىنى ئويغانغاندا، ئۇ بايىقى ئىشلارنى چۈشىدە كۆرگەنلىكىنى ياكى ئوڭىدا كۆرگەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

ئىلىزا ئالدىغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغان ئىكەن، بىر سىۋەت شىرنىلىك مىۋە كۆتىرىۋالغان بىر مومايغا ئۇچراپ قاپتۇ.

موماي ئۇنىڭغا مۆۋدىن بىرنەچچىنى بېرىپتۇ. ئېلىزا ئۇنىڭدىن: مۆشۈ ئورماندىن ئاتلىق ئۆتكەن ئون بىر شاھزادىنى كۆردىڭىزمۇ، دەپ سوراپتۇ.

— كۆرمىدىم، — دەپتۇ موماي، — بىراق تۈنۈگۈن باشلىرىغا ئالتۇن تاج كىيگەن ئون بىر ئاققۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپتىكى دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

موماي ئېلىزانى باشلاپ خېلى مېڭىپ بىر دوڭگە يېقىن كەپتۇ. بۇ دوڭنىڭ ئېتىكىدە ئىلان باغرى كەتكەن بىر ئۆستەڭ بار ئىكەن. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىدىكى دەرەخلەرنىڭ بۈككىدە شاخلىرى ئۆستەڭگە سوزۇلۇپ، بىر بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئىكەن. ئۆستەڭ كەڭرەك بولۇپ، شاخلار يەتمىگەن يەردە دەرەخلەرنىڭ يىلتىزلىرى تۇپراقتىن چىقىپ، شاختا چىرمىشىپ، قارشى تەرەپتىكى دەرەخنىڭ شاخلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئىكەن.

ئېلىزا موماي بىلەن خوشلىشىپ، ئۆستەڭنى بويلاپ مېڭىۋەرگەن پېتى شۇ ئۆستەڭنىڭ كەڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان يېرىگىچە كەپتۇ.

ئەمدى بۇ قىزنىڭ كۆزىگە كەڭ كەتكەن كۆركەم دېڭىز كۆرۈنۈپتۇ، بىراق دېڭىزدا بىرەر كېمىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئەمدى ئالدىغا قانداق مېڭىشى كېرەك؟ ئېلىزا دېڭىز ساھىلىدىكى شېغىللارغا قاراپتۇ: شېغىللارنى دېڭىز سۈيى يالاۋېرىپ يۇپ-يۇمىلاق قىلىۋەتكەن ئىكەن. ئەينەك، تۆمۈر پارچە-

لىرى، تاش ــ بۇ يەرگە چىقىپ قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىز سۇيىدە يېڭى تۇسكە كىرگەن ــ ئېلىزانىڭ نازۇك قولىدىنمۇ نازۇك بولۇپ كەتكەن ئىكەن.

”سۇ ھارماي ـ تالماي ئېقىپ، قاتتىق نەرسىلەرنىمۇ نازۇك قىلىۋېتەلەيدىكەن. مەندىمۇ شۇنداق ھارماسلىق روھى بولۇشى كېرەك! ساۋاق بەرگىنىڭىزگە مىڭ ـ مىڭ رەھمەت سۇزۇك ۋە ئېقىپ تۇرىدىغان سۇ! كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزنىڭ مېنى سويۇملۇك ئاكىلىرىمنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىڭىز كۆڭلۈمگە ئايان بولىۋاتىدۇ.“

قىز دولقۇندا چايقىلىپ لەيلەپ چىققان چوپكە چاپلىشىۋالغان ئۇن بىر تال ئاققۇ پېيىنى كورۇپتۇ. ئېلىزا ئۇلارنى يىغىپ بىر باغلام قىلىپ باغلاپتۇ. بۇ پەيلەردىن سۇ تېمىپتۇ ــ زادى ئۇنىڭ شەبنەم ياكى كوز يېشى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. دېڭىز بويى جىمجىت بولسىمۇ، ئېلىزا يالغۇزسىرىماپتۇ، چۈنكى دېڭىزدا ھەر مىنۇت ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدىكەن ــ ئۇنىڭدا 2 ـ 3 سائەت ئىچىدە بولغان ئۆزگىرىش چىرايلىق كولدە بىر يىلدا بولغان ئۆزگىرىشتىنمۇ كوپ بولىدىكەن. يوغان قارا بۇلۇت ئۇزۇپ كەلگەندە، دېڭىز: ”مېنىڭمۇ جۇدۇنۇم تۇتىدىغان چاغ بار“ دېگەندەك بولىدىكەن ـ دە، ئارقىدىنلا شامال چىقىپ، سۇ دولقۇنلىنىدىكەن. ئەمما، بۇلۇت ئارىسىدىن ھەسەن-ھۈسەن چىقىپ، شامال جىمىققان چاغدا، دېڭىز ئەتىر گۇلىنىڭ يوپۇرمىقىدەك بىر دەم يېشىل، بىر دەم ئاق بولۇپ كورۇنىدىكەن.

لېكىن ئۇ ھەرقانچە تىنجىغان بىلەنمۇ دېڭىز ساھىلىدىن ئاز-تولا دولقۇن كوتىرىلىپ تۇرىدىكەن. دېڭىز سۈيى ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنىڭ كوكرىگىدەك ئاستا كوتىرىلىپ تۇرىدىكەن.

كۈن ئولتۇراي دېگەندە، ئېلىزا باشلىرىغا ئالتۇن تاج كىيگەن ئون بىر ئاققۇنىڭ قۇرۇقلۇققا ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىغىنى كورۇپتۇ. بىرىنىڭ كەينىگە بىرى تىزىلىپ ئۇچقان بۇ ئاققۇلار خۇددى ئۇزۇن ئاق بەلۋاغدەك كورۇنۇپتۇ. ئېلىزا دوڭگە چىقىپ چاتقالنىڭ ئارقىسىغا موكۇۋاپتۇ. ئاققۇلار كەڭ ئاق قاناتلىرىنى قېقىشىپ ئېلىزانىڭ يېنىغا ئاستا قونۇشۇپتۇ.

كۈن دېڭىز ئاستىغا ئولتۇرۇش بىلەن تەڭ، بۇ ئاققۇلارنىڭ پەيلىرى دەرھال چۈشۈپ، ئون بىر كېلىشكەن شاھزادىگە — ئېلىزانىڭ ئاكىلىرىغا ئايلىنىپتۇ. ئېلىزا خوشاللىغىدا ۋاقىرىۋېتىپتۇ. ئۇلار خېلى ئوزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، قىز ئۇلارنىڭ ئوز ئاكىلىرى ئىكەنلىگىنى بىلىپتۇ ھەم چوقۇم شۇلار دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا ئېلىزا ئۇلارنىڭ قۇچىغىغا ئوزىنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى چاقىرىپتۇ. ئېلىزانى كورگەن ۋە تونۇغان ئاكىلىرى ئۇنىڭ بويى ئوسۇپ، ساھىپجامال قىز بولغانلىغىغا ئىنتايىن خوشال بولۇپتۇ. ئۇلار بىر دەم كۈلۈشۈپتۇ، بىر دەم يىغلىشىپتۇ. ئۇلار دەرھال بىر بىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، ئوگەي ئانىسىنىڭ زالىملىقلىرىدىن خەۋەر تېپىشىپتۇ.

— قۇياش ئاسماندا بولسىلا، — دەپتۇ چوڭ ئاكىسى، — بىز

ئاكا-ئۇكىلار ئاققۇغا ئايلىنىپ، تىنماي ئۇچۇۋېرىمىز. كۈن ئولتۇرسىلا ئادەم سىياقىغا كېلىمىز. شۇڭا كۈن ئولتۇراي دېگەندە بىر پانا جاي تېپىش ھەرقاچان ئېسىمىزدە بولسۇن. كۈن ئولتۇراي دېسىمۇ يەنە بۇلۇت ئارىسىغا كىرىدىغان بولساق، ئادەمگە ئايلىنىپ چوڭقۇر دېڭىزغا چوكۈپ كەتكەن بولاتتۇق. بۇ يەر بىزنىڭ ماكانىمىز ئەمەس. دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە مۇشۇ يەرگە ئوخشاش ئاجايىپ گۈزەل بىر ئەل بار. لېكىن ئۇ يەر ناھايىتى يىراق. ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن مۇشۇ پايانسىز دېڭىزدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، سەپىرىمىزدە قونۇپ ئۆتكۈدەك ئارالمۇ يوق؛ سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرغان بىرلا خادا تاش بار. ئۇنىڭ چوڭلۇغى ئون نەچچىمىز قىستىلىپ تۇرۇپ دەم ئالغۇدەكلا كېلىدۇ. دولقۇن كوتىرىلگەندە كوپۈكلەر بىزگە چاچرايدۇ. بىزگە شۇ خادا تاشنى بەرگەن خۇدايىمغا مىڭ رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك. بىز ئۇنىڭ ئۈستىدە ئادەمگە ئايلىنىپ كېچىنى ئۆتكۈزىمىز. ئۇ بولمىغان بولسا، بىز سويۈملۈك ۋەتىنىمىزنى مەڭگۈ كورەلمىگەن بولاتتۇق، چۈنكى بىزنىڭ ئۇچۇشىمىز بىر يىلنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ئىككى كۈنىدە ئاياقلىشىشى كېرەك.

—دادىمىزنىڭ ئويىنى يىلىغا بىرلا قېتىم كورەلەيمىز. ئۇ يەردە 11 كۈنلا تۇرالايمىز: مۇشۇ ئورماننىڭ توپىسىدە پەرۋاز قىلىپ تۇرۇپ، بىز تۇرغان ئوردىغا، ئوزىمىزنىڭ كوزى يورۇغان، دادىمىز تۇرغان جايىغا، ئاپىمىز دەپنە قىلىنغان چېركاۋنىڭ ئىگىز مۇنارىسىغا نەزەر تاشلايمىز. بۇ يەردىكى چاتقاللىق ۋە

دەل ـ دەرەخلەر بىزنىڭ تۇقـقانلىرىـمىزدەك بولۇپ قالـدى. بۇ يەردە ياۋا ئاتلار بالا چېغىمىزدا كورگىنىمىزدەك دالـىدا چېپىپ يۈرىدۇ؛ بۇ يەردىكى كومۇرچىلەر قەدىمىي ناخشىلارنى ئېيتىدۇ، كىچىك چېـغىمىزدا بۇ ناخشىغا ئۇسۇل ئوينايتـتۇق؛ ۋەتىنىمىز مۇشۇ يەر؛ بىر خىل كۈچ بىزنى مۇشۇ ياققا تارتىـپ تۇرىـدۇ؛ سويۇملۇك سىگلـىمىز، سېنـىمۇ مۇشۇ يەردىـن تاپـتۇق! مۇشۇ يەردە يەنە ئىككى كۈن تۇرۇۋشـىمىز مۇمـكىن، ئانـدىن كېيىن ئۇچۇپ دېڭىزنى توغـرىسـىغا كېسـىپ ئوتۇپ، ھەـلىقى گۈزەل ئەلـگە بارـىمىز، بىراق ئۇ يەر ئوز ۋەتىنىـمىز ئەمەس. سېنى ئۇ ياققا قانداق ئېلىپ كېتەرمىز؟ كېمىمىزمۇ، قېيىغـىمىزمۇ يوق.

— سىزلەرنى قانداق قىلسام قۇتقۇزارمەن؟ — دەپ سوراپـتۇ سىڭلىسى.

ئۇلار كېـچـىچە دىگـۇدەك پاراڭـلىشىـپ، بىرەر سائەتچىلا ئۇخلاپتۇ.

ئۇستىدىن ئاققۇلارنىڭ قانات قاققان ئاۋازى ئاڭلانغانلىقتىن، ئېلىزا ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئاققۇ سىياقىغا كىرگەن ئاكىلىرى بىر پەس ئايلىنىپ ئۇچۇپـتۇ ـ دە، كېـيىن يىراقـلارغا كېتىپـتۇ. تويـتىن ئايرىلىپ قالغان بىرسى — كەنجى ئاكىسى بېشـىنى ئېلىـزانىڭ قۇچىـقىغا قويۇپـتۇ. ئېـلىزا ئۇنىڭ ئاق قانـىتىـنى سىلاپـتۇ. ئۇلار كۈن بويى بىللە ئوتۇپتۇ. گۇگۇم ۋاقتىدا باشـقا ئاققۇلار يەنە ئۇچۇپ كەپتۇ. كۈن ئولـتۇرغانـدىن كېـيىن ئۇلار يەنە ئادەم سىياقىغا كىرىپتۇ.

ـــ بۇ يەردىن ئەتە ئۇچۇپ كېتىمىز. ئېھتىمال بىر يىلغىچە بۇ يەرگە قايتىپ كېلەلمەسمىز، ـــ دەپتۇ ئاكىلىرى، ـــ بىراق سېنى مۇشۇنداق تاشلاپ كېتەلمەيمىز! بىز بىلەن بىللە بېرىشقا جۈرئەت قىلامسەن؟ بىلىگىمىزدە سېنى ئورماندىن كوتىرىپ چىقىپ كەتكۈدەك ماغدۇر تۇرغان يەردە، قانىتىمىزنىڭ سېنى دېڭىزدىن يۇدۇپ ئوتۇپ كېتىشكە قۇربى يەتمەسمۇ؟

ـــ شۇنداق قىلىڭلار، مېنى ئالغاچ كېتىڭلار، ـــ دەپتۇ ئېلىزا.

ئاكىلىرى تالنىڭ يۇمشاق قوۋزىغى بىلەن چىمىڭ قومۇشتىن كېچىچە چوڭ ۋە پۇختا بىر تور توقۇپتۇ. ئېلىزا تورنىڭ ئىچىدە يېتىپتۇ. قۇياش بالقىپ چىققاندا ئاكىلىرى يەنە ئاققۇغا ئايلىنىپتۇ ۋە تورنى ئېغىزلىرى بىلەن چىشلەپ ئۇچۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئوزلىرىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان سويۇملۈك سىڭلىسىنى ئېلىپ ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ، بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئېلىزانىڭ يۈزىگە ئاپتاپ چۈشۈۋالغان ئىكەن، بىر ئاققۇ تور ئۈستىدە ئۇچۇپ، كەڭ قانىتى بىلەن ئاپتاپنى توساپتۇ.

ئېلىزا ئويغانغان چاغدا، ئاكىلىرى قۇرۇقلۇقتىن كوپ يىراقلاپ كەتكەن ئىكەن. ئېلىزا تېخىچە چۈش كورۈۋاتقان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپتۇ؛ دېڭىز ئۈستىدە كوتىرىلىپ، ئاسماندا ئىگىز ئۇچۇش ئۇنىڭغا ناھايىتى كارامەت ئىش تۇيۇلۇپتۇ. ئېلىزانىڭ يېنىدا چىرايلىق، ئوبدان پىشقان مېۋە شېخى ۋە

ھەسەلدەك تاتلىق چوپ يىلتىزى تۇرغان ئىكەن. بۇلارنى كەنجى ئاكىسى تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان ئىكەن. ئېلىزا ئاكىسىغا قاراپ مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈپتۇ. بۇ ئىشلارنى قىلغان كىشى كەنجى ئاكىسى ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلگەن ئىكەن. كەنجى ئاكىسى ئېلىزاغا ئاپتاپ چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ، قاناتلىرى بىلەن كۈننى توساپ ماڭغان ئىكەن.

بەك ئېگىز ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئۇلار بىرىنچى قېتىم تۆۋەندە ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىنى كورۇپتۇ، بۇ كېمە سۇ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن بېلىقچى قۇشتەك كورۇنۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تىك تۇرغان قارا بۇلۇت كورۇنۇپتۇ — بۇ بىر تاغ ئىكەن. ئېلىزا شۇ تاغ ئۈستىدىن ئۇزىنىڭ ۋە ئۇن بىر ئاققۇنىڭ كولەڭگىسىنى كورۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇچقان قاتارى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بەئەينى سۈرەتتەك ئىكەن، بۇ ئوزلىرى بۇرۇن كورگەن ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ چىرايلىق بىلىنىپتۇ. لېكىن كۈن بارغانسېرى ئېگىز ئورلەپ، ئارقا تەرەپتىكى بۇلۇتمۇ بارغانسېرى يىراقلىشىپتۇ، ھىلىقى سايىلارمۇ غايىپ بولۇپتۇ.

ئۇلار ۋىژىلداپ ئوتكەن ئوقتەك كۈن بويى ئۇچۇپتۇ. بىراق، ئۇلار سىڭلىسىنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئادەتتىكىدىن كوپ ئاستا ئۇچۇپتۇ. ھاۋا بۇزۇلۇپ، گۈگۈم چۈشەي دەپ قاپتۇ. ئېلىزا پەسلەپ بېرىۋاتقان كۈنگە تاقەتسىزلىك بىلەن قاراپتۇ، لېكىن ھىلىقى يالغۇز خادا تاش تېخىچە كوزگە كورۇنمەپتۇ. ئاققۇلار قاناتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەپ قېقىپ كېلىۋاتقاندەك بىلە-

نىپتۇ. ھەي! ئۇلارنىڭ تېز ئۇچالمايۋاتقانلىغى تامامەن مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولۇۋاتىدىغۇ. كۆن ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار ئادەم سىياقىغا كىرىپ دېڭىزغا چۈشۈپ غەرق بولىدۇغۇ، دەپ ئويلىغان ئېلىزا ئىچ-ئىچىدىن ئاللاتائالاغا دۇئا قىپتۇ. بىراق ئۇ يەنىلا ھېچقانداق خادا تاشنى كورمەپتۇ. يوغان-يوغان قارا بۇلۇتلار يېقىنلىشىپ، جۇدۇن-چاپقۇننىڭ كېلىپ قالغانلىغىدىن دېرەك بېرىپ شامال چىقىپتۇ. قارا بۇلۇتلار يىغىلىپ، تۇرۇلۇپ، شىددەتلىك دولقۇنغا ئايلىنىپ، چوڭ بىر پارچە قوغۇشۇندەك ئالغا سىلجىپتۇ. چاقماق توختىماي چېقىشقا باشلاپتۇ.

كۆن دېڭىز قىرغىغىدىكى ئۇپۇق سىزىغىغا يېقىنلاشقاندا، ئېلىزانىڭ يۈرىگى دۈپۈلدەشكە باشلاپتۇ. ئاققۇلار بۇ چاغدا پەسكە قاراپ ناھايىتى تېز ئۇچۇپتۇ، پەسكە چۈشۈپ كېتىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتۇ ئېلىزا. بىراق ئاققۇلار ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنى توختىتىۋاپتۇ. كۆننىڭ يېرىمى سۇغا چوككەندە تو-ۋەندىكى كىچىك خادا تاش-سۇ بېتىگە چىققان تيولېننىڭ بېشىدىن سەل چوڭراق بولغان خادا تاش ئېلىزانىڭ كوزىگە بىرىنچى قېتىم كورۈنۈپتۇ. تېز ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۆن بىر يۇلتۇزچىلىكلا قاپتۇ. بۇ چاغدا ئېلىزانىڭ پۇتى قاتتىق يەرگە تېگىپتۇ. كۆن كويگەن قەغەزنىڭ ئۇچقۇنىدەك بىردىنلا غايىپ بولۇپتۇ. ئاكىلىرى ئېلىزانى چورىدەپ قولىنى قولىغا تۇتۇشۇپ تۇرۇپتۇ، ئۆزلىرى بىلەن ئېلىزا تىك تۇرغان يەردىن باشقا، بوش جايمۇ قالمىغان ئىكەن. دولقۇن خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ،

قاتتىق ياققان يامغۇردەك ئۇلارغا تەگمەكتە ئىكەن. ئاسماندا لاۋۇلدىغان يالقۇن ۋال-ۋۇل قىلىپ، گۈلدۈرماما ئىشماستىن گۈلدۈرلەپتۇ. بۇ چاغدا ئاكا-سىڭىللار بىر بىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇشۇپ، دۇرۇت ئوقۇپتۇ،—بۇ ئۇلارغا ئەمىنلىك ۋە غەيرەت بېغىشلاپتۇ.

تاڭ سەھەردە ھاۋا ساپ ۋە سۈزۈك ئىكەن. كۈن چىقىشى بىلەنلا ئاققۇلار ئېلىزانى ئېلىپ كىچىك ئارالدىن ئۇچۇپتۇ. دولقۇن يەنىلا ناھايىتى شىددەتلىك ئىكەن. بۇلار ئىگىزگە كوتىرىلگەندە تۆۋەندىكى ئاق بۈژغۇنلار سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن سان-ساناقسىز ئاققۇدەك كورۈنۈپتۇ.

كۈن تېخىمۇ ئىگىز كوتىرىلگەندىن كېيىن، ئېلىزاغا ئالدى تەرەپتە ئاسماندا لەيلەپ تۇرغاندەك تاغلىق بىر ئەل كورۈنۈپتۇ. پاقىراپ تۇرغان مۇز قاپلاپ كەتكەن تاغ چوققىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنلۇغى 2-3 چاقىرىم كېلىدىغان ئوردا بار ئىكەن، ئوردىنىڭ قاتار كەتكەن يۇمىلاق تۈۋرۈكلىرى ھەيۋەت ئىكەن. ئوردىنىڭ ئاياق تەرىپىدە ئىگىز-پەس ئۆسكەن پالما دەرەخلىرى ۋە چاقپىلەكتەك چوڭلۇقتىكى چىرايلىق گۈللەر كورۈنۈپتۇ. مەن بارىدىغان ئەل مۇشۇمۇ دەپ سوراپتۇ ئۇ ئاكىلىرىدىن. ئاققۇلار باشلىرىنى چايقاپتۇ، ئېلىزانىڭ كورگىنى پەرىشتە مورگانانىڭ① بۇلۇت ئىچىدىكى ھەشەمەتلىك، ئۆزگە-

① بۇ — قەدىمقى ئەنگلىيىنىڭ ئاسۋان توغرىسىدىكى بىر قاتار رىۋايەتلىرىدىكى بىر پەرىشتە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاسماندا تۇرلۈك ئېزىتقۇلارنى پەيدا قىلالارمىش.

رىپ تۇرىدىغان ئورىدىسى ئىكەن، ئاكىلىرى ئادەمزاتنى ئۇ يەرگە ئاپىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئېلىزا ئورىدىغا كوزىنى تىكىپ كېلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىزدىن تاغمۇ، ئورمانمۇ، ئورىدىمۇ غايىپ بولۇپ، ئېگىز مۇنارىلىق، ئۇچلۇق دەرىزىلىك ھەيۋەتلىك 20 چېركاۋ پەيدا بولۇپتۇ. ئېلىزا چېركاۋلاردىن چىققان گارمون ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ دېڭىز شاۋقۇنىنى ئاڭلىغان ئىكەن.

ئېلىزا چېركاۋلارغا يېقىن قالغاندا، چېركاۋلار قاتار كەتكەن يەلكەنلىك كېمىلەرگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئاستىدا لەيلەپ تۇرۇپتۇ. ئېلىزا توۋەنگە كوز يۈگۈرتسە، بايا بۇلار سۇ يۈزىگە يېپىلغان تۇمان ئىكەن. راست، ئۇ بۇ بىر قاتار، پۈتمەس-تۈگىمەس ئوزگىرىشلەرنى كورۇشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئوزى بارىدىغان ئەل كورۇنۇپتۇ. بۇ كوركەم يېشىل تاغلىرى، شامشادزارلىغى، شەھىرى ۋە ئورىدىسى بار يەر ئىكەن. ئېلىزا كۈن ئولتۇرۇشتىن خېلى بۇرۇنلا تاغدىكى يوغان بىر ئوڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئوڭكۈر ئاغزىنى يۇمران، ياپ-يېشىل ياماشقۇچى ئوسۇملۈكلەر قاپلىغان بولۇپ، رەڭدار گىلەمدەك كورۇنۇپتۇ.

—بۈگۈن كېچە نىمە چۈشەيسەنكىن!—دەپتۇ كەنجى ئاكىسى ئېلىزانىڭ ياتىدىغان يېرىنى كورسىتىپ.

—سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى چۈشىسەم دەيمەن!—دەپتۇ ئېلىزا.

ئاكىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش تىلىگى كۈچىيىۋاتقان ئېلىزا خۇدادىن ياردەم سوراپ، خۇداغا چىن ئىخلاسى بىلەن دۇئا قىپتۇ. راست، ھەتتا چۈشىدىمۇ دۇئا قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىگىز ئاسمانغا ئۇچۇپ چىققاندەك، مورگاننىڭ بۇلۇت ئىچىدىكى ئوردىسىغا كىرگەندەك بولۇپتۇ. كارامەت چىرايلىق، پۈتۈن بەدىنىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان پەرىشتە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ھېلىقى مومايغا — ئورماندا ئۇزىگە مېۋە بەرگەن ۋە ئالتۇن تاجلىق ئاققۇلارنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئېيتىپ بەرگەن مومايغا بەك ئوخشايدىكەن.

— ئاكىلىرىڭىزنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ! — دەپتۇ پەرىشتە، — بىراق سىزدە جاسارەت ۋە غەيرەت بارمۇ؟ دېڭىز سۈيى سىزنىڭ نازۇك قوللىرىڭىزدىنمۇ كۆپ نازۇك، ئەمما بۇ سۇ قاتتىق تاشنى باشقا شەكىلگە كىرگۈزەلەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا ئاغرىش دىگەن نەرسە بولمايدۇ، سىزنىڭ قولىڭىز بولسا ئاغرىيدۇ. سۇنىڭ يۈرىكى يوق، شۇڭا ئۇ سىز چىدىغان ئازاپ ۋە ئەلەمنى سېزەلمەيدۇ. قولۇمدىكى بۇ چاقىقاق ئوتقا قاراڭ! سىز ياتقان ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىدا مۇشۇنداق چاقىقاق ئوت جىق. پەقەت شۇلا — چېركاۋ زەرەتكارلىغىدا ئۆسكەن چاقىقاق ئوتلا داۋا بولىدۇ. بۇ گېپىم ئېسىڭىزدە بولسۇن. قولىڭىزنى كۆيدۈرۈپ قاپارتىۋەتسىمۇ، شۇ چاققاق ئوتلارنى يىغىڭ. پۇتىڭىز بىلەن ئەزسىڭىز، ئۇنىڭدىن چىگە چىقىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن يىپ ئېشىپ، 11 كىشىلىك ئۇزۇن يەڭلىك پىنجەك توقۇڭ. بۇلارنى

11 ئاققۇغا يېپىپ قويسىڭىز، ئۇلاردىكى سېھرىي كۈچ يوقايدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ ئىشنى باشلىغان چاغدىن تارتىپ تاكى ئۇنى تاماملاپ بولغىچە — ھەتتا بىر يىل ۋاقىت كەتسىمۇ — بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماڭ. ئەگەر گەپ قىلىپ سالسىڭىز، قىلغان بىرىنچى گېپىڭىز ئاكىلىرىڭىزنىڭ يۈرىكىگە ئۆتكۈر خەنجەردەك پېتىپ قادىلىدۇ. ئۇلارنىڭ جېنى سىزنىڭ تىلىڭىزدا. بۇنى ئەستە مەھكەم تۇتۇڭ!

شۇنداق قىلىپ، پەرىشتە ئېلىزاغا چاققاق ئوتنى سىلاتقۇزۇپتۇ. لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتەك چاققاق ئوتقا قولى تېگىش بىلەنلا ئېلىزا ئويغىنىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئېتىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇزى ياتقان يەردە بىر تال چاققاق ئوت — چۈشىدە كۆرگەن چاققاق ئوتقا ئوخشاش چاققاق ئوت تۇرغان ئىكەن. ئېلىزا يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خۇداغا رەھمەت ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئىشقا كىرىشىپتۇ.

ئېلىزا نازۇك قولى بىلەن قورقۇنچلۇق چاققاق ئوتنى تۇتۇپتۇ. تەككەن يەرنى ئوتتا كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرىدىغان بۇ ئوسۇملۇك ئېلىزانىڭ قولى بىلەن بىلىگىنىڭ نۇرغۇن يېرىنى قاپارتىۋېتىپتۇ. بىراق سۆيۈملۈك ئاكىلىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۇ بۇنداق ئازاپنى چېكىشكە رازى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ چاققاق ئوتنىڭ ھەر بىرسىنى يالىڭاياق پۇتى بىلەن ئېزىپ، ئۇنىڭ يېشىل چىگىلىرىدىن پىنجەك توقۇشقا باشلاپتۇ.

كۈن پاتقاندىن كېيىن ئاكىلىرى قايتىپ كەپتۇ. ئېلىزانىڭ

www.uyghurkitap.com



شۇنداق قىلىپ پەرىشتە ئېلىزاغا چاقچاق ئوتنى سىلاتقۇزۇپتۇ.

لام-جەم دېمىگىنىدىن قاتتىق چوچۇگەن ئاكىلىرى زەھەرخەندە ئوگەي ئانىمىز يەنە يېڭى سېھىر ئىشلەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. ئاكىلىرى سىڭلىسىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئازاپ چېكىۋاتقانلىقىنى قولىغا قاراپلا بىلىپتۇ. كەنجى ئاكىسى يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئاكىسىنىڭ كۆز يېشى تامغان يەرنىڭ ئاغرىقى بېسىلىپتۇ، كۆيۈپ قاپىرىپ چىققان قاپارتمىلارمۇ قالماپتۇ.

سويۇملۇك ئاكىلىرىنى قۇتقۇزۇۋالمىغىچە تىنىم تاپماسلىققا بەل باغلىغان ئېلىزا تۈن بويى ئىشلەپتۇ. ئەتىسى كەچكىچە، ئاققۇلار ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئېلىزا يالغۇز ئۆزىلا قاپتۇ، بىراق ۋاقىت ئۇنىڭغا بەك تېز ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ. پىنەجەكنىڭ بىرى پۈتۈپتۇ، ئۇ دەرھال ئىككىنچىسىنى توقۇشقا كىرىشىپتۇ.

بۇ چاغدا تاغ ئارىسىدىن ئوۋچىلارنىڭ بۇرغىلىرى، شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپتۇ، ئېلىزا قورقۇشقا باشلاپتۇ. شاۋقۇن بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەپتۇ، تايغانلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپتۇ، چۆچۈپ كەتكەن ئېلىزا ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ-دە، يىغىپ كەلگەن چاققاقلارنى ۋە تەييار قىلغان چىگىلەرنى كىچىك بىر باغلام قىلىپ چىگىپ، ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاپتۇ.

دەل مۇشۇ چاغدا، چاتقاللىق ئىچىدىن يوغان بىر تايغان ئېتىلىپ چىقىپتۇ، ئارقىسىدىن ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسى ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار ھاۋشۇپ جۆنەپتۇ-دە، يەنە يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا ئوۋچىلار ئۆڭكۈر

ئاغزىغا يېتىپ كەپتۇ؛ بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ كېلىشكىنى مۇشۇ ئەلنىڭ پادىشاسى ئىكەن. ئۇ ئېلىزاغا يېقىن كەپتۇ. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق قىزنى كورمەپتىكەن.

—قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز قىزىم؟—دەپ سوراپتۇ ئۇ.

ئېلىزا بېشىنى چايقاپتۇ. گەپ قىلسا ئاكىلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ۋە ئاكىلىرىنىڭ هاياتىغا زىيان يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئاغزىنى ئاچماپتۇ. ئۇ ئۆزى تارتقان ئازاپنى پادىشاغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن قوللىرىنى پەرتۇغى بىلەن توسۇۋاپتۇ.

—مەن بىلەن كېتىڭ!—دەپتۇ پادىشا،—بۇ يەردە تۇردۇۋەرسىڭىز بولمايدۇ، ئەگەر چىرايلىق جامالىڭىزغا يارىشا نىيىتىڭىز ئاق بولىدىغان بولسا، مەن سىزنى تاۋار-دۇردۇن، يىپەك-شايىغا ئورايمەن، بېشىڭىزغا ئالتۇن تاج كىيگۈزۈپ، ئەڭ هەشەمەتلىك ئوردامنى سىزگە تۇرار جاي قىلىپ بېرىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېلىزانى ئاتقا مىنگۈزۈپتۇ. ئېلىزا يىغلاپ، ئازاپ بىلەن ئىككى قولىنى تولغاپتۇ.

—سىزنى بەختلىك قىلماقچىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەندىن مىننەتدار بولىسىز،—دەپتۇ پادىشا.

شۇنداق قىلىپ پادىشا ئېلىزانى ئالدىغا مىنگۈزۈپ ئالدىدا مېڭىپتۇ، باشقا ئوۋچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

كۈن پاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چىرايلىق، نۇرغۇن چېركاۋلىرى ۋە گۈمبەزلىرى بار بىر پادىشا شەهرى كورۈنۈپتۇ.



www.uyghurkitap.com

پادىشا ئېلىزانى ئوردىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ يەردە مەرمەر تاشتىن ياسالغان ھەشەمەتلىك سارايىنىڭ ئىچىدىكى چوڭ پونتان بۇلاقتىن سۇ پۇركىلىپ چىقىپ تۇرغان ئىكەن، تام ـ تورۇسلارغا ئىسىل رەسىملەر سىزىلغان ئىكەن. ئەمما ئېلىزانىڭ بۇلارنى كورۇشكە كوڭلى بارماپتۇ. ئۇ ھەسرەتلىنىپ كوزلىرىدىن ياش توكۇپتۇ. ئېلىزا كېنىزەكلەرگە ئوزىگە ئادەتتىكىچە ئوردا كىيىـ منى كىيگۈزۈشنى، چېچىغا مەرۋايىت قاداپ قويۇشنى، قاپىرىپ كەتكەن قوللىرىغا نەپىس قولقاپ كىيگۈزۈپ قويۇشنى بۇيـ رۇپتۇ.

پۈزۈر كىيىنگەن چىرايلىق ئېلىزا ئەل ـ جامائەتنىڭ كوزىنى قاماشتۇرۇپتۇ. پۇتكۇل ئوردا ئەھلى ئۇنىڭغا باشلىرىنى چوكۇرۇپ تازىم قىپتۇ، ئېپىسكوپ ئورمانىدىن كەلگەن بۇ قىزنىڭ ئوزى جادۇگەر، ھەممىزنىڭ كوزىنى باغلىۋالدى، پادىشانى ئوزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى، دەپ بېشىنى چايقاپ، پىچىرلاپ كەتكەن بولسىمۇ، پادىشا ئېلىزانى خوتۇنلۇققا تاللاپتۇ.

پادىشا بۇنىداق پىتنە ـ پاساتلارغا پەرۋا قىلماي، مۇزىكا چېلىپ نەغمە قىلىشنى، ئەڭ ئىسىل نىمەتلەردىن زىياپەت تەييارلاشنى، گۈزەل ئايالـلارغا ئېلىزانىڭ چورىسىدە ئۇسۇل ئويناشنى بۇيرۇپتۇ. ئېلىزانى گۈللەر خۇش پۇراق چېچىۋاتقان باغ ئارقىلىق ھەشەمەتلىك زالغا ئېلىپ كىرىشىپتۇ؛ بىراق ئېلىزانىڭ لەۋلىرىدە قىلچىمۇ كۈلكە، كوزىدە بىر ئازمۇ خوشاللىق سېزىلمەپتۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەسرەت ـ نادامەت بىلىنىپ

تۇرىدىكەن. پادىشا يان تەرەپتىكى ھوجرىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ-
تۇ—بۇ ئېلىزانىڭ ياتىدىغان يېرى ئىكەن. بۇ ھوجرا ئېلىزا
تۇرغان ھىلىقى ئۆڭكۈرگە ئوخشاش رەڭدار ئىسىل گىلەم بىلەن
بېزەلگەن ئىكەن. چاقچاق ئوتتىن چىقىرىۋالغان بىر باغلام چىگە
يەردە تۇرغان بولۇپ، توقۇلۇپ بولغان پىنجەك تورۇسقا ئېسىق-
لىق تۇرغان ئىكەن. ئوۋچىلار بۇ نەرسىلەرنى غەلىتە كۆرۈپ
ئالغاچ كەلگەن ئىكەن.

—بۇ يەردە ئۆيىڭىزگە قايتقىنىڭىزنى چۈشىڭىزدە كۆرەر-
سىز،—دەپتۇ پادىشا ئۇنىڭغا،—مانا بۇلار سىز ئۆز ماكانىڭىزدا
قىلىشقا ئالدىرىغان ئىشلار. ئەمدى مۇشۇنداق ياخشى مۇھىتتا
سىز ئوتكەن كۈنلىرىڭىزنى ئەسلەپ، ئىچ پۇشۇغىڭىزنى چىقى-
رىۋېلىڭ.

ئەزىز نەرسىلىرىنى كۆرگەن ئېلىزانىڭ لىۋىدە كۈلكە
ئويناپ، يۈزىگە قان يۈگۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئېسىگە ئاكىلىرىنى
قۇتقۇزۇش ئىشى كەپتۇ-دە، پادىشانىڭ قولىنى سۆيۈپ قو-
يۇپتۇ. پادىشا ئېلىزانى مەيدىسىگە بېسىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن
تەڭ ھەممە چېركاۋدا قوڭغۇراق چېلىنىپتۇ، تويى مۇراسىمى
ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى جاكالىنىپتۇ، دەپ يارلىق چىقىرىپتۇ. شۇنداق
قىلىپ، ئورمانلىقتىن كەلگەن بۇ گۈزەل، گاچا قىز بۇ ئەلنىڭ
خانىشى بولۇپ قاپتۇ.

ئېپىسكوپ ئېلىزانى يامانلاپ پادىشانىڭ قۇلىقىغا كۆپ پىچىر-
لاپتۇ، بىراق بۇ سۆزلەر پادىشاغا تەسىر قىلماپتۇ. ئاخىرى

تۇي بوپتۇ. ئېپىسكوپ ئېلىزاغا ئۇز قولى بىلەن تاج كىيگۈ-
زۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ قاسىقىنى كىچىك خانلىق تاجنى
زەھەرخەندىلىك ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن ئېلىزانىڭ قېشىغىچە
چوكۇرۇپ كىيگۈزۈپتۇ، ئېلىزانىڭ بېشى ئاغىرىپ كېتىپتۇ.
بىراق ئېلىزانىڭ قەلبىنى بۇنىڭدىنمۇ يامان بىر نەرسە يەنى
ئاكىلىرى ئۇچۇن يەۋاتقان غەم-قايغۇ قىسىپتۇ. تەن ئازاۋىنى
ئۇ پەقەت سەزمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ پەقەت گەپ-سوز
قىلماپتۇ، ئەگەر ئۇ گەپ قىلىپ تاشلىسا، ئاكىلىرىنىڭ جېنىغا
زامىن بولىدىكەن. بىراق، ئاقكوڭۇل، كېلىشكەن، بار ئاماللار
بىلەن ئۇزىنىڭ كوڭلىنى ئېچىشقا ھەركەت قىلغان پادىشاغا
ئۇنىڭ كوزىدىن چوڭقۇر مېھىر ئىپادىلىنىپتۇ. ئۇ پادىشانى
چىن كوڭلىدىن ياخشى كورۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى-
مۇھەببىتى كۇندىن-كۇنگە ئېشىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئۇزىنىڭ پادىشاغا
ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئۇزىنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىنى پادىشاغا تولۇق
ئېيتىپ بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. لېكىن ئۇ گەپ
قىلماسلىقى، سۇكۇت ئىچىدە ئىشىنى پۈتتۈرۈشى كېرەك ئىكەن.
شۇڭا ئۇ كېچىسى پادىشانىڭ يېنىدىن غىپپىدىلا چىقىپ ئۇڭكۇر-
گە ئوخشاش ياسالغان ھېلىقى كىچىك ئويگە كىرىپ، پىنجەك-
لىرىنى توقۇۋېرىپتۇ. ئەمما، يەتتىنچىسىنى توقۇۋاتقاندا چىگىسى
تۇگەپ قاپتۇ.

چېركاۋدىكى مازاردا ئۇزىگە لازىملىق چاققاق ئوت بارلىغى-
نى ئېلىزا بىلىدىكەن. بىراق ئۇنى ئۇزى بېرىپ ئېلىپ كېلىشكە

توغرا كېلىدىكەن. ئۇ يەرگە قانداق بارغىلى بولار؟

"يۈرىكىمدىكى دەرت ئالدىدا قولۇمنىڭ ئاغرىقىشى ھېچگەپ ئەمەس. تەۋەككۇل قىلىپ باقايچۇ! خۇدامۇ مەدەت بېرەر، ياردەم قىلار!" دېگەن ئوي كەپتۇ ئۇنىڭغا.

ئېلىزا تەشۋىشلەنگەن ھالدا، خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقان كىشىدەك، ئايدىڭ كېچىدە باققا يوشۇرۇنچە كىرىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن دەرەخلىق يولدىن، جىمجىت كوچىدىن ئۆتۈپ، چېركاۋدىكى مازارغا كەپتۇ. قارىسا بىر توپ يالماۋۇز① خۇددى يۇيۇنۇشقا تەييارلانغاندەك، جۇل-جۇل كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، قەۋرىنىڭ تېشى ئۈستىدە يالىڭاچ ئولتۇرغان ئىكەن. يالماۋۇزلار ئۇزۇن ھەم ئورۇق بارماقلىرىنى يېڭى قەۋرىگە تىقىپ، يېڭى كۆمۈلگەن ئۆلۈكنى ئېلىپ چىقىپ، ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يەۋاتقان ئىكەن. ئېلىزا ئامالسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتۇ. يالماۋۇزلار قورقۇنچلۇق كۆزلىرىنى ئېلىزاغا تىكىپتۇ. ئېلىزا ئىچىدە دۇئا-تەكبىر ئوقۇپ، چاققاق ئوتلارنى يىغىۋېرىپتۇ. ئاخىر يىققان چاققاق ئوتلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

ئېلىزانى بىرلا كىشى - ھېلىقى ئېپىسكوپلا كۆرۈپ قاپتۇ. ئەل ئۇخلاۋاتقاندا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇ خانىش ھەققى

① ئەسلىسى "Lamier" بولۇپ، قەدىمقى زاماندىكى شىمالىي ياۋروپا ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىدىغان مەخلۇق، ئۇنىڭ بېشى بىلەن توشى ئايالنىڭكىگە، باشقا يېرى يىلانغا ئوخشايدىكەن، باللارنى ئالداپ قېنىنى شورايدىكەن.

خانىش ئەمەس، ئۇ چوقۇم جادۇگەر، پادىشانى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى جادۇگەرلىكى بىلەن ئۇزدىگە قارىتىۋالغان، دىگەن گۇمانىم ئەمدى دەلىللەندى، دىگەن يەرگە كەپتۇ ئۇ.

ئۇ ئۇز كوزى بىلەن كورگەن ئىشنى ۋە كوڭلىدىكى گۇمانىنى توۋە-ئىستىغپارخانىدا پادىشاغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ تىلىدىن قاتتىق-شەپقەتسىز سوزلەر توكۇلگەندە بۇتلارمۇ باشلىرىنى چايقاپ "پاكىت تامامەن ئۇنداق ئەمەس! ئېلىزادا گۇنا يوق!" دىگەندەك بوپتۇ. بىراق ئېپىسكوپ بۇنى باشقىچە چۇشەندۇرۇپ، بۇتلار ئېلىزاغا قارشى گۇۋالىق بېرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ گۇناھىغا باشلىرىنى چايقاۋاتىدۇ، دەپتۇ. بۇ چاغدا پادىشانىڭ كوزلىرىدىن چىققان ياش ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپتۇ. پادىشا ئويىگە گۇمان بىلەن قايتىپتۇ-دە، كېچىسى ئۇخلىغان بولۇپ يېتىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ كوزىگە زادى ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. ئۇ ئېلىزانىڭ ئورنىدىن قانداق تۇرغانلىقىنى كورۇپتۇ. ئېلىزا ھەر كېچىدە شۇنداق قىلىدىكەن، پادىشا ھەر قېتىم ئۇنىڭ كەينىگە چۇشۇپ بارىدىكەن، ئېلىزا يالغۇز ئويىگە كىرىپ يوق بولۇپ كېتىدىكەن.

پادىشانى كۇندىن-كۇنگە غەم بېسىپتۇ. ئېلىزا بۇ ئەھۋالنى بايقىغان بولسىمۇ، لېكىن سەۋەبىنى بىلەلمەپتۇ. بۇ ئەھۋال ئۇنى خاتىرجەمسىزلەندۇرۇپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ دىلىنى ئاكىلىرىنى قۇتقۇزۇش دەردى ئازاپلاۋاتقان ئىكەن! ئۇنىڭ كوزىدىن ئاققان ئاچچىق ياش ئۇنىڭ سوسۇن رەڭلىك خانىشلىق لىباسىغا تاراملاپ چۇشۇپ، ئالماستەك پاقىرايدىكەن. بۇنداق سەلتەنەتنى

www.uyghurkitap.com

كورگەن ئايال مەنمۇ خانىش بولسام قانداق ياخشى بولار ئىدى دەپ قالىدىكەن. بۇ چاغدا ئېلىزانىڭ ئىشى ئاياقلىشىپ قالغان، توقۇيدىغان بىرلا پىنجەك قالغان ئىكەن. بىراق ئۇنىڭ چىگىسى قالمىغان ھەتتا ئۇنىڭدا بىر تال چاقىقاق ئوتمۇ قالمىغان ئىكەن. شۇڭا يەنە بىرنەچچە باغ چاقىقاق ئوت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن چېركاۋدىكى مازارغا ئاخىرقى قېتىم بېرىشقا توغرا كەپتۇ. جىمجىت يوللار ۋە ھىلىقى قورقۇنچلۇق يالماۋۇزلارنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇ ئىختىيارسىز قورقۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىرادىسى خۇداغا بولغان ئېتىقادى چىڭ بولغاندەك چىڭ ئىكەن.

ئېلىزا چېركاۋ تەرەپكە مېڭىپتۇ، پادىشا بىلەن ئېپىسكوپ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئېلىزانىڭ تۆمۈر رىشاتكىلىق ئىشىكتىن ئۆتۈپ، چېركاۋدىكى زەرەتكارلىققا بېرىپلا يوق بولۇپ كەتكەنلىگىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار زەرەتكارلىققا يېقىن بارغاندا ھىلىقى يالماۋۇزلار ئېلىزا كورگەندىكىدەك قەۋرە تېشىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىكەن. پادىشا مۇشۇ كېچىدە بېشىنى قۇچىغىمغا قويۇپ ياتقان ئېلىزامۇ مۇشۇلارنىڭ بىرى ئىكەن-دە، دەپ ئويلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ.

— خەلق ھوكۇم قىلسۇن ئۇنىڭغا! — دەپتۇ پادىشا.

خەلق ئۇنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتا كويدۇرۇشكە ھوكۇم قىپتۇ.

ئېلىزانى ھەشەمەتلىك ئوردىدىن زەي گەمىگە ئېلىپ كېلىد-

شىپتۇ، گەمىنىڭ دەرىزىسىدىن شامال غۇيۇلداپ كىرىپ تۇرىدى-
كەن. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى خانىشلىق لىباسلىرىنى سالدۇرۇۋې-
تىپ، ئوزى يىققان چاقىقاق ئوتنى تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ چاقىقاق
ئوتنى تەكى قىلىپ، ئوزى توقۇغان قوپال-قاتتىق پىنجەكنى
يېپىنچا قىلىدىكەن. مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە ئۇنى خوشال
قىلالمايدىكەن. ئۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا خۇداغا ئىبادەت قىپتۇ. سىرتتا، كوچىدىكى باللار
ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ناخشا ئېيتىشىدىكەن. ئۇنىڭغا تەسەللى
بېرىپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىدىغان ئىنسان چىقماپتۇ.

گۈگۈم چۈشكەن چاغدا دەرىزە سىرتىدىن ئاققۇنىڭ قانات
قاقىقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ-كەنجى ئاكىسى سىڭلىسىنى
ئىزدەپ كەلگەن ئىكەن. ئاكىسى خوشال بولغانلىقىدىن ئىنچىكە-
رەپ يىغلاپتۇ، چۈنكى ئېلىزا بۈگۈن كېچىنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى
ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچە ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ
ئىشىمۇ ئاياقلىشىشقا ئاز قالغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكىلىرىمۇ
بۇ يەرگە يىغىلىپتۇ.

بۇ چاغدا ئېپىسكوپمۇ كەپتۇ، ئۇ ئاخىرقى مىنۇتلارنى ئۇنىڭ
بىلەن بىللە ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ كەلگەن ئىكەن، پادىشانىڭ
مۇشۇنداق قىلىشىغا ئۇ قوشۇلغان ئىكەن. ئېلىزا بېشىنى چايقاپ،
نېرى كېتىڭ دېگەن تىلىگىنى كوز ئىشارىسى بىلەن، ھېسسىيا-
تىنى چىرايىدا ئىپادىلەش بىلەن بىلدۈرۈپتۇ، چۈنكى ئۇ مۇشۇ
ئەڭ ئاخىرقى كېچىدە ئىشىنى پۈتتۈرۈشى كېرەك ئىكەن،

ئۇنداق قىلمىسا، كۆرسەتكەن ھەممە تىرىشچانلىقى، ھەممە نىمىسى، توككەن كۆز يېشى، چەككەن جاپاسى، ئۇيقۇسىز ئۆتكەن تۈنلىرى نەتىجىسىز بولۇپ چىقىدىكەن. ئېپىسكوپ ئۇنىڭغا يامان گەپلەرنى قىلىپ، ئاخىر كېتىپ قاپتۇ. ئۆزىنىڭ بىگۇنالىقى ئۆزىگە مەلۇم بىچارە ئېلىزا ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ.

چاشقان ئۇ ياق-بۇ ياققا يورغىلاپ، چاققاق ئوتنى ئېلىزانىڭ قېشىغا ئېپكېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىپتۇ. دەرىزىنىڭ تۆمۈر رىشاتكىسىغا قونغان بۇلبۇل ئېلىزا بوشىشىپ كەتمىسۇن دەپ تۈن بويى ئەڭ مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ چىقىپتۇ.

تاڭ تېخى تولۇق ئاتمىغان ئىكەن. كۈن چىقىشقا تېخى بىر سائەت بار ئىكەن. بۇ چاغدا ئېلىزانىڭ 11 ئاكىسى خان ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پادىشا بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھازىر تېخى كېچە، پادىشا ئۇخلاۋاتىدۇ، ئۇنى ئويغىتىشقا بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قوۋۇقچىلار ئۇلارغا. ئېلىزانىڭ ئاكىلىرى يالۋۇرۇپتۇ، قورقىتىپمۇ بېقىپتۇ، شۇنداق قىلىپ تۇرغاندا ياساۋۇللار كەپتۇ، ھەتتا پادىشانىڭ ئۆزىمۇ چىقىپتۇ. پادىشا نېمە ئىش دەپ سوراپتۇ. بۇ چاغدا كۈن چىقىپتۇ، ئېلىزانىڭ ئاكىلىرى بىردىنلا يوقاپ كېتىپ، 11 ئاققۇ ئوردا ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپتۇ.

جادۇگەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەننى كۆرۈش ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر خەلقى شەھەر دەرۋازىسىدىن سىرتقا قىيان سۇدەك ئېقىپتۇ. قېرى ھەم ئورۇق ئات ئېلىزا ئولتۇرغۇزۇلغان

مەھبۇسلار ھارۋىسىنى ئاستا تارتىپ كەپتۇ. ئىبلىزاغا ماتادىن كىيەنلىك كىيگۈزۈپ قويۇشقان ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايلىق بېشىدىكى سۇمبۇل چېچى چۇۋۇلغان بولۇپ، يەلپۈنۈپ تۇرغان، يۇزلىرى ئۇلۇكنىڭ يۇزىدەك تاتىرىپ كەتكەن، لەۋلىرى بوش مىدىراۋاتقان ئىكەن، شۇنداقتىمۇ قوللىرى پىنجەك توقۇشنى توختاتمىغان ئىكەن. ئۇ ئۇلۇمگە مېڭىش يولىدىمۇ باشلىغان ئىشىنى توختاتماپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا 10 پىنجەك تۇرغان ئىكەن، ھازىر ئۇن بىرىنچىسىنى توقۇۋاتقان ئىكەن. ئەل-جامائەت ئۇنى زاڭلىق قىلىشىپتۇ، تىللىشىپتۇ.

—قاراڭلار بۇ جادۇگەرنى! پىچىرلاپ بىر نىمىلەرنى ئوقۇۋاتىدۇ! قولىدا قەسىدىنامىمۇ يوق ئىكەنغۇ؛ يىرگىنىشلىك غەلىتە نەرسىسىنى قولىدىن چۇشۇرمەيۋاتىدۇ تېخى، ئۇ نىمىسىنى تارتىۋېلىپ پارە-پارە قىلىۋېتەيلى!

ئىبلىزانىڭ قولىدىكى نەرسىسىنى پارە-پارە قىلىۋېتىش ئۇچۇن ھەممەيلەن ئۇنىڭغا يۇپۇرۇلۇپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا 11 ئاققۇ ھارۋىغا كېلىپ قونۇپ، كەڭ قاناتلىرىنى قېقىپ ئىبلىزانى چورىدەپ تۇرۇپتۇ. جامائەت قورقۇپ كېتىپ ئىككى تەرەپكە داجىپتۇ.

—بۇلار خۇدانىڭ خەۋەرچىسىغۇ! ئۇ چوقۇم گۇناسىز ئوخشايدۇ!—دەپ پىچىرلىشىپتۇ نۇرغۇن كىشىلەر، بىراق ئۇلار ئۇنىلۇك دىيىشكە پېتىنالماپتۇ.

بۇ چاغدا جاللاتلار ئىبلىزانى قولىدىن چىڭ تۇتۇۋاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ئېلىزا 11 پەنجەكنى ئاققۇلارغا دەررۇ تاشلاپ بېرىپتۇ. شۇ ئەسنادىلا كېلىشكەن 11 شاھزادە پەيدا بوپتۇ. بىراق ئەڭ كىچىك شاھزادىنىڭ بىر قولى ئورنىدا ئاققۇنىڭ قانىتى قاپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا تېگىشلىك پەنجەكنىڭ بىر يېڭى كەم ئىكەن — ئېلىزا ئۇنى پۈتتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئىكەن.

— ئەمدى مەن گەپ قىلسام بولىدۇ! — دەپتۇ ئۇ، — مەن گۇناسىز مەن!

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەل-جامائەت خۇددى ئەۋلىياغا باش ئۇرغاندەك ئېلىزاغا ئىختىيارسىز باش ئۇرۇپتۇ. قەلبىنى ھاياجان، تەشۋىش ۋە قايغۇ-ھەسرەت بىراقلا چۇلغىغان ئېلىزا ئۆزىنى ئاكىلىرىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپتۇ-دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ.

— راست، ئۇ گۇناسىز، — دەپتۇ ئەڭ چوڭ ئاكىسى.

ئۇ ئوتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا نەچچە يۈزلىگەن ئەتىر گۈل ئېچىلغاندەك ئەتراپقا خۇش پۇراق تارقىلىپتۇ، ئەسلىدە ئوتۇن دۆۋىسىدىكى ھەر بىر تال ياغاچ يىلتىز تارتىپ شاخلاشقا باشلىغان، گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چاچقان ئىگىز ھەم چوڭ قاشاغا ئايلانغان، قىپ-قىزىل ئەتىر گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن ئىكەن. قاشانىڭ ئۈستىدە بىر تال ئاپپاق گۈل يۇلتۇزدەك چاقناپتۇ. پادىشا شۇ گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ ئېلىزانىڭ مەيدىسىگە تاقاپ قويۇپتۇ. ئېلىزا ھوشىغا كەلگەندە، دىلىنى تېچلىق ۋە بەختىيارلىق ھىسسى چۇلغاپتۇ.

ھەممە چېركاۋنىڭ قوڭغۇراقلىرى چېلىنىپ، قۇشلار توپ-توپ بولۇشۇپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئوردىغا يول ئالغان بۇنداق توي مەرىكىسىنىڭ سىپىنى ھەقىقەتەن ھېچقانداق پادىشا كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# باشمالتاق قىز

## [دانىيە] ئاندېرسېن

بۇرۇنـنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئايال بولۇپ، ئۇ كىچىككىنە بىر بالام بولسا دەپ بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. بىراق ئۇ قانداق قىلغاندا بۇ ئارزۇسىغا يېتىشىنى بىلمەيدىكەن. شۇڭا ئۇ ئايال پېرىخوندىن ئەقىل سوراپتۇ.

— كىچىككىنە بالام بولسا دىگەن ئۇمىدىم بار ئىدى! قانداق قىلسام بالام بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ — دەپتۇ ئۇ ئايال پېرىخونغا.

— ئوھوي! ئاسانلا ئىشقۇ بۇ! — دەپتۇ ئايال پېرىخون، — ماۋۇ بىر تال ئارپىنى ئېلىپ كېتىڭ. بىراق بۇ سەھرالىقلار ئېتىزلارغا تېرىيدىغان ئارپىلاردىن ئەمەس، توخۇلارغا دان بولىدىغان ئارپىدىنمۇ ئەمەس. بۇنى ئاپىرىپ تەشتەككە سېلىپ قويۇڭ. ئۇزاق ئۇتمەيلا كورمەكچى بولغان نەرسىڭىزنى كورەلەيسىز.

— رەھمەت سىزگە! — دەپتۇ ئايال ۋە ھىلىقى پېرىخونغا ئۈچ تەڭگە پۇل بېرىپ، ئويىگە قايتىپتۇ. ھىلىقى ئارپىنى

تېرىپتۇ. تېز ئارىدىلا كۈركۈمگە ئوخشاش چىرايلىق قىزىل گۈل ئۈنۈپ چىقىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ يوپۇرمىغى غۇجەمەك بولـ ۋالغان بولۇپ، غۇنچىدەكلا تۇرىدىكەن.

— نىمە دىگەن چىرايلىق گۈل بۇ، — دەپتۇ ئايال ۋە گۈلنىڭ قىزىل ئارىلاش چىرايلىق سېرىق بەرگىگە سويۇپتۇ. بىراق ئۇ سويۇۋاتقاندا، گۈل بىردىنلا تىرسىلداپ ئېچىلىپتۇ، ئەمدى بۇنىڭ دەل كۈركۈم گۈل ئىكەنلىگى ئېنىق بىلىنىپتۇ. گۈلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى يېشىل ئانىلىغىدا ئاق پىشماق كەلگەن ئوماق بىر كىچىككىنە قىز ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ جۇغى باشمالـ تاقنىڭ تېگىمچىلىك كەلمىگەنلىگى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى باشمالتاق قىز دەپ ئاتىشىپتۇ.

باشمالتاق قىزنىڭ بوشۇگى سىلىقلىغىدىن پاقىراپ تۇرىدىغان ياڭاق پوستى، كوپىسى هاۋارەڭ گۈلنەپشىنىڭ بەرگى، يوتقىنى ئەتىر گۈلنىڭ بەرگى ئىكەن. ئۇنىڭ كېچىسى ياتىدىغان يېرى شۇ ئىكەن. بىراق ئۇ كۈندۈزى جوزا ئۈستىدە ئويناىدىكەن — ئايال جوزا ئۈستىگە بىر تەخسە، تەخسىگە بىر گۈل چەمبىرەك قويۇپ قويغان ئىكەن. گۈلنىڭ غولى سۇغا چىلاقلىق تۇرىدىكەن، سۇدا كۈركۈم گۈلنىڭ يوغان بەرگى لەيلەپ تۇرىدىكەن. باشمالتاق قىز مۇشۇ گۈل بەرگىدە ئولتۇرۇپ، بوز ئاتنىڭ ئىككى تال قىلىنى پالاق قىلىپ، تەخسىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا ئۈزىدىكەن. بۇ راستىلا بەك چىرايلىق كورۇنىدىكەن! قىز ناخشىمۇ ئېيتالايدىكەن، ئېيتقاندىمۇ شۇنداق مۇڭلۇق، يېقىملىق

ئېيتىدىكەنكى، بۇنداق ناخشىنى ھېچكىم بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن.

باشمالتاق قىز بىر كۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ ئىسىل تۆشىگىدە ئۇخلاۋاتقاندا، بىر چارپاقا دەرىزىنىڭ سۇنۇق كۆزىدىن سەكرەپ ئۆيگە كىرىپتۇ. سەت، يوغان ھەم شىلىمشىق بۇ چارپاقا ئۇتتۇرلا جوزىغا سەكرەپ چىقىپتۇ. باشمالتاق قىز جوزا ئۈستىدىكى قىزىل ئەتىر گۈل بەرگى ئاستىدا ياتقان ئىكەن.

— بۇ چىرايلىق قىز ئوغلۇمغا ئوبدان خوتۇن، ماڭا ئوبدان كېلىن بولغۇدەك! — دەپتۇ چارپاقا. ئاندىن ئۇ باشمالتاق قىز ياتقان ياڭاق پوستىنى يۈدۈگەن پېتى دەرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ-دە، باققا كىرىپ كېتىپتۇ.

باغدا كەڭ بىر ئېرىق سۇ ئاقىدىكەن، ئەمما ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقى پەس ھەم زەي ئىكەن. چارپاقا ئوغلى بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن. ۋايەي! ئوغلىمۇ ئاپىسىغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەن ۋە شۇنداق سەت-كۆرۈمسىز ئىكەن. ياڭاقنىڭ پوستىدا ئۇخلاۋاتقان ئاي جامال قىزچاقنى كۆرگەندە، ئۇ "ۋاق-ۋاق! كۇر-كۇر!" دېگەندىن باشقا ھېچنىمە دېيەلمەپتۇ.

— ئاۋازىڭىزنى پەسرەك قىلىڭ، ئويغىتىۋېتىسىز بىكار، — دەپتۇ قېرى چارپاقا، — ئۇ قېچىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئاققۇنىڭ پېيىدەك يېنىك ئىكەن! بىز ئۇنى ئېرىقتىكى نىلۇپەرنىڭ كەڭ يوپۇرمىغى ئۈستىگە ئاپىرىپ قويايلۇق. نازۇك، يېنىك بۇ قىزچاق ئۈچۈن ئۇ يوپۇرماق ئارال بولۇپ كۆرۈنەر، بەلكىم!

ئۇنىڭدىن قېچىپ ھېچنەگە بارالمايدۇ. ئاڭغىچە پاتقاق ئاستىدىكى ئويمىزنى ئوڭلاپمۇ بولارمىز ــ ئىككىڭلار شۇ يەردە ئوي تۇتۇپ كۈن كەچۈرسىلەر تېخى.

بۇ ئۇستەڭدە كەڭ يوپۇرماقلىق يېشىل ياتما نىلۇپەر ئۇرغۇن ئىكەن. ئۇلار سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغاندەك كورۈنىدىكەن. يىراقتا لەيلەپ تۇرغان يوپۇرماق ئەڭ چوڭ يوپۇرماق ئىكەن. قېرى چارپاقا ئۈزۈپ بېرىپ، ئىچىدە باشمالتاق قىز ياتقان ياڭاق پوستىنى شۇ يوپۇرماقنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ.

بۇ بىچارە كىچىككىنە قىز تاڭ سەھەردىلا ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئوزىنىڭ يوپۇرماقتا تۇرغانلىغىنى كورۈپ كوڭلى بۇزۇلۇپ ئىختىيارسىز يىغلاپ سايتۇ، بۇ كەڭ يېشىل يوپۇرماقنىڭ ئەتراپى سۇ بولغاچقا، قۇرۇقلۇققا چىقىۋېلىشقا ھېچ ئامال يوق ئىكەن.

قېرى چارپاقا پاتقاقتا ئولتۇرۇپ ئويىنى پىلىك ئوت ۋە سېرىق ياتما نىلۇپەرلەر بىلەن بېزەپتۇ ــ يېڭى كېلىن ئولتۇر-دىغان ئوي چىرايلىقراق بولغىنى تۈزۈكتە. كېيىن ئۇ سەت ئوغلى بىلەن بىللە باشمالتاق قىز تۇرغان يوپۇرماقنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئاۋال باشمالتاق قىزنىڭ چىرايلىقىنا كارۋىتىنى يېڭى ئويگە ئاپىرىپ قويماقچى ئىكەن. سۇ ئىچىدە تۇرغان قېرى چارپاقا باشمالتاق قىزغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ:

ــ بۇ ياق مېنىڭ ئوغلۇم، سېنىڭ كەلگۈسىدىكى ئېرىڭ بولىدۇ. ئىككىڭلار پاتقاق ئىچىدە ناھايىتى بەختلىك تۇرمۇش

كەچۈرسىلەر، — دەپتۇ.

بۇ بايۋەچچە "ۋاق-ۋاق! كۇر-كۇر" دېگەنىنىلا بىلىدىكەن. ئۇلار چىرايلىقىنا كىچىك كارۋاتنى ئېلىپ سۇدا ئۈزۈپ كېتىپتۇ. يېشىل يوپۇرماقتا يالغۇز قالغان باشمالتاق قىز ئوكسۈپ يىغلاپتۇ، چۈنكى ئۇ يىرگىنىشلىك چارپاقا بىلەن بىللە تۇرۇشنى، ئاشۇنداق چارپاقنىڭ سەت ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ئەر بولۇشىنى خالىمايدىكەن. سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىلىقچانلار بۇ چارپاقنى كۆرۈپتۇ ھەم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇدىن باشلىرىنى چىقىرىپ بۇ كىچىككىنە قىزغا كۆز تىكىپتۇ. ئۇلار بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ، بۇنداق گۈزەلنىڭ سەت چارپاقىغا خوتۇن بولۇشىغا قاتتىق نارازى بوپتۇ، ياق! بۇنداق ئىشقا زادى يول قويۇشقا بولمايدۇ! دەپ ئويلاپتۇ-دە، سۇنىڭ ئىچىدىكى بىر يېشىل يوپۇرماقنىڭ غولى ئەتراپىغا يىغىلىشىپتۇ — بۇ كىچىك قىزچاق مۇشۇ يوپۇرماق ئۈستىدە تۇرىدىكەن. ئۇلار يوپۇرماقنىڭ غولىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپتۇ، يوپۇرماق سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئېقىپ، قىزنى ناھايىتى يىراقلارغا — چارپاقا پەقەت بارالمايدىغان يىراق يەرلەرگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئېقىپ كېلىۋاتقان باشمالتاق قىز تالاي-تالاي يەردىن ئۆتۈپتۇ، چاتقاللىقنى ئۆزلىرىگە ماكان قىلغان ئۇچارقاناتلار ئۇنى كۆرۈپ: "نېمە دېگەن چىرايلىق قىزچاق سىز!" دەپ سايرىشىپتۇ.

يوپۇرماق باشمالتاق قىزنى ئېلىپ يىراقلارغا لەيلەپتۇ، ئاخىرى لەيلىگەن پېتى چەتئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ.

ناھايىتى چىرايلىق كەلگەن كىچىك بىر ئاق كېپىنەك باشمال-تاق قىزنى پىر-پىر ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرۈپ يوپۇرماق ئۈستىگە كېلىپ قونۇپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا باشمالتاق قىز يېقىپ قالغان ئىكەن؛ باشمالتاق قىزمۇ چارپاقا ئەمدى تاپالمايدىغان بولدى دەپ بەك خوشال بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ ئېقىپ كېلىۋات-قان بۇ جاي كارامەت كورکەم ئىكەن — كۈن نۇرى سۇغا چۈش-كەندە، سۇ ئالتۇندەك پاقىراپ تۇرىدىكەن. باشمالتاق قىز بەلۋىغىنى يېشىپتۇ-دە، بىر ئۇچىنى كېپىنەككە، بىر ئۇچىنى يوپۇرماققا چىڭ باغلاپتۇ. ئۈستىدە باشمالتاق قىز ئولتۇرغان يوپۇرماق سۇدا تېز ئېقىپ كېتىۋېرىپتۇ.

بۇ چاغدا، ئۇچۇپ كېلىۋاتقان يوغان بىر ماي قوڭغۇز باشمالتاق قىزنى كورۇپ قاپتۇ. ئۇ پۇتى بىلەن باشمالتاق قىزنىڭ قىلدەك ئىنچىكە بېلىدىن قىسىپتۇ-دە، دەرەخكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ھېلىقى يېشىل يوپۇرماق سۇدا داۋاملىق ئېقىۋېرىپتۇ، كېپىنەكمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىپتۇ، چۈنكى كېپىنەك يوپۇر-ماققا باغلاقلىق بولغاچقا، ئۇچۇپ كېتەلمەيدىكەن.

خۇدايا توۋا! ماي قوڭغۇز ئۇنى دەرەخ ئارىسىغا ئېلىپ كىرگەندە، بىچارە باشمالتاق قىز تازا قورقۇپتۇ. بىراق ئۇ ئوزىدىن كورە ھېلىقى چىرايلىق ئاق كېپىنەك ئۈچۈن بەكرەك قايغۇرۇپتۇ. باشمالتاق قىز ئۇنى يوپۇرماققا چىڭ باغلاپ قويغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باشمالتاق قىز بەلۋىغىنى يېشىپ، بىر ئۇچىنى
كېپىنەككە، بىر ئۇچىنى يوپۇرماققا چىڭ باغلايتۇ.

ئىكەن، ئەگەر ئۇ بىر ئىلاج قىلىپ قۇتۇلۇپ چىقمىسا جەزمەن ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بىراق بۇ ئەھۋال ماي قوڭغۇز-نىڭ خىيالىغا كېچىپمۇ باقماپتۇ. دەرەخنىڭ يوغان يېشىل يوپۇر-مىقىغا كېلىپ قونغان قوڭغۇز باشمالتاق قىزغا گۈل شىرنىسىنى ئەكىلىپ بېرىپتۇ، شۇنداقلا سىز قوڭغۇزغا ئوخشىمىسىڭىزمۇ، ئانداق چىرايلىقكەنسىز، مۇنداق چىرايلىقكەنسىز دەپ، بىر تالاي گەپلەرنى قىپتۇ. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي باشقا دەرەخ-لەردىكى ماي قوڭغۇزلارنىڭ ھەممىسى ھال-ئەھۋال سوراپ كەپتۇ. ئۇلار باشمالتاق قىزغا كوز يۇگۇرتۇشكە باشلاپتۇ:

—ھوي، بۇنىڭ ئاران ئىككىلا پۇتى بار ئىكەنغۇ!— دېيىشىپتۇ ماي قوڭغۇز خېنىملار بۇرۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ،—بۇنىسى بەك كورۇمسىز ئىكەن!

—بۇرۇتىمۇ يوق ئىكەنغۇ!—دەپتۇ ئۇلار.

—تۇفىي! بېلى نىمە دىگەن ئىنچىكە! ئادەمنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنغۇ، نىمە دىگەن سەت ئۇ!—دېيىشىپتۇ ھەممە چىشى ماي قوڭغۇزلار تەڭلا.

دىمىسىمۇ باشمالتاق قىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن. ئۇنى ئېلىپ قېچىپ كەلگەن ھىلىقى ماي قوڭغۇزمۇ شۇنداق ئويدا ئىكەن. بىراق كوپچىلىك ئۇنى بەك سەت ئىكەن دەۋەر-گەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۇلارنىڭ سوزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئېپقېلىش رايىدىن كېچىپتۇ! شۇنداق قىلىپ باشمالتاق قىزنىڭ خالىغان يەرگە كېتىشكە مۇمكىنچىلىك تۇغۇلۇپتۇ. ماي قوڭغۇزلار

ئۇنى ئېلىپ دەرەختىن ئۇچۇپ، بىر تال پۇرمە جۇۋىخۇا گۈل ئۇستىگە ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ: چىرايىم بەك سەت بولغانلىقى ئۈچۈن ھەتتا ماي قوڭغۇزمۇ مېنى ياراتمىدى دەپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپتۇ. بىراق ئۇ يەنىلا كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان نازاكەتلىك، ئايدەك يورۇق، ئەڭ پاك ئەتىر گۈلنىڭ بەرگىدەك پەرىنىڭ ئۆزى ئىكەن.

بىچارە باشمالتاق قىز يېزىچە كەڭ كەتكەن ئورمانلىقتا يالغۇز ئۆزى ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئوت-چۆپلەر بىلەن ئۆزىگە كىچىك بىر كارۋات توقۇپ، يامغۇردىن دالدا بولۇش ئۈچۈن ئۇنى قېرىقىزنىڭ يوغان يوپۇرمىقى ئاستىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇ گۈللەر شىرنىسىنى ئوزۇق قىپتۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە يوپۇرماقلارغا چۈشكەن شەبنەمنى ئىچىپتۇ. ياز بىلەن كۈز مانا شۇنداق ئۆتۈپتۇ. ئەمدى ھەم سوغاق، ھەم ئۇزاق قىش كەپتۇ. ئۆزىگە شىرىن-ئاتلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بەرگەن ئۇچار قاناتلار ئۇچۇپ كېتىپتۇ. دەرەخلەر قۇرۇپ، گۈللەر توزۇپتۇ. قېرىقىزنىڭ يوغان يوپۇرمىقى — باشمالتاق قىزنىڭ تۇرغان يېرى — مۇ قۇرۇلۇپ، پەقەت ساغارغان غولىلا قاپتۇ. ئۇنىڭغا سوغاق دەھشەت بىلىنىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كىيىملىرى جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېنى ئاجىز ھەم زىلۋا ئىكەن — بىچارە باشمالتاق قىز ئەمدى توڭلاپ ئۆلىدىغان بولدى-دە! قار يېغىشقا باشلاپتۇ. ھەر بىر قار ئۇچقۇنى ئۇنىڭغا خۇددى بىزنىڭ ئۇستىمىزگە كۆرەك بىلەن تاشلانغان قاردەك بىلىنىپتۇ. چۈنكى بىز ئېگىز،

ئۇ پەقەت بىر سۆزلا كىلەتتى. ئۇ نائىلاج قۇرۇق يوپۇرماقتا ئورنىلىۋاپتۇ، بىراق بۇمۇ دال بولماي، تولغىلاپ دىر ـ دىر تىترەپ كېتىپتۇ.

ئوزى تۇرغان ئورمانلىقتا يېقىن بىر يەردە كەڭ كەتكەن بۇغدايلىق بار ئىكەن، بۇغداي ئاللىبۇرۇن ئورۇپ كېتىلگەن بولۇپ، تولۇق ئېتىزدا بۇغداي ئېڭىزىلا قالغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئوتۇش باشماللىق قىزغا كەڭ ئورماننى كېسىپ ئوتكەندەك ئىش ئىكەن. بىچارە تولغانلىقىدىن غال ـ غال تىترەپ كېتىپتۇ! ئۇ مېڭىپ ئاخىر دالا چاشقىنىنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەپتۇ. بۇ بۇغداي غولى ئاستىدىكى كىچىك بىر كامار بولۇپ، دالا چاشقىنى مۇشۇ ئىللىق يەردە هوزۇر قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئويىگە لىققىدە بۇغداي بېسىۋالغان ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە چىرايلىق بىر ئاشخانىسى ۋە سارىيى بار ئىكەن. بىچارە باشماللىق قىز يوقسۇزلۇق ئازاۋىنى تارتقان تىلەمچى قىزدەك، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، بىر تال ئارپا بەرسىڭىز، ئىككى كۈندىن بېرى ئاغزىمغا هېچنەرسە سېلىپ باقمىدىم، دەپتۇ دالا چاشقىنىغا.

ــ بىچارە بالا، ــ دەپتۇ دالا چاشقىنى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ــ بايا بۇ بىر ئاقكوڭۇل دالا چاشقىنى ئىكەن، ــ ئىسسىق ئويۇمگە كىرىپ مەن بىلەن هەمداستۇرخان بولغىن.

ــ قىشنى مېنىڭ بىلەن بىللە ئوتكۈزسەڭ مەيلى، بىراق ئويۇمنى پاك ـ پاكىز، رەتلىك قىلىپ قويىسەن، شۇنىڭ بىلەن

تەڭ ھىكايە ئېيتىپ بېرىسەن، مەن ھىكايە ئاڭلاشقا بەك ئامراق، — دەپتۇ باشمالتاق قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان دالا چاشقىنى.

باشمالتاق قىز مېھرىۋان دالا چاشقىنىنىڭ ھەممە تەلەپلىرىنى ئورۇنلاپ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ.

— يېقىن ئارىدا بىزگە مېھمان كېلىدۇ، — دەپتۇ دالا چاشقىنى بىر كۈنى، — خوشنام مېنى يوقلىغىلى ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ تۇرىدىغان جاي مېنىڭكىدىنمۇ ئازادە، ئۇنىڭ ئۆيلىرى كەڭرى، ئۇ ئۇچىسىغا چىرايلىق قارا مەخمەل چاپان كىيگەن. سەن شۇنىڭغا خوتۇن بولساڭ، ئۆمرۈڭنى راھەتتە ئۆتكۈزىسەن. بىراق ئۇنىڭ كۆزى كورمەس. ئۆزەڭ بىلىدىغان ئەڭ ياخشى ھىكايىلەرنى ئېيتىپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ.

باشمالتاق قىزبۇ نىڭغا قىزىقماپتۇ. ئۇ بۇ خوشنىسىغا تېگىشنى خالىماپتۇ، چۈنكى ئۇ قارغۇ چاشقان ئىكەن. قارغۇ چاشقان قارا مەخمەل چاپىنىنى كىيىپ پەتىگە كەپتۇ. دالا چاشقىنى قارغۇ چاشقاننى باي، بىلىملىك، ئۆيى مېنىڭ ئۆيۈمدىن يىگىرمە ھەسسە چوڭ؛ بىلمەيدىغىنى يوق، دەپ تەرىپلەپتۇ ۋە: بىراق ئۇ ئاپتاپنى، چىرايلىق گۈللەرنى ياخشى كورمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى يامانلاشقا خۇشتار، چۈنكى ئۇلارنى كورۇپ باققان ئەمەس، دەپ گەپ قىلىپ بېرىپتۇ.

باشمالتاق قىز ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئاۋال «كېتىۋەر، ئۇچۇپ ماي قوڭغۇزلار!» دىگەن ناخشىنى،

ئۇنىڭدىن كېيىن «پوپ كەلدى يايلاققا» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ چىرايلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان قارغۇ چاشقان ئۇنىڭغا كۆيۈپ قاپتۇ. بىراق ئۇ بەك ئېھتىياتچان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھېسسىياتىنى بىلدۈرمەپتۇ.

ئۇ ئۆز ئۆيىدىن باشمالتاق قىز تۇرغان ئۆيگە تۇتاشتۇرۇپ ئۇزۇن بىر لەخمە كولاپ، دالا چاشقىنى بىلەن باشمالتاق قىزنى لەخمىدە سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ، خالىساڭلار، قاچان كەلسەڭلەر بولىۋېرىدۇ دەپتۇ ۋە يولدا ياتقان ئۆلۈك قۇشتىن قورقۇپ كەتمەسلىكىنى سەمىگە سېلىپ قويۇپتۇ. بۇ قۇش بەش ئەزايى ساق، تۇمشۇغىمۇ، قانىتىمۇ بار قۇش ئىكەن، ئۇنىڭ يېقىندا، قىش كىرگەن چاغدا ئۆلگەنلىكى شەكسىز ئىدى. ئۇنىڭ يەرلگىنى قارغۇ چاشقان كولاپ لەخمە قىلىۋەتكەن ئىكەن.

ئاغزىغا تۇترۇق چىشلىۋالغان قارغۇ چاشقان — تۇترۇقتىن قاراڭغۇدا نۇر چاقناپ تۇرىدىكەن — ئۇزۇن ھەم قاراڭغۇ لەخمىنى يورۇتۇپ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ئۇلار ھېلىقى قۇشنىڭ ئۆلۈكى بار يەرگە كەلگەندە قارغۇ چاشقان يوغان تۇمشۇقى بىلەن لەخمىنىڭ توپىسىنى ئۈستى تەرەپكە تۈرتۈپ، بىر تۆشۈك ئېچىپتۇ. تۆشۈكتىن قۇياش نۇرى چۈشۈپتۇ. لەخمىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆلۈك قالغاچ ياتقان ئىكەن، ئۇنىڭ چىرايلىق قانىتى تېنىگە چىڭ چاپلىشىپ، ئىنچىكە پۇتى بىلەن بېشى تۈكلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىكەن: بۇ بىچارە جانىۋارنىڭ توڭلاپ ئۆلگەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. بۇنى كۆرگەن باشمالتاق قىزنىڭ ئىچى

سىرىلىپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۇچار قاناتلارغا بەك ئامراق ئىكەن. راست، ئۇلار يېزىچە باشمالتاق قىزغا مۆكلۈك ناخشىلارنى ئېيتىپ بەرگەن، ئۇنىڭغا ۋىچىرلاپ گەپ قىلغان ئىكەن.

— ئۇ ئەمدى ناخشا ئېيتالمايدۇ! — دەپتۇ قارغۇ چاشقان قالغاچنى قىسقا پۇتى بىلەن نېرىغا ئىتتىرىپ، — قۇش بولۇپ يارىلىش نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ئىش-ھە! ئىنشائاللا، مېنىڭ باللىرىم بۇنداق كۈن كۆرمىسۇن. ۋىچىر-ۋىچىر قىلىپ سايرىغاندىن باشقا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بۇنداق قۇش قىشتا ئاچتىن ئۆلمەي قالمايدۇ!

— راست، سىز ئەقىللىق ئادەم، گەپلىرىڭىز يوللۇق، — دەپتۇ دالا چاشقىنى، — قىش يېتىپ كەلگەندە، بۇنداق "ۋىچىرلاش"نىڭ بىر قۇشقا نېمە پايدىسى بار؟ ئۇنىڭ ئۇچۈن ئاچ قېلىش ۋە توڭلاشتىن باشقا يول يوق. كوپچىلىك ئېيتقان پاكلىقنىڭ نەتىجىسى شۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن!

باشمالتاق قىز لام-جىم دېمەپتۇ. ئۇ ئىككىسى قالغاچقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان چاغدا، باشمالتاق قىز ئېڭىشىپ قالغاچنىڭ بېشىدىكى تۈكىنى مېھىر بىلەن سىلاپتۇ ۋە يۇمۇق كۆزىگە ئاستا سۆيۈپ قويۇپتۇ.

"يازدا ماڭا تالاي مۆكلۈك ناخشىلارنى ئېيتىپ بەرگەن قالغاچ بەلكىم مۇشۇدۇ، مۇشۇ سۆيۈملۈك، چىرايلىق قالغاچ تالاي خۇشاللىق بەخش ئەتكەن ئىدىغۇ ماڭا!" دەپ ئويلاپتۇ باشمالتاق قىز.

قارغۇ چاشقان كۆن نۇرى چۈشكەن ھىلىقى توشۇكنى ئېتىپ قويۇپ، بۇ ئىككى خېنىمنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. لېكىن بۇ كېچىسى باشمالتاق قىزنىڭ كوزى زادىلا ئۇيقۇغا بارماپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چوپتىن چوڭ ۋە چىرايلىق بىر ئەدىيال توقۇپتۇ-دە، ئۇنى ئولگەن قالغاچقا يېپىپ قويۇپتۇ. مۇزدەك سوغاق يەردە ئىسسىقراق ياتسۇن دەپ دالا چاشقىنىنىڭ ئۆيىدىن تاپقان ئازراق پاختىنىمۇ قوشۇپ يېپىپ قويۇپتۇ.

— خەير-خوش! گۈزەل قۇشجان! — دەپتۇ باشمالتاق قىز، — خوش! دەل-دەرەخلەر كوكەرگەن، ئاپتاپ تېنىمىزنى ئىسسىتقان ياز كۈنلىرى مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدىڭ — بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا مىڭ رەھمەت ئېيتىمەن!

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بېشىنى قالغاچنىڭ كوكرىكىگە قويۇپتۇ-دە، دەرھال چوچۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى قالغاچنىڭ كوكرىكىدە بىر نىمە مىدىرىغاندەك قىلغان ئىكەن. بۇ قالغاچنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئىكەن. بۇ قالغاچ ئولمىگەن، توڭلاپ ھۇشىدىن كېتىپ يېتىپ قالغان ئىكەن. بەدىنىگە ئىسسىق ئوتكەندىن كېيىن، ئەمدى ئۇنىڭغا جان كىرىپتۇ.

كۈز كىرگەندە جىمى قالغاچلار ئىللىق ئەللەرگە ئۇچۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئەگەر بىرەر قالغاچ توپتىن قېپقالسا، ئۇ سوغاقتا قالىدۇ-دە، ئولۇپ قالغاندەك توڭلاپ قېتىپ قىلىپ يەرگە چۈشىدۇ، شۇ چۈشكەن يېرىدە مۇزدەك قاردا بېسىلىپ قالىدۇ.

باشمالتاق قىز قورققىنىدىن دىر-دىر تىترەپ كېتىپتۇ؛ ئۇزىنىڭ بىر ئىلىك كەلمەيدىغان بويىغا سىلىشتۇرۇپ قارىسا، بۇ قالغاچ ئۇنىڭغا تاغدەك كورۇنۇپتۇ. ئۇ غەيرەتكە كېلىپ، بىچارە قالغاچنى پاختىغا مەھكەم ئوراپتۇ، ئۆزى يوتقان ئورنىدا يېپىنىدىغان يالپۇز يوپۇرمىغىنى قالغاچنىڭ بېشىغا يېپىپتۇ.

ئىككىنچى كۇنى كېچىدە ئۇ قالغاچنى كورۇشكە يەنە ئوغرىلىقچە كەپتۇ. بويىغا جان كىرگەن بىلەن، تېخى تولۇق ھوشىغا كەلمىگەن قالغاچ كوزىنى ئاران ئېچىپ باشمالتاق قىزغا قاراپتۇ. باشقا چىراق بولمىغاچقا، باشمالتاق قىز قولىغا تۇترۇق تۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

— رەھمەت سىزگە، سويۇملۇگۇم، ئاپپىغىم! — دەپتۇ ساقىسىز ياتقان قالغاچ، — مەن ھازىر راستىلا راھەتلىنىپ ھەم ئىسسىپ قالدىم! ئۇزاق ئوتمەي ماغدۇرۇمغا كېلىپ يەنە ئىللىق ئاپتاپتا ئۇچىدىغان بولىمەن.

— ھوي، — دەپتۇ باشمالتاق قىز، — تالا بەك سوغاق! قار يېغىۋاتىدۇ، يەر-جاھاننى مۇز قاپلىغان. ئىسسىق كارۋىتىڭىزدىن چۈشمەي ياتقىنىڭىز تۈزۈك، سىزدىن مەن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن.

باشمالتاق قىز قالغاچقا گۇل بەرگىدە سۇ ئەكىلىپ بېرىپتۇ. قالغاچ سۇ ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى دەپ بېرىپتۇ: بىر قانىتىم تىكەنلىك چاتقالغا سۇرۇلۇپ كېتىپ زەخىملەنگەچكە، باشقا قالغاچلاردەك تېز ئۇچالمايدىغان بولۇپ قالدىم؛ ئۇ

چاغدا ئۇلار ئۇزۇن سەپەرگە ــ يىراقتىكى ئىسسىق ئەللەرگە ئاتلانماقچى بولغان ئىدى. ئاخىر مەن يەرگە چۈشۈپ كەتتىم، قالغان ئىشلارنى ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن، ئۆزەمنىڭ زادى قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن.

قالغاچ بۇ يەردە قىشچە تۇرۇپتۇ. باشمالتاق قىز ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ ۋە ئۇنى بەك ياقتۇرۇپ قاپتۇ. قارغۇ چاشقان بىلەن دالا چاشقىنىنىڭ بۇ ئىشتىن پەقەت خەۋىرى يوق ئىكەن، چۈنكى ئۇلار يالغۇز قالغان بۇ بىچارە قالغاچنى ياخشى كورمەيدىكەن.

ئەتىياز كېلىپ، يەر ـ جاھان ئىسسىغاندا قالغاچ باشمالتاق قىز بىلەن خوشلىشىپتۇ. قىز قارغۇ چاشقان ئاچقان توشۇكنى ئاچقان ئىكەن، كۈننىڭ ئەلۋەك نۇرى ئىككىسىگە چۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قالغاچ باشمالتاق قىزغا: مېنىڭ بىلەن بىللە كېتەمسىز، دۈمبەمگە مىنىۋالسىڭىز، يىراقلارغا، يېشىل ئورمانلىققا ئۇچۇپ بارىمىز، دەپتۇ. بىراق، ئۇزى مۇشۇنداق كېتىپ قالسا، دالا چاشقىنىنىڭ چوقۇم ئازاپلىنىدىغانلىقىنى باشمالتاق قىز بىلىدىكەن.

ــ ياق، كەتسەم بولمايدۇ! ــ دەپتۇ باشمالتاق قىز.

ــ ئەمىسە، خەير ـ خوش، ئامان ـ ئېسەن بولۇڭ، ئاقكوڭۇل، سويۇملۇك قىز! ــ دەپتۇ قالغاچ ۋە كۈنگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. باشمالتاق قىز ئۇزى شۇنچە ياخشى كورىدىغان بىچارە قالغاچنىڭ ئارقىسىدىن كوزلىرىگە ياش ئالغىنىچە قاراپ قاپتۇ.

قالغاچ "ۋىچىر! ۋىچىر!" قىلىپ سايرىغان پېتى يېشىل ئورمانلىققا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

باشمالتاق قىزنىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بوپتۇ، ئۇنىڭ ئەللىق ئاپتاپ بار جايغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. دالا چاشقىنىنىڭ ئۆيىنىڭ توپىسىدىكى ئېتىزلىقتا بۇغداي خېلى بوي تارتىپ قالغان ئىكەن. ئېگىز ئۆسكەن بۇغداي بويى بىر ئېلىكمۇ كەلمەيدىغان قىزنىڭ كۆزىگە قېلىن ئورماندەك بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ.

— يېزىچە توي‌لۇق كىيىم-كېچەكلىرىنى تىكىپ تەييار قىل! — دەپتۇ دالا چاشقىنى ئۇنىڭغا، دالا چاشقىنىنىڭ كىشىنى سەسكىندۈرىدىغان ھىلىقى خوشنىسى — قارا مەخمەل چاپانلىق قارىغۇ چاشقان باشمالتاق قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىكەن. — يوپايكا بىلەن پاختىلىق چاپىنىڭنى راسلىۋال. قارىغۇ چاشقانغا خوتۇن بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرغاندا كىيىدىغان ۋە ياتقاندا كىيىدىغان كىيىملىرىڭ بولۇشى كېرەك-تە!

شۇنداق قىلىپ، باشمالتاق قىز ئەمدى چاقتا يىپ ئېگىرىشكە باشلاپتۇ. قارىغۇ چاشقان كېچە-كۈندۈزلەپ يىپ ئېگىرىشكە ۋە رەخت توقۇشقا تۆت ئۆمچۈك چاقىرىپتۇ. قارىغۇ چاشقان باشمالتاق قىزنى ھەر ئاخشىمى يوقلاپ كېلىپ تۇرۇپتۇ. قارىغۇ چاشقان: ياز چىقىپ كېتەي دېگەن چاغدا، كۈن ھازىرقىدەك قاتتىق ئىسسىپ كەتمەيدۇ، ھازىر ئاپتاپ يەرنى تاشتەك قاتۇرۇۋەتتى، دەپ كوتۇلداۋېرىپتۇ. راست، ياز چىققاندىن كېيىن ئۇ باشمالتاق قىز بىلەن توي قىلىدۇ. بىراق، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇ

قارغۇ چاشقاندىن راستلا بەزگەن باشمالتاق قىزنىڭ كوڭلى غەش ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى كۈن چىققاندا، كەچقۇرۇن كۈن ئولتۇرغاندا ئىشىكنىڭ قېشىغا ئوغرىلىقچە بارىدىكەن. شامال بۇغداي باشاقلىرىنى ئىغاڭلىتىپ، كوك ئاسمان كوزىگە چېلىققان چاغدا، قىز تالالا ناھايىتى يورۇق ۋە گۈزەل بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ ۋە ھەلىقى سويۇملۇك قالغاچنى يەنە كورۇشنى ئارزۇ قىپتۇ. بىراق ئۇ قالغاچ قايتىپ كەلمەپتۇ. ئو چوقۇم يىراقتىكى چىرايلىق يېشىل ئورمانلىققا ئۇچۇپ كەتكەن بولسا كېرەك.

كۈز بوپتۇ، باشمالتاق قىزنىڭ تويلۇق كىيىملىرى تەييار بوپتۇ.

— توت ھەپتىدىن كېيىن تويۇڭ بولىدۇ، — دەپتۇ دالا چاشقىنى ئۇنىڭغا. ئەمما باشمالتاق قىز مەن قارغۇ چاشقاننى ياقتۇرمايمەن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايمەن، دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— يوق گېپىڭنى قوي! — دەپتۇ دالا چاشقىنى، — تەرسالىق قىلما، بولمىسا ئاپپاق چىشلىرىم بىلەن سېنى چىشلەيمەن! ئۇ دېگەن ناھايىتى ياخشى ئادەم، جەزمەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىسەن! ئۇنىڭكىدەك قارا مەخمەل چاپان خانىش ئايىمىدىمۇ يوق! ئۇنىڭ ئاشخانىسى بىلەن قازنىقىدا ھەممە نەرسىلەر تولۇپ يېتىپتۇ. مۇشۇنداق ئەر تاپقىنىڭ ئۈچۈن شۈكرى دېسەڭ بولىدۇ!

توي بولۇشقا ئاز ۋاقىت قاپتۇ. باشمالتاق قىزنى كوچۇرۇشكە

www.uyghurkitap.com

قارغۇ چاشقاننىڭ ئۆزى كەپتۇ. باشماللتاق قىزغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، يەر ئاستىدا يېتىشقا، ئىللىق كۈن نۇرىنى مەڭگۈ كورمەسلىككە توغرا كەپتۇ، چۈنكى قارغۇ چاشقان كۈن نۇرىنى ياخشى كورمەيدىكەن. بىچارە قىزچاق ناھايىتى بىئارام بوپتۇ، ئۇ نۇرلۇق كۈن بىلەن خوشلىششقا مەجبۇر بوپتۇ — دالا چاشقىنى بىلەن بىللە تۇرغان چاغدا ئۇ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ كۈنگە بىرەر قېتىم قارىۋالىدىكەندۇق.

— خوش، نۇرلۇق كۈن! — دەپتۇ ئۇ ئىككى قولىنى كوككە سوزۇپ قۇچىغىنى ئېچىپ ھەمدە دالا چاشقىنىنىڭ ئويىدىن چىقىپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپتۇ — بۇ چاغدا ئارپا ئورۇلۇپ بولۇپ، قۇرۇپ كەتكەن غوللا قالغان ئىكەن. — خەير - خوش! خوش! — دەپتۇ ئۇ يەنە تەكرارلاپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئېچىلىپ تۇرغان بىر تال قىزىل گۈلنى قۇچاقلاپ، — ئاشۇ قالغاچنى كورسىڭىز، مەندىن سالام ئېيتارسىز، — دەپتۇ ئۇنىڭغا.

دەل مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ توپىسىدە تۇيۇقسىزلا "ۋىچىر - ۋىچىر! ۋىچىر - ۋىچىر!" ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ. باشمالتاق قىز ئاسمانغا قارىسا، نەق ھېلىقى قالغاچ ئۇچۇپ يۈرگەن ئىكەن. قالغاچ باشمالتاق قىزنى كورۇپ ئىنتايىن خوشال بوپتۇ. باشمالتاق قىز ئۆزىنىڭ رەزىل قارغۇ چاشقانغا خوتۇن بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، يەتتە قەۋەت يەر ئاستىدا كۈن نۇرىنى مەڭگۈ كورەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە بولارنى ئويلاپ ئوزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋېتىپتۇ.

— قەھرىتان قىش كېلەي دەپ قالدى، — دەپتۇ قالغاچ، — مەنمۇ يىراقتىكى ئىللىق ئەلگە ئۇچۇپ كېتىمەن. مەن بىلەن بىللە كېتىشنى خالامسىز؟ دۇمبەمگە مىنىۋالسىڭىزلا بولىدۇ! بەلۋاغ بىلەن ئۆزىڭىزنى ماڭا چىڭ باغلاپ قويىسىز، شۇ چاغدا بىز رەزىل قارغۇ چاشقاننىڭ قېشىدىن، ئۇنىڭ زۇلمەتلىك قاراڭغۇ ئۆيىدىن يىراققا ئۇچۇپ كېتىمىز-دە، ئېگىز تاغلاردىن ئېشىپ، ئىللىق ئەلگە يېتىپ بارىمىز: ئۇ يەردە كۈن نۇرى بۇ يەردىكىدىنمۇ ئەلۋەك، ئۇ يەردە ھەمىشە ياز بولىدۇ، چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدۇ. مەن بىلەن بىللە كېتىڭ، شىرىن-شېكەر باشمالتاق قىز! زىندانىدەك ئۆڭكۈردە قېتىپ ياتقىنىمدا جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان سىز ئەمەسمۇ!

— بولىدۇ، سىز بىلەن بىللە كېتەي! — دەپتۇ باشمالتاق قىز. شۇنداق قىلىپ، ئۇ قالغاچنىڭ دۇمبىسىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ-دە، پۇتىنى ئۇنىڭ قانىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ ۋە بەلۋاغ بىلەن ئۆزىنى قالغاچنىڭ ئەڭ مىقتا بىر پېيىگە چىڭ باغلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قالغاچ ئاسمانغا كۆتىرىلىپتۇ، ئورمانلاردىن، دېڭىزلاردىن، يىل بويى قار كەتمەيدىغان ئېگىز تاغلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. سوغاق ئاسماندا باشمالتاق قىز توڭلاپ تىترەپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قالغاچنىڭ ئىسسىق پېيىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، كىچىككىنە بېشىنى چىقىرىپ، يەردىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇلار ئۇچا-ئۇچا ئىللىق ئەلگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە كۈن

بۇ يەردىكىدىنمۇ ئىسسىق، ئاسمانىمۇ نەچچە ھەسسە ئېگىز ئىكەن. ئېتىز-ئېرىق بويىدا، قاشالار ئەتراپىدا كوزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان يېشىل، كوك ئۈزۈملەر بار ئىكەن. دەرەخلىق لىمون ۋە پالما بىلەن تولغان ئىكەن. مۈشكى ئەنبەر بىلەن ئىپار چوپلەرنىڭ ئىسىل پۇراقلىرى ھاۋانى قاپلىغان ئىكەن؛ يول ئۈستىدە ناھايىتى ئوماق باللار يۈگۈرۈشۈپ، رەڭگا-رەڭ چىرايلىق چوڭ كېپىنەكلەر بىلەن ئويناۋاتقان ئىكەن. قالغاچ يىراقتا ئۇچقانسېرى مەنزىرىلەر بولەكچە چىرايلىق بولۇپ كورۇنۇپتۇ، زۇمرەتتەك كوك كول بويىدا جاننى سويۈندۈرىدىغان بوستانلىق، ئۇنىڭ ئارىسىدا ئاپپاق نۇر چاقناپ تۇرغان، مەرمەردىن ياسالغان قەدىمي بىر ئوردا كورۇنۇپتۇ. ئۈزۈم تالليرى ئوردىنىڭ بىرمۇنچە ئېگىز ۋە يۇمىلاق تۈۋرۈكلىرىگە يامىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشىغا قالغاچلار چاڭگا تىزىشقان ئىكەن. شۇ چاڭگىلارنىڭ بىرى باشمالتاق قىزنى ئېلىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قالغاچنىڭ ماكانى ئىكەن.

— مېنىڭ ئويۇم مۇشۇ، — دەپتۇ قالغاچ، — تۆۋەندە نۇرغۇن چىرايلىق گۈللەر بار، خالىغىنىڭىزدىن بىر تال ئېلىڭ، سىزنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قوياي، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قانداق ھوزۇرلىنىمەن دېسىڭىز شۇنداق ھوزۇرلىنىسىز.

— بەك ئوبدان! — دەپتۇ باشمالتاق قىز كىچىككىنە قوللىرى بىلەن چاۋاك چېلىپ.

گۈللەر قېشىدىكى يوغان مەرمەر تۈۋرۈك ئورۇلۇپ چۈشۈپ



www.uyghurkitap.com

ئۈچ پارچە بولۇپ كەتكەن ئىكەن. شۇلارنىڭ ئارىسىدىن كوزنى قاماشتۇرىدىغان بىر تال ئاق گۈل ئۈسكەن ئىكەن. قالغاچ باش- مالتاق قىزنى ئېلىپ چۈشۈپ، كەڭ بىر گۈل بەرگىگە ئولتۇرغۇ- زۇپتۇ. بۇ قىزچاق بەك ھەيران قاپتۇ. گۈلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئاپپاق كەلگەن ۋە ئەينەكتەك سۈزۈك كىچىككىنە بىر يىگىت ئولتۇرغان ئىكەن. بېشىغا ھەشەمەتلىك ئالتۇن تاج كىيگەن بۇ يىگىتنىڭ ئىككى مۈرىسىدە يالتىراق قانىتى بار ئىكەن، جۈغى باشمالتاق قىزنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىكەن. ئۇ گۈللەر پەرىشتىسى ئىكەن. ھەر بىر تال گۈلنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق كىچىككىنە بىر يىگىت ياكى خېنىم تۇرىدىكەن. ھالبۇكى، بۇ يىگىت ئۇلارنىڭ خانى ئىكەن.

— خۇدايا توۋا؟ نىمە دىگەن چىرايلىق يىگىت بۇ! — دەپ شىۋىرلاپتۇ باشمالتاق قىز قالغاچقا.

قالغاچ كوزىگە پىلدەك يوغان كورۇنىدىغان كىچىك ۋە نازۇك شاھزادە قالغاچتىن بەك قورقىدىكەن. بىراق، باشمالتاق قىزنى كورگەن شاھزادە دەرھال خوشال بولۇپ يايراپ كېتىپتۇ: ئۇ ئوز ئومرىدە كورگەن قىزلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقى مۇشۇ ئىكەن. شۇڭا ئۇ بېشىدىكى ئالتۇن تاجنى ئېلىپ باشمالتاق قىزغا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىسمىنى، ئوزىگە خوتۇن بولۇشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ، ئوزىگە خوتۇن بولسا، ئۇنىڭ ھەممە گۈللەرگە خانىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھزادىمۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ئەر بولۇشقا لايىق ئىكەن.

چارپاقىنىڭ ئوغلىغا ۋە قارا مەخمەل چاپانلىق قارغۇ چاشقانغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ پۇتۇنلەي باشقىچە ـ دە! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن شاھزادىگە: "خالايمەن" دەپتۇ. بۇ چاغدا ھەر بىر تال گۈلنىڭ ئارىسىدىن بىر خېنىم ياكى بىر ئەپەندىم چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ئىكەنكى، ئۇلارغا بىر قاراۋېلىشنىڭ ئۆزى بەخت ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشمالتاق قىزغا سوغا تەقدىم قىپتۇ، سوغىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاق چىۋىنىنىڭ قوش قانىتى بوپتۇ. ئۇلار بۇ قاناتنى باشمالتاق قىزنىڭ دۈمبىسىگە ئورنىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۈللەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرەلەيدىغان بوپتۇ. بۇ چاغدا ھەممەيلەن خوشال ـ خوراملىققا چۆمۈپتۇ. قالغاچ چاڭگىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارغا ئەڭ يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، لېكىن ئۇ باشمالتاق قىزنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مەندىن مەڭگۈ ئايرىلمىسا بولاتتى دەپ ئىچىدە مۈكۈلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئەمدى سىزنى باشمالتاق قىز دېمەسلىك كېرەك! — دەپتۇ گۈل پەرىشتىسى ئۇنىڭغا، — بۇ ئىسىم ياخشى ئەمەس ئىكەن، سىز دېگەن شۇنچە چىرايلىق تۇرسىڭىز! بۇنىڭدىن كېيىن بىز سىزنى مايا ① دەپ ئاتايمىز.

---

① يۇنان رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئاتلاس (Atlas) بىلەن پىلېيون (Pleione)دىن تۇغۇلغان يەتتە قىزنىڭ ئەڭ چوڭى شۇنداقلا ئەڭ چىرايلىقى مايا (Maia) ئىكەن؛ بۇ يەتتە ئاچا ـ سىڭىل ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن بىللە ئالتۇن كالا — تاۋرۇس

— كورۇشكىچە ئامان بولۇڭ! خەير - خوش! — دەپتۇ قالغاچ ۋە بۇ ئىللىق ئەلدىن ئۇچۇپ يىراق - يىراقلاردىكى دانىيىگە قايتىپتۇ. دانىيىدە ئۇ چوچەك يازىدىغان بىر ئىسىنىڭ دېرىزىسىگە كىچىك بىر چاڭگا سايتۇ ۋە بۇ ئادەمگە "ۋىچىر! ۋىچىر!" قىلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ. بىزنىڭ بۇ چوچىكىمىز ئاشۇ قالغاچتىن كەلگەن.

(Taurus) ئوردىسىدىكى ئەڭ يورۇق 9 يۇلتۇزغا ۋەكىللىك قىلىدىكەن. ئۇلار 5 - ئايدا (يىغىم ۋاقتىدا) چىقىپ، 10 - ئايدا (2 - قېتىملىق تېرىم ۋاقتىدا) موكۇۋالىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېرىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دېڭىز قىزى

## (دانىيە) ئاندېرسېن

دېڭىز سۈيى يىراقتىن ئەڭ چىرايلىق ئەمبەگۈلنىڭ بەرگىدەك كۆپ-كۆك ۋە ئەينەكتەك سۈپ-سۈزۈك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇ ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق چوڭقۇر ئىدىكى، ھەرقانداق لەڭگەرمۇ ئۇنىڭ تېگىگە يەتمەيتتى. دېڭىز تېگىدىن سۇ يۈزىگىچە چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن چېركاۋ مۇنارىلىرىنى بىر بىرىگە ئۇلاشقا توغرا كېلەتتى. دېڭىز ئاستىدىكى كىشىلەر سۇنىڭ تەكتىنى ماكان قىلغان ئىدى.

بىراق سىز ھەرگىز دېڭىز تېگىدە ئاق قۇملا بار دەپ ئويلاپ قالماڭ. ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ يەردە ئاجايىپ-غارايىپ دەرەخلەر ۋە ئوسۇملۇكلەر ئوسىدۇ. ئۇلارنىڭ شاخلىرى بىلەن يوپۇرماقلىرى شۇ قەدەر يۇمرانكى، سۇ سەل-پەل مىدىرلىسىلا، جانلىق نەرسىدەك قىمىرلايدۇ. چوڭ-كىچىك بېلىقلار مۇشۇ شاخلار ئارىسىدىن ئاسماندىكى ئۇچار قاناتلاردەك ئۈزۈپ ئوتۇشۇپ تۇرىدۇ. دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەكتىگە دېڭىز پادىشاسىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان. ئوردىنىڭ تاملىرى مارجان

بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇچلۇق ئىگىز دەرىزىلىرى ۋال-ۋۇل قىلىپ تۇرغان قەھرىۋادىن ياسالغان؛ بىراق ئۇگزىسى قارا قۇلۇلە قېپى بىلەن يېپىلغان بولۇپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ-يېپىلىپ تۇرىدۇ. بۇلار ئاجايىپ چىرايلىق، چۈنكى بۇ قۇلۇلە قېپىنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئىچىدە يالت-يۇلت قىلىپ تۇرغان مەرۋايىتلار بار. مەرۋايىتنىڭ ھەرقاندىغى خانىش ئايىملارنىڭ تاجىغا ئەڭ ئاساسلىق زىننەت بولالايدۇ.

دېڭىز تېگىدە تۇرىدىغان دېڭىز پادىشاسى ئۇزاقتىن بېرى بويتاق ئۆتۈپ كەلگەن ئىدى، ئۆي ئىشلىرىنى قېرى ئانىسى باشقۇراتتى. ئانىسى ئەقىللىق ئايال ئىدى، بىراق ئەسلى-زاتىم ئىسىلزادە دەپ ئۆزىنى بىر چاغلايتتى، شۇڭا باشقا ئىسىلزادىلەر قۇيرۇغىغا ئاران يېرىم تىزىق مۇلى قۇلۇلىسى ئېسىۋالسا، ئۇ بىر تىزىق ئېسىۋالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ كىچىك دېڭىز مەلىكىلىرىنى — قىز نەۋرىلىرىنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، راسا ماختاشقا سازاۋەر بولاتتى. ئۇنىڭ ئالتە نەۋرىسى كېلىشكەن قىزلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەنجىسى ئەڭ چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئەتلىرى ئەتىر گۈلىنىڭ بەرگىدەك سىلىق ھەم يۇمشاق ئىدى، كۆزى چوڭقۇر كۆلنىڭ سۈيىدەك كۆك ئىدى. بىراق، باشقا مەلىكىلەردەك ئۇنىڭمۇ پۇتى يوق ئىدى، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى بېلىقنىڭ قۇيرۇغىدەك ئىدى.

ئۇلار ئۇزاق كۈنلەرنى ئوردىدا ئۆتكۈزەتتى، تاملىرىدا گۈللەر ئېچىلىدىغان زاللاردا ئوينايتتى. قەھرىۋادىن ياسالغان

چوڭ دەرىزىلەر ئوچۇق تۇراتتى، خۇددى بىر دەرىزىنى ئوچۇق قويغاندا قالغاچ ئۇچۇپ كىرگەندەك، بېلىقلار قىرلارغا قاراپ ئۈزۈپ كېلىشەتتى. ئۇ بېلىقلار كىچىك مەلىكىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، قوللىرىدىن يەم ئېلىپ يەيتتى، ئۇلارغا ئۆزىنى سىلاتقۇزاتتى.

ئوردىنىڭ سىرتىدا ناھايىتى چوڭ بىر باغ بار ئىدى، باغدا نۇرغۇن قىپ-قىزىل ۋە كۆپ-كۆك دەرەخلەر بار بولۇپ، دەرەختىكى مېۋىلەر ئالتۇندەك پاقىرايتتى، ئۇلارنىڭ گۈللىرى كۆيۈۋاتقان ئوتتەك ئىدى، گۈللەر ۋە يوپۇرماقلار تىنىماي مىدىرلاپ تۇراتتى، باغ يۇمشاق قۇملۇقتا بولسىمۇ، قۇملۇق گۈڭگۈرتتىن چىقىدىغان يالقۇندەك كۆك ئىدى. بۇ جايدا بىر خىل ئاجايىپ كۆك نۇر چاقناپ تۇراتتى. بايقىمىسىغان كىشى ئۆزىنى دېڭىزدا ئەمەس، بەلكى كۆك قەرىدە ھېس قىلاتتى، ئۇنىڭغا ئۈستىمۇ، ئاستىمۇ كۆپ-كۆك ئاسمان بىلىنەتتى. دېڭىز تازا تىنجىغان چاغلاردا قۇياشنىڭ بىنەپشەرەڭ گۈلدەك بولۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ گۈل چىنىسىدىن رەڭگا-رەڭ نۇر چىقىۋاتقانلىقى كۆرۈنەتتى.

ھەر بىر كىچىك مەلىكىنىڭ باغدا خالىغىنىنى تېرىيدىغان يېرى بار ئىدى. بىر مەلىكە ئۆزىنىڭ گۈلزارلىقىنى كىت شەكلىدە ياسىسا، يەنە بىر مەلىكە ئۆزىنىڭ گۈلزارلىقىنى ئادەمسىمان بېلىق سىياقىدا ياسايتتى. ئەمما كەنجە مەلىكە بولسا ئۆز گۈلزارلىقىنى كۈنگە ئوخشاش دۈگىلەك قىلىپ ياسىغان،

شۇنىڭدەك كۈنگە ئوخشاش قىزىل نۇر چېچىپ تۇرىدىغان گۈللەر-نىلا تېرىغان ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزى باشقىچە بولۇپ، كەم سوز ئىدى، ھامان بىرنىمىلەرنى خىيال قىلغۋاتقاندەك جىم يۈرەتتى. ئاچىلىرى چوكۈپ كەتكەن كېمىلەردىن تاپقان ئەڭ ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەر بىلەن ئوز گۈلزارلىقلىرىنى بېزەۋاتقان چاغلاردا، ئۇ ئېگىز ئاسماندىكى كۈنگە ئوخشاش قىپ-قىزىل گۈلدىن باشقا چىرايلىق مەرمەر تاشتىن تاراچلانغان بىر ھەيكەلنى ياراتتى. بۇ كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ ھەيكىلى ئىدى؛ ئۇ ئاپپاق مەرمەر تاشتىن ئويۇلغان بولۇپ، ۋەقە-ھادىسىگە ئۇچرىغان كېمە بىلەن بىللە دېڭىز تېگىگە چوكۈپ كەتكەن ئىدى. مەلىكە ھەيكەلنىڭ يېنىغا ئەتىر گۈلگە ئوخشاش بىر تۈپ قىپ-قىزىل مەجنۇن تال تىكتى. باراخسان ئوسكەن بۇ مەجنۇن تالنىڭ يۇمران شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ھەيكەل ئۇستىگە، تاكى كوپ-كوك قۇمغىچە ساڭگىلاپ چۈشتى، سايىسىدىنمۇ بىر خىل سوسۇن تۇس چىقىپ تۇراتتى. شاخلىرىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ كولەڭگىسىمۇ جىم تۇرمايتتى، ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن شېخى بىر بىرى بىلەن سويۇشۇپ ئويناۋاتقاندەك كورۇنەتتى.

كەنجە مەلىكە ئادىمىزات دۇنياسىغا ئائىت ھېكايىلەرنى ئاڭلىسا بەك خوشال بولاتتى. شۇڭا مومىسى ئۇنىڭغا كېمە بىلەن شەھەر، ئادىمىزات بىلەن ھايۋانات توغرىسىدىكى ئوزى بىلىدىغان ھەممە بىلىملەرنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. يەردىكى گۈللەرنىڭ خوش پۇراق چاچىدىغانلىقى ئۇنى خۇسۇسەن لەززەت-

لەندۇرۇۋېتەتتى، دېڭىزدىكى گۈللەر بولسا ئۇنداق ئەمەس ئىدى، يەردىكى ئورماننىڭ يېشىل بولىدىغانلىقى ۋە كىشىلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بېلىقلارنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىدىغانلىقىمۇ ئۇنى قىزىقتۇراتتى. مومىسىنىڭ "بېلىق" دېگىنى ئەملىيەتتە قۇشلار ئىدى، مۇشۇنداق سوزلەپ بەرمىسە، مەلىكىلەر ئۇنىڭ ھېكايىسىنى چۈشىنەلمەيتتى، چۈنكى ئۇلار قۇش دېگەننى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

— ئون بەش ياشقا كىرگىنىڭلاردا دېڭىز يۈزىگە چىقىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىمەن، — دېدى مومىسى ئۇلارغا، — ئۇ چاغدا ئاي نۇرىغا پۈركۈنۈپ تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، غايەت چوڭ كېمە-لەرنىڭ يېنىڭلاردىن ئۆتۈشىنى كۆرىسىلەر، ئورمان بىلەن شەھەرلەرنىمۇ كۆرۈۋالىسىلەر.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئاچىلىرىنىڭ بىرى ئون بەشكە كىردى، قالغانلىرىچۇ، ئۇلار بىر بىرىدىن بىر ياش كىچىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەنجە مەلىكە يەنە توپ-توغرا بەش يىل كۈتكەندىلا، ئاندىن دېڭىز تېگىدىن بىز تۇرغان جاھاننى كۆرۈشكە چىقالايتتى. بىراق ھەر بىر مەلىكە ئۆزىدىن كېيىنكى مەلىكىگە بىرىنچى كۈنى كۆرگەن-بىلگەن ئەڭ كۆركەم نەرسە-لىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىشتى، مومىسىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئۇلارغا تېخى كەملىك قىلاتتى — ئۇلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىشنى ھەۋەس قىلاتتى!

ئۇلارنىڭ ھىچقايسىسىنىڭ تەشنالىقى ئەڭ كىچىگىنىڭكىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، جىمغۇر ھەم خىيالچان بۇ قىزغا ھەممىدىن ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۇچۇق تۇرغان دەرىزە تۈۋىدە تالاي-تالاي تۈنلەر تۇرۇپ، كوپ-كوك دېڭىز سۈيىدىن يۇقۇرىغا، قۇيرۇغى بىلەن قاناتلىرىنى ئويناقلىتىپ يۈرگەن بېلىقلارغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ ئاي بىلەن يۇلتۇزلارنىمۇ كوردى — ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ نۇرى سۇسراق ئىدى، ئەمما ئارىلىقتا سۇ بولغىنى ئۈچۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز ئۇنىڭغا بىزگە كورۈنگەندىكىدىن جىق چوڭ كورۈنەتتى. ئاي بىلەن يۇلتۇزنىڭ ئاستىدىن قارا بۇلۇتقا ئوخشاش نەرسە ئۈزۈپ ئوتسە، ئۇنىڭ يا كىت ئىكەنلىكىنى، ياكى نۇرغۇن يولۇچى چۈشكەن كېمە ئىكەنلىكىنى مەلىكە بىلىپ تۇراتتى. بىراق ئۇزلىرىنىڭ ئاستىدا چىرايلىق بىر بېلىق قىزنىڭ ئاپپاق قوللىرىنى كېمە ئاستىغا سوزۇپ تۇرغانلىقىنى بۇ يولۇچىلارنىڭ ھىچقايسىسى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

ئەمدى چوڭ مەلىكە ئون بەشكە كىرگەن ۋە ئۇنىڭ سۇ يۈزىگە چىقىدىغان ۋاقتى بولغان ئىدى.

ئۇ سۇ يۈزىدىن قايتىپ كەلگەن ئىدى، سوزلەپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلار ھىساپسىز ئىدى؛ دېڭىز جىمجىتلىقتا چومگەن چاغدا، ئاي يورۇغىدا قۇم ئۇستىدە دېڭىز بويىغا چاپلىشىپ يېتىپ، چوڭ شەھەردىكى سان-ساناقسىز يۇلتۇزلاردەك يورۇق چىراق-لارغا كوز تىكىش، جىمجىتلىقتا مۇزىكا، شاۋقۇن، ھارۋا ۋە

ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش، چىركاۋلارنىڭ گۈمبەزلىرى ۋە ئۇچلۇق مۇنارىلىرىنى تاماشا قىلىپ، جاراڭلىغان قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاشنىڭ ھەممىدىن ئىسىل ئىش ئىكەنلىگىنى سوزلەپ بەردى. ئەمما شۇ مەلىكە ئۇ يەرگە بارالمىغانلىغى ئۇچۇن، ئۇ نەرسىلەرگە قانتىق تەشنا ئىكەنلىگىنىمۇ دەپ بەردى.

بۇنى ئاڭلاپ ئەڭ كىچىك سىڭلىسىنىڭ ئاغزى ئىچىلىپلا قالىغان ئىدى! ئۇ تۈنىدە ئوچۇق تۇرغان دەرىزىنىڭ تۈۋىدە تۇرغىنىدا، كوپ-كوك دىڭىز سۇيىدىن يۇقۇرىغا كوز تاشلىغاندا ھىلىقى چوڭ شەھەرنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازنى ئىسىگە كەلتۇردى، ئۇ چىركاۋ قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى.

سۇ يۇزىگە چىقىپ خالىغان يەرگە بىرىشقا ئىككىنچى يىلى ئاچا-سىڭىللارنىڭ ئىككىنچىسى رۇخسەت ئالدى. ئۇ سۇ يۇزىگە پىلتىڭلاپ چىققاندا كۇن ئەمدىلا ئولتۇرغان بولغاچقا، مەنزىرە كوركەم ئىدى، ئۇنىڭغا بۇ مەنزىرە كارامەت چىرايلىق بىلىندى. ئۇ: بۇ چاغدا پۇتۇن ئاسمان ئالتۇنغا ئوخشاپ كىتىپتۇ، دەيتتى، بۇلۇتلارنىڭ چىرايلىقلىغىنى تەسۋىرلەپ بىرىشكە بولسا ئۇنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلاتتى. بۇلۇتلار ئۇنىڭ توپىسىدىن بىردەم قىزغۇچ بولۇپ، بىردەم سوسۇن بولۇپ ئوتەتتى، بىراق، ئۇزۇن ۋە ئاپپاق شايىدەك كورۇنگەن ئاققۇلار سۇ ئۇستىدە پەرۋاز قىلغىنىدا ئۇلاردىنمۇ تىز ئۇچاتتى. بۇ ئاققۇلار كۇنگە قاراپ ئۇچۇپ بارماقتا ئىدى. مەلىكىمۇ كۇنگە قاراپ ئۇزدى؛ ئەمما

كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن ئىدى. كۈنىنىڭ كەچكى شەپىغى دېڭىز بىلەن بۇلۇتلار ئارىسىدا ئاستا-ئاستا كوزدىن غايىپ بولدى.

ئارىدىن يەنە بىر يىل ئوتكەندىن كېيىن، ئاچا-سىڭىللار-نىڭ ئۈچىنچىسى سۇ يۈزىگە چىقتى. ئۇ ئۇلار ئىچىدە ئەڭ يۈرەكلىك ئىدى، ئۇ ئۈزۈپ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان دەرياغا چىقىپ قالدى. ئۇ رەت-رەت ئۈزۈم-تېكىلگەن كوركەم يېشىل تاغلارنى كوردى. بۈك باراخسان ئورمان ئارىسىدا ئوردا بىلەن ئېكىنزارلىقلار خىرە-شىرە كورۈنۈپ تۇراتتى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى؛ كۈن بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، ئۇ بەزىدە سۇغا چومۇپ، ئوتتەك قىزىغان يۈزىنى سەگىتىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇ بىر كىچىك دەريانىڭ دوقمۇ-شىدا سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئادىمىزات بالىلىرىغا يولۇقتى. مەلى-كىنىڭ ئۇلار بىلەن ئوينىغۇسى كېپكەتتى، بىراق بالىلار ئۇنى كورۇپ قورققىنىدىن قېچىشتى. ئارقىدىن كىچىككىنە بىر قارا مەخلۇق كەلدى — بۇ بىر كۈچۈك ئىدى. بىراق بۇ مەلىكە كۈچۈك دېگەننى زادىلا كورۇپ باققان ئەمەس ئىدى. كۈچۈك ئۇنىڭغا قاراپ قاتتىق قاۋاۋەردى، مەلىكە قورقۇپ دېڭىزغا كىرىپ كەتتى. ئەمما ئاشۇ ھەيۋەت ئورمان، يېشىل تاغ، سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغان ئوماق بالىلار — ئۇلارنىڭ بېلىقلارنىڭكىدەك قۇيرۇغى بولمىسىمۇ — ئۇنىڭدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى.

ئاچا-سىڭىللارنىڭ توتىنچىسى ئۇنچە يۈرەكلىك ئەمەس ئىدى، ئۇ جىمجىت دېڭىزدىن نېرى كېتەلمىدى. دېڭىز يۈزىدە

تۇرغاندىن ئىسىل ئىش يوق، چۈنكى دېڭىزدا تۇرۇپ ناھايىتى يىراقلارغا نەزەر سالغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئاسمان ئېسىپ قويغان غايەت چوڭ ئەينەك قوڭغۇراقتەك كۆرۈنىدۇ، دېيىشتى ئۇ. ئۇ كېمىلەرنى كۆردى، بىراق بۇ كېمىلەر ئۇنىڭدىن بەك يىراقتا بولغاچقا، بېلىقچى قۇشلاردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يۇنۇس بېلىقلىرىنىڭ ئويناقشىپ پىلتىڭلاشلىرىنى، ئاجايىپ چوڭ كىتنىڭ سۇنى بۇلاقتىن پۈركىلىپ چىققان سۇدەك پۈركۈشلىرىنى كۆردى.

ئەمدى نۆۋەت مەلىكىلەرنىڭ بەشىنچىسىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ قىش كۈنلىرى تۇغۇلغان بولغاچقا، ھەدىلىرى دېڭىز يۈزىگە بىرىنچى قېتىم چىققاندا كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆردى. دېڭىز يېشىل رەڭگە كىرىپ، غايەت چوڭ مۇز تاغلار ھەر تەرەپكە يوتكىلەمەكتە ئىدى. مەلىكە: مۇز تاغلار مەرۋايىتقا ئوخشايدى-كەن، بىراق ئادىمىزات سالغان چېركاۋلارنىڭ مۇنارىدىن كۆپ چوڭ ئىكەن؛ ئۇلار خىلمۇ-خىل، ئاجايىپ-غارايىپ شەكىلدە كۆرۈنۈپ، ئالماستەك پاقىراپ تۇرىدىكەن، دېدى. ئۇ ئەڭ چوڭ مۇز تاغدا ئولتۇرغان ئىدى، سۇمبۇل چېچىنى دېڭىز شامىلى يەلپۈدى، ھەممە كېمىلەر ئۇ ئولتۇرغان مۇز تاغنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ھاپىلا-شاپىلا يىراقلارغا كېتىشتى. بىراق قاش قارايغان چاغدا ئاسماننى بىردىنلا قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتتى-دە، چاقماق چېقىلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەشكە باشلىدى، چوڭ قارا دولقۇنلار يوغان-يوغان مۇز پارچىلىرىنى كۆتىرىپ چىقاتتى، مۇزلار

قىپ-قىزىل چاقماق نۇرىدا ۋال-ۋۇل قىلاتتى. ھەممە كېمىلەر يەلكەنلىرىنى چۇشۇرۇپ، ئالاقزادىلىك ۋە قورقۇش كەيپىياتى ئىچىدە قالدى؛ بىراق مەلىكە كوك چاقماقنىڭ ئەگرى-بۇگرى نۇرى چۇشۇپ تۇرغان دېڭىزغا كوز تىكىپ، لەيلەپ كېتىۋاتقان مۇز تاغ ئۇستىدە بىخاراامان ئولتۇراتتى.

دېڭىز يۇزىگە بىرىنچى قېتىم چىققاندا بۇ ھەدە-سىڭىللارنىڭ قايسىسى بولسۇن بۇ يېڭىلىق ۋە گۇزەل نەرسىلەرنى قاتتىق ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلدى. بىراق، ھازىر ئۇلار بويىغا يەتكەن قىزلاردىن بولۇپ قالغان بولغاچقا، خالىغان يېرىگە بارالايتتى، بۇ نەرسىلەرگە ئانچە بەك قىزىقىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇلار ئويلىرىغا قايتىشقا تەشنا بولۇشتى. ئارىدىن بىر ئاي ئوتكەندىن كېيىن ئۇلار: مىڭ قىلغان بىلەن دېڭىز ياخشى ئىكەن، ئويدىن راھەت يەر بولامدىغان! دېيىشتى.

گۇگۇم ۋاقىتلىرىدا ھەدە-سىڭىل بەشەيلەن قول تۇتۇشۇپ دېڭىز يۇزىگە بىر رەت بولۇپ چىقىپ، چىرايلىق ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى—ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى ئادىمىزات ئاۋازىدىنمۇ بەك يېقىملىق ئىدى. قارا بوراننىڭ شەپىسى كېلىپ، كېمىلەرنىڭ بەزىلىرى خەۋپكە ئۇچراش ئېھتىمالى بولۇپ قالغان چاغدا، ئۇلار شۇ كېمىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ناھايىتى مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى، دېڭىزچىلارغا: دېڭىز تېگى بىر جەننەت، دېڭىزغا چوكۇپ كېتىشتىن قورقماڭلار، دېيىشەتتى؛ بىراق دېڭىزچىلار ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى چۇشىنەلمەي، بۇنى قارا بوراننىڭ ئاۋازى

ئوخشايدۇ دەپ قالاتتى. دېڭىزچىلار دېڭىز تېگىدە چىرايلىق بىر نىمە كۆرىمىز دەپ ئويلىمايتتى، چۈنكى كېمە سۇغا چۆكۈپ كەتسە، كېمىدىكىلەرمۇ سۇغا غەرق بولۇپ، دېڭىز پادىشاسىنىڭ ئوردىسىغا ئۆلۈك ھالىتىدىلا باراتتى.

بىر كۈنى كەچتە ھەدە-سىڭىللار يەنە قول تۇتۇشۇپ دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىققىنىدا، ئەڭ كىچىك سىڭلىسى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، بىراق بېلىق ئادەمنىڭ كۆزىدىن ياش چىقمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولدى.

— ۋاھ، مەنمۇ ئون بەش ياشقا كىرسەمچۇ! — دەيتتى ئۇ — يۇقۇرىدىكى جاھاننى، ئۇنىڭدا تۇرغان ئادەملەرنى جېنىمدەك ياخشى كۆرگەن بولاتتىم.

ئاخىرى ئۇ راستلا ئون بەش ياشقا توشتى.

— ئەمدى بىزدىن ئايرىلساڭ بولىدىغانلىقىنى ئۆزەڭمۇ بىلىسەن، — دېدى مومىسى ئۇنىڭغا، — كەل قىزىم، سېنىمۇ ھەدىلىرىڭگە ئوخشاش قىلىپ ياساپ قوياي.

شۇنداق قىلىپ، مومىسى ئۇنىڭ بېشىغا پىياز گۈلىدىن ياسالغان چەمبىرەك تاقىدى، ھەر بىر گۈلنىڭ بەرگىدە يېرىم تال مەرۋايىت بار ئىدى. مومىسى قىزنىڭ ئىسىلزادە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، سەككىز مۈلى قۇلۇلىسىنى قۇيرۇغىغا مەھكەم چېتىپ قويدى.

— بۇ نەرسە ماڭا جاپا بولىدىغان بولدى! — دېدى بېلىق

قىز.

— ئەلۋەتتە، چىرايلىق بولۇش ئۈچۈن ئازراق جاپا چەكمەي بولمايدۇ، جېنىم قىزىم. — دېدى مومىسى.

ئۇنىڭ بۇ بىزەكلەردىن قۇتۇلغىسى، ئېغىر گۈل چەمبىردىكىنى چورۇۋەتكىسى كېپكەتتى! باغدىكى قىزىل گۈللەردىن قىسىۋالسا خويمۇ يارىشاتتى، بىراق ئۇ شۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ: "خوش!"دېدى-دە، يەڭگىل ھەم سۈزۈك كوۋۇكتەك لەيلەپ سۇ ئۈستىگە چىقتى.

ئۇ دېڭىزدىن بېشىنى چىقارغان چاغدا كۈن ئولتۇرغان ئىدى، ئەمما بۇلۇتلار ئەتىر گۈلدەك جىلۋىلىنىپ، ئالتۇندەك پاقىراپ تۇراتتى؛ شۇنىڭ بىلەن تەڭ، قىزغۇچ ئاسماندا زوھرە يۇلتۇز چىرايلىق چاقناپ تۇراتتى. ھاۋا ئىللىق ھەم ساپ، دېڭىز ئادەتتىن تاشقىرى تېچ ئىدى. دېڭىزدا ئۈچ مومىلىق بىر چوڭ كېمە تۇراتتى. قىلچىلىك شامال بولمىغاچقا، يەلكەندىن بىرسىغىنە چىقىرىلغان ئىدى. دېڭىزچىلار موما ياغىچى ئاغامچىسىنىڭ يېنىدا، يەلكەن ياغىچىدا ئولتۇرۇشاتتى.

ھاۋادا مۇزىكا بىلەن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھاۋا بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ، ياڭزىمۇ-ياڭزا پانۇسلار تەڭلا يورۇدى. ئۇلار دۇنيادىكى ئەللەرنىڭ ئاسماندا يەلپۈنۈپ تۇرغان بايراقلىرىغا ئوخشايتتى. بېلىق قىز كېمە ھوجرىسىنىڭ دەرىزىسى قېشىغا ئۈزۈپ باردى. دېڭىز دولقۇنى ئۇنى ئۈرۈپ يۇقۇرى كوتەرگەندە، ئۇ پاقىراپ تۇرغان دەرىزە ئەينىكىدىن

ھۇجرا ئىچىدە تۇرغان، پوزۇر كىيىنگەن يىگىتلەرنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كېلىشكىنى ئاھۇ كۆزلۈك شاھزادە ئىدى، ئۇنىڭ يېشى ئون ئالتىدىن ئاشمىسا كېرەك. بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، دەل شۇ سەۋەپتىن، بۈگۈن كېچە ئىچى تازا قىزىپ كەتكەن ئىدى.

دېڭىزچىلار كېمە ئۈستىدە ئۇسۇلغا چۈشۈشتى. شاھزادە كېمە ئۈستىگە چىققاندا يۈزدىن ئوشۇق راكېتا ئاسمانغا ئېتىلىپ، ئەتراپنى كۈندۈزدەك يوپ-يورۇق قىلىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ قاتتىق قورققان بېلىق قىز دەرھال سۇغا چوكۇۋالدى. ئەمما بىردەمدىن كېيىن بېشىنى سۇدىن چىقىرىۋىدى، ئاسماندا يالتىراپ تۇرغان ھەممە يۇلتۇزلار ئۇزىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ مۇنداق يالقۇننى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئەتراپتا غايەت چوڭ قۇياشلار ۋىژ-ۋىژ ئاۋاز چىقىرىپ، كوزنى قاماشتۇرىدىغان ئوت بېلىقلار كوك ئاسمانغا ئۇچاتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ شولىسى سۈپ-سۈزۈك، تىنچ دېڭىز يۈزىگە چۈشەتتى. بۇ كېمىنىڭ ھەممە يېرى يورۇقتا شۇنداق ئېنىق كۆرۈنەتتىكى، ھەر بىر تال ئىنچىكە يىپلىرىمۇ ئوپ-ئوچۇق كۆرۈنەتتى، كېمىدىكى كىشىلەر تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنەتتى. ياش شاھزادە ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ئىدى! بۇ نۇرلۇق كېچىدە مۇزىكا ئاۋازى بارا-بارا ئاڭلانماي قالغاندا، شاھزادە دېڭىزچىلار بىلەن قول ئېلىشتى، قاقاقلاپ كۈلدى، كۈلۈمسىرىدى......

تۈن يېرىمىدىن ئاشقان ئىدى، بىراق بېلىق قىز ھېلىقى كېمىدىن ۋە چىرايلىق شاھزادىدىن زادىلا كوزىنى ئالالمايتتى. رەڭدار پانۇسلار ئۇچۇپ، ئاسمانغا راكتىلارمۇ ئېتىلمىدى، توپ ئاۋازىمۇ جىمىقتى. شۇ چاغدا دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن غۇڭۇلدىغان ئاۋاز كەلدى. سۇدا بىر دەم كوتىرىلىپ، بىر دەم پەسىيىپ كېلىۋاتقان بېلىق قىز كېمە ھوجرىسىدىكى نەرسىلەر-نىڭ ھەممىسىنى كورۇپ تۇراتتى. بىراق كېمە تېزلەپ، كېمە-نىڭ ھەممە يەلكەنلىرى چىقىرىلدى. دولقۇن كوتىرىلدى، قارا بۇلۇتلار تۇرۇلۇپ، يىراقتا چاقماق چېقىلدى. ئۇھۇ، قورقۇنچلۇق قارا بوران چىقىش ئالدىدا تۇراتتى! شۇڭا دېڭىزچىلار يەلكەن-لەرنى چۈشۈرۈشتى. چوڭ كېمە بوران گۈكىرەۋاتقان دېڭىزدا چايقىلىپ تېز ماڭاتتى. كوتىرىلگەن تاغدەك-تاغدەك دولقۇنلار كېمىنىڭ موما ياغىچىنى ئۈزۈۋەتكۈدەك زەرپ بىلەن ئۇرۇلاتتى. بىراق كېمە پەرۋاز قىلغان ئاققۇدەك، بىر دەم دولقۇن قۇچىقىغا چوكۇپ، بىر دەم يەنە ئوركەشلىگەن دولقۇندا تۇمشۇغىنى كوتە-رىپ ئۈزۈپ بېرىۋېرەتتى.

بېلىق قىز بۇنى بەك قىزىقارلىق ساياھەت دەپ قارىدى، بىراق دېڭىزچىلارنىڭ ئويى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. كېمىدىن قارس قىلغان ئاۋاز چىقتى، دولقۇن كېمىنىڭ قېلىن تاختىسىنى ئېگىۋەتكەن ئىدى. كېمىنىڭ موما ياغىچى قومۇشلاردەك قاپ ئوتتۇرىدىن ئۇشتۇلغان ئىدى. كېيىن كېمە قىڭغىيىپ قالدى-دە، كېمىگە سۇ كىرىشكە باشلىدى. بېلىق قىز بۇلارنىڭ خەۋپكە

ئۇچرىغانلىقىنى شۇندىلا بىلدى. سۇدا لەيلەپ يۈرگەن كېمە گەۋدىسىدىن، كېمە پارچىلىرىدىن ئۇنىڭمۇ پەخەس بولۇشقا توغرا كېلەتتى.

ھاۋا بىر دەمدىلا قاپ-قاراڭغۇ بولۇپ كېتىپ، بېلىق قىزنىڭ كوزىگە ھېچنېمە كورۈنمەي قالدى. بىراق چاقماق چېقىلغان چاغدا ئاسمان يەنە يوپ-يورۇق بولۇپ كەتتى-دە، ئۇ كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى كوردى. ئەمدىلىكتە كېمىدىكى ھەممە ئادەم جانىنى قۇتقۇزۇشنىڭ غېمىدا ئىدى. بېلىق قىز شاھزادىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى، كېمە يېرىلىپ، دېڭىز تېگىگە چوكۇشكە باشلىغان چاغدىلا شاھزادىنى كورگەن بېلىق قىز ناھايىتى خوشال بولدى، چۈنكى شاھزادە ھازىر ئۇ بار تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئادىمىزاتنىڭ سۇدا ياشىيالمايدىغانلىقى، ئولۈككە ئايلانمىغىچە ئۆز دادىسىنىڭ ئوردىسىغا كىرەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشۈپ قالدى.

بولمايدۇ، ئۇنى ئولۈم قۇچقىغا تاشلاپ بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ! دېگەن قارارغا كەلگەن قىز سۇدا لەيلەپ يۈرگەن كېمە گەۋدىسى بىلەن تاختايلار ئارىسىدىن ئۈزۈپ ئوتتى، ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئوزىنى يانچىپ ئولتۈرۈۋېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇ سۇغا چوڭقۇر چوكۇپ، ئارقىدىن يەنە دولقۇنلار ئارىسىدىن كوتىرىلىپ چىقتى-دە، ئاخىر شاھزادىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. بۇ دولقۇنلۇق دېڭىزدىن قايتا ئۈزۈپ چىقىشقا شاھزادىنىڭ ھالى قالمايلا قالغان ئىدى، قولى بىلەن



www.uyghurkitap.com

پۈتىنىڭ دەرمانى كېتىپ، چىرايلىق كوزلىرى يۇمۇلغان ئىدى. بېلىق قىز كېلىپ قالمىغان بولسا، ئۇ سۇدا ئولۇپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ شاهزادىنىڭ بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ، دولقۇننىڭ ھەيدىشى بىلەن ئۇنى ئېلىپ ئاللىقاياقلارغا كېتىپ قالدى.

تاڭ ئاتقان چاغدا قارا بوران توختىغان ئىدى. ھىلقى كېمىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. قىپ-قىزىل قۇياش كوتىرىلىپ، يورۇق نۇرىنى سۇغا چاچاتتى. كۈن نۇرى شاهزادىنىڭ يۈزىگە چېچىلىپ، ئۇنىڭغا جان بەرگەندەك بولدى. بىراق شاهزادىنىڭ كوزى يەنىلا يۇمۇقلۇق ئىدى. بېلىق قىز ئۇنىڭ كېلىشكەن پېشانىسىگە سويۇپ، چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن چېچىنى ئارقىسىغا تاراپ قويدى. ئۇنىڭغا شاهزادىنىڭ چىراي-شەكلى ئوزىنىڭ دېڭىز تېگىدىكى كىچىك بېغىدىكى مەرمەر تاش ھەيكەلگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش بولۇپ كورۈندى. ھۇشىغا كېلەلمىگىن دەپ بېلىق قىز شاهزادىنى يەنە بىر سويدى.

ئەمدى بېلىق قىزغا كەڭ قۇرۇقلۇق، كوك تاغلار كورۈندى — چوققىلاردا جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئاپپاق قار ئۇيىقۇدا ياتقان ئاققۇدەك كورۈنەتتى. دېڭىز بويى ئۇزۇنىسىغا كەتكەن گۈزەل يېشىل ئورمان بولۇپ، ئورماننىڭ ئالدى تەرىپىدە چېركاۋ ياكى موناستىر — زادى نىمە دەپ ئاتىلىدىغانلىغىنى ئۇ بىلمەيتتى —، ئەيتاۋۇر ئىمارەت كورۈندى. ئىمارەت باغلىرىدا لىمون ۋە جۈزى دەرەخلىرى بار ئىدى، دەرۋازا ئالدىغا ناھايىتى ئىگىز پالما دەرىخى تىكىلگەن ئىدى، دېڭىز بۇ يەردە كىچىك قولتۇق

www.uyghurkitap.com



ئۇ شاھزادىنىڭ بېشىنى سۇدىن چىقاردى.

ھاسىل قىلغان ئىدى؛ سۇ ئادەتتىن تاشقىرى تىنچ ئىدى، بىراق قىلىن ئۇششاق قۇم تىنغان تاش قىيانىڭ يېنىغا يەتكىچە بولغان ئارىلىق بەك چوڭقۇر ئىدى. بىلىق قىز كېلىشكەن شاھزادىسىنى ئېلىپ شۇ تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كەتتى. ئۇنى قۇم ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويدى، بېشىغا ئاپتاپ چۈشسۇن ئۈچۈن، خۇسۇسەن بېشىنى ئاۋايلاپ ئېگىزلىتىپ قويدى.

ھەيۋەتلىك ئاق ئىمارەتتىن قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلانغان ئىدى، بىرمۇنچە قىز-چوكانلار باغنى ئارىلاپ بۇ تەرەپكە چىقىپ كەلدى. بېلىق قىز دېڭىزنىڭ نېرىسىغا ئۈزۈپ كەتتى ۋە سۇ يۈزىگە چوقچىيىپ چىقىپ قالغان يوغان تاشلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى. يۈزۈمنى بىرسى كورۈپ قالمىسۇن دەپ، چېچى ۋە مەيدىسىنى دېڭىز سۈيى كوپۈكلىرى بىلەن يېپىۋالدى. ئۇ تاشنىڭ ئارقىسىدا بىچارە شاھزادىنىڭ قېشىغا كىم كېلىدىكىن دەپ قاراپ تۇراتتى.

بىردەمدىن كېيىن، شاھزادىنىڭ قېشىغا بىر قىز كەلدى. ئۇ قاتتىق ھەيران بولدى، بىراق ئارىدىن كوپ ئۆتمەيلا ئېسىگە كېلىپ، باشقىلارنى چاقىرىپ كەلدى. بېلىق قىز شاھزادىنىڭ ئاستا-ئاستا ھوشىغا كەلگەنلىكىنى، ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەنلىكىنى كورۈپ تۇردى. بىراق شاھزادە بېلىق قىزغا كۈلۈمسىرىمىگەن ئىدى: ئۇزىنى مۇشۇ بېلىق قىزنىڭ قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى ئۇقمايدۇ-دە، ئەلۋەتتە! بېلىق قىزنىڭ كوڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى. شۇڭا شاھزادە ئېگىز ئويىگە ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىلگەن چاغدا، بېلىق قىز ئاھ ئۇرۇپ، دەرتىكە چىدىيالماي دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى ـ دە، دادىسىنىڭ ئوردىسىغا قايتتى.

ئەسلىدىلا جىمغۇر ۋە ئويچان بېلىق قىز شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى. ھەدىلىرى ئۇنىڭدىن، دېڭىز يۈزىگە بىرىنچى قېتىم چىققىنىڭدا زادى نىمىلەرنى كوردۇڭ، دەپ سوراشتى؛ ئەمما ئۇ ھېچنىمە دەپ بەرمىدى.

ئۇ نۇرغۇن قېتىم ئاخشاملىرى ۋە ئەتىگەنلىرى سۇ ئۈستىگە چىقىپ، بۇرۇن ئۆزى شاھزادىنى ياتقۇزغان يەرگە ئۈزۈپ باردى. باغدىكى مېۋىلەرنىڭ مەي باغلاپ پىشقانلىغىنى، ئۈزۈۋېلىنغانلىغىنى؛ تاغ چوققىلىرىدىكى قارلارنىڭ ئېرىگەنلىگىنى كوردى؛ بىراق شاھزادىنى كورەلمىدى. شۇڭا ھەر قېتىم قايتقاندا تېخىمۇ ھەسرەت چەكتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە بېغىدا ئولتۇرۇپ، شاھزادىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھېلىقى چىرايلىق مەرمەر ھەيكەلنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆزىنى بەزلەيتتى. بىراق ئۇ گۇللىرىدىن خەۋەر ئالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ گۇللەر دالا گۇللىرىدەك ھەممىلا يەردە ئۆسكەن بولۇپ، شاخلىرى بىلەن يوپۇرماقلىرى دەرەخ شاخلىرىغا چىرمىشىپ كەتكەن ئىدى، بۇ ھال باغنى ناھايىتى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

ئاخىرى ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولدى. كوڭلىدىكى سىرىنى ھەدىلىرىنىڭ بىرىگە ئېيتىۋىدى، قالغان ھەدىلىرىمۇ دەرھال

خەۋەردار بولۇشتى. ئۇلار بۇ مەخپىيەتلىكنى ئوزلىرىنىڭ بىرنەچچە سىرداشلىرىغىلا ئېيتتى؛ بۇلاردىن ۋە باشقا بىر-ئىككى بېلىق ئادەمدىن باشقا ھېچكىم بۇ ئىشنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ھىلىقى شاھزادىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. كېمىدە بولغان توينى ئۇمۇ كورگەن ئىدى. شاھزادىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پادىشالىقىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلەتتى.

— كەلگىن، سىڭىلچاق! — دېدى باشقا مەلىكىلەر. ئۇلار قوللىرىنى بىر بىرىنىڭ مۇرىسىگە قويۇپ قاتار بولۇپ دېڭىز يۇزىگە چىقتى ۋە ئوزلىرى شاھزادىنىڭ ئوردىسى دەپ ھىساپ-لىغان يەرگىچە ئۇزۇپ باردى.

بۇ ئوردا پاقىراق ساغۇچ مەرمەر تاشتىن سېلىنغان بولۇپ، ئىچىدە نۇرغۇن ياپىلاق مەرمەر تاش پەلەمپەيلەر بار ئىدى — پەلەمپەينىڭ بىرى دېڭىزغا بىۋاستە تۇتىشاتتى. ھەشەمەتلىك، ئالتۇندەك ساپ-سېرىق يۇملاق مۇنار ئوردىنىڭ توپىسىدىن ئاسمانغا بوي تارتقان، پۇتۇن ئىمارەتنىڭ يۇملاق تۇۋرۇكلىرى ئارىسىغا مەرمەر ھەيكەللەر تۇرغۇزۇلغان ئىدى. بۇ ھەيكەللەر تىرىك ئادەمدەكلا كورۇنەتتى. ئىگىز ھەم يورۇق دەرىزە ئەينەكلىرىدىن بەزى سەلتەنەتلىك چوڭ زاللارغا ئېسىلغان قىممەت باھالىق يىپەك پەردىلەر بىلەن كىمخاپلار، تاملارغا چۇشۇرۇلگەن چوڭ رەسىملەر كورۇنەتتى — مۇشۇ نەرسىلەرنى كورۇشنىڭ ئوزىمۇ ناھايىتى كوڭۇللۇك ئىش ئىدى. ئەڭ چوڭ

زالىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا سۇ پۇركىلىپ چىقىۋاتقان پونتان بار ئىدى. چاچرىغان سۇ زالنىڭ ئەينەك تورۇسلىرىغا تېگەتتى، ئەينەكتىن ئۆتكەن كۈن نۇرى سۇغا، كۆلچەكتىكى ئۆسۈملۈك-لەرگە چۈشۈپ تۇراتتى.

شاھزادىنىڭ نەدە تۇرغانلىقىنى ئەمدى بىلگەن بىلىق قىز نەچچە ئاخشامنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. ئۇ يىراق قورۇقلۇقتا قاراپ ئۈزەتتى، ھەدىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بارالمىغان يەرگە بىرىنچى جۈرئەت قىلاتتى. راست، ئۇ ھەتتا تار ئېقىمىغا چۈشۈپ، ھەيۋەتلىك مەرمەر تاشلىق ئايۋاننىڭ ئاستىغىچە باردى — سۇغا مەرمەر تاشلىق ئايۋاننىڭ ئۇزۇن كۆلەڭگىسى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ياش شاھزادىگە كۆز تىكتى، شاھزادە بولسا ئاي يورۇقىدا يالغۇز ئۆزەملا ئولتۇرىمەن دەپ ئويلايتتى.

بىلىق قىز تالاي ئاخشام شاھزادىنىڭ نەغمە-مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە نۇرغۇن بايراقلار ئېسىلغان ھەشەمەتلىك كېمىگە چىققانلىقىنى كۆردى. ئۇ يېشىل پىلىك ئۆت ئارىسىدا يوقۇرىنى مارايتتى. بىلىق قىزنىڭ ئاپپاق ئۇزۇن چۈمبىلىنى شامال يەلپىگەن چاغدا بىرەرسى كۆرۈپ قالسا، ئۇنى قانىتىنى يايغان ئاققۇ دەپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

تالاي تۈنلىرى بېلىقچىلار قوللىرىغا مەشئەل ئېلىپ دېڭىزغا بېلىق تۇتۇشقا چىققاندا، بىلىق قىز ئۇلارنىڭ شاھزادىنى تەرىپلەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بەك خوشال بولدى، دولقۇن ئۇرۇپ جېنى ئاران-ئاران قالغاندا، ئۇنى مەن قۇتقۇزۇپ



www.uyghurkitap.com

قالغان ئىدىمغۇ دەپ ئويلىدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئوز قۇچىقىغا قانداق ئالغانلىقىنى، قانداق قىلىپ ئۇنى كويۇنگەن هالدا سويگەنلىگىنى ئېسىگە ئالدى. بىراق شاهزادە بۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر بولۇپ، ئوگى تۇگۇل چۇشىدىمۇ بېلىق قىزنى ياد ئەتمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، بېلىق قىز بارا-بارا ئادىمزاتقا مېھرى بىلەن قاراشقا، شۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاشنى ئارزۇ قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ئادىمزات ياشايدىغان جاهان ئوزلىرىنىڭ ماكانىدىن كوپ كەڭ بىلىندى. راست، ئادىمزات دېڭىزدا كېمە بىلەن ماڭالايدۇ، ئاسمان پەلەك تاغلارغا چىقالايدۇ، ئۇلارنىڭ يەرلىرى ئورمان بىلەن ئېتىزلىقلارغا تۇتىشىپ، ئۇزاقلارغا يېيىلىپ كەتكەن، قارىسا كوزمۇ يەتمەيدۇ. بېلىق قىزنىڭ بىلمەكچى بولغانلىرى بەك كوپ ئىدى، بىراق هەدىلىرى هېچقانداق سوئالىغا جاۋاپ قايتۇرالمايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇ قېرى مومىسىدىن سوراشقا مەجبۇر بولاتتى. مومىسى "يۇقۇرى قاتلامدىكى دۇنيا"—دېڭىز ئۇستىدىكى ئىقلىمغا ئاشۇنداق دەپ ئات قويۇۋالغان ئىدى—هەققىدە راستلا خېلى جىق نەرسىلەرنى بىلەتتى.

—ئادىمزات سۇدا غەرق بولمىسا، مەڭگۇ ياشاۋېرەرمۇ؟—دەپ سورىدى بېلىق قىز،—ئۇلارمۇ دېڭىزدىكى بىزلەرگە ئوخشاش ئولۇپ كېتەمدۇ؟

—توغرا ئېيتتىڭ بالام،—دەيتتى مومىسى،— ئۇلارمۇ

ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۆمرى بىزنىڭكىدىنمۇ قىسقا بولىدۇ. بىزغۇ ئۈچ يۈز يىل ياشايمىز، بىراق جېنىمىز چىققاندىن كېيىن سۇ يۈزىدىكى كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىمىز. ئەزىزلىرىمىزگە ھەتتا قەۋرىمۇ قالدۇرمايمىز. بىزدە ئۆلمەس روھ بولمايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن بىزگە قايتا جان كىرمەيدۇ. بىز ئورۇلغاندىن كېيىن قايتا كۆكەرمەيدىغان دېڭىز چۆپلىرىگە ئوخشايمىز! ئەكسىچە، ئادەمزاتنىڭ روھى ئۆلمەس بولىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ياشايدۇ، تېنى توزاڭغا ئايلىنىپ كەتسىمۇ، روھى ياشاۋېرىدۇ. بۇ روھ سۈپ-سۈزۈك ئاسمانغا چىقىپ، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار-غىچە بارىدۇ! بىز سۇ يۈزىگە چىقىپ ئىنسانلار دۇنياسىنى كۆرگەنگە ئوخشاش، ئادەمزات بىز مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان سىرلىق، ھەشەمەتلىك جايغا چىقىپ كېتىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن بىزدە ئۆلمەس روھ بولمايدۇ؟ — دەپ سورىدى بېلىق قىز ئەلەم بىلەن، — ئادەمگە ئايلىنىپ ئاسمان-دىكى ئالەمگە چىقسام، ئۇ يەردە بىر كۈن ئۆمۈر كۆرسەممۇ، بۇ بىر كۈنلۈك ئۆمرۈم بۇ يەردىكى نەچچە يۈز يىللىق ئۆمرۈمدىن ئەلا بولغان بولاتتى.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويدا بولمىغىن بالام، — دېدى موما-سى، — بىز بۇ يەردە ئۈستىمىزدىكى ئادىمزاتتىن كۆپ بەختلىك ھەم گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرىمىز!

— ئۇنداقتا، ئۆلۈشۈم، كۆپۈككە ئايلىنىپ سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرۈشۈم كېرەك ئىكەن-دە! ئۇ چاغدا دولقۇنلار مۇزىكىسىنى

ئاڭلىيالمايدىغان، چىرايلىق گۈللەرنى ۋە قىزىل قۇياشنى كورەلـ مەيدىغان بولىمەن! ئۇلمەس روھنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلالماسمەنمۇ؟

— بۇنىڭغا ئامال يوق! — دىدى مومىسى، — بىرەر ئىنسان سىنى ياخشى كورۈپ قىلىپ، سىنى ئاتا-ئانىسىدىنمۇ يىقىن كورگەن چاغدا؛ شۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئوي-پىكرى ۋە مىھرى-مۇھەببىتىنى ساڭا بىغىشلىغان چاغدا؛ ئۇ ئوڭ قولىنى پوپىنىڭ ئالدىدا سىنىڭ قولۇڭغا قويۇپ، هازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ساڭا مەڭگۈ سادىق بولۇشقا ۋەدە بەرگەن چاغدا، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ روھى ساڭا ئوتىدۇ، شۇ چاغدىلا ئادىمىزات بەهرىمەن بولىدىغان شاتلىقتىن بەهرىمەن بولالايسەن. ئۇ ساڭا روھ بىرىدۇ، ئۆز روھىنىمۇ ساقلاپ قىلىۋىرىدۇ. بىراق، بۇنداق ئىش هىچقاچان بولمايدۇ! بىزنىڭ دىڭىز تىگىدە چىرايلىق هىساپلانغان نەرسىلەرنى — سىنىڭ بىلىق قۇيرۇغىڭنى — قۇرۇقـ لۇقتىكىلەر بەك سەت دەپ قارايدۇ: ئىنسانلارنىڭ گۈزەل، نىمىنىڭ سەت ئىكەنلىكىنى ئۇلار چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، گۈزەل بولۇش ئۈچۈن يوغان ئىككى تۈۋرۈك بولۇشى كىرەك — ئۇلار بۇنى پۇت دەپ ئاتايدۇ!

خۇرسىنغان بىلىق قىز هەسرەت چەككەن هالدا ئۆزىنىڭ قۇيرۇغىغا بىر قاراپ قويدى.

— خوشال-خورام يۈرەيلۇق! — دىدى مومىسى، — ئۈچ يۈز يىللىق هاياتىمىزدا ئۇسۇل ئويناپ، تاماشا قىلىپ ئوتەيلۇق.

بۇنىڭ ئۆزىمۇ خېلى ئۇزاق مەزگىلغۇ، ئۆلگەندىن كېيىن بىزمۇ قەۋرىمىزدە كۆڭۈللۈك ياتىمىز، ئاخىر.① بۈگۈن كەچتە ئوردىدا ئولتۇرۇش قىلىپ، ئۇسۇل ئوينايلۇق!

قۇرۇقلۇقتىكى كىشىلەر ھېچقاچان كۆرەلمەيدىغان ھەيۋەتلىك سورۇن ھازىرلانغان ئىدى. كەڭ-ئازادە ئۇسۇل زالىنىڭ تاملىرى بىلەن تورۇسى قېلىن ھەم سۈزۈك ئەينەك ئىدى. ئەتراپقا يۈزلىگەن-مىڭلىغان ماشرەڭ ۋە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك چوڭ قۇلۇلە قېپى قاتار-قاتار تىزىلىپ، قۇلۇلە قېپىدىن كۆتىرىلگەن كۆك يالقۇن پۈتكۈل زالنى، تاملارنى، ھەتتا تاشقىرىدىكى دېڭىزنىمۇ يوپ-يورۇق قىلىۋەتكەن ئىدى. بەزىلىرىنىڭ قاسىرىقىدىن سۆسۈن نۇر چاقنىغان، بەزىلىرى كۈمۈشتەك، بەزىلىرى ئالتۇندەك پاقىرىغان سانسىز چوڭ-كىچىك بېلىقلار مۇشۇ كىرىستال ئوردىغا قاراپ ئۈزۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇسۇل زالىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىتتىك ئېقىن قاپ ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۆتەتتى، دېڭىزدىكى ئەر-ئاياللار يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ، شۇ ئىتتىك ئېقىندا ئۇسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى.

---

① ئەسلىسى: siden kan man desfornφieligere hvile sig ud i sin Grav. يۇقۇرىدا ئادەم بېلىق ئۆلگەندىن كېيىن كۆپۈككە ئايلىنىدۇ دېيىلگەن ئىدى، بۇ يەردە بولسا ئادەم بېلىق ئۆلگەندىن كېيىن قەۋرىدە ياتىدۇ دېيىلگەن. بۇ يەرگە كەلگەندە ئاپتور يۇقۇرىدا ئېيتقان سۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك.

قۇرۇقلۇقتىكىلەر بۇنداق ئىسىل ناخشا ئېيتالمايتتى،
بۇلار ئىچىدە ھىلىقى بېلىق قىز ناخشىنى ھەممىدىن بەك ئوبدان ئېيتقان ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇردى؛ قۇرۇقلۇقتىمۇ، دېڭىزدىمۇ ئۇزىدىن ئاۋازى ياخشى ئادەم يوقلۇغىغا كوزى يەتكەن ئۇ قىز خېلىغىچە ناھايىتى لەززەتلەندى. بىراق، ئۇستىدىكى ئالەم بىردىنلا يەنە ئېسىگە چۈشتى. ئۇ ھېلىقى سەتەڭ شاھزادىنى، شۇنىداقلا ئۇنىڭدىكىدەك ئولمەس روھنىڭ ئوزىدە يوقلۇغىدىن پەيدا بولغان ھەسرەتنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دادىسىنىڭ ئوردىسىدىن تۇيۇدۇرماي چىقىپ كەتتى؛ ئوردا ئىچىنى ناخشا ئاۋازى بىلەن شاتلىق سادالىرى قاپلىغان چاغدا، ئۇ ئوزىنىڭ كىچىك بېغىدا ھەسرەت چېكىپ ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا سۇ ئۇستىدىن بىردىنلا سىگنال ئۇنى كەلدى. ”ئۇ كېمە بىلەن كېتىۋاتقان بولسا كېرەك؛ ئۇنى ئاتا-ئانامدىنمۇ بەكرەك ياخشى كورىمەن؛ ئۇنى ھەممە ۋاخ سېغىنىمەن؛ ئومۇرلۇك بەختىمنى شۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغۇم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوزىگە ۋە ئولمەس روھقا ئىگە بولۇش يولىدا بارلىغىمنى قۇربان قىلىمەن. ھازىر، ھەدىلىرىم دادامنىڭ ئوردىسىدا ئۇسۇل ئويناۋاتقان چاغدا، دېڭىزدىكى ئايال پېرىخونىنىڭ ئالدىغا باراي. ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتىم، شۇنداق بولسىمۇ، ماڭا ئەقىل كورسىتىپ، ياردەم قىلىپ قويۇشى مۇمكىن“ دەپ ئويلىدى ئۇ.
شۇنداق قىلىپ، بېلىق قىز بېغىدىن چىقىپ، كوپۈك چىقىپ

تۇرغان قايىنامغا قاراپ ماڭدى، ئايال پېرىخون مۇشۇ قايىنامنىڭ نېرىسىدا تۇراتتى. بېلىق قىز بۇرۇن بۇ يولدا مېڭىپ باقمىغان ئىدى. بۇ يولدا گۈلمۇ، چۆپمۇ يوق ئىدى، ھېچنىمە ئۈسمىگەن كۈلرەڭ قۇملۇق قايىنامغا سوزۇلغان ئىدى. بۇ يەردىكى شاۋقۇن-سۈرەن سېلىپ چاقپىلەكتەك پىقىراپ تۇرغان سۇ ئۇلىنىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سۇ تېگىگە ئېپكىرىپ كېتەتتى. پېرىخون تۇرغان يەرگە بېرىش ئۈچۈن مۇشۇ ئىتتىك قايىنامدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئوتەر يولنىڭ خېلى بىر قىسمى ئىسسىق كۆپۈك ئورلەپ تۇرغان پاتقاقلىق ئىدى: ئايال پېرىخون ئۇنى پاتقاق تورف كانى دەپ ئاتايتتى. پاتقاقلىقنىڭ كەينى تەرىپى قورقۇنچلۇق ئورمانلىق بولۇپ، پېرىخوننىڭ ئويى شۇ ئورمانلىقتا ئىدى؛ دەرەخ ۋە چاتقاللارنىڭ ھەممىسى مارجان قۇرۇت-ئۇسۇملۇك دىسە ئۇسۇملۇك ئەمەس، ھايۋانات دىسە ھايۋانات ئەمەس بىرنەرسە ئىدى. دەماللىقتا يەردىن چىققان كوپ باشلىق يىلاندەك كورۇنىدىغان بۇ نەرسىلەرنىڭ شاخلىرى ئۇزۇن، قولى يىپيىشقاق بولۇپ، بارماقلىرى قۇرۇتتەك يۇمشاق ئىدى. يىلتىزىدىن ئۇچىغىچە بوغۇم-بوغۇم بولۇپ مىدىرلايتتى، ئۇلار دېڭىزدا قولىغا ئىلىنغانلىكى نەرسىنى مەھكەم قاماللاپ تۇتۇۋالاتتى.

ئورمانلىقنىڭ قېشىغا كەلگەندە، بېلىق قىز توختاپ قالدى ۋە قورققىنىدىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدى، بىراق ھېلىقى شاھزادە بىلەن ئادەم

روھى ئېسگە چۈشكەندە، يەنە غەيرەتكە كېلىپ، مارجان قۇرۇتلار تۇتۇۋالمىسۇن دەپ يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۆزۈن چېچىنى بېشىغا چىڭ قىلىپ تۇگۈۋالدى ـ دە، ئىككى قولىنى مەيدىسىگە چىڭ بېسىپ، سۇدا تاقلاپ ـ سەكرەپ يۈرگەن بېلىقتەك رەزىل مارجان قۇرۇتلارنىڭ ئارىسىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ ماڭدى، مارجان قۇرۇتلار يۇمشاق قوللىرى بىلەن بارماقلىرىنى پۈلاڭلاتقىنىچە قېپقالدى. بېلىق قىز ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىرنىمىنى تۇرغۇن كىچىك قوللىرى بىلەن قامالاپ، ئامبۇردەك چىڭ قىسىپ تۇتۇۋالغانلىقىنى كوردى. دېڭىزدا غەرق بولغان ۋە سۇ تېگىگە چوكۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئاق سوڭەكلىرى مارجان قۇرۇتلارنىڭ قولىدا تۇراتتى. مارجان قۇرۇتلار كېمىنىڭ رولى بىلەن ساندۇقنى، قۇرۇقلۇقتىكى ھايۋانلارنىڭ سوڭەكلىرىنى، ئۇزلىرى تۇتۇۋېلىپ بوغۇپ ئولتۇرۇۋەتكەن بېلىق بالىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان ئىدى ـــ مەلىكىگە ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇق ئىش مۇشۇ بولغان ئىدى.

شۇنىداق قىلىپ، ئۇ ئورمانلىقتىكى يېپيېشىقاق بىر يەرگە كەلدى. بۇ يەردە ئاچ سېرىق، يىرگىنىشلىك قوساقلىرى چىقىپ تۇرغان توقماقتەك ـ توقماقتەك سۇ يىلانلىرى ئومىلەپ يۈرمەكتە ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولگەن كىشىلەرنىڭ سوڭەكلىرىدىن سېلىنغان ئوي تۇراتتى. خۇددى بىز ئادىمىزات سېرىق توغايغا قەنت بەرگىنىمىزدەك، دېڭىزدىكى ئايال پېرىخون دەل مۇشۇ يەردە چارپاقىغا ئاغزىدا يەم بېرىۋاتاتتى. ئۇ چۈجىلىرىم دەپ

ئاتىۋالغان يىرگىنىشلىك ھەم توقماقتەك يىلانلار ئۇنىڭ ساغ-
گىلاپ تۇرغان كەڭ كوكرىگىدە ئومىلىشەتتى.
— نىمىشقا كەلگىنىڭنى بىلىپ تۇرىمەن، — دىدى دىڭىزدىكى
ئايال پىرىخون، — تازا دوت نىمە ئىكەنسەن! شۇنداق بولسىمۇ،
گۈزەل مەلىكەم، مۇرادىڭغا يەتكۈزەي، چۈنكى بۇ ئىشىنىڭ
ئاقىۋىتى پاجىەلىك بولىدۇ. قۇيرۇغۇم يوقاپ كەتسە، ئىككى
تۇۋرۇكلۇك بولۇپ ئادىمزاتتەك ماڭسام؛ ئاشۇ شاھزادە ماڭا
كويۇپ قالسا، ئۇنى قولغا چۈشۈرسەم، شۇنىڭ بىلەن ئولمەس
روھقا ئىرىشىسەم دەيسەنغۇ، دەيمەن.
بۇ چاغدا، پىرىخون كىشى ھو بولغۇدەك قاقاقلاپ كۈلۈۋىدى،
چارپاقا بىلەن سۇ يىلانلىرى يەرگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ چورىسىدە
ئومىلەپ يۈرۈشتى.
— دەل ۋاقتىدا كەپسەن، — دىدى ئايال پىرىخون، — ئەتە
كۈن چىققاندىن كىيىن كەلگەن بولساڭ، ساڭا ياردەم قىلالماي
قالاتتىم، بىر يىل كۈتۈشكە توغرا كەلگەن بولاتتى. ئەمدى
ساڭا ئىچىدىغان دورا قايىنىتىپ بىرەي، بۇ دورىنى ئىلىپ كۈن
چىققىچە قۇرۇقلۇققا يىتىپ بارغىن، ئاندىن دورىنى دىڭىز
بويىدا ئولتۇرۇپ ئىچكىن، شۇنىڭ بىلەن قۇيرۇغىڭ قاپ
ئوتتۇرىسىدىن يىرىلىدۇ-دە، ئادىمزات چىرايلىق ھىساپلىغان
پۇتقا ئايلىنىدۇ. بىراق، بۇ سىنى قاتتىق ئازاپلايدۇ، تىنىڭگە
ئىتتىك پىچاق تەككەندەك بولىدۇ. سىنى كورگەن ئادەملەرنىڭ
ھەممىسى بۇگۈنگە قەدەر مۇنداق كىلىشكەن بالىنى كورمىگەن

www.uyghurkitap.com

ئىكەنمىز دېيىشىدىغان بولىدۇ! مېڭىشىڭ يەنىلا سۇدا ئۈزگەندەك بولىۋېرىدۇ، ھەرقانداق ئۇسۇلچىمۇ سەندەك لەرزان ئۇسۇل ئوينىيالمايدۇ. بىراق، ھەر بىر قەدىمىڭ ئۇچلۇق پىچاق ئۈستىدە ماڭغاندەك جېنىڭغا تېگىدۇ، قېنىڭ ئېقىپ چىقىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. مۇشۇ ئازاپلارغا چىدىيالىساڭ، ياردىمىمنى ئايىمايمەن.

— چىداشلىق بېرەلەيمەن! — دېدى بېلىق قىز تىترىگەن ئاۋاز بىلەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا ھىلىقى شاھزادە كەچكەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلمەس روھقا ئىگە بولۇش ئارمانى كەچكەن ئىدى.

— ئېسىڭدە بولسۇن، — دېدى پېرىخون، — ئادەم شەكلىگە كىرگەندىن كېيىن قايتا بېلىق ئادەم بولالمايسەن: يەنە سۇدا ئۈزەلمەيسەن، ھەدىلىرىڭنىڭ ياكى دادامنىڭ ئوردىسىغا قايتالمايسەن. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، شاھزادە ساڭا مۇھەببەت قويمىسا، سېنى دەپ ئاتا-ئانىسىنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتمىسە، ساڭا چىن دىلىدىن كۆيمىسە، ئىككىڭلار پوپنىڭ ئالدىدا قولۇڭلارنى تۇتۇشۇپ ئەر-خوتۇن بولمىساڭلار، ئۇ ھالدا، ئۆلمەس روھقا ئىگە بولالمايسەن. شاھزادە باشقا بىرسىگە ئۆيلەنگەن كۈنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە يۈرىكىڭ پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ-دە، سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن كۆۋۈككە ئايلىنىپ قالىسەن.

— بۇنىڭغىمۇ روھىي تەييارلىق قىلىپ قويغانمەن، — دېدى رەڭگى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن بېلىق قىز.

— ماڭا ھەق بېرىشىڭ كېرەك تېخى! — دېدى پېرىخون، — مەن ئۇششاق-چۇششەك نەرسىلەرنى ئالمايمەن. دېڭىز تېگىدىن كىلەر ئىچىدە ھېچكىمنىڭ ئاۋازى ساڭا يەتمەيدۇ. شاھزادىنى شۇ ئاۋازىڭ بىلەن مەپتۇن قىلماقچى بولساڭ كېرەك؛ بىراق بۇ ئاۋازىڭنى ماڭا بېرىسەن. قىممەت باھالىق دورامغا ئەڭ ياخشى نەرسەڭنى تېگىشىمەن! دورامنىڭ ئىككى بىسلىق ئۆتكۈر پىچاقتەك بولۇشى ئۈچۈن، دورىغا قېنىمنى قوشۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ!

— ئاۋازىمنى ئېلىپ كەتسىڭىز ئۆزەمگە نىمە قالىدۇ؟ — دېدى بېلىق قىز.

— كېلىشكەن بەستىڭ قالىدۇ، — دېدى پېرىخون، — يېنىك قەدىمىڭ ۋە ئويناپ تۇرغان كوزۇڭ قالىدۇ، يىگىتنىڭ قەلبىنى مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن ئۆزەڭگە ئاسانلا قارىتىۋالالايسەن. ھە، غەيرىتىڭنى يوقىتىپ قويدۇڭمۇ نىمە؟ قېنى، تىلىڭنى چىقارغىن، ھەققىم ھىساۋىغا كېسىۋالاي، ئاندىن كۈچلۈك دورامنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قوياي.

— مەيلى، شۇنداق قىلسىڭىز قىلىڭ، — دېدى بېلىق قىز. پېرىخون كورىسىنى ھازىرلاپ، سېھىرلىك دورا قاينىتىشقا كىرىشتى.

— تازىلىق ئوبدان ئىش، — دېدى ئۇ، ئارقىدىن بىرنەچچە يىلاننى بىراقلا تۈگۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كورىنى يۇيىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ كوكرىگىنى تاتىلاپ، قاپ-قارا قېنىنى كورىغا تېمىتتى. قاينىغان دورىنىڭ ھورى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ئاجا-

يىپ شەكىلدە ھاۋاغا كۆتىرىلدى. پېرىخون تۇرۇپ-تۇرۇپ دورىغا قانداقتۇ بىرنىمىلەرنى قوشۇپ تۇردى. دورا قاينىغان چاغدا، تىمساقنىڭ يىغلىغىنىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنداق قىلىپ ئاخىر دورا تەييار بولدى. بۇ دورا سۈپ-سۈزۈك سۇ-دەكلا ئىدى.

— ئېپكەتكىن دورىنى، — دىدى پېرىخون ۋە بېلىق قىزنىڭ تىلىنى كەستى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ناخشىمۇ ئېيتالمايدىغان، گەپمۇ قىلالمايدىغان گاچا بولۇپ قالدى.

— مېنىڭ ئىگىدارچىلىغىمدىكى ئورمانلىق بىلەن قايتقىنىڭدا مارجان قۇرۇتلار تۇتىۋالسا، مۇشۇ دورىنىڭ سۈيىنى ئۇستىگە تېمىتىپلا قويساڭ، ئۇلارنىڭ قوللىرى بىلەن بارماقلىرى پارە-پارە بولۇپ، تەرەپ-تەرەپكە توزۇيدۇ-دە، كوزدىن يوقىلىدۇ. — دىدى پېرىخون. بىراق بېلىق قىزغا ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ بولمىدى، چۈنكى مارجان قۇرۇتلار بۇ پاقىراق دورىنى كورۇپلا — بۇ دورا بېلىق قىزنىڭ قولىدا پالىلداپ تۇرغان يۇلتۇزدەك تۇراتتى — قورقۇپ ئارقىسىغا داجىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بېلىق قىز ئورمان، ساسلىق ۋە جىددى قايناملاردىن ناھايىتى تېزلا ئوتۇپ كەتتى.

بىر چاغلاردا دادىسىنىڭ ئوردىسى كورۇندى. كەڭ ئۇسۇل زالىدىكى مەشئەللەر ئوچكەن ئىدى، زالدىكىلەرنىڭ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. بىراق بېلىق قىز گاچا بولۇپ قالغانلىغى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلاردىن مەڭگۇ ئايرىلىپ كېتىدى-

www.uyghurkitap.com

غانلىغى ئۇچۇن، ئۇلار بىلەن كورۇشۇشكە پېتىنالمايتتى. ئەلەم-دىن ئۇنىڭ يۈرىكى پارە-پارە بولۇپ كەتكۇدەك بولدى. ئۇ تۇيدۇرماستىن باققا كىرىپ، ھەدىلىرىنىڭ گۈللۈكلىرىدىن بىر تالدىن گۈل ئۈزۈۋېلىپ، ئوردىغا قاراپ قولى بىلەن مىڭ قېتىم-لاپ سويگەندەك ئىشارەت قىلىپ، ئاندىن ھاۋارەڭ دېڭىزدىن چىقتى.

بېلىق قىز شاھزادىنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلگەن چاغدا كۈن تېخى چىقمىغان ئىدى. ئۇ ھەيۋەتلىك قەدەملەر بىلەن مەرمەر تاش پەلەمپەيگە چىقتى. سۈپ-سۈزۈك ئاي يورۇقىدا ئەتراپ بەك چىرايلىق كورۇنەتتى. بېلىق قىز ھىلىقى كۈچلۈك دورىنى ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ زىلۋا تېنىنى ناھايىتى ئىتتىك ئىككى بىسلىق قىلىچ ئىككى پارە قىلىۋەتكەندەك بولدى. ئۇ شۇ زاماتلا ھوشى-دىن كېتىپ يىقىلدى ۋە خۇددى ئولۇكتەك يېتىپ قالدى. ئۇ دېڭىز يۈزىگە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرغان چاغدا ھوشىغا كەلدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قاتتىق ئاغرىيتتى. ئۇ بېشىنى كوتىرد-ۋىدى، ئالدىدا تۇرغان ياش، چىرايلىق شاھزادىنى كوردى. شاھزادىنىڭ قارا قاتتەك قارا كوزى قىزغا تىكىلگەن ئىدى، ئىزا تارتقان قىز بېشىنى توۋەن سالدى. بۇ چاغدا بېلىق قىزدىكى بېلىق قۇيرۇغى غايىپ بولۇپ، قىزلاردىلا بولىدىغان، بەك چىرايلىق ئاپپاق پۇت پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇچىسىدا كىيىمى بولمىغاچقا، ئۇ قويۇق سۇمبۇل چېچى بىلەن بەدىنىنى ياپتى. شاھزادە ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە قانداق

كېلىپ قالغانلىقىنى سورىدى. ئۇ تىنىق كوك كوزىنى شاھزادىگە مېھىر ھەم ھەسرەت بىلەن تىكتى، چۈنكى ئۇ گەپ قىلالمايتتى. شاھزادە ئۇنى قولتۇقلاپ ئوردىسىغا ئېلىپ كىردى. پەيرىخون-نىڭ ئېيتىقىنىدەك، قىز ھەر بىر قەدەم باسقىنىدا، ئوزىنى بىگىزنىڭ ياكى ئىتتىك پىچاقنىڭ ئۇستىدە مېڭىۋاتقاندەك سەزگەن ئىدى. بىراق ئۇ بۇنداق جاپا چېكىشكە رازى ئىدى. شاھزادىنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالغان قىز كوپۈكتەك يېنىك باراتتى. شاھزادىمۇ، قاراپ تۇرغان باشقا كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ نازاكەتلىك يېنىك قەدەملىرىدىن قاتتىق ھەيران قېلىشتى.

ئەمدى ئۇ ئۇچىسىغا شايى-ئېپەك، تاۋار-دۇردۇنىدىن تىكىلگەن ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، ئوردىدىكى گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى بولۇپ قالغان ئىدى، بىراق ئۇ گاچا بولغاچقا، ناخشىمۇ ئېيتالمايتتى، گەپمۇ قىلالمايتتى. شايى-ئەتلەس، ئالتۇن-كۈمۈشكە ئورالغان سەتەڭ چورىلەر كېلىپ شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. شاھزادە ناخشىنى بەلەن ئېيتىدىغان بىر چورىگە قاراپ ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ، مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى. بېلىق قىز بۇ چاغدا ھەسرەت-لەندى. بىر چاغلاردا ئوز ئاۋازىنىڭ ئۇنىڭكىدىنمۇ ياخشى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. ئۇ: "ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش ئۇچۇن ئاۋازىمنى مەڭگۈلۈك قۇربان قىلغانلىقىمنى بىل-گەن بولسا ئىدى!" دىگەن ئويغا كەلدى.

ئەمدى چورىلەر يېقىملىق مۇزىكىغا نەپىس، لەرزان ئۇسۇل

ئوينىماقتا ئىدى. بىلىق قىز چىرايلىق، يۇمشاق قوللىرىنى كوتىرىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ، پولنىڭ ئۇستىدە لەرزان ئۇسۇل ئوينىدى ــ شۇ كەمگىچە ھىچكىم ئۇنداق ئۇسۇل ئويناپ باقمىغان ئىدى. ھەر بىر ھەركىتىدىن ئۇنىڭ گۇزەللىگى گەۋدىلىنىپ چىقىپ تۇراتتى. چورىلەرنىڭ ناخشىسىدىن بىلىق قىزنىڭ كوزى كىشىنىڭ يۇرەك تارىنى بەكرەك تىترىتەتتى.

ئۇنىڭ ئۇسۇلىغا ھەممەيلەن مەپتۇن بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ شاھزادە شۇنداق بولدى، شاھزادە ئۇنى "يىتىم قىز" دەپ ئاتىدى. پۇتى يەرگە تەككەندە پىچاق بىسىغا دەسسىۋالغاندەك ئازاپلانغان بولسىمۇ، قىز ئۇسۇلىنى ئويناۋەردى. شاھزادە: بۇنىڭدىن كىيىن مەڭگۇ مىنىڭ قىشىمدا بولۇڭ دىدى. شۇنداق قىلىپ، بىلىق قىزنىڭ شاھزادىنىڭ ئىشىگى سىرتىدىكى مەخمەل توشەكتە يىتىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

بىلىق قىزنىڭ ئوزىگە ئاتلىق ھەمرا بولۇپ يۇرۇشى ئۇچۇن شاھزادە ئۇنىڭغا ئوغۇلچە كىيىم تىكتۇرگۇزدى. ئۇلار خۇش پۇراق دىماقنى قاگۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئورمانلاردىن ئوتۇشتى، يىشىل يوپۇرماقلار مۇرىلىرىگە تىگىپ، يۇمران يوپۇرماقلارنىڭ كەينىدە قۇشلار چاڭىلداپ سايرىشاتتى. بىلىق قىز شاھزادە بىلەن بىللە تاققا چىقتى. كىچىك پۇتلىرى قاناپ كەتكەن، بۇنى كوپچىلىك كورۇپ تۇرغان بولسىمۇ، پارچە-پارچە بۇلۇتلارنىڭ يىراقتىكى ئەلگە ئۇچۇپ كىتىۋاتقان توپ-توپ قۇشلاردەك پەستە ئۇزۇپ يۇرگىنى كورۇنگىچە بىلىق قىز قوڭ-

غۇراقتەك جاراڭلىق كۈلۈپ شاھزادىگە ھەمرا بولدى.
كەچتە، شاھزادىنىڭ ئوردىسىدىكىلەرنىڭ بېشى ياستۇققا تەككەندىن كېيىن، بېلىق قىز ھىلىقى كەڭ پەلەمپەيگە چىقتى. قىزىپ تۇرغان پۇتىنى سالقىنلىتىۋېلىش ئۈچۈن، بېلىق قىز دېڭىزنىڭ مۇزدەك سۈيىگە كىردى. بۇ چاغدا دېڭىز تېگىدىكى كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى.
بىر كۈنى كېچىسى ئۇنىڭ ھەدىلىرى قوللىرىنى تۇتۇشقىنىچە سۇ يۈزىگە چىقتى ۋە سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈپ، پەرىشانلىق بىلەن مۇڭلۇق ناخشا ئېيتتى. بۇ چاغدا بېلىق قىز ئۇلارغا قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇلار سىڭلىسىنى تونۇۋالدى، ئۇلار: بىزنى بەك بىئاراملىققا سېلىپ قويدۇڭ، دېيىشتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار بېلىق قىزنى ھەر كەچلىكى يوقلاپ كېلىدىغان بولدى. بىر كۈنى كەچتە، بېلىق قىز تالاي يىلدىن بۇيان دېڭىز يۈزىگە چىقمىغان مومىسى بىلەن تاج كىيگەن دېڭىز پادىشاسىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى. ئۇلار بېلىق قىزغا قوللىرىنى سوزۇشتى، بىراق يەرگە باشقا قىزلىرىدەك يېقىن بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.
شاھزادە بېلىق قىزغا كۈندىن-كۈنگە ئامراق بولۇپ بارماقتا ئىدى، ئۇنىڭغا جان جىگەر بالىسىغا ئامراق بولغاندەك ئامراق ئىدى، بىراق ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىش ھېچقاچان ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىدى. ئەمما بېلىق قىز ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق بولمىسا، ئۇ ئۆلمەس روھقا ئىگە بولالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھزادە باشقا بىرسى بىلەن

توي قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندىلا دېڭىزدىكى كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتەتتى.

—ھەممە كىشى ئىچىدە مېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەمسىز؟—دىگەندەك بولدى بېلىق قىزنىڭ كۆزى شاھزادە بېلىق قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيگەندە.

—شۇنداق، سىز ماڭا ھەممىدىن قەدىرلىك سىز!—دىدى شاھزادە،—چۈنكى سىزدەك ئاقكۆڭۈل ئادەمنى كۆرگىنىم يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئەڭ سۆيۈملۈك، سىز مەن بىر قېتىم كۆرۈپ قالغان بىر قىزغا بەك ئوخشايدىكەنسىز، ئەمما ئۇنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم! ئۇ قىزنى مەن كېمىدە كۆردۈم—بۇ كېمە سۇغا چوكۇپ كەتتى. قاتتىق دولقۇن مېنى بىر بۇتخانىنىڭ يېنىدىكى قىرغاققا چىقىرىپ قويدى. بىرنەچچە قىز ئۇ يەردە ئىبادەت قىلىپ يۈرگەن ئىكەن. شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك بىرى قىرغاقتا مېنى كۆرۈپ قېلىپ، جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇنىڭ دىدارىنى پەقەت ئىككى قېتىملا كۆرۈپتىمەن: بۇ جاھاندا سۆيگىنىم-كۆيگىنىم شۇلا ئىدى، سىز ئۇنىڭغا بەك ئوخشايدىكەنسىز، ئۇنىڭ ئورنىغا سىز مېنىڭ روھىي دۇنيارىمدا تەسىر قالدۇردىڭىز. ئۇ قىز ھېلىقى بۇتخانىغا تەئەللۇق، شۇڭا تەقدىر ماڭا سىزنى ئاللايتەن ئۇچراشتۇردى. بىز مەڭگۈ ئايرىلمايلۇق!

"جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغۇچىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى بىلمەي يۈرۈپتۇ تېخىچە!" دەپ ئويلىدى بېلىق قىز. "مەن ئۇنى

دېڭىزدىن كوتەرگەن پېتى بۇتخانا بار يەردىكى دەرەخلىققە
ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويغان، بىرەرسى كېلەرمىكىن دەپ كوپۈك-
نىڭ كەينىدە ماراپ ئولتۇرغان ئىدىمغۇ. ئۇ گۈزەل قىزنى
مەنمۇ كوردۇم — شاھزادە ئۇنى مەندىن ياخشى كورىدىكەن.“
شۇنىڭدىن كېيىن بېلىق قىز قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت
چەكتى — ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلىيالمىغان ئىدى. ”ئۇ قىز بۇتخانىغا
تەئەللۇق، — دەپ شاھزادە ئېيتتى. ئۇ ئەمدى ئادىمىزات دۇنيا-
سىغا ھېچقاچان كېلەلمەيدۇ — ئىككىسى مەڭگۇ كورۇشەلمەيدۇ.
ھالبۇكى مەن ئۇنىڭ قېشىدا يۇرۇپ، ھەر كۇنى ئۇنىڭ بىلەن
كورۇشۇپ تۇرۇۋاتىمەن. مەن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىمەن، ئۇنى
سويىمەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن جانىنى پىدا قىلىمەن!“

ئەل-جامائەت ئارىسىدا شاھزادە خوشنا ئەل پادىشاسىنىڭ
قىزىغا ئويلەنمەكچىمىش، توي يېقىندا بولارمىش، دىگەن گەپ
تارقالدى. بۇنىڭ ئۇچۇن شاھزادە بىر چىرايلىق كېمىنى تەييار-
لاتقۇزدى. خوشنا پادىشالىقتا زىيارەتكە بارىمەن دىگىنى بىلەن،
ئەمىلىيەتتە خوشنا ئەل پادىشاسىنىڭ قىزىنى كورۇپ باقماقچى
ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئادەمنى ھەمرا قىلىپ ئېلىپ بارماقچى
بولدى. بېلىق قىز بېشىنى چايقاپ كۇلۇمسىرەپ قويدى. شاھ-
زادىنىڭ كوڭلىدىكىنى ئۇ بىلىپ بولغان ئىدى.

— ساياھەتكە چىقماقچى بولۇۋاتىمەن، — دىدى شاھزادە بېلىق
قىزغا، — گۈزەل بىر مەلىكىنى كورگىلى بارىمەن: بۇ ئاتا-ئانام-
نىڭ ئەمرى، لېكىن ئۇلار ئۇنى ساڭا ئېلىپ بېرىسمىز، ئۇيگە

چوقۇم ئېلىپ كېلىسەن دەپ مېنى زورلىيالمايدۇ! مەن ئۇنى ياخشى كورمەيمەن. سىزغۇ بۇتخانىدىكى ھېلىقى گۈزەل قىزغا بەك ئوخشايسىز، ئۇ بولسا پەقەت ئوخشىمايدۇ. ئۇزەمگە قىز تاللاشقا قويسا، ھەممىدىن ئاۋال سىزنى تاللىغان بولار ئىدىم — سويۇملۇك، كوزىدە گەپ قىلىدىغان گاچا يېتىم قىز!

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بېلىق قىزنىڭ قىپ-قىزىل لېۋىگە سويۇپ، سۇمبۇل چېچىنى سىلىدى، بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى، بۇ چاغدا بېلىق قىز ئادىمىزات بەختى، ئولمەس روھ توغرىسىدا يەنە خىيالغا چوكتى.

— دېڭىزدىن قورقماسىز، ئوماق، گاچا يېتىم قىز؟ — دەپ سورىدى شاھزادە. بۇ چاغدا ئىككىيلەن ھېلىقى چىرايلىق كېمە ئۈستىدە تۇراتتى: كېمە خوشنا پادىشالىققا قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. شاھزادە ئۇنىڭغا بوران-چاپقۇن ۋە تېنىچ دېڭىز، دېڭىزدا ياشايدىغان ئاجايىپ-غارايىپ بېلىقلار، غەۋۋاسلارنىڭ دېڭىز تېگىدە كورىدىغان نەرسىلىرى توغرىسىدا ھېكايە ئېيتىپ بەردى. بۇ ھېكايىلەرگە ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپلا قوياتتى، چۈنكى دېڭىز تېگىدىكى ئىشلار ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئېنىق ئىدى.

كېچە ئايپاق ئايدىڭ ئىدى، ئەل-جامائەت ئۇيقۇغا كەتكەن، كېمە رولىنىڭ يېنىدا رولچىلا ئويغاق تۇراتتى. بېلىق قىز كېمىنىڭ گىرۋىگىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، سۈپ-سۈزۈك دېڭىز سۇيىگە تىكىلىپ قارايتتى. دادىسىنىڭ ئوردىسىنى كورگەندەك بولاتتى. بېشىغا كۈمۈش تاج كىيگەن مومىسى جىددى ئېقىن

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق مۇشۇ كېمىنىڭ قارىسىغا نەزەر تاشلاپ ئوردىنىڭ ئىگىز ئوگزىسىدە تۇراتتى. بىردەم ئوتكەندىن كېيىن، ھەدىلىرى سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ ھەسرەت بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈشتى، ئەلەم بىلەن ئاپپاق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشتى. بېلىق قىزمۇ ئۇ-لارغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ كۈلۈمسىرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا غەم-قايغۇسىز ۋە بەختلىك تۇرۇۋاتىمەن دىگىنى كېپكەتتى. بىراق بۇ چاغدا كېمىدىكى خىزمەتكارلارنىڭ بىرى تۇيۇقسىزلا ئوزى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ھەدىلىرى دەر-ھال سۇغا چوكۇپ كەتتى، خىزمەتكار كوزۈمگە كورۈنگەن ئاق نەرسىلەر دېڭىزدىكى كوپۈك دەپ قالغان ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كېمە خوشنا پادىشالىقنىڭ ھەيۋەتلىك خان شەھىرىدىكى پورتقا كەلدى. چېركاۋلاردىكى قوڭغۇراقلار چېلىنغان ئىدى، ئىگىز ئىمارەتلەردىن كاناي-سۇناي ئاۋازى كېلەتتى، قوللىرىغا يەلپۈنۈپ تۇرغان بايراق ۋە ۋال-ۋۇل قىلىپ تۇرغان نەيزە ئالغان ئەسكەرلەر ھورمەت بىلدۈرۈشتى. ھەر كۈنى زىياپەت بېرىلىپ تۇردى. تانسا ۋە كەچلىك كوڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشلىرى نوۋەت بىلەن بولۇپ تۇردى، بىراق مەلىكە تېخى سورۇنغا چىقمىغان ئىدى. كىشىلەر ئۇنى يىراقتىكى بىر بۇتخانىدا پادىشا ئەۋلاتلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى ھەققىدە تەلىم ئېلىۋاتىدۇ دىيىشتى. مەلىكە ئاخىر كەلگەن ئىدى.

بېلىق قىز مەلىكىنىڭ گۈزەل جامالىنى كورۇشكە تەقەززا بولغان ئىدى. بېلىق قىز ئۇنىڭ گۈزەللىگىنى ئېتىراپ قىلىشقا

مەجبۇر بولدى، ئۇنىڭدەك سۇمباتلىق-كېلىشكەن قىزنى زادى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ تېرىسى ئاق ۋە سۈزۈك ئىدى؛ كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قاپ-قارا، كۆزى كۆپ-كۆك بولۇپ، كۆزىدىن كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى ۋە سەمىمىلىك بىلىنىپ تۇراتتى.

— قىرغاقتا ئۆلۈكتەك ياتقىنىمدا مېنى قۇتقۇزۇۋالغان سىز ئەمەسمۇ! — دېدى شاھزادە ۋە بۇ ئۇياتچان قىزنى باغرىغا چىڭ باستى، — ئاھ، مەن نېمىدېگەن بەختلىك-ھە! — دېدى ئۇ بېلىق قىزغا، — مەن ئارزۇ قىلىشقا پېتىنالمىغان ئەڭ ياخشى نەرسە بۈگۈنكى كۈندە ئاخىر رىياللىققا ئايلاندى. سىز مېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان بولغاندىكىن، مېنىڭ بەختلىك بولۇشۇمدىن شاتلىنىدىغانسىز!

بېلىق قىز شاھزادىنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويدى. بېلىق قىز يۈرىكى پارە-پارە بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شاھزادە توي قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئۇ ھالاك بولاتتى، دېڭىزدىكى كۆپۈككە ئايلىناتتى.

چېركاۋدىكى قوڭغۇراقلار جاراڭلىدى، ئاتلىق جارچىلار كوچىلاردا شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ تويى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى جاكالاشتى. چېركاۋدىكى ھەر بىر مېھراپتا ئېسىل پۇراقلىق ماي قىممەت باھالىق كۈمۈش شامدانلاردا كۆيمەكتە ئىدى. چېركاۋ مۇلازىملىرى ئىسرىقدانلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈ-شەتتى، يىگىت بىلەن قىز قول تۇتۇشۇپ ئېپىسكوپنىڭ ئالدىغا

پاتىھەگە كەلدى. بېلىق قىزمۇ بۇ چاغدا ئۇچىسىغا شايى كوينەك كىيىپ، ئالتۇن بىزەك تاقاپ، قىزنىڭ شايى پەرەنجىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى، بىراق ئۇنىڭ قۇلىغىغا نەغمە سادالىرى كىرمەيتتى، كوزىگە بۇ مۇقەددەس مۇراسىم كورۇنمەيتتى، ئۇ ئوزىنىڭ ئولەر تۇننى، مۇشۇ جاھاندا ئوزى مەھرۇم بولۇپ قالغان نەرسىلەرنى كوز ئالدىدىن تولۇق ئوتكۇزدى.

شۇ كۇنى كەچتە، شاھزادە بىلەن مەلىكە كېمىگە چىقىشتى. ھورمەت توپى گۇمبۇرلەپ، بايىراقلار لەپىلدەيتتى. كېمىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئوردىنىڭ سېرىق، سوسۇن رەڭلىك چېدىرى تىكىلدى، چېدىرنىڭ ئىچىدىكى توشەك كارامەت ياسداق ئىدى. بۇ بىر جۇپ گوزەل ئەر-خوتۇن سالقىن ھەم تىنچ كېچىنى مۇشۇ يەردە ئوتكۇزمەكچى ئىدى.

يەلكىننى شامال ئۇچۇرۇۋاتقان كېمە سۇپ-سۇزۇك دېڭىزدا ھېچ داۋالغۇماي سىلىق كېتىپ باراتتى.

قاراڭغۇ چۇشكەن چاغدا، رەڭگا-رەڭ چىراقلار يورۇپ، دېڭىزچىلار كېمە ئۇستىدە ئۇسۇل ئويناشقا باشلىدى. بېلىق قىز بىرىنچى قېتىم دېڭىز يۇزىگە لەيلەپ چىققان چاغدىكى كورۇنۇشنى، شۇ چاغدىمۇ ھازىرقىدەك سەلتەنەتلىك، كوڭۇللۇك ئەھۋالنى كورگەنلىگىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدى-دە، ئۇسۇلغا چۇشۇپ كەتتى، ئۇ خۇددى ئارقىسىدىن بىرنىمە قوغلىغان قالغاچ پەرۋاز قىلغاندەك پىقىرايتتى، سەكرەپ-تاقلايتتى. ئۇسۇلنى ھەرقاچاندىكىدىنمۇ بەك ئوبدان ئوينىغانلىغى ئۇچۇن،

كوپچىلىك ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇرۇشتى، ئايرىن ئوقۇشتى. يۇمشاق پۇتىغا ئىتتىك پىچاق تەككەندەك بولسىمۇ، ئۇ ئاغرىقنى سەزمەيتتى، چۈنكى يۈرىكى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئېچىشماقتا ئىدى.

مۇشۇ كېچە ئۆزىنىڭ شاھزادىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن كېچىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى — مۇشۇ شاھزادىنى دەپ ئۇ ئۆز جەمەتى ۋە ئائىلىسىدىن ئايرىلدى، ئۆزىنىڭ چىرايلىق ئاۋازىنى قۇربان قىلدى، ھەر كۈنى پۈتمەس-تۈگىمەس ئازابلارغا چىدىدى، بىراق شاھزادە بۇلارنى بىلمىدى. بۈگۈنكى كېچە ئۇنىڭ ئۈچۈن شاھزادە بىلەن ئوخشاش ھاۋادىن نەپەس ئالىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچە، جىمجىت دېڭىزنى ۋە يۇلتۇز قاپلىغان ئاسماننى كۆرۈۋالىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنى — روھسىز، بەلكى روھقا ئىگە بولالمىغان ئۆزىنى ئويسىز ھەم خىيالسىز مەڭگۈلۈك كېچە كۈتۈپ تۇرماقتا. تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندىن كېيىنمۇ كېمىدىكى شاد-خوراملىق بېسىلمىدى. بېلىق قىز كۈلۈمسىرەپ ئۇسۇل ئوينىغىنى بىلەن، كۆڭلىنى ئۆلۈم خىيالى چۇلغىغان ئىدى. شاھزادە گۈزەل خانىمىنى ئىشقى بىلەن سويۇپ، ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قاپ-قارا چېچىنى سىلايتتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇلار يېتىش ئۈچۈن ھىلىقى ھەشەمەتلىك چېدىرغا قوللىرىنى تۇتۇشۇپ كىرىپ كېتىشتى.

ئەمدى كېمە جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىدى، پەقەت رولچىلا رولنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئاپپاق قولىنى كېمىنىڭ تېمىغا قويۇپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان بىيلىق قىز شەرق تەرەپكە كوز تىكىپ، تاڭ نۇرىنى كۈتمەكتە ئىدى — كۈن نۇرى كورۈنۈش بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئولىدىغانلىغىنى ئۇ بىلەتتى. ئۇ دولقۇن ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن ھەدىلىرىنى كوردى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىمۇ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش تاتىرىپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ شاماللدا يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق ئۇزۇن چاچلىرى كورۈنمىدى — ئۇلار چاچلىرىنى كىسىپ تاشلىغان ئىدى.

— ساڭا ياردەملىشىشنى، بۈگۈن كىچىدىكى ئولۈمدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەپ جىچىمىزنى ھىلىقى پىرىخونىغا بىرىپ كەلدۇق. — دىيىشتى ئۇلار بىيلىق قىزغا. — ئۇ بىزگە بىر پىچاق بەردى، مانا شۇ پىچاق، ئىتتىكلىگىنى كوردۇڭمۇ! كۈن چىقىشتىن بۇرۇن مۇشۇ پىچاقنى شاھزادىنىڭ يۈرىگىگە تىق. ئۇنىڭ يۈرىگىدىن ئاققان قان پۇتۇڭغا تىمىغان ھامان، ئىككى پۇتۇڭ قايتا تۇتىشىپ بىيلىق قۇيرۇغىغا ئايلىنىدۇ-دە، ئادەم بىيلىق قىياپىتىگە كىلىپ، ئوز ماكانىمىز سۇغا قايتىپ كىلىسەن. شۇنداق بولغاندا، جانسىز، تۇزلۇق كوپۈك بولۇپ كەتمەي، ئۈچ يۈز يىل ئومۈر كورىسەن. بول، چاققان بول! كۈن چىققىچە يا ئۇ ئولىدۇ، يا سەن ئولىسەن! خۇددى بىزنىڭ چىچىمىز پىرىخوننىڭ قايچىسىدا كىسىلىپ چۈشكەنگە ئوخشاش، قايغۇ-ھەسرەتتە مومىمىزنىڭ ئاق چىچىمۇ چۈشۈپ بولدى، شاھزادىنى ئولتۈرۈپ تىز قايتىپ كەلگىن! قىنى، تىزرەك بول! ئاسماندىكى قىزىل شەپەقنى كورمىدىڭمۇ؟ نەچچە مىنۇتتىن كىيىنلا كۈن چىقىدۇ،

ئۇ چاغدا چوقۇم ئولۇپ كېتىسەن.

ئۇلار مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئاجايىپ ۋە قاتتىق ئۇھ تارتىپ دولقۇن قۇچىقىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىشتى.

بېلىق قىز چېدىرنىڭ سوسۇن پەردىسىنى ئېچىپ قارىۋىدى، گۈزەل مەلىكىنىڭ بېشىنى شاھزادىنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كوردى. بېلىق قىز ئېگىلىپ شاھزادىنىڭ كېلىشكەن قېشىغا بىرنى سويدى، ئاندىن ھاۋاغا تىكىلىپ قارىغان ئىدى، تاڭنىڭ تېخىمۇ سۈزۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كوردى. ئۇ قولىدىكى پىچاققا، ئاندىن شاھزادىگە قارىدى — شاھزادە چۈشىدە خانىمىنىڭ ئېتىنى ئاتاۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي-خىيالى مەلىكىدىلا ئىدى. بېلىق قىزنىڭ پىچاق تۇتقان قولى دىر-دىر تىترەيتتى. دەل مۇشۇ چاغدا بېلىق قىز پىچىقىنى دولقۇنغا ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى. پىچاق بېرىپ چۈشكەن يەردىكى دولقۇندىن قان چاچراپ چىققاندەك قىزىل نۇر چاقنىدى. شۇنىڭ بىلەن بېلىق قىز نۇرى غۇۋالاشقان كوزىنى شاھزادىگە يەنە بىر قېتىم تىكتى-دە، كېمىدىن دېڭىزغا سەكرەپ چۈشتى، ئۇ ئوز تېنىنىڭ كوپۈككە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى.

ئەمدى قۇياش دېڭىزدىن كوتىرىلدى. سوغاق كوپۈككە يېقىملىق، ئىللىق ئاپتاپ چۈشكەچكە، بېلىق قىز ئوزىنى ھالاك بولمىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ نۇرلۇق كۈننى، توپىسىدە ئۇچۇپ يۈرگەن سان-ساناقسىز سۈزۈك، چىرايلىق جانلىقلارنى كوردى. ئۇنىڭ كوزىنىڭ قۇۋۋىتى كېمىنىڭ ئاق يەلكىنىگە ۋە ئاسماندىكى

بۇلۇتلارغىچە يەتتى. جانلىقلارنىڭ ئاۋازى ماسلاشقان مۇزىكىغا ئوخشاش ئىدى، بىراق بەك بوش بولۇپ، يەردىكىلەرنىڭ كوزى ئۇلارنى كورەلمىگىنىگە ئوخشاش، ئادىمىزات قۇلىغى ئۇ ئاۋازنى پەقەت ئاڭلىيالمايتتى. بۇ قاناتسىز جانلىقلار ئوزلىرىنىڭ يىپىنىڭ گەۋدىسى بىلەن ئاسماندا لەيلەپ يۇرەتتى. بىلىق قىز ئوزىنىڭ تېنىنى شۇلارنىڭكىدەك بولۇپ قالغاندەك سەزدىدە، كوپۇك ئىچىدىن كوتىرىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

— كىمنىڭ قېشىغا بارسام بولار؟ — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ باشقا جانلىقلارنىڭ ئاۋازىدەك بوش ئىدى، شۇنداقتىمۇ دۇنيادىكى ھېچقانداق مۇزىكا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى.

— ئاسمان قىزىنىڭ قېشىغا بارغىن! — دەپ جاۋاپ قايتۇردى بىر ئاۋاز، — بىرەر ئادەم مۇھەببەت باغلىمىغىچە بىلىق قىزدا ئولمەس روھ بولمايدۇ، بەلكى مۇنداق روھنىڭ بولۇشىمۇ مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس. بىلىق قىزنىڭ مەڭگۇ ياششى تاشقى كۇچكە باغلىق بولىدۇ. ئاسمان قىزىنىڭمۇ مەڭگۇلۇك روھى يوق، بىراق ئۇ ئوزىنىڭ ياخشىلىقلىرى ئارقىلىق روھ بەرپا قىلالايدۇ. بىز قاتتىق ئىسسىق ئەلگە ئۇچۇپ بارىمىز، ئۇ يەردە كېسەللىك تارقىتىدىغان ھاۋا خەلققە زىيان يەتكۇزمەكتە، سالقىن شامال چىقىرىپ، ئاسمانغا گۇللەرنىڭ ئىسىل پۇراقلىرىنى چېچىپ، خەلققە سالامەتلىك ۋە خوشاللىق بېغىشلايمىز. ئۇچ يۇز يىلدىن كېيىن، قولىمىزدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئولمەس روھقا ئېرىشى-

مىز ـ دە، ئادىمىزاتتا بولىدىغان جىمىكى مەڭگۈلۈك بەختتىن بەھرىمەن بولىمىز. سەن، بىچارە بېلىق قىز، شۇ نىشان ئۈچۈن بىزگە ئوخشاش بارلىقىڭنى بېغىشلاپ، ھەممە ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە چىداپ، ئاخىرغىچە بوشاشماي كۈرەشتىڭ؛ ئەمدى سەن جىن ـ ئالۋاستىلار دۇنياسىغا چىقىپ قالدىڭ. ئۈچ يۈز يىلدىن كېيىن، ئۆز ياخشىلىقىڭ ئارقىلىق ئۆلمەس روھقا ئىگە بولالايسەن.

خۇدانىڭ كۈنىگە قارىتىپ پاقىراپ تۇرغان قولىنى كوتەرگەن بېلىق قىزنىڭ كوزىگە بىرىنچى قېتىم ياش كەلگەن ئىدى.

ھىلىقى كېمىدە كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ھەركەت يەنە باشلاندى. بېلىق قىز ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن شاھزادە ۋە ئۇنىڭ گۈزەل خانىمىنى كوردى. ئۇلار بېلىق قىزنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنغا سەكرەپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندەك، ئوركەشلەپ تۇرغان كوپۈككە ھەسرەت ـ پىغان بىلەن قاراپ تۇراتتى. غۇۋالىق ئىچىدە تۇرغان بېلىق قىز شاھزادىنىڭ خانىمىنىڭ پىشانىسىگە سويدى ۋە شاھزادىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، ھاۋادىكى باللار بىلەن بىللە ئەتىر گۈل رەڭلىك بۇلۇتقا مىنىپ، ئاسمانغا كوتىرىلىپ كەتتى.

— ئۈچ يۈز يىلدىن كېيىن بىز جەننەتكە بارىمىز!

— بىزگە ئۇنىچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمەس بەلكىم! — دىدى بىرسى پىچىرلاپ، — ئادىمىزاتنىڭ ئويىگە بىلىندۇرمەي ئۈچۈپ كىرىمىز، بۇ ئويلەردە باللار تۇرىدۇ. بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە ئاتا ـ ئانىلىرىنى خوشال قىلىدىغان، ئاتا ـ ئانىلىرى ياخشى كورـ

دىغان ياخشى بالىغا ئۇچرىساق، خۇدا بىزنىڭ سىناق ۋاقتىمىز-
نى قىسقارتىشى مۇمكىن. بالىلار بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئۈستىدىن
ئۇچۇپ ئۆتكىنىمىزنى بىلمەي قالىدۇ. بىز ئۇلارغا قاراپ بەخت-
لىك ھالدا كۈلۈپ قويساق، ئۈچ يۈز يىلىمىزنىڭ بىر يىلى
قىسقىرىدۇ؛ ئەگەر كەپسىز ھەم يامان بالىنى كۆرۈپ قايغۇرۇپ
يىغلىساق، ئۇ چاغدا كۆز يېشىمىزنىڭ ھەر تامچىسى سىناق ۋاقتى-
مىزنى بىر كۈن ئۇزارتىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىچىك پېتىر* (قىسقارتىلما)

## (گېرمانىيە) H. زۇر مۇخلىن

## كومۇرنىڭ ھېكايىسى

كىچىككىنە پېتىر مۇز تېيىلىشقا بارغان ئىكەن، يىقىلىپ چۇشۇپ پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە كارۋاتتا جىم يېتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئاپىسى كۈن بويى سىرتتا ئىشلەيدىغان، ئۇزى بىلەن بىللە ئوينايدىغان ئاداشلىرى تالادىكى قاردا زوق-شوقى بىلەن ئويناپ، كېسەل بولۇپ ياتقان ئۇزىنى يوقلاپ قويۇشنىمۇ تامامەن ئەسلىرىدىن چىقىرىپ

---

* «كىچىك پېتىر» — نېمىس ئايال يازغۇچى خېرمىنىيە زۇر مۇخلىنىنىڭ قىسقا چوچەكلەر توپلىمى. ئۇ 1883 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، باللىق چاغلىرىدا دادىسى بىلەن ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن جايلارغا بارغان. ئۇ 1920 - يىلدىن باشلاپ گېرمانىيە پۇرولېتارىيات ئەدىبىياتى پائالىيىتىگە قاتناشقان. لۇشۇن ئۇنى "ھەقىقىي سوتسىيالىزمچى يازغۇچى" دەپ تەرىپلىگەن.

قويغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچى بەك پۇشۇپتۇ. لېكىن، يوپ- يورۇق قۇياش نۇرى دەرىزىدىن ئۆيگە چۈشۈپ، خوشاللىق سايىسى تاملاردا ئەكس ئېتىپ تۇرغاچقا، كىچىك پېتىر كۆڭۈللىرى ئۆزىچە خوشال ئوتىدىكەن. كەچ كىرىش بىلەنلا، تار كىچىك ئۆينى بارا-بارا قاراڭغۇلۇق باسىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن كىچىك پېتىرنىمۇ قورقۇنچ بېسىپ، پەلەمپەيدىن ئاپىسى- نىڭ قايتىپ كەلگەن چاغدىكى ئاياق تىۋىشىنىڭ كېلىشىنى توت كوزى بىلەن كۈتۈپ ياتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپىسى قايتىپ كەلمىسە، كىچىك مەشكە ئوت قالالمايدىكەن، كىچىك پېتىر توڭلاپ تىترەپ ياتىدىكەن.

بىر كۈنى، ئەتىگەندىن باشلاپلا قار ياققىلى تۇرۇپتۇ. كىچىك پېتىر كارۋىتىدا يېتىپ پاختىدەك ئاپپاق ئۇزۇن-ئۇزۇن يىپلار- نىڭ ئاسماندىن يەرگە سوزۇلۇپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كورۇپتۇ. ئاخىر ھەممە ياق قاپ-قاراڭغۇ بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ توڭلاپ كېتىپتۇ ۋە ئىختىيارسىز قورقۇپتۇ، غېرىپسىنىپتۇ-دە، جىم يېتىپتۇ.

توساتتىن، ئۇنىڭ قۇلىغىغا پولدا پىچىرلىشىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بوپتۇ. ئۇ ھاڭ-تاڭ بولۇپ، قۇلىغىنى دىڭ قىلىپ قۇلاق سېلىپتۇ. ئازراق كومۇر قاچىلانغان كومۇر ساندۇ- غىدىن مۇلايىم ۋە پەس ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. كىچىك پېتىر بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران بوپتۇ. ھەيرانلىقتا نەپىسى بوغۇلايلا دەپ قاپتۇ. ھالبۇكى، پەس كۈسۈرلىشىۋاتقان ئاۋاز جىمجىت

ئۆيدە بارا-بارا ئۇنلۇك ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ئەسلىدە گومۇر پار-چىلىرى پاراڭلىشىۋاتقان ئىكەن.

— ئەجەپ قاراڭغۇ يەر ئىكەنا، — دەپتۇ ئەڭ ئۈستىدىكى كومۇر، — ھېچنىمىنى كۆرۈنمەيدىكەنغۇ؟

— مەن بۇرۇن تۇرغان يەر بۇنىڭدىنمۇ قاراڭغۇ ئىدى، — دەپتۇ يەنە بىر پارچە كومۇر.

— بۇرۇن قەيەردە تۇرغان ئىدىڭىز؟

— يەر ئاستىدا، ئۇكام. مەن يەر ئاستىدا ئۇخلايتتىم. ئۇ يەر ھەم ئىللىق، ھەم ھوزۇرلۇق ئىدى، ئەتراپىمدا سان-ساناقسىز ئاكا-ئۇكىلار بار ئىدى، ئۇلار بىلەن بىللە قىسىلىپ ياتاتتىم. بىركۈنى ياتقان كارۋىتىم تەۋرەشكە باشلاپ، ئارقىدىن گۈلدۈر! قىلىپ قاتتىق ئاۋاز چىقىۋىدى، شۇ ئاندىلا ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. يەر يېرىلىپتىكەن، مەن گۈلدۈرلەپ دومىلاپ چىقىپتىمەن. ئارقىدىنلا، بىر تار خاڭغا چۈشۈپ كەتتىم. بۇ خاڭ ھەم تار، ھەم پاكار ئىكەن، خاڭدا ئادەم زادىلا بېلىنى ئالالمايدىكەن. بۇ يەردە بەللىرى يادەك ئېگىلگەن بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇ مۈكچەيگەن ھالدا ئوھو-ئوھو دەپ يۆتىلىپ تۇرۇپ تامنى تېشىدىكەن، تەر پېشانىسىدىن چىپىلداپ ئېقىپ تۇرىدىكەن. لېكىن، شۇنداقتىمۇ بىر دەممۇ ئارام ئالماستىن، تامنى ئۇزاققىچە كولايدىكەن. ھەي، ئۇ بىچارىنىڭ چارچاپ ھالى قالماپتۇ! نەچچە قېتىملاپ ئۇنلۇك نالە قىلىپ، گويا بەللىرى قاتتىق ئاغرىغاندەك، بېلىنى تىترەپ تۇرغان قولى

بىلەن سىلىدى، ئەمما ئۇ يەنە دەرھال تامنى تەشكىلى تۇردى. كىچىككىنە خالى بەكلا ئىسسىق ئىدى. مەن ئىنسانلار-نىڭ ھاۋا بولمىسا ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا ھىلىقى ئادەمنىڭ پۈتۈنلەي ھاۋاسىز، سىپسىق پۇراق بۇرقۇپ تۇرغان يەر ئاستىدا زادى قانداق ھايات تۇرغانلىقىغا تا ھازىرغىچە ھەيرانمەن. مەن ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە مۇشەققەت تارتىپ، ھەسرەت چېكىپ يۈرگەن، چىرايلىرى قورقۇنچلۇق بۇ كىشىلەر ئەسكى ئادەملەر ئوخشايدۇ، جازالىنىپ بۇ تار ئۆتكۈرگە قاماپ قويۇلغان ئوخشايدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن. ئۇزاق ئۆتمەي مېنى كىچىك غالتەككە سېلىپ يوروق دۇنياغا ئېلىپ چىقىشتى. ئەمما، بىلىنى رۇسلاپ تۇرالمايدىغان، ۋاي بېلىم دەپ زار قاخشايدىغان ھىلىقى بىچارە ئادەم تا ھازىرغىچە زادىلا ئېسىمدىن كەتمەيدۇ.

—ئۇكام، سېنى ھېچنىمنى بىلمەيدىكەن دىسە بولىدىكەن،— دەپتۇ كومۇر ساندۇغىدىن دومىلاپ چىقىپ، مەش ئاستىدىكى قاڭالتىردا توختاپ قالغان كىچىك بىر پارچە كومۇر،—ھالى ۋاي بېلىم دەپ زار قاخشىغان ھىلىقى ئادەمنىڭ ھالىدىنمۇ بەك خاراپ كىشىلەرنى كوپ كورگەنمەن. مەن بەك ئۇزۇن-بەك ئۇزۇن بىر خاڭدا ئىدىم، ئۇمۇ سەن ھازىر ئېيتقان خاڭدەك بەك تار ئىدى. ئۇ يەردە ئون نەچچە ئادەم ئىشلەيدىكەن. ئۇلار ماڭلىيىغا بىردىن كىچىك چىراق ئېسىۋالغان ئىكەن. "باشقىچىلا پۇراق كېلىۋاتىدۇغۇ؟ ئىشنى يىغىشتۇرۇپ،

قايتىپ كەتكىنىمىز تۇزۇك تۇردىۇ“ دېدى ياشانغان بىر ئادەم. ”ئىشنى يىغىشتۇرىمىز دەپ تىرىكچىلىك يولىمىزدىن ئايرىلىپ قالمايلى يەنە!“ دېدى باشقا بىر ئەركىشى ئۈنلۈك ئاۋازدا. شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن يەنە ئىشلەۋەردى. خوجايىنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلىمىسە ئىشتىن ھەيدىلىدىغان بولغاچقا، ئىشلىمەي بولمايدىكەن، ئىشلىمىسە خوتۇن-بالىلىرى ئاچتىن ئۆلۈشكە مەجبۇر ئىكەن. كىچىك چىراق بارا-بارا غۇۋالىشىپ، خاك ئىچى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا بىر ئادەم كېلىۋېدى، قېرى خاكچى ئۇنىڭغا: ”غوجام، بىرەر ۋەقە تۇغۇلىدىغاندەكلا تۇردىۇ، چىقىپ كەتسەك بولارمۇ؟“ دېدى. ھېلىقى ئادەم گويا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلارنى سوراققا تارتقاندەك، بۇ بوۋاينى يامان نىيەت بىلەن قاتتىق سوتلىۋېتىپ چىقىپ كەتتى. خاكچىلار ئوھۇ-ئوھۇ قىلىپ يۆتەلگەن پېتى ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. بۇ ئىشقا ئەقلىم يەتمىدى، ھەيران قالدىم: ئۇلار زادى نىمىشقا ھېلىقى ئادەمگە شۇنچىۋالا ئىتائەت قىلىپ كېتىدۇ؟ ھېلىقى ئادەم خاكچىلاردىن ھېچبىر ئالاھىدىمۇ كورۇنمەيدۇ، ئۇلاردىن ھېچ يوغاندەكمۇ ئەمەس، كۈچلۈكتەكمۇ ئەمەس. بۇ زادى نىمە گەپ؟

—ۋاھ، بىردىنلا گۈلدۈرلەپ دوملاشقا باشلاپتىمەن. بېشىمنى كوتىرىپ ئەتراپقا قارىسام، ھېچنەرسە مېنى بېسىۋالمىغان ئىكەن. ئەمدىلا ئاشۇنداق ئويلاپ تۇرۇشۇمغا ئاسمانغا كوتىرىلدىم. شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە گۈلدۈرمامىدەك قورقۇنچلۇق ئاۋاز

ئاڭلاندى. كىچىك چىراقلار ئۆچۈپتۇ، يوغان-يوغان داڭگاللار ئاسماندىن تورۇكلاپ چۈشكىلى تۇردى. قاراڭغۇ-زۇلمەت ئىچىدە، خېلى ۋاقىتلارغىچە كىشىلەرنىڭ ۋاقىراش-جاقىراشلىرى ۋە ئىڭراش-ۋايساشلىرىنى ئاڭلىدىم. بىر خاڭچى مېنىڭ ئۈستۈمگە يىقىلدى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، بېشىدىن ھول بىر نەرسىنىڭ ئېقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى تۇيدۇم. ئارىدىن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەن بولسا كېرەك، ھەممە نەرسە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاشۇنداق يېتىپ كەتتى. باشتا كىشىلەر ۋاقىرىغان، قۇتقۇزۇڭلار! دەپ توۋلىغان ئىدى، ئەمما كېيىنچە ئۇ ئاۋاز-لارمۇ بارا-بارا پەسىيىپ كەتتى ۋە ئاخىر ئۆچتى. بەزىلەر بىر-نەچچە قېتىم ئىڭراپ تۇرۇپ سۇ سورىغان، بىراق بۇ يەردە بىر تېمىم سۇ نىمىش قىلسۇن. ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى باشقا خاڭچىلار ئېپچىقىپ كېتىشتى. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. دىمەك، ھىلىقى بوۋايمۇ مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ خوتۇن



ۋە بالىلىرى سىرتتا يىغلاپ تۇرۇپتىكەن. ئۇ پەردە توڭگۇزدەك سېمىز، پۇزۇر كېيىنگەن بىر زات تۇراتتى، ھىلىقى بوۋاينىڭ جەسىدىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن چاغدا، بوۋاينىڭ جەسىدى خۇددى ئۇ ئادەمگە مۇشتىنى تۈگۈپ تۇرۇپ ئاستاغىنا: "خاڭنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى سەن بۇرۇنلا بىلىسەن. ئەمما سەن پۇلنى بىزنىڭ جېنىمىزدىن ئەۋزەل كۆردۈڭ" دېگەندەك بولدى. ھالبۇكى، بوۋاينىڭ ئۆلۈشى بىلەن ھىلىقى سېمىز مەخلۇقنىڭ نېمە كارى، ئۇ بوۋاينىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئازراق ئېچى-نىپمۇ قويمىدى. مەن شۇ خاڭچى بوۋاينىڭ كىيىمىگە چاپلىشىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئوچۇقچىلىقتا چىقىپ قالدىم ۋە بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ۋەقەنى كۆرۈپ تۇردۇم.

— ئەمما، سەن، — دەپتۇ باشقا بىر پارچە كۆمۈر ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ، — ئەمما، سەن شۇ كۈنى كەچتە، ئۆلۈپ كەتكەن خاڭچىلارنىڭ جەسىدى كىچىك ئۆيگە قويۇلغان، ئۇلار-نىڭ خوتۇن-بالىلىرى زار-زار قاخشاپ يىغلاۋاتقان چاغدا، ھىلىقى باينىڭ ئۆيىدە كاتتا تانسا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىسەڭ كېرەك. ئۇ يەردە پال-پۇل، ۋال-ۋۇل كىيىملەرنى كىيىۋالغان نۇرغۇن ئاياللار تانسا ئويناشتى، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە دادىسىدىن ئايرىلغان بالىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان بىرسىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىلىقى باي ئادەم تېخى خۇشال-لىقىدا ھىجايماقتا ئىدى. ھالبۇكى، خاڭچىلارنى خاڭغا چۈشۈرگەن، ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئادەم دەل ئاشۇ

ئادەم ئەمەسمۇ؟ مەن چۈشەنمىدىم: ھېلىقى ئادەم نېمە ئۈچۈن شۇنچە يامان نىيەتلىك، نېمىشقا باشقىلارنى خورلايدۇ؟

— ئۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق. مەن بىلىمەن، — دەپتۇ ناھايىتى قارا ۋە پاقىراپ تۇرغان باشقا بىر پارچە كومۇر، — مەن يەر يۈزىدە ناھايىتى ئۇزاق تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، ھەر خىل - ھەر ياڭزا ئىشلارنى كوردۇم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممەيلەن مېنى ئاكا - ئۇكا، ھەدە - سىڭىللىرىم ئىچىدە ھەممىدىن زېرەكى دېيىشىدۇ، شۇڭا ھەممە ئىشنى بىلىمەن. بۇ دۇنيادا باي ۋە كەمبەغەل دەپ ئىككى خىل ئادەم بار. بۇ دۇنيادا جىمى نەرسە بايلارنىڭ، كەمبەغەللەرنىڭ بولسا ھېچنېمىسى يوق. بۇغۇ بۇرۇن ئوتكەن ئىش، ھازىرقىغا كەلسەك، كارۋاتتا ياتقان ماۋۇ بالىغا قاراڭلار. ئۇ كېسەل، ئەمما كۈن بويى ئۆزى يالغۇز ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقىمۇ يوق، ياتىدىغان بۇمشاق كارۋىتىمۇ يوق، ئۇنىڭغا ئېغىزغا تېتىغۇدەك يېمەكلىكمۇ يوق. ئاپىسى ھەر كۈنى زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلىمىسە بولمايدۇ، شۇڭا بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى چولىسى يوق. بۇ بالا مۇشۇنداق ئازاپلىنىۋاتىدۇ. بەلكىم سىلەر ئۇ ئەسكى بالا بولغاچقا شۇنداق كۈنگە قالغان ئوخشايدۇ دەپ قالغانسىلەر. ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بۇ بالا ئاقكۆڭۈل، تىرىشچان بالا. بىرلا يېرى، ئۇ بەك كەمبەغەل. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار يەنە كوپ. مەن بۇرۇن كېمىگە چۈشۈپ بىپايان دېڭىزدا ساياھەت قىلغان. بايلار چىرايلىق، ھاۋا ئوتتۇشۇپ تۇرىدىغان

www.uyghurkitap.com

ياخشى بولمىلەردە تۇرىدىكەن، كېمىنىڭ ئۈستىدە لاغىلاپ يۈرۈپ سەيلە قىلىدىكەن، ئىسىل نەرسىلەرنى يەيدىكەن، ئىچىدىكەن. ئەمما كېمىنىڭ ئاستى تەرەپتىكى قوسىقىدا بولسا كېمىنى ماڭغۇزىدىغان ماشىنا بار ئىكەن. ئۇ يەرزە دوزاقتەك ئىسسىق بولۇپ، ئىچى ماينىڭ پۇرىقى ۋە ئىس بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئوت قالىغۇچىلار كۈننى كۈن دىمەي، تۈننى تۈن دىمەي، ئاشۇ ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، كۆمۈرنى ئوت لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوچاققا تاشلاپ تۇرىدىكەن. ئۇلار كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ يۈرىسىمۇ، يەنىلا ئىسسىقتا دىمىنى ئالالمايدىكەن. ئىسسىپ كېتىپ باشلىرى گاڭگىراپ قېلىپ، ئەس-ھوشىنى بىلمەي كېمىنىڭ ئۈستىگە يۈگۈرەپ چىقىۋالغانلارمۇ خېلى بار ئىكەن. ئۇزىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى، قانداق ماڭىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، ساپ ھاۋا يەيمەن دەپ مېڭىۋېرىپ، ئاخىر يىقىلىپ چۈشۈپ دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتكەنلەرمۇ بار ئىكەن. دەھشەتلىك ئىسسىقتا كېسەل بولۇپ قالغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. ئەمما، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ھامان كېمىنىڭ قوسىقىدا تۇرۇپ، داۋاملىق تۈردە ئوچاققا كۆمۈر تاشلايدىكەن.

— ئەمما، بايلارمۇ بەزىدە ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئوت قالىغۇچىلارغا ياردەملىشىدىغۇ؟ — دەپتۇ كىچىككىنە بىر پارچە كۆمۈر تاتلىق ئاۋاز بىلەن.

پاقىراپ تۇرغان قاپ-قارا كۆمۈر كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— تازىمۇ دوت بىر نـەمە ئىكەنـسەن! بايلار دەل ئۆزلىرى ھىچقانداق ئىش قىلمايمۇ ياخـشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن كەمبەغەللەرنى ئاشۇنداق پۈتمەس - تۈگمەس ئىشلارغا سالىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ قىلغان ئىشلىرى بايلارغا نەپ كەلتۈرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، بايلارنىڭ ئالدىـدا كەمبەغەلـلەر شۇ دەرىجىدە ھىچنىمىگە ئەرزىمەسمۇ؟ كەمبەغەلـلەر ئۆز كۈچـلىرىگە تايىنىپ ئىشلەپ كۈن كەچۈرسە بولمامدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كىچىك كومۇر پارچىسى قىزىقىسىنغان ھالدا كوزلىرىنى ئوينىتىپ.

— ئاھا، ئۇنداق ئىش بولامدىغان — دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ زىرەك ۋە پاقىراپ تۇرغان كومۇر، — سان جەھەتتە، كەمبەغەللەر بايلاردىن كوپ جىق. ئەگەر كەمـبەغەلـلەرنىڭ ھەممىسى گىپىنى بىر قىلىپ ھەمكارلىشـدىغان بولـسا، ھازىر بايـلارنىڭ قولىغا ئوتۇپ قالغان جىمى نەرسىلەرنى ئۇز قوللىرىغا ئىلىۋالالايدۇ.

— ئۇنداقتا، نىمە ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلمايدۇ؟

— ئۇنى سەن ئىنـسانـلاردىن سورىـساڭ بولـىدۇ، — دەپتۇ ئەقىللىق كومۇر، — مەن بۇنى راست بىلمەيدىكەنمەن.

بۇ چاغدا پەلەمپەيدىن كىلىۋاتقان ئاياق تىۋىشى ئاڭـلانغان ئىكەن، ھەممە كومۇر ئۈن چىقارماي جىم بولۇۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## سەرەڭگە قېپىنىڭ ھىكايىسى

ئىككىنچى كۈنى كىچىك پېتىرگە كۈن بەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپتۇ، ئۇ كەچ كىرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپتۇ. كومۇرلەر يەنە پاراڭلىشارمۇ؟ نىمە قىزىق گەپلەرنى قىلىشار؟ دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ كېچىچە چوڭقۇر، قاراڭغۇ خاڭنى ۋە كەڭ دېڭىزدا يۈرگەن يوغان پار كېمىسىنى چۈشەپ چىققان ئىكەن. شۇڭا ئۇ بۈگۈن كەچتە يەنە قانداق يېڭى ھىكايىلەرنى ئاڭلارمەن دەپ كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن.

ھالبۇكى، تۈن پەردىسى بارا-بارا بۇ ئويىگىمۇ چۈشۈپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋېتىپتۇ، ئەمما بۈگۈن نىمە بولغاندۇ، ئوينىڭ مەش قويۇلغان بۇلۇڭى جىمجىت، ھېچقانداق ئاۋازمۇ ئاڭلانمايدۇ.

بالا كوزىگە ياش ئاپتۇ. ئۇ كەچ كىرگەندە ھىكايە ئاڭلاي-مەن دەپ توپ-توغرا بىركۈن خوشال ھالدا كۈتۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئەسكى كومۇرلەرنىڭ جىم بولىۋالغىنى نىمىسى؟ ئۇ شۇ ئاندىلا غېرىبسىنىپتۇ. ئۇ ئاپام ھەركۈنى ئىشقا كېتىدۇ، ئوزەم كېسەل، مۇشۇنداق يالغۇز يېتىۋېرىمەنمۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ، كوزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بالا ھوڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

ئۇ يىغلاۋاتسا، بىردىنلا مۇلايىم بىر ئاۋاز كەپتۇ:

— ھەي، نىمشقا يىغلايسەن؟

كىچىك پېتىر دەرھال مەش تەرەپكە قاراپتۇ. قۇلاق سالسا، ئاۋاز ئۇ ياقتىن ئەمەس، بەلكى كارۋىتىنىڭ يېنىدىن چىقىۋاتقۇدەك. قارىسا، بىر سەرەڭگە قېپى تار تەرىپىنى يۇت قىلىپ كارۋىتىنىڭ يېنىدىكى كىچىك شىرە تۈپىسىدە ئۆرە تۇرغۇدەك. سەرەڭگە قېپى تېخى ئېچىشىپ قويۇپتۇ، بەلكىم بۇ سالاملاشقىنى بولسا كېرەك.

— ھەي، نىمشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ سەرەڭگە قېپى.

— يالغۇز يېتىپ، كۆڭلۈم يېرىم بولغاچقا، — دەپتۇ پېتىر ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— نەدىكى گەپ، نەدىكى گەپ، يالغۇز ئەمەس سەن، — دەپتۇ سەرەڭگە قېپى ۋە كارۋاتقا سەكرەپ چۈشۈپتۇ.

— ئۇيدىكى تۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئاداشلىرىڭ. راستلا كۆزۈڭنى ئېچىپ قاراپ باققىنا، قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ باققىنا.

سەرەڭگە قېپى تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، كىچىك پېتىر يەنە خوشال بوپتۇ ۋە بۇ سەمىمى سەرەڭگە قېپىنى سىلىماقچى بولۇپ، قولىنى ئاستا ئۇزىتىپتۇ.

— سەن زادى كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پېتىر.

— مەن دەرەخ بولىمەن.

پېتىر ھەيران قېلىپ، سەرەڭگە قېپىغا قاراپ قاپتۇ. ئۇ كىچىككىدىن تارتىپلا چوڭ شەھەردە ئۆسكەچكە، دەرەخ دىگەن نەرسىلەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەن. شۇنداقتىمۇ بۇ كىچىك سەرەڭگە قېپىنىڭ ئۆزىنى دەرەخ دىگىنىگە ئۇ زادىلا ئىشەنمەپتۇ. بۇ قاپ جويلىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ كۆلۈپ كېتىپتۇ. سەرەڭگە قېپى ئۇنىڭ كۈلگىدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئورنىدىن شاققىدا تۇرۇپ، خاپا بولغاندەك ئاھاڭ بىلەن:

— مېنىڭ بۇرۇن يوغان دەرەخ ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمەيۋاتىسەنغۇ دەيمەن. خوش، ئۇنداق بولسا، ھەققى ئىشلارنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي. باشقىلارنىڭ گېپىدىن گۇمانلىنىش ھەقىقەتەن ياخشى ئىش ئەمەس. لېكىن، ئىنسان دەپ ئاتالغان نەرسىلەر ھەممە ۋاقىت ئالدامچىلىق قىلىپ يۈرگەچكە، بىراۋ راست گەپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، — دەپتۇ.

كىچىك پېتىر ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى بىلىپ، ئىچىدە خاتالىقىنى تونۇپتۇ، سەرەڭگە قېپىنىڭمۇ ئاچچىقى بېسىلىپ، مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر پاراڭ باشلىنىپتۇ.

— سەن كەڭ ئورمانلىقنى كۆرگەنمۇ؟

كىچىك پېتىر بېشىنى چايقاپتۇ.

— ھە، كۆرمەپتىكەنسەن-دە. راست، سەن قورقۇنچلۇق كومۇر ئىسلىرى بىلەن قاپلانغان مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ كەلگەنسەن، شۇنداقمۇ.



www.uyghurkitap.com

كىچىك پېتىر بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

— خوش، ئۇنداق بولسا، سەن خۇددى مۇشۇ كوچىدىكى ئۆيلەر بىلەن ئۆيلەرنىڭ بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، دەرەخ بىلەن دەرەخ بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كەڭ ئورمانلىقنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ باققىن. دەرەخلەر، ئەمىلىيەتتە، بىرتۇپ-بىرتۇپتىن بولۇپ، دەرەخلەردە ئۇچار قاناتلار ماكانلاشقان. ئەمما بۇ ئۇچار قاناتلار سىلەر كەمبەغەللەردەك تار ئۆيلەردە قىستىلىپ ياتمايدۇ، ئۇلار كەڭ جاينى ئۆي-ماكان قىلىدۇ، ھەرقانداق يەرگە ئىختىيارىي كوچۇپ بېرىۋېرىدۇ. ئۇلاردا ئۆي ئىجارىسى تولەش دەيدىغان گەپمۇ يوق. نىمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇچار قاناتلار ياشاش ئۈچۈن ئۆي-ماكانلىق بولۇشنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قۇشلار دۇنياسىدا سىلەرنىڭ ئىنسانلار دۇنياسىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئىشمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ: كوپ ئېغىز ئۆيلۈك چوڭ ئىمارەتتە پەقەت بىرلا قۇش تۇرىدۇ. بەش-ئالتە قۇش مەينەت، كىچىك بىر ئېغىز ئۆيگە تىقىلىشىۋالىدىغان ئىش ھەرگىز يوق. سىلەر ئىنسانلاردا ئۆي-جاينىڭ تەقسىم قىلىنىشى ھەقىقەتەن مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن. — سەرەڭگە قېپى كىچىك پېتىرنىڭ ئۆز يېنىدا ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغاندەك سوزلەپلا كېتىپتۇ، — مەن بەزى كىشلەرنىڭ شەھەرگە كاتتا ئىمارەتلەرنى سېلىپ، يېزىلاردا يەنە داچا سېلىۋالغانلىقىنى، بەزى كىشلەرنىڭ بولسا ئولتۇرىدىغان ئۆيىنىڭمۇ يوقلۇقىنى،

ئۇلارنىڭ كوۋرۇك ئاستىدا ياكى باغلاردىكى ئۇزۇن ئورۇندۇق-لاردا كېچىنى ئوتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى بۇنداق ئىشلار ئورمانلىقتا ھەرگىز يوق. ناۋادا بىرسىنىڭ ئىككى يەردە ئويى بولۇپ قالسا، ئويى يوقلار چىقىپ ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېتىپ تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا كىرىۋالىدۇ. ئەمما، ئىنسانلار دۇنياسىدا بولسا ئۇنداق ئەمەس، كىشلەر بىكاردىن-بىكارغا ئاھ ئۇرىدىكەن، ھەسرەت چېكىدىكەن، ھېچقانداق ئامال قىلالمايدىكەن. مەن ئىنسانلاردەك دوت ھايۋاننى كورۇپ باققان ئەمەس.

سەرەڭگە قېپىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان گەپلىرىنى ئاڭلىغان بالا بىر ئاز زېرىكىپ، ئاستاغىنا سوراپتۇ:

— ئەمىسە، ئورمان ھەققىدىكى ئىشلاردىن سوزلەپ بەرسەڭ قانداق؟

— ھە، ھە، بولىدۇ. بىراق سەن ئورمان دىگەننى كورۇپ باقمىغان ئىكەنسەن، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتىمەن. قىسقىسى، ئىمكان قەدەر ئاسان چۈشەنگۈدەك قىلىپ سوزلەپ بېرەي. مەن كەڭ ئورمانلىقتىكى ئەڭ ئىگىز دەرەخ ئىدىم. بۇ ئورمان بىر بايغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئورماندىن باشقا تېرىلغۇ يەرلىرى، ئات-ئۇلاقلىرىمۇ بار ئىدى. مەن بۇ باينى كورمىگەن چېغىمدا، ئۇ جەزمەن چوچەكلەردە دىيىلىدىغان دانىشمەنلەردەك ئادەم ئوخشايدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن. نىمە ئۈچۈن دىمەمسەن، چۈنكى نۇرغۇن-نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ

يېرىنى ھەيدەيدىكەن، مېلىنى باقىدىكەن، ئەتىدىن كەچكىچە تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلەيدىكەن، ھىلىقى باي بولسا لاغايلاپ يۈرىدىكەن، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئەمما بىر كۈنى ئۇ بىزنىڭ ئورمانلىقتا پايپاسلاپ كەپتۇ، زەڭ سېلىپ قارىسام، ۋاي، بۇ قانداق گەپ، ئۇمۇ ئادەتتىكى بىر ئادەم ئىكەنغۇ. پەقەت ئادەتتىن تاشقىرى سېمىز، يۈزى قىپ-قىزىل بىر ئادەم ئىكەنغۇ.

—بەزى مومايلارمۇ پات-پات ئورمانلىققا كېلىپ قۇرۇق شاخ ۋە غازاڭلارنى تېرەتتى، بىراق ئۇلار ھامان قورقۇمسىراۋاتقاندەك، بىر نەرسىدىن غەم قىلىۋاتقاندەك كورۇنەتتى. باي غوجام كەمبەغەللەرنىڭ ئورمانلىقتا ئوتۇن تېرىشىنى چەكلىگەن ئىكەن. مېنىڭچە بۇنىڭدىنمۇ ئوتۇپ كەتكەن يولسىزلىق بولماس. بۇنداق قۇرۇق شاخنىڭ بايغا لازىمى يوق تۇرسا، باشقىلارنى تەرگىلى قويمىسا، بىكاردىن-بىكارغا چىرىپ-سېسىپ كەتمەمدۇ؟

—بىر كۈنى، سەھرالىق بىرسى توشقان ئېتىپتىكەن، ئۇنى ئورمان باققۇچى تۇتۇۋاپتۇ. سەھرالىق كوپ توۋە قىلىپ، بۇ دورەم كەچۈرۈشنى، ئايىلى كېسەل بولغاچقا، قۇۋۋەت قىلىدىغان بىرنەرسە لازىم بولۇپ قالغانلىغىنى، ئەمما كەمبەغەل بولغاچقا سېتىۋالغۇدەك پۇلى يوقلۇغىنى، شۇڭا توشقان ئاتقانلىغىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما باي ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاقمۇ سېلىپ قويماي، ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ. بۇ ئىشقىمۇ ناھايىتى ھەيران بولدۇم.

ئورمانلىقتا توشقان دىگەن سان ـ ساناقسىز تۇرسا، باي ھەرقانچە يىسىمۇ، يالغۇز ئۆزى شۇنچە كوپ توشقاننى يەپ بولالمايدۇغۇ؟

ــ كۈز كۈنلىرىدە ئورمانلىقتا ئوتۇنچىلار كەلدى. ئۇلار قاتتىق ئىشلەيدىكەن، لېكىن كەسكەن ئوتۇنلىرىنىڭ بىرەر تېلىمۇ ئۆزلىرىگە تەگمەيدىكەن، ھەممىسىنى بايغا ئۆتكۈزىدىكەن. ھەممە نەرسە باينىڭ ئىكەن. ئورمان، دەرەخ، تېرىلغۇ يەر، ئوي ھايۋانلىرى، ھەتتا ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا ئىشلىمىسە بولمايدىكەن. ئورماندىكى دەرەخلەر بۇ بىچارە كىشىلەرگە ھىسداشلىق بىلدۈرەتتى، بايغا لەنەت ئوقۇيتتى. مېنىڭ يېنىمدا بىر توپ ياش ئاق قارىغاي بار ئىدى، ئۇ بەك غەزەپلىنىپ، مەن بۇ ھارامتاماق بايغا ئۆزىنىڭمۇ ئاجىز، ئەرزىمەس بىرنىمە ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ قويىمەن دەپ ئىچىدە قەسەم قىلغان ئىكەن. توشقان ئاتقان سەھرالىقنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقىنى، بىر كۈنى ئىككى موماي ئوتۇن تەرگىلى كەلگەندە تۇتۇلۇپ قىلىپ، باينىڭ ئۇلارنى ئۇرۇپ، ئىتتىرىپ، قاتتىق جاپا سالغانلىقىنى ئاق قارىغاي ئۆز كوزى بىلەن كورۇپ تۇرغان ئىدى. بىر كۈنى كەچتە، قاتتىق بوران ـ چاپقۇن بولۇۋىدى، ياش ئاق قارىغاي يىلتىزىدىن دىگۈدەك قومۇرۇلۇپ چىقتى. ئەمما يىلتىزىنى مۇخلار يېپىپ تۇرغاچقا، سىرتىدىن قارىغاندا ھىچنىمە بولمىغاندەك كورۇنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئومۇر كورەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن تاش يۈرەك باينىڭ ئەدىۋىنى تازا بېرىش قارارىغا كەپتۇ. "بىزنىڭ دەل ـ دەرەخلەر دۇنياسىدا،

بىر تۇپ دەرەخ باشقا دەرەخلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئىش يوق" دىدى ئۇ، "بىزنىڭ بىر بىرىگە ھەمرا دەل-دەرەخلىرىمىز ئىچىدە، خۇددى ئىنسانلار جەمىيىتىدىكىگە ئوخشاش، چوڭ دەرەخ بولىدۇ، كىچىك دەرەخمۇ بولىدۇ، كۆچلۈك دەرەخ بولىدۇ، ئاجىز دەرەخمۇ بولىدۇ، لېكىن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇنبەت يەر، ساپ ھاۋا، ئىللىق ئاپتاپ، يامغۇر، شەبنەم — بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەممىگە ئورتاق. زادى نىمە ئۈچۈن شەيئىلەرنىڭ داناسى دەپ ئاتالغان ئىنسانلار ئارىسىدا بۇنداق ئوپ-ئوچۇق تۇرغان ئىشلار ئاقمايدۇ؟" ئۇ چاغدا، ئۇ ھەممە گۇنا مۇشۇ بايدا دەپ ھىساپلىغان. مەنمۇ، تەبىكى، شۇنداق دەپ ئويلىغان ئىدىم. كېيىن، مېنى زاۋۇتقا توشۇپ كەلگەندە، بۇ يەردىكى ئىشچىلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەممە گۇنا ئاز ساندىكىلەرنى بەختلىك قىلىپ، كوپ ساندىكىلەرنى بەختسىز قىلىپ قويغان تۈزۈمدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. گەرچە بۇ ئىشلارنى سوزلەپ ئوتكەن بولسامۇ، بىراق سىنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشىڭ ناتايىن.

— ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى، ئاق قارىغاي ئوزى ئولۇشتىن بۇرۇن بىچارە كىشىلەر ئۈچۈن بىرئاز ئىش قىلىپ بەرمەكچى بولغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى باي ئورمانلىققا كېلىپ، ھىلىقى ئاق قارىغاينىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا، ئاق قارىغاي ئوزىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن، ئولۇم ئالدىدا جان تالىشىپ ئىڭرىدى ۋە تولغىنىپ يىقىلۇۋىدى، گۆپلا

قىلىپ بايىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. باي سەت چىقىراپ، يەرگە دۈم چۈشتى. ئورمان باقـقۇچى ئۇچقانـدەك كېلىـپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئەمما، بۇ چاغدا، ئاق قارىغاي ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئىدى. "بۇ، ساڭا بېرىلگەن جازا!" دەپ تەڭلا ۋاقىراشتى ئاق قارىغاي يوپۇرماقلىرى، "يىغلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىغان ئىككى مومايـنى مۇشۇ قولۇڭ بىلەن ئۇرغان ئىدىـڭ، بىرلا توشقان ئاتـقان بىچارە ئادەمنى زىندانـغا تاشلاشقا مۇشۇ قولۇڭ بىلەن خەت يېزىپ بەرگەن ئىدىڭ."

— شۇنداق قىلىپ، ئاق قارىغاي ئۆلۈپ كېتىپتۇ-دە.

— ياھ، ئىمىدىگەن ئوبدان، باتۇر دەرەخ-ھە! تا ھازىرغىچە ئاشۇ ياش ئاق قارىغاي ئېسىمدە تۇرىدۇ.

سەرەڭـگە قېـپى سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنـدە، گېپـىنى ۋاقتىنچە توختىتىپتۇ ۋە ناھايىتى غەزەپ بىلەن:

— شۇنداق، گەپ تۈزۈمدە! — دەپ تۈۋلىۋېتىپتۇ، — خوش، ئەمدى ساڭا تۈزۈمـنىڭ ئىملىگـىنى چۈشەنـدۈرۈپ قوياي. — لېـكىن، ئۇ سەپىلىپ قارىـسا، بالا ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. ئۇ خاپا بولۇپ، كارۋاتـتىن پەسـكە سەكرەپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

"ئىنسانلار ئىمىدىگەن دوت-ھە!" ئۇ مۇشۇنداق غۇدىرىغان پېتى بۇلۇڭنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ يېرىگە سىرىلىپ بېرىپتۇ. بەلكىم كوڭۇلنى شاتلاندۇرىدىغان ئورمان دۇنياسىدىكى ئىشلارنى يالغۇز ئۆزى ئەسلەش ئۈچۈن كەتكەن بولسا كېرەك.

# كىچىك چاشقان بىلىك

## (سوۋېت ئىتتىپاقى) ۋ. بىانكى*

### كىچىك چاشقاننىڭ دەريا كېزىشى

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئوغۇل بالا قېلىن قارىغاي قوۋزاق-لىرىنى بەكە بىلەن يونۇپ كىچىك كېمە ياساپتۇ، سىڭلىسى لاتا-پۇرۇچلاردىن يەلكەن ياساپ، كېمىگە ئورنىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ باللار كېمىنى دەرياغا قويۇپ بېرىپتۇ.

---

* ۋىتالى ۋالېنتىنوۋىچ بىانكى 1894-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، 1959-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ دادىسى روسىيىنىڭ مەشھۇر تەبى پەن ئالىمى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ دادىسىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ هايۋاناتلار مۇزېيىغا بېرىپ ئويناپتتى. ئۇنىڭ تەبەت دۇنياسى توغرىسىدىكى مول بىلىمى دادىسىنىڭ ئىلهام بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا توپلانغان. بىانكىنىڭ باللارغا ئاتاپ يازغان بىرىنچى كىتاۋى 1923-يىلى نەشر قىلىنغان «ئورمانلىقتىكى كەپە» دىگەن كىتاپ ئىدى.

بۇ كېمىگە بىرتال ئۈزۈن موما ياغىچى لازىم ئىكەن.

ــ تاناپتەك تۈز بىر شاخ تاپقان بولساق ياخشى بولاتتى، ــ دەپتۇ ئاكىسى ۋە بەكىسنى ئېلىپ، چاتقاللىققا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئاكىسى تۇيۇقسىزلا چاتقاللىقتا:

ــ چاشقان! چاشقان! ــ دەپ ۋاقىراپ كېتىپتۇ.

سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرەپ بېرىپتۇ.

ــ شاخنى كېسۋاتسام، ــ دەپتۇ ئاكىسى سىڭلىسىغا، ــ ئۇلار چىرىلدىشىپ كەتتى! توپ ــ توغرا بىر توپ ئىكەن! ئۇلاردىن بىرى مەيەردە، دەرەخنىڭ يىلتىزى ئاستىدا تۇرىدۇ. تۇرۇپ تۇرغىن، مەن هازىرلا ئۇنى......

ئاكىسى بەكىسى بىلەن دەرەخنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ، بىر كىچىك چاشقاننى تارتىپ چىقىرىپتۇ.

ئەجەپمۇ كىچىك ئىكەنا! ــ دەپتۇ سىڭلىسى هەيرانلىقتا، ــ يەنە كېلىپ سېرىق ئىكەن! راست مۇشۇنداق چاشقان بولامدۇ؟

ــ بۇ دالا چاشقىنى، ــ دەپتۇ ئاكىسى چۈشەندۈرۈپ، ــ دالا چاشقىنىنىڭ هەممىسىنىڭ ئىتى بولىدۇ، بىراق مەن بۇ چاشقاننىڭ نىمە دەپ ئاتىلىدىغانلىغىنى بىلمەيدىكەنمەن.

هىلىقى كىچىك چاشقان قىزغۇچ ئاغزىنى ئېچىپ "بىك"، "بىك" دەپ چىرىلداشقا باشلاپتۇ.

ــ بىك! ئۇ مېنىڭ ئىتىم بىك دەۋاتىدۇ! ــ دەپتۇ سىڭلىسى كۈلۈپ كېتىپ، ــ قاراڭ، ئۇ تىترەۋاتىدۇ! ۋۇي، قولىغىدا قان تۇرىدىغۇ. چوقۇم ئۇنى تۇتىدىغان چاغدا بەكىڭىز تېگىپ كەتكەن

ئوخشايدۇ. ئاغرىۋاتقاندۇ-ھە!

— ئىش قىلىپ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرمەنغۇ! — دەپتۇ ئاكىسى ئاچچىقلىنىپ، — مەن ھەممە چاشقاننى قىرىپ تۈگىتىمەن: ئۇلار نىمە ئۈچۈن ئاشلىقىمىزنى ئوغرىلايدىكەن؟

— قويۇۋەتەيلى! — دەپتۇ سىڭلىسى يالۋۇرۇپ، — ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا!

ئەمما ئاكىسى قويۇپ بېرىشكە زادىلا ئۇنىماپتۇ.

مەن ئۇنى دەرياغا تاشلىۋېتىمەن! — دەپتۇ ئاكىسى ۋە دەريا بويىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

قىزچاق بۇ كىچىك چاشقاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دەرھال بىر چارە تېپىپتۇ.

— تۇرۇپ تۇرۇڭ! — دەپ ئاكىسىنى توختىتىپتۇ قىز — ئۇنى بىزنىڭ ئەڭ چوڭ كېمىمىزگە سېلىپ قويۇۋەتسەك قانداق؟

بەرىبىر بۇ چاشقان سۇدا ئۆلىدۇ دەپ ئويلىغان ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ. كېمىگە بىر يولۇچىنى سېلىپ قويۇۋېتىشنىڭ ئوزىمۇ قىزىق ئىش دەپ ئويلاپتۇ ئاكىسى.

ئۇلار يەلكەننى بېكىتىپ، چاشقاننى ياغاچ كېمىگە سېلىپ، كېمىنى دەرياغا قويۇۋېتىپتۇ. كېمە شامالدا دەريا قىرغىقىدىن يىراقلىشىپتۇ.

كىچىك چاشقان قۇرۇق قوۋزاقنى مەھكەم تۇتۇپ، مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرۇپتۇ. باللار قىرغاقتا ئۇنىڭغا قاراپ قول

پۇلاڭلىتىپتۇ.

بۇ چاغدا، باللارنى ئۆيىدىكىلەر چاقىرىپتۇ. ئۇلار بۇ يەلكەنلىك كېمىنىڭ لەيلىگەن پېتى دەريا ئەگىمىگە بارغاندا كۆزدىن غايىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

— بىچارە كىچىك بىك! — دەپتۇ ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن قىزچاق، — شامال كېمىنى چوقۇم ئاغدۇرۇۋېتىدۇ، بىكمۇ ئاخىر سۇدا غەرق بولىدۇ، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

ئاكىسى لام-جىم دېمەپتۇ. ئۇ قانداق قىلىپ قازناقتىكى ھەممە چاشقانلارنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي يوقىتىشنىڭ چارىلىرىنى ئويلاۋاتقان ئىكەن.

## كېمە ئۆرۈلدى

قارىغاي قوۋزىقىدىن ياسالغان كىچىك كېمە چاشقاننى ئېلىپ لەيلەپ مېڭىۋېرىپتۇ. شامال كېمىنى ئىتتىرىپ دەريا قىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. دەريا سۈيى ئېگىز-ئېگىز دولقۇنلار ياسىماقتا ئىكەن.



كەڭ دەريا كىچىك بىكنىڭ كۆزىگە بىپايان دېڭىزدەك كۆرۈنۈپتۇ.

بىكنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئاران ئىككى ھەپتە بولغاچقا، ئۇزى ئوزۇق تېپىپ يېيىشنىمۇ، دۈشمەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىمۇ

تېخى ئۇقمايدىكەن. ئاشۇ كۈنى، ئانا چاشقان بالىلىرىنى كامىردىن ئەپچىقىپ ئويناتقان ئىكەن. ھىلىقى ئوغۇل بالا چاشقانلارنى قورقۇتقان چاغدا، ئانا چاشقان بالىلىرىنى ئېمىتىۋاتقان ئىكەن.

بىك تېخى ئەمچەكتىكى چاشقان ئىكەن. بالىلار بۇ چاشقان بالىسىغا ناھايىتى قاتتىق چاقچاق قىلغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ كىچىك، ئۆزىنى قوغداشنى بىلمەيدىغان چاشقاننى شۇنداق خەتەرلىك سەپەرگە يولغا سالغىچە، ئۇنى بىراقلا ئۆلتۈرۈۋەتكىنى ياخشى ئىدى.

پۈتكۈل دۇنيا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرماقتا ئىكەن. شامال گويا كىچىك كېمىنى چوقۇم ئاغدۇرۇۋېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن چىقىپتۇ؛ دولقۇن كىچىك كېمىنى خۇددى قاپ-قاراڭغۇ دەريا تېگىگە چوكتۇرۇۋېتىدىغاندەك ئۇرۇلماقتا ئىكەن. ھايۋانلار، قۇشلار، بېلىقلار، قۇرۇت-قوڭغۇزلار — ھەممىسى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرماقتا ئىكەن. ھەرخىل نەرسە بۇ نادان، ئۆزىنى قوغداشنى بىلمەيدىغان چاشقان بالىسى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەن.

بىرنەچچە ئاق بېلىقچى قۇش بىكىنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆرۈپتۇ. ئۇلار شۇڭغۇپ چۈشۈپ، كىچىك كېمىنىڭ توپىسىدە چوگىلەپتۇ. بۇ چاشقان بالىسىنى بىراقلا ئۈجۈقتۇرۇۋېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بېلىقچى قۇشلار غەزەپ بىلەن ۋىچىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار شۇڭغۇپ چۈشكەندە قاتتىق قوۋزاقتا تۇمشۇغى تېگىپ كېتىپ زەخىملىنىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلغان ئىكەن. بىرنەچچىسى سۇ ئۈستىگە قونۇپ، ئۈزۈپ بېرىپ كىچىك

كېمىنى قوغلاپتۇ.

بىر موكا بېلىق سۇ ئاستىدىن لەيلەپ چىقىپ كىچىك كېمىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزۈپتۇ. ئۇ ئاق بېلىقچى قۇشنىڭ چاشقان بالىسىنى سۇغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىكەن. چاشقان سۇغا چۈشسە، موكا بېلىق ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىنلا چاشقاننى يەۋالىدىكەن.

بىك ئاق بېلىقچى قۇشنىڭ مۇغەمبەرلەرچە ئاۋازىنى ئاڭلاپ كوزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، ئۇلۇمنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

دەل مۇشۇ چاغدا، ئارقا تەرەپتىن بېلىق تۇتار ئاق قۇيرۇقلۇق يوغان مەككار قۇش ئۇچۇپ كېلىپ قاپتۇ. ئاق بېلىقچى قۇشلار دەرھال تەرەپ-تەرەپلەرگە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



ئاق بېلىقچى قۇشلارمۇ، موكا بېلىقمۇ
كىچىك چاشقان بىكىنى يەمەكچى بولۇشۇپتۇ.

بېلىق تۇتار ئاق قۇيرۇقلۇق قۇش كىچىك كېمىدىكى چاشقان بالىسىنى ۋە كېمىنىڭ يېنىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان موكا بېلىقنى كورۇپتۇ ـ دە، قانىتىنى يىغىپ، تووەنگە قاراپ شۇڭغۇپتۇ.

ئۇ شۇڭغۇپ دەل كىچىك كېمىنىڭ يېنىغا چۈشكەن ئىكەن، ئۇنىڭ بىر قانىتى يەلكەنگە تېگىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كىچىك كېمە كومتۇرۇلۇپتۇ.

بېلىق تۇتار ئاق قۇيرۇقلۇق قۇش موكا بېلىقنى تۇتۇۋېلىپ، ئاران سۇدىن ئېلىپ چىقىپ قارىسا، كېمە ئورۇلۇپ كەتكەن، كېمە ئۈستىدە ھېچنەرسە كورۇنمىگۈدەك. ئاق بېلىقچى قۇشلار بۇ ئەھۋالنى يىراقتىن كورۇپ: چاشقان بالىسى چوقۇم چوكۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ ئۇچۇپ كېتىشىپتۇ.

بىك سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەن. ئۇ سۇغا چۈشكەندىن كېيىن، چوكۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، پۇتلىرىنى پالاقشىتىۋېرىپتۇ. ئۇ سۇ بېتىگە چىقىۋېلىپ، كېمىنى چىڭ چىشلىۋاپتۇ.

بىك ئورۇلغەن كىچىك كېمە بىلەن بىللە سۇدا لەيلەپ يۈرۈپتۇ.

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئوتمەي، دولقۇن كىچىك كېمىنى يات بىر قىرغاققا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

بىك سايغا چىقىۋېلىپ، ناھايىتى تېزلىكتە چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

كېمە ھەقىقەتەن ئورۇلغەن بولسىمۇ، تەلەيلىك كىچىك يولۇچى ئەنە شۇنداق ساق قالغان ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

# قورقۇنچلۇق كېچە

سۇغا چۈشۈپ كەتـكەن بىكـىنىڭ ئۇستىۋېشى چىلىق-چىلىق
سۇ بولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ تۈكلىرىنى يالاۋېرىپتىكەن، بىر دەم-
دىلا تۈكلىرى قۇرۇپ، ئۆزى بىرئاز ئىسسىپ قالغاندەك بوپتۇ.

ئۇنىڭ قوسىغى ئېچىپتۇ. ئەمما دەريا بويىدىن ئاق بېلىقچى
قۇشلارنىڭ ۋىچىرلىغان ئاۋازى كەلگەچكە، چاتقاللىقتىن چىقىش-
تىن قورقىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇ كۈن بويى ئاچ قوساق يۈرۈپتۇ.

ئاخىر قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. قۇشـلار ئۇخـلاپ قاپـتۇ. پەقەت
يېقىن ئارىـدىكى دەريا قىرغىـقىغا شارىلـداپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان
دولقۇن ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن.

بىك قاتتىق ئېھتىيات بىلەن چاتقالنىڭ تېگىدىن چىقىپتۇ.

بىك قاراپ باق، ھېچقانداق ئادەم كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ خۇددى
كىچىـك قارا پوكزەكتەك شارتـتىـدىلا دومىـلاپ ئوت-چـوپ
ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوزۇقـلۇق ئىزلەپـتۇ، كوزىـگە
كورۇنـگەنـلىكى يوپۇرماق ۋە ئوت-چوپ غولـلىرىنى شـوراپ
بېقىـپتۇ. ئەمـما ھېچ قايىسىـدا سۈت يوق ئىكەن. ئۇ غەزەپ
بىلەن بۇ نەرسىلەرنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپتۇ ياكى چايناپ پۈر-
كۈۋېتىپتۇ. تۇيۇقسىز بىر غولدىن بىر خىل تاتلىق، ئانـىـسىنىڭ

سۈتىنىڭ تەمىگە ئوخشاش شىرىن سۈيۈقلۇق ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېقىپ چۈشۈپتۇ.

بىك ئۇنى شوراپ بولۇپ، يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلىرىدىن بارمىكىن دەپ ئىزلەپتۇ. ئۇنىڭ قوسىغى بەك ئېچىپ كەتكەنلىكتىن، ئوز ئەتراپىدا نىمە بار-نىمە يوقلۇغىنىمۇ سەپسالمىغان ئىكەن.

ئىگىز-ئىگىز ئوسۇپ كەتكەن ئوت-چوپلەرنىڭ ئۇستىدە — ئاسماندا دۈپ-دۈگىلەك تولۇن ئاي كوتىرىلگەن ئىكەن. قارا سايىلار ئۇن-تىنسىز ھالدا ئاسماندا غىپپىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئوتۇشمەكتە ئىكەن: چەبدەس كەلگەن شەپىرەڭ كېچىدە ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەرنى قوغلىماقتا ئىكەن.

ئوت-چوپ ئارىسىدا، ھەممىلا يەردىن چىر-چىر، چۇر-چۇر قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بەزىلىرى ئاستا مىدىرلاۋاتقان، بەزىلىرى چاتقاللىقتا ئۇ يان-بۇ يان مېڭىۋاتقان، بەزىلىرى پىلەكلىك ئوت ئارىسىدا سەكرەپ يۈرگەن ئىكەن.

بىك چوپ غوللىرىنى يەپتۇ، غولنى غاجىلاپ يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. غول يىقىلىپ چۈشكەندە، ئۇنىڭدىكى سوغاق شەبنەملەر چاشقاننىڭ بەدىنىگە چاچراپ چۈشۈپتۇ.

يىقىلىپ چۈشكەن غولنىڭ ئۇچىدا باشاق بار ئىكەن، ئۇ ناھايىتى تاتلىق نەرسە بولۇپ، بىك ئەمدى ئۇنى تاپقان ئىكەن. بىك ئولتۇرۇپ، ئالدىنقى ئىككى پۇتى بىلەن غولنى تۇتۇپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ، باشاقنى بىر دەمدىلا يەۋېتىپتۇ.

”پوك!“ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كىچىك چاشقانغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر نەرسە يەرگە چۈشكەندەك بوپتۇ.

بىك غول غاجاشنى توختىتىپ، قۇلىغىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپتۇ.

ئوت-چوپ ئارىسىدىن ”پوك!“، ”پوك!“ قىلغان ئاۋاز كەپتۇ.

”پوك!“، ”پوك!“ قىلغان ئاۋاز ئالدى تەرەپتىكى چوپ دۆۋىسى ئارقىسىدىن يەنە چىقىپتۇ.

بىر تىرىك نەرسە ئوت-چوپ ئارىسىدىن ئۆتتۇرلا كىچىك چاشقانغا قاراپ سەكرەپ كەلمەكتە ئىكەن.

بىك چاتقاللىقتا يۈگرەپ كىرىۋالماقچى بولۇپ، دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇشقا تەرەددۇتلىنىپتۇ.

”پوك!“ قىلىپ ئارقىسىدىن يەنە بىر نەرسە تاقلاپ چىقىپتۇ.

”پوك!“، ”پوك!“ قىلغان ئاۋاز تەرەپ-تەرەپتىن كەلگىلى تۇرۇپتۇ.

”پوك!“ قىلغان ئاۋازلار ناھايىتى يېقىنلىشىپ كەپتۇ.

بىر خىل جانىۋار ئۆزۈن ياپىلاق پۇتىنى كېرىپ ئوت-چوپ ئۈستىدە تېز-تېز تاقىلىماقتا ئىكەن. ”پاق!“ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، كوزلىرى تومپىيىپ چىققان بىر پاقا دەل بىكنىڭ تۇمشۇغى ئالدىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ.

پاقا ئالاق-چالاق بولۇپ، كىچىك چاشقانغا تىكىلىپ قاراپتۇ. چاشقان پاقىنىڭ پاقىراپ تۇرغان تېرىسىگە ئەجەپلەنگەن ھەم

قورقـقان هالـدا قاراپ تۇرۇپتۇ.....ئۇلار دەرقەمتە ئولتۇرۇپ، بىر بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپتۇ، كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ھېچقايىسى بىلەلمەپتۇ.

ئەتراپتىن يەنىلا ”پوك!“، ”پوك!“ قىلغان ئاۋاز كەپتۇ. — ئەمدىلا نىمنىڭدۇ ئاغزىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بىر توپ كىچىك پاقا ئوت-چوپ ئارىسىدا تاقلاپ يۈرمەكتە ئىكەن. تېز-تېز شىرىلقلاشلار بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىكەن.

شۇئاندا چاشقان مۇنـداق بىر ھالنى كورۇپـتۇ: بىر كۈمۈش رەڭ يىلان ئۇزۇن ھەم يۇمشاق گەۋدىسىنى سورەپ بىر كىچىك پاقىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقۇدەك. يىلان يەردە ئومىلىمەكتە، بىر كىچىك پاقىنىڭ ئارقا پۇتى يىلاننىڭ يوغان ئاغزىدا پىلتىڭلاپ تۇرغۇدەك.

كېيىنكى ئەھۋاللارنى بىلەك كورمەپتۇ. ئۇ شارتتىدىلا سەكرەپ باشقا يەرگە كېتىپتۇ ۋە ئوزىنىڭ يەردىـن خېلى ئېگىز بولغان بىر توپ چاتـقالـنىڭ شېخىغا قانداق چىقىۋالغانلىقىنى ئوزىـمۇ بىلمەي قاپتۇ.

بىلەك بۇ بىركېچىنىڭ قالغان ۋاقتىنى شۇ يەردە ئوتـكۈزۈپتۇ، ئۇنىڭ قوسىغى ئوت-چوپلەرگە سۈرۈلۈپ بەك قاتتىق ئاغرىپتۇ.

## قۇيرۇغىنى ئىلغۇ، تۇكىنى دالـدا قىلىش

بـلەك ئاچ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئولـتۇرمايدىـغان بوپتۇ: ئۇ

ئوزۇق تېپىپ يېيىشنى ئۆگىنىۋالغان ئىكەن. لېكىن، ئۇ ھەممە دۈشمەنگە يالغۇز ئۆزى قانداق تاقابىل تۇرالىسۇن؟

چاشقانلار ھەمىشە جەم بولۇپ ياشايدۇ: شۇنداق بولغاندا، ئۇلار دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئاسانراق ساقلىنالايدۇ. بىرسى بىرەر دۈشمەنىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى سېزىپ قالسىلا، چىر قىلىپ خەۋەر بېرىدۇ-دە، ھەممىسى يوشۇرۇنۇۋالىدۇ.

بىلىك بۇ يەردە يالغۇز ئىدى. ئۇ باشقا چاشقانلارنى دەرھال تېپىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ قېرىنداشلىرىنى ئىزلەشكە كىرىشىپتۇ. بىلىك چىداشلىق بېرىپ، چاتقالمۇ-چاتقال يامىشىپ مېڭىپتۇ. بۇ يەردە يىلان بەك كۆپ بولغاچقا، بىلىك يەرگە چۈشۈشتىن قورقىدىكەن.

بىلىك دەرەخكە يامىشىشنى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالغان ئىكەن. قۇيرۇقى ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم قىپتۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقى ھەم ئۇزۇن، ھەم يۇمشاق بولۇپ، دەرەخ شېخىغا ئىلىنىشىپ تۇرالايدىكەن. ئۇ مۇشۇنداق بىر ئىلغۇنىڭ ياردىمى بىلەن، ئىنچىكە شاخلاردا ئۇزۇن قۇيرۇق مايمۇندىن قېلىشماي شاخمۇ-شاخ ئېسىلىپ ماڭالايدىكەن.

بىلىك چوڭ-كىچىك شاخلارغا يامىشىپ، دەرەختىن دەرەخكە ئۆتۈپ ئۇدا ئۈچ كېچە مېڭىپتۇ.

ئاخىردا، چاتقاللىق تۈگەپ، كەڭ ئوتلاققا كېلىپ قاپتۇ.

بىلىك چاتقاللىقتا چاشقان تاپالماپتۇ. ئۇنىڭغا ئوتلاقتىن چېپىپ ئۆتۈش كېرەك بوپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ئوتلاق قۇرغاق ئىكەن. بۇ يەردە يىلان بولمايدىكەن. كىچىك چاشقاننىڭ يۈرىكى يوغىناپ، كۈندۈزىمۇ ماڭالايدىغان بوپتۇ. ئەمدى ئۇ ئۇچراتقانلىكى نەرسىنى: ھەر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇغى، تۈگۈرچەك غولى، قوڭغۇز، كوك قۇرۇت، ئۇششاق قۇرۇتلارنىڭ ھەممىسىنى يەيدىغان بوپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئوتمەستىن، ئۇ دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ بىر خىل يېڭى ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىنىۋاپتۇ.

ۋەقە مۇنداق ئىكەن: بىك يەردىن ئازراق كىچىك قوڭغۇزنى قېزىپ چىقىپ، ئارقا پۇتىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنى چايناپ يەۋاتقان ئىكەن.

بۇ چاغدا ئاپتاپ يوپ-يورۇق چۈشۈۋاتقان ئىكەن. چېكەتكىلەر ئوت-چوپ ئىچىدە سەكرەپ يۈرمەكتە ئىكەن.

بىك ئوتلاقنىڭ يىراق يېرىدە بىر كىچىك ياۋا غازنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كورۇپتۇ، بىراق ئۇنىڭدىن قورقماپتۇ. كەپتەرچىلىك كەلمەيدىغان كىچىك قۇش — ياۋا غاز خۇددى يەپ بىلەن ئېسىپ قويغاندەك، ئاسماندا مىدىرلىماي تۇرىدىكەن. ئۇ پەقەت قانىتىنىلا ئاندا-بۇندا قېقىپ قويۇپ، بېشىنى ئۇ ياق-بۇ ياققا بۇراپ پەسكە قارايدىكەن.

كىچىك چاشقان ياۋا غازنىڭ كوزىنىڭ شۇ قەدەر ئوتكۈر ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدىكەن.

بىكنىڭ كوكرىگى ئاق بولغاچقا، قوڭۇر توپىدا ئۇنىڭ ئاق كوكرىگى يىراقتىنلا كورۇنۇپ تۇرىدىكەن.

بىك ئىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ. بىراق ياۋا غاز ئاللىبۇرۇن شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن ئىكەن.

قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان كىچىك چاشقاننىڭ پۇتلىرى قورقۇنچلۇقتا دەسسەمەس بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كوكرىكىنى يەرگە مەھكەم چاپلاپ يېتىۋاپتۇ-دە، ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلىمۇ تاسلا قاپتۇ.

ياۋا غاز كىچىك چاشقاننىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ، بىردىنلا يەنە ئاسمانغا كوتىرىلىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇچلۇق قانىتى بىككە تېگىپ كەتكىلى تاس قالغان ئىكەن. ياۋا غاز كىچىك چاشقاننىڭ نەگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى زادىلا بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ بايا كورگەن كىچىك چاشقاننىڭ ئاپپاق ھەم پاقىراپ تۇرغان كوكرىكى تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ كىچىك چاشقان ئولتۇرغان يەرگە تىكىلىپ قاراپتۇ، پەقەت يەردىكى سېرىق لايلا كورۈنۈپتۇ.

بىك يەنىلا ئاۋالقى يېرىدە ياتقان ئىكەن، ياۋا غاز بۇ يەرنى كورەلەيدىكەن.

ئەسلىدە ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى تۈك سېرىق بولۇپ، سېرىق لاينىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، يۇقۇرىدىن قارىسا پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن.

بىر كوك چېكەتكە ئوت-چوپ ئارىسىدىن سەكرەپ چىققان ئىكەن، ياۋا غاز ئۇنى كورۇپ پەسكە شۇڭغۇپ تۇتۇۋاپتۇ-دە،

يىراققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىكنى تۇكىنىڭ رەڭگى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن ئىبتىۋارەن، ئۇ يىراقتىن دۇشمەننى كورۇپ قالسلا، دەرھال يەرگە چىك چاپلىشىۋىلىپ مىدىرلىماي يېتىۋالىدىغان بوپتۇ. بۇنداق چاغلاردا تۇكىنىڭ رەڭگى ئوز رولىنى كورسىتىدىكەن-دە، نى-نى ئوتكۇر كوزلەرمۇ ئۇنى پەرق ئېتەلمەيدىكەن.

## قاراقچى كۇكۇنەك

بىك ھەر كۇنى يايلاقتا چېپىپ يۇرۇپ، ھەممە يەردىن ئىزلەپمۇ چاشقانلارنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالماپتۇ.

بىك كېيىن يەنە بىر چاتقاللىققا كەپتۇ. ئۇ چاتقاللىقنىڭ ئارقىسىدىن دەريا دولقۇنىنىڭ ئوزىگە تونۇشلۇق بولغان شارىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ.

كىچىك چاشقانغا كەينىگە يېنىپ باشقا تەرەپكە مېڭىشقا توغرا كەپتۇ.

ئۇ كېچىلەپ يول يۇرۇپتۇ. ئەتىگىنى يوغان بىر تۇپ چاتقالنىڭ تۇۋىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئۇنلۇك ناخشا ئاۋازى ئۇنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. ئۇ دەرەخ تۇۋىدە بېشىنى كوتىرىپ يۇقۇرىغا قارىسا، كوكرىگى شاپتۇل چېچىكى رەڭدە، بېشى قوڭۇر رەڭ، دۇمبىسى قىزىل چىرايلىق بىر قۇش

www.uyghurkitap.com

تۇرغۇدەك.

كىچىك چاشقان قۇشلارنىڭ كوكۇلنى يايراتقۇچى ئاۋازىنى ئاڭلاشقا بەك ئامراق ئىكەن. ئۇ بۇ ناخشىچىنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىپ، ئۇنىڭ ناخشىسىدىن ھوزۇرلانماقچى بوپتۇ-دە، يۇقۇرىغا يامىشىپ چىقىپ، بۇ قۇشنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

ناخشىچى قۇش بىككە تەگمىگەچكە، بىك ئۇنىڭدىن قورقماپتۇ. بۇ ناخشىچى قۇش قۇشقاچتىن سەللا چوڭ ئىكەن.

نادان كىچىك چاشقان بۇنىڭ كۇكۇنەك ئىكەنلىكىنى، ئۇ ناخشا ئېيتالىسىمۇ، مەخسۇس بۇلاڭچىلىق قىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن.

كۇكۇنەك بىككە ئېتىلىپ بېرىپ، تۇمشۇغى بىلەن ئۇنىڭ دۇمبىسىنى چوقۇپتىكەن، بىك ھوشىدىن كەتكىلى تاس-تاسلا قاپتۇ.

بىك شىددەتلىك ھوجۇم زەربىسىدىن شاختىن پەسكە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

ئۇ ماۇقتەك يۇمشاق چوپلۇك ئۇستىگە چۈشكەچكە جاراھەتلەنمىگەن ئىكەن. كۇكۇنەك ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئېتىلماقچى بولغان ئىكەن، كىچىك چاشقان ئاللىقاچان چاتقال تۇۋىگە كىرىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلگۇرەلمەي قاپتۇ.

قۇۋ قاراقچى كۇكۇنەك بىكنى چاتقال تۇۋىدىن يەنە چىقىپ قالارمىكىن، دەپ چاتقال ئۇستىدە ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

كۇكۇنەك ناھايىتى مۇڭلۇق-يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپتۇ،

بىراق كىچىك چاشقاننىڭ ناخشىغا كوڭلى تارتمىغان ئىكەن. بىلك كۆكۈنەك قونغان ھىلىقى چاتقالنى ئوپ-ئوچۇق كورۈپ تۇرۇپتۇ.

بۇ چاتقالنىڭ شاخلىرى ساپلا تىكەنلىك ئىكەن.

تىكەنلەرگە، خۇددى كانارىغا ئىسىپ قويغاندەك، يەپ ئىشىپ قالغان ئولۇك قۇشلار، كەسلەنچۇكلەر، پاقىلار، قوڭغۇزلار ۋە چىكەتكىلەر ئىسىپ قويۇلغان ئىكەن. بۇ، قاراقچىنىڭ ئوزۇق ئامبىرى ئىكەن.

كىچىك چاشقان دەرەخ تۇۋىدىن چىقسا، ئۇنىڭمۇ تىكەنگە ئىسىلىشى جەزمەن ئىكەن.

كۆكۈنەك بىكنى كۈن بويى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. كۈن قايرىلىپ تاغنىڭ كەينىگە موككەن چاغدا، قاراقچى ئاندىن ئورمانلىققا ئۇخلىغلى كىتىپتۇ. كىچىك چاشقانمۇ تۇيدۇرماستىن چاتقال ئاستىدىن چىقىپ بەدەر قىچىپتۇ.

يولنى بەك ئالدىراپ تىز ماڭغانلىقتىن بولسا كىرەك، ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇنىڭ قۇلىغىغا چاتقاللىقنىڭ كەينىدىن دەريا سۇيىنىڭ شارىلدىشى يەنە ئاڭلىنىپتۇ.

ئۇ يەنە كەينىگە قايتىپ، باشقا تەرەپكە كىتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

## ساياھەت ئاخىرلاشتى

ئەمدى بىلك سۇيى قۇرۇپ كەتكەن بىر كولچەكتە يۈگۈرگىلى

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپتۇ.

بۇ يەردە پۇتۇنلەي قۇرۇپ كەتكەن موخ ئۇسكەن بولۇپ، موخلار ئارىسىدا يول مېڭىش ناھايىتى تەس كەپتۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەۋى، بۇ يەردە قوساق توقلىغۇدەك بىرەر نەرسە: نە ئاق قۇرۇت، نە كوك قۇرۇت، ياكى بىرەر تال شىرنىلىك ئوت-چوپ دىگەن نەرسە زادىلا يوق ئىكەن.

ئىككىنچى كۇنى كەچتە، كىچىك چاشقاننىڭ پەقەت ماغدۇرى قالماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ تىرمىشىپ يۇرۇپ بىر كىچىك دومبەلگە يېتىۋاپتۇ-دە، يىقىلىپ چۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ كوزلىرى چاپلىشىپ ئېچىلماپتۇ، تامىغى قۇرۇپ ئوت چىققۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يېتىپ تۇرۇپ موخ ئۇستىدىكى مۇزدەك شەبنەملەرنى يالاپ كېكىرتەكىنى بىرئاز نەمدىۋاپتۇ.

تاڭ ئېتىشقا باشلاپتۇ. بىلك دومبەلدە تۇرۇپ موخلار ئوسۇپ كەتكەن جىلغىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى يايلاقنى يىراقتىن كورۇپتۇ. ياپ-يېشىل ئوتلارنىڭ ئىگىزلىكى تام بويى كېلىدىكەن. بىراق كىچىك چاشقاندا يايلاققا مېڭىپ بارغۇچىلىك مادار قالمىغان ئىكەن.

ئاخىر كۇن چىقىپتۇ. ئاپتاپتا شەبنەم بىر دەمنىڭ ئارىلىغىدىلا قۇرۇپ كېتىپتۇ.

ئەمدى تۇگەشتىم دەپ ئويلىغان بىلك بار-يوق كۇچى بىلەن ئومىلەپ ماڭغان ئىكەن، شۇ زاماتىلا يىقىلىپ چۇشۇپ، كىچىك دومبەلدىن پەسكە دومىلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئوڭدىسىغا يىقىلغان

ئىكەن، ھاۋا تاپان بولۇپ قاپتۇ ۋە ئەمدى ئۇنىڭ كوزىگە پەقەت موخ قاپلاپ كەتكەن كىچىك دومبەللا كورۇنۇپتۇ.

كىچىك دومبەلدە بىكنىڭ ئۇدۇلىدا قاپ ـ قاراڭغۇ بىر كىچىك كامار بار ئىكەن، ئەمما بۇ كامارنىڭ ئاغزى بەك تار بولغاچقا، ئۇنىڭغا بىكنىڭ بېشىمۇ پاتمايدىكەن.

كىچىك چاشقان بىك كامارنىڭ ئىچكىرىسىدە بىرنەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقىنىنى كورۇپ قاپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، كاماردىن دوغىلاقتىنا، تۇكلۇك بىر تاغ ھەرىسى چىقىپتۇ. ئۇ كاماردىن ئومىلەپ چىقىپ، تومپىيىپ كەتكەن قوسىغىنى پۇتى بىلەن قاشلاپ، قاناتلىرىنى قېقىپ قويۇپ، ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

تاغ ھەرىسى كىچىك دومبەلنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، قايتىپ كەپتۇ ۋە كامارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قونۇپتۇ. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ، قاتتىق قانىتى بىلەن ئىشلەشكە باشلىغان ئىكەن، ئۇنىڭ چىقار-غان شامىلى ئۇدۇل بېرىپ كىچىك چاشقانغا ئۇرۇلۇپتۇ.

ئۇنىڭ قانىتىدىن "غۇي ـ غۇي" قىلىپ ئاۋاز چىقىدىكەن.

بۇ ھەرە تاغ ھەرىسىنىڭ سىگنالچىسى ئىكەن. ئۇ قانىتى بىلەن ساپ ھاۋانى كامارغا كىرگۈزۈپ، كامارنىڭ ھاۋاسىنى يېڭىلايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇۋىسىدا ئۇخلاۋاتقان باشقا ھەرىلەرنى ئويغىتىدىكەن.

بىر دەمنىڭ ئارىلىغىدا، ھەممە تاغ ھەرىسى كىچىك كامار-دىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپتۇ ـ دە، ھەسەل يىغقىلى يايلاق تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇپ كېتىپتۇ. سىگنالچى ھەممىسىنىڭ ئاخىرىسىدا ئۇچۇپتۇ. ئەمدى بۇ يەردە بىك يالغۇز قاپتۇ. ئۇ ھايات قېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن ئىكەن.

بىك ئالدى پۇتى بىلەن كۇچەپ ئومىلەپ تاغ ھەرىسىنىڭ كىچىك كامىرىسىنىڭ ئاغزىغا كەپتۇ. ئېسىل، مېزىلىك پۇراق ئۇنىڭ دىمىغىغا گۈپ-گۈپ ئۇرۇلۇپتۇ.

بىك تۇمشۇغى بىلەن تۇرتكەن ئىكەن، توپا بوشاپ چۈشۈپتۇ.

ئۇ تۇرتۇۋېرىپ، بىر توشۇك ئېچىپتۇ. توشۇكتىن قارىسا، ئىچى كۆل رەڭ موم بىلەن ياسالغان بىر چوڭ ھەرە كونىگى ئىكەن. بەزى ھەرە كونىگىدە تاغ ھەرىسىنىڭ لىچىنكىلىرى ياتقان ئىكەن؛ بەزى ھەرە كونىگى خۇش پۇرىغى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرغان ساپ-سېرىق ھەسەل بىلەن تولغان ئىكەن.

كىچىك چاشقان ھەسەلنى ئاچكوزلۇك بىلەن يالاپتۇ. ئۇ ھەممە ھەسەلنى يالاپ بولۇپ، ھەرە لىچىنكىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىرنىمۇ قويماي يەۋېتىپتۇ.

چاشقانغا دەرھال ماغدۇر كىرىپتۇ: ئۇ ئاپىسىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان، بىرەر ۋاخمۇ مۇشۇنداق تويغۇدەك غىزالىنىپ باقمىغان ئىكەن. ئۇ تۇمشۇغى بىلەن تۇرتۇۋېرىپتۇ — ئەمدى ئۇنچىۋالا كۇچەپ كەتمەپتۇ — ۋە ھەسەل ھەم ھەرە لىچىنكىسى بىلەن تولغان يېڭى ھەرە كونەكلىرىنى تېپىپتۇ.

بىردىنلا بىر نەرسە ئۇنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانچىلىپتۇ.

بىلىك شاققىدا ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. قارىسا يوغان بىر ئانا ھەرە ئۆزى تەرەپكە ئومىلەپ كېلىۋاتقۇدەك.

بىلىك ئۆزىنىڭغا ئېتىلماقچى بوپتۇ، ئەمما تاغ ھەرىلىرى ئۆزىنىڭ بېشىدا غوڭۇلداپ ئۇچۇشقا باشلاپتۇ: بۇ چاغدا ھەرىلەر يايلاقتىن قايتىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇلار توپ-توپ بولۇشۇپ چاشقانغا ھۇجۇم قىپتۇ، چاشقان ھېچ ئىلاج قىلالماي، بەدەر قېچىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىلىك جان-مانىغا قارىماي قېچىپ، ھەرىلەر-دىن قۇتۇلۇپتۇ. ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى قېلىن تۈكلەر ئۆزىنى ھەرىلەر-نىڭ زەھەردەك نەشتىرىدىن ساقلاپ قاپتۇ. لېكىن تاغ ھەرىلىرى چاشقاننىڭ تۈكسىز شالاڭ يەرلىرىنىلا يەنى قۇلىقى، پۇتى ۋە پېشانىسىنى چېقىپتۇ.

چاشقان يۈگۈرگەن پېتى — ئۆزىنىڭ قانداقلارچە بۇنداق چاققان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن! — يايلاققا ئۇچقاندەك بېرىپتۇ-دە، قېلىن ئوتلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.

تاغ ھەرىلىرىمۇ ئۆزىنى قوغلاشنى قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنغان كونىغا قايتىشىپتۇ.

بىلىك شۇ كۈنى بىر پارچە ساسلىقتىن ئۆتۈپ، يەنە دەريا بويىغا كەپتۇ.

بىلىك بىر ئارالغا بېرىپ قالغان ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

# ئوي سىلىش

بىك كەلگەن بۇ ئارالدا ئادىمزات يوق ئىكەن. بۇ يەردە ھەتتا چاشقانمۇ يوق ئىكەن. بۇ ئارالدا ئۇچار قانات، يىلان ۋە پاقىلا بار ئىكەن، چۈنكى بۇلارنىڭ كەڭ دەريادىن ئۇتۇشى ھىچ گەپ ئەمەس ئىكەن.

بىك دۈشمەنلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە يەككە-يىگانە ياشاشقا مەجبۇر بوپتۇ.

داڭلىق روبىنسون قاقاس-چول بىر ئارالغا بارغاندا، ئۇزىنىڭ قانداق قىلىپ يالغۇز ياشىيالىشىنىڭ ئامالىنى قىلغان ئىدى. روبىنسون بىرىنچى قەدەمدە يامغۇر-يىشىن، بوران-چاپقۇندىن دالدىلىنىش ۋە دۈشمەنلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئوي سىلىش قارارىغا كەلگەن. ئاندىن كىيىن قىشتىن چىقىش ئۈچۈن ئوزۇق-تۈلۈك يىققان.

بىك ھەرقانچە قىلغان بىلەن كىچىك چاشقان بولغاچقا، چارە تىپىشتا ئۈنچىۋالا ئەتراپلىق ئويلاپ كىتەلمەيتتى. ئەمما ئۈنىڭ قىلماقچى بولغان بىرىنچى ئىشى، دەل روبىنسونغا ئوخشاش، ئوزىگە ئوي سىلىۋىلىش بوپتۇ.

ئوي سىلىشنى ئۈنىڭغا ھىچكىم ئۈگىتىپ قويمىغان بولسىمۇ، ئوي سىلىش ئۈنىڭ ئاتا كەسپى ئىكەن. ئۇ ئوز قەۋمىدىن بولغان باشقا چاشقانلارغا ئوخشاش ئوي سالالايدىكەن.

ساسلىقتا ئىگىز ـ ئىگىز قومۇشلار، قومۇشلار ئارىسىدا يىكەن ـ يېكەنلەر ئۆسكەن ئىكەن، بۇلار چاشقانلارنىڭ ئۇۋا سېلىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ماتېرىيال ئىكەن.

بىلەك قاتار ئۆسكەن بىرنەچچە تال كىچىك قومۇشنى تاللىۋې-لىپ، ئۇلارغا يامىشىپ چىقىپ، ئۇچىنى چىشلەپ ئۈزۈپ، ئاندىن چىشى بىلەن يۇقۇرىسىنى يېرىپتۇ. ئۇنىڭ جۇغى كىچىك ھەم يېنىك بولغاچقا، قومۇش ـ يومۇشلار ئۇنى كۆتىرەلەيدىكەن.

بىلەك ئەمدى يوپۇرماق ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئۇ يىكەنگە يامىشىپ چىقىپ، يوپۇرمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈپتۇ. يوپۇرماقلار يەرگە چۈشكەندىن كېيىن كىچىك چاشقان پەسكە چۈشۈپ، ئىككى ئالدى پۇتى بىلەن يوپۇرماقنى تۇتۇپ تۇرۇپ، چىشى بىلەن چىشلەپ پارچىلاپتۇ. كىچىك چاشقان يوپۇرماقتىكى تالالىق يىپچىلەرنى قومۇشنىڭ ئۈستىگە چىشلەپ ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى قومۇشنىڭ ئۇچىدىكى يېرىقلىق يەرگە تەپ ـ تەكشى قىلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن باشقا ئىنچىكە قومۇشلارغا يامىشىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئاستىغا بېسىپ چۈشۈرۈپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۇچىنى بىر بىرىگە ئۇلاپتۇ.

نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۆيى يېنىك، يۇمىلاق بىر ئۆي بولۇپ پۈتۈپتۇ، كىچىك بالىنىڭ مۇشتىچىلىكلا بار بۇ ئۆي قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا بەك ئوخشايدىكەن.

كىچىك چاشقان ئۆينىڭ بىر تەرىپىدىن كىچىك بىر ئىشىك ئېچىپتۇ؛ ئۆينىڭ ئىچىگە موخ، يوپۇرماق ۋە يۇمشاق ئوت يېلىتىز-

لىرىنى ساپتۇ. ئۇ يۇمشاق ھەم ئىسسىق كۆل-چېچەك توزاق-لىرىدىن كارۋات ياسىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۆيى بەك ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىكەن.

ئەمدى بىكىنىڭ دەم ئالىدىغان، بوران-چاپقۇندىن دالدى-لىنىدىغان ۋە دۈشمەنلىرىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان ماكانى بار بوپتۇ. بۇ ئۆي ئىگىز ئۆسكەن قومۇش ۋە قېلىن يېكەنلىك ئارىسىدا بولغاچقا، كۆزى ھەرقانچە ئۆتكۈر ھايۋانمۇ يىراقتىن ئۇنى تاپالمايدىكەن. بۇ ئۇۋا يەردىن ئىگىز قومۇش ئۈستىگە سېلىنغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھەرقانداق يىلانمۇ يامىشىپ چىقالمايدىكەن.

چىن روبىنسونمۇ بۇنىڭدىن ياخشى چارە تاپالماس.

## چاقىرىلمىغان مېھمان

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋېرىپتۇ.

كىچىك چاشقان ئۆزىنىڭ كىچىك ئۆيىدە تىنچ-ئامان كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئۆسۈپ تولغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بەك كىچىك ئىكەن. بىر جۈپ كىچىك چاشقانلار تېپىغا كىرگەچكە، چوڭ-يالمايدىكەن. بۇنداق چاشقانلار ئۆي چاشقانلىرىدىنمۇ كىچىك ئىكەن.

بىك ئەمدى ھەممىشە خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆيىدە بولمايدىغان بوپتۇ. ئىسسىق كۈنلەردە، ئۇ يايلاقتا ئانچە يىراق بولمىغان بىر كۆلچەككە بېرىپ يۇيۇنىدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ ئۆيىدىن كېچىدە چىقىپ كېتىپ، يايلاقتا تاغ ھەرىسىنىڭ ئىككى كونىگىنى ئۇچرىتىپتۇ ۋە ھەسەل بىلەن قو-سىغىنى تازا تويغۇزۇپ، ئوتلارنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

بىلىك شۇ ئۇخلىغان پېتى ئەتىسى ئەتىگەندە ئاندىن ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۇۋىسىنىڭ ئاستىغا كېلىپلا ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەن-لىكىنى بايقاپتۇ. كەڭ يېپىشقاق سۇيۇقلۇق يەرگە ۋە بىر غولغا يېپىشىپ قالغان ئىكەن؛ يوغان بىر قۇيرۇق ئۇۋىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرغان ئىكەن. كىچىك چاشقان بۇنىڭدىن چوچۇپ كېتىپتۇ، بۇنى ھەقىقەتەن سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن. بۇ سىلىق، سېمىز قۇيرۇق يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدىكەن. يىلاننىڭ قۇيرۇقى قاتتىق ھەم قاسراقلىق بولىدىغۇ؛ بىراق بۇ بىر سىلىق، يۇمشاق قۇيرۇق بولۇپ، يېپىشقاق سۇيۇقلۇق بار ئىكەن.

بىلىك غەيرەتكە كېلىپ، غولغا يامىشىپ چىقىپ يېقىنراق بېرىپ، چاقىرىلمىغان بۇ مېھماننى كورۇپ باقماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا، قۇيرۇق ئاستا مىدىرلاپتىكەن، قورقۇپ كەتكەن كىچىك چاشقان يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئوت ئارىسىغا موكۇنۇۋېلىپ قارىسا، بۇ غەلىتە نەرسە ئۇزىنىڭ ئۆيىدىن ئاستا ئومىلەپ چىقىۋاتقۇدەك.

دەسلەپتە، ھىلىقى سېمىز قۇيرۇق ئۇۋىسىنىڭ ئىشىگىدە كورۈن-مىگەن ئىكەن. كېيىن ئۇ يەردىن ئۇزۇن، يۇمشاق ئىككى

مۈڭگۈز پەيدا بولۇپتۇ، مۈڭگۈزنىڭ ئۈستى كىچىك قاپارتقۇلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى مۈڭگۈز پەيدا بوپتۇ، بىراق بۇ مۈڭگۈز قىسقىراق ئىكەن. ئاخىردا بۇ غەلىتە نەرسىنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ بېشى چىقىپتۇ.

كىچىك چاشقان ئۇنىڭ ئاستا-ئاستا ئۆمىلەپ چىقىشىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ئەسلىدە بۇ بىر يوغان قۇلۇلە بولۇپ، ئۇ ھەم سىلىق، ھەم يۇمشاق، يېپىشقاق سۇيۇقلۇق بىلەن تولغان بەدىنىنى سۆرەپ كىچىك ئۆيىدىن چىقىۋاتقان ئىكەن. بۇ قۇلۇلە بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە بىر غېرىچ كېلىدىكەن.

يوغان قۇلۇلە ئۆمىلەپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ يۇمشاق قوسىقىنى غولىغا تۈپ-تۈز قىلىپ چاپلاپ ماڭغاچقا، غولىغا كەڭ يېپىشقاق سۇيۇقلۇق قالدۇرغان ئىكەن.

ئۇ يەرگە چۈشۈپ بولغىچە، بىك ئاللىبۇرۇن تىكىۋەتكەن ئىكەن. يۇمشاق تەنلىك قۇلۇلە بىككە زىيان كەلتۈرمىسىمۇ، ئەمما كىچىك چاشقان — بىك ھەركىتى ئاستا، پۈتۈن تېنىدىن يېپىشقاق سۇيۇقلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ جانىۋارنى يامان كۆرىدىكەن.

بىك ئارىدىن بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. قۇلۇلە ئاللىقاچان بىر ياقلارغا كەتكەن ئىكەن.

بىك ئۆز ئۇۋىسىغا ئۆمىلەپ كىرىپتۇ. ھەممە يەرگە سۇيۇق بىرنېمە چاپلىشىپ قاپتىكەن. بىك ئۆيىگە سېلىنغان ھەممە موخنى تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا يېڭىسىنى ساپتۇ. سېلىپ بولغاندىن

كېيىن، يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

شۇندىن باشلاپ، ئۇ بىر ياقىقا چىقماقچى بولسا، قۇرۇق ئوت بىلەن ئىشىگىنى ئېتىپ قويىدىغان بوپتۇ.

## قازناق

كۈن قىسقىرىپتۇ، كېچىسى ئادەتتىن تاشقىرى سوغاق بولىدىغان بوپتۇ.

ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۇرۇغى پىشىپتۇ. شامال ئۇرۇقلارنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، توپ-توپ قۇشلارمۇ كىچىك چاشقان تۇرغان يايلاققا كېلىپ ئۇرۇقلارنى تېرىپ ئېلىپ كېتىدىكەن.

بىك تويغىچە ئوزۇقلىنىدىغان بوپتۇ، شۇڭا كۈندىن-كۈنگە سەمرىشكە باشلاپتۇ، تۈكلىرى پاقىرايدىغان بوپتۇ.

بۇ توت پۇتلۇق روبىنسون ئەمدى ئوزىگە بىر قازناق سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قىشلىق ئوزۇق يىغىپتۇ.

بىك يەردە ئىچى كەڭ بىر كامار كولاپتۇ-دە، ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرىنى خۇددى گەمىگە ئېپكىرىپ قويغاندەك، كامارنىڭ ئىچىگە ئېپكىرىپ قويۇپتۇ.

بۇ كامار كېيىنچە ئۇنىڭغا كىچىكلىك قىلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ كامارنىڭ يېنىغا يېڭى كامار كولاپ، ئۇلارنى تۇتاشتۇرۇپتۇ.

يامغۇر يېغىۋېرىپ، يەر يۇمشاشقا باشلاپتۇ، ئوتلار ساغىرىپتۇ، ھول بولۇپ كېتىپ، يەرگە چۈشۈپتۇ. بىكنىڭ ئوتتىن ياسىغان

ئۇيى غولاپ چۈشۈپ، يەردىن سەل ئىگىز بىر يەرگە ئىلىنىپ قالغان ئىكەن. ئۇيىنىڭ ئىچىنى زەي بېسىپ كوكىرىپ كەتكەن ئىكەن.

ئەمدى ئۇۋىدا يېتىۋېرىشكە بولمايتتى. ئوت-چۆپلەرنىڭ پات ئارىدىلا پۇتۇنلەي يەرگە چۈشۈپ، ئۇۋىسىنىڭ خۇددى بىر قارا توپتەك، قومۇشقا ئىلىنىپ قېلىپ ساڭگىلاپ تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ تولىمۇ خەتەرلىك ئىش ئىدى.

بىك يەر ئاستىغا كوچۇش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ ئەمدى يىلاننىڭ كامارغا كىرىۋېلىشىدىن ياكى بىستاقەت پاقىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى قورقىتىشىدىن قورقمايدىغان بوپتۇ، چۈنكى يىلان بىلەن پاقا ئاللىبۇرۇن باشقا يەرلەرگە كېتىشكەن ئىكەن.

كىچىك چاشقان دومبەلىنىڭ ئاستىدىن قۇرغاق ۋە تىپچ بىر يەرنى ئۇۋا سېلىشقا تاللاپتۇ. بىك ئۆزىنىڭ ئۇيىگە سوغاق شامال كىرمىسۇن ئۈچۈن شامال ئۇرمايدىغان تەرەپتىن كامارغا تۇتىشىدىغان بىر يول ساپتۇ.

كامارغا كىرىدىغان يەردە تۆز كەتكەن ئۇزۇن بىر كارىدور بار ئىكەن. كارىدورنىڭ بىر بېشى كەڭرەك بولۇپ، يۇملاق بىر كىچىك ئۇي بوپتۇ. بىك قۇرۇق ئوت-چۆپلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزى ئۈچۈن بىر ئىغىز ياتاق ھازىرلاپتۇ.

ئۇنىڭ يەر ئاستىدىكى يېڭى ياتىغى ئىللىق ھەم ئازادە ئىكەن. ئۇ يەر ئاستى ياتىغىدىن ئىككى قازنىغىغا بارىدىغان يول كولاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تالاغا چىقماي تۇرۇپمۇ ئۇ يەرلەرگە

بارالايدىغان بوپتۇ. كىچىك چاشقان ھەممىنى تەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇئەللەقتىكى يازلىق داچىسىنىڭ ئىشىگىنى ئوت بىلەن مەھكەم ئېتىپ قويۇپ، يەر ئاستىدىكى ئۇۋىسىغا كوچۇپ كىرىپتۇ.

## قار ۋە ئۇچەك

قۇشلار ئەمدى يايلاقتا ئوت-چوپ ئۇرۇقلىرىنى تېرىشكە كەلمەيدىغان بوپتۇ. ئوتلار يەرگە مەھكەم چاپلىشۋالغان ئىكەن، سوغاق شامال ئارالدا ئوز مەيلىچە غۇيۇلداپ تۇرىدىكەن.

بۇ چاغدا، بىك ئادەم قورققۇدەك دەرىجىدە سەمرىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭدا پەقەت ماغدۇر قالماپتۇ. ئۇ بارغانسېرى ھورۇنلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ كامىرىدىن كەمدىن-كەم چىقىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ ئويىنىڭ ئىشىگىنىڭ ئېتىلىپ قالغانلىقىنى كورۇپتۇ. ئۇ مۇزدەك سوغاق، بوش قارنى تۇمشۇغى بىلەن نېرىغا ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىكتىن چىقىپتۇ-دە، يايلاققا كەپتۇ.

يەر-زىمىننى ئاپپاق قار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، قار كۈچلۈك ئاپتاپتا كوزنى چاقىدىكەن. كىچىك چاشقاننىڭ تۈكسىز پۇتلىرى قاتتىق توڭلاپتۇ.

كېيىن مۇز توڭلايدىغان كۈنلەر كەپتۇ.

كىچىك چاشقان ئالدىنالا ئۆزىگە يېمەكلىك راسلىۋالمىغان بولسا، ئىش چاتاق بولار ئىكەن. قېتىپ كەتكەن قېلىن قار ئاستىدىن قانداقمۇ ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرىنى كولاپ ئالغىلى بولسۇن؟

بىك سولىشىپ ئۇخلىغىسى كېلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەمدىلىكتە ئىككى-ئۈچ كۈنلەپ ئويىدىن چىقماي ئۇخلايدىغان بوپتۇ. ئۇ ئويغانسىلا گەمىگە بېرىپ قوسىقىنى تازا تويغۇزۇۋالىدىكەن، ئاندىن يەنە بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇخلايدىكەن.

ئۇ پەقەت تالاغا چىقمايدىغان بوپتۇ.

بىك يەر ئاستىدا ھەقىقەتەن ھوزۇرلىنىپتۇ. ئۇ يۇمشاق تۈكلۈك بەدىنىنى تۈگۈۋېلىپ، يۇمشاق كارۋاتتا ياتىدىكەن. ئۇنىڭ كىچىك يۈرىكى بارغانسېرى ئاستا ۋە يېنىك سوقىدىغان بوپتۇ، بارغانسېرى يېنىك-يېنىك نەپەس ئالىدىغان بوپتۇ. ئۇزاق ۋاقىتلىق شېرىن ئۇيقۇ ئۇنى پۈتۈنلەي بوي سۇندۇرۇۋاپتۇ.

كىچىك چاشقانلار تۈلۈم چاشقان ياكى ھامستو چاشقان①غا ئوخشىمايدۇ، كىچىك چاشقانلار قىشچە ئۇخلاپ چىقمايدىكەن. ئۇلار ئۇزاققىچە ئۇخلىسا، ئورۇقلايدىكەن، توڭلايدىكەن. ئۇلار ئويغانغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ساقلاپ قويغان ئاشلىقلىرىنى تېپىپ يەيدىكەن.

---

① ھامستو چاشقان — چاشقان تىپىدىكى، كاماردا ياشايدىغان غاجىلىغۇچىلاردىن بولۇپ، ياۋروپا ۋە ئاسىيادا بولىدۇ.

بىك ناھايىتى خاتىرجەم ئۇخلاپتۇ، چۈنكى ئۇ ئىككى گەمىگە لىق ئوت-چۆپ ئۇرۇغى جۇغلىۋالغان ئىكەن. لېكىن ئۇ بېشىغا ئۇشتۇمتۇت بىر پالاكەتنىڭ كېلىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەن.

## ئۇ ئويغاندى، نىمە دىگەن قورقۇنچلۇق!

قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە باللار ئاخشىمى ئىسسىق مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىكەن.

كىچىك ھايۋانلارنىڭ كۈنى ھەقىقەتەن تەستە، — دەپتۇ سىڭلىسى غەمكىن ھالدا، — كىچىك بىك ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ ھازىر ئۇ نەلەردە يۈرگەندۇ؟

— كىم بىلسۇن ئۇنى! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاكىسى سوغاقلا، — ئۇ ئالللىقاچان بىر نىمىگە يەم بولۇپ كەتكەندۇ.

قىزچاق ئۇكسۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

نىمە بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىسى ھەيران بولۇپ.

— بىچارە كىچىك چاشقانغا ئىچىم ئاغرىيدۇ! ئۇنىڭ تۈكلىرى يۇپ-يۇمشاق، رەڭگى ساغۇچ ئىدى......

— ئۇنىڭغا ئىچىڭنى ئاغرىتىۋاتامسەن؟ بوپتۇ، ساڭا چاشقان كېرەك بولسا، مەن تاختامۇشۇكنى قۇرۇپ، بىرەر يۈزنى تۇتۇپ بېرەي!

— ماڭا ئۇنچىۋالا نۇرغۇنى كېرەك ئەمەس! — دەپتۇ سىڭلىسى

يىغلاپ تۇرۇپ، — ماڭا ئاشۇنىڭغا ئوخشايدىغان، رەڭگى ساغۇچ كەلگەن بىرسىلا كېرەك...

— ئالدىرىما، ئەخمەق! ئاشۇندىغىدىن جەزمەن بىرنى تۇتۇپ بېرىمەن.

قىزچاق كىچىك قولى بىلەن يېشىنى ئەرتىپتۇ:

— بولىدۇ، تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەگمەي، ماڭا بېرىسىز، بۇ گەپ ئىككىمىزدە بولسۇن. بولامدۇ؟

— ماقۇل، يىغلاڭغۇ! — دەپتۇ ئاكىسى قوشۇلۇپ.

شۇ ئاخشىمى ئاكىسى قازناقتا تاختاموشۇكنى قۇرۇپتۇ.

دەل شۇ ئاخشىمى بىك ئۇزكامىرىدا ئويغىنىپ كېتىپتۇ. كىچىك چاشقان ئۇيقۇلۇقتا ئىغىر بىر نەرسىنىڭ ئۇزىنى بېسىۋالغانلىقىنى، سوغاقنىڭ دەرھال تۆكلىرىدىن ئۆتۈپ تېنىگە ئۇرغانلىقىنى سېزىپتۇ.

بىك ئويغىنىپ قارىسا ئۇزى توڭلاپ تىترەپ تۇرغۇدەك. لاي بىلەن قار ئۇنىڭ ئۇستىگە چۇشۇۋاتقۇدەك. ئويىنىڭ تورۇسى چۇشۇپ كەتكەن، كارىدور ئېتىلىپ قالغان ئىكەن.

بىر مىنۇتمۇ كېچىكمەسلىك كېرەك: سوغاق بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ. گەمىگە بېرىپ، ئوت-چوپ ئۇرۇقلىرى بىلەن قوساقنى دەرھال تويغۇزۇش كېرەك: قوساق تويسا توڭمايمەن، قوسىغى تويغان هايۋان سوغاقتا توڭلاپ قالمايدۇ.

كىچىك چاشقان سەكرەپ چىقىپ، قارنى دەسسەپ گەمىنىڭ ئاغزىغا قاراپ چېپىپتۇ.

قارنىڭ ئەتراپى ساپلا تار، چوڭقۇر ئورەكلەر — قوينىڭ تۇياق ئىزلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىكەن. بىك كەينىدىن كىچىك ئورەككە چۈشۈپ كېتىپ، خېلى ئاۋارە بوپتۇ، ئۇ بىر ئومىلەپ چىقسا، يەنە چۈشۈپ كېتىدىكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ گەمىسگە يېتىپ بارغاندا، بىر چوڭ ئازگالنىڭ تۈرغىنىنى كورۇپتۇ.

قوي ئۇنىڭ يەر ئاستى ئويىنى بۇزۇۋېتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ھەممە زاپاس ئاشلىغىنىمۇ يەپ كەتكەن ئىكەن.

## قار ۋە مۇزدا مېڭىش

بىك قويلار قارغا پاتۇرىۋەتكەن ئوت-چوپ ئۇرۇغىدىن ھەر ھالدا ئازراق يەپتۇ.

قوسىغىغا ئازراق بىر نىمە يىگەندىن كېيىن بىككە ئازراق ماغدۇر كىرىپتۇ، تېنىمۇ ئىللىپتۇ. ئۇنىڭ يەنە تېنى بوشىشىپ ئۇيقۇسى كەپتۇ. لېكىن ئۇ ئۇخلاپ قالسا، چوقۇم توڭلاپ ئولىدىغانلىغىنى بىلىدىكەن.

بىك ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، يۇگۇرگەن پېتى كېتىپتۇ.

نەگە بېرىش كېرەك؟ بۇنى ئوزىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ قارىسىغا يۇگرەۋېرىپتۇ.

تۇن پەردىسى تارتىلىپتۇ، ئىگىز ئاسماندىكى ئاي ئەتراپتىكى قارغا سۇس نۇر چېچىپ تۇرغان ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

كىچىك چاشقان تىك دەريا قىرغىقىغا كېلىپ توختاپتۇ. تىك يارنىڭ ئاستىغا قاپ ـ قارا سايە چۈشۈپ تۇرغان ئىكەن. ئالدى تەرىپى مۇز توڭلىغان كەڭ بىر دەريا بولۇپ، ئەينەكتەك پاقىراپ تۇرغان ئىكەن.

بىك ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەتراپنى پۇراپتۇ. ئۇ مۇز ئۈستىدە مېڭىشتىن قورقىدىكەن. بىرەرسى دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مېنى سېزىپ قالسا، قانداق قىلىمەن؟ قارلىقتا بىرەر خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچراپ قالسامغۇ يوشۇرۇنۇۋېلىش مۇمكىن، دەپ ئويلاپتۇ بىك.

قايتىپ كەتسە، چوقۇم توڭلاپ ئۆلىدىغان ياكى ئاچتىن ئۆلىدىغان گەپ. ئالدى تەرەپتە، بەلكىم، بىر يەردىن بولمىسا بىر يەردىن ئوزۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق تېپىلىپ قالار. بىك ئالدى تەرەپكە قاراپ چېپىپتۇ. ئۇ تىك ياردىن چۈشكەندىن كېيىن، ھىلىقى ئارالدىن كېتىپ قاپتۇ، ئۇ بۇ ئارالدا خېلى ئۇزاققىچە خاتىرجەم ياشىغان ئىكەن.

ئەمما بىر جۈپ دەھشەت كوز ئۇنى ئاللىبۇرۇن بايقىۋالغان ئىكەن.

بىك دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا يۈگۈرەپ بارغىچە، سۈرئىتى تېز، ئۈن ـ تىنسىز بىر سايە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەپتۇ. بۇ چاقان سايىنى بىك ئارقىسىغا ئۆرۈلگەندە ئاندىن كورۇپتۇ. ئۇ ئوزىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان نەرسىنىڭ زادى نىمە نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئىكەن.

ئۇنىڭ خەتەرگە ئۇچرىغان چاغدا قوسىغىنى يەرگە چاپلا-ۋالىدىغان كونا ئۇسۇلى ئالىقاچان ئەسقاتمايدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن: پاقىراپ تۇرغان كوك مۇز ئۇستىدە ئۇنىڭ قوڭۇر تۇكلىرى ئوچۇقلا كورۇنۇپ قالىدىكەن، سۇتتەك ئايدىڭ كېچىدە ئۇنىڭ دۇشمەنىنىڭ دەھشەتلىك كوزلىرىدىن يوشۇرۇنۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

قارا سايە كىچىك چاشقاننى قاپلىۋاپتۇ. ئىلمەكتەك ئوتكۇر تىرناق ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ، ئۇنىڭ بەدىنى قاتتىق ئاغرىپتۇ. نىمىدۇ بىرنەرسە ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق چوقۇپتۇ. بىلەك ھۇشىدىن كېتىپتۇ.

## قىيىن ئوتكەللەردىن ئوتۇش

بىلەك قاپ-قاراڭغۇلۇقتا ھۇشىغا كەپتۇ. قارىسا قاتتىق ھەم ئوڭغۇل-دوڭغۇل نەرسە ئۇستىدە ياتقان ئىكەن. بېشىدىكى ۋە بەدىنىدىكى يارا بەك قاتتىق ئاغرىپتۇ، لېكىن ئۇ ئوزىنى ئىللىق سېزىپتۇ.

ئۇ بەدىنىدىكى يارىلارنى يالاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كوزلىرى قاراڭغۇلۇققا ئاستا-ئاستا كونۇپتۇ.

ئۇ ئوزىنىڭ كەڭ بىر جايدا تۇرغانلىغىنى، يۇملاق تامنىڭ ئېگىزگە سوزۇلۇپ كەتكەنلىگىنى كورۇپتۇ. تورۇس كورۇنمەپتۇ، كىچىك چاشقاننىڭ توپىسىدە بىر يوغان توشۇك بار ئىكەن. ئەتىگەنلىك شەپەقنىڭ كۇچسىز نۇرى مۇشۇ توشۇك ئارقىلىق بىلەك

www.uyghurkitap.com

ياتقان يەرگە چۈشمەكتە ئىكەن.

بىك ئۆزىنىڭ بىرنەرسىنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن دەرھال سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. بايا ئۇ ئۆلۈك چاشقانلارنىڭ ئۈستىدە ياتقان ئىكەن. چاشقان ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممىسى قېتىپ قالغان ئىكەن: ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ياتقىنىغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت بولغان ئوخشايدۇ.

قورقۇنچ كىچىك چاشقانغا كۈچ-مادار بەخش ئېتىپتۇ. بىك تىك، قوپال تامدىن يامشىپ چىقىپ تالاغا قاراپتۇ.

ئەتراپتا قارغا كۆمۈلگەن دەرەخ شاخلىرى كۆرۈنۈپتۇ. شاخلار ئاستىدىن چاتقاللارنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن.

بىك دەرەخنىڭ كامىرىدا تالاغا قاراپ تۇرۇپتۇ.

كىچىك چاشقان ئۆزىنى كىمنىڭ بۇ يەرگە ئېپكېلىپ، دەرەخ كامىرى ئىچىگە تاشلاپ قويغانلىقىنى زادى بىلمەيدىكەن. ئۇ ئىش قىلىپ بۇ سىرنى يېشەلمەن دەپ كاللىسىنى قاتۇرۇپ يۈرمەپتۇ، شۇڭا دەرھال بۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئويىغا كەپتۇ.

ئىش مۇنداق بولغان ئىكەن: ئورمانلىقتىكى يوغان قۇلاق بىر ھۇقۇش دەريادىكى مۇز ئۈستىدە ئۇنى قوغلىغان ئىكەن، ھۇقۇش ئۇنىڭ بېشىنى تۇمشۇقى بىلەن چوقۇپ، پۇتى بىلەن ئۇنى قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ ئورمانلىققا ئېلىپ كەلگەن ئىكەن.

بەختكە يارىشا، ھۇقۇشنىڭ قوسىقى توق ئىكەن: ئۇ ھىلىلا بىر توشقان تۇتۇۋېلىپ قوسىقىنى تويغۇزۇۋالغان ئىكەن.

ئۇنىڭ قوسىغى شۇقەدەر تويۇپ كېتىپتۇكەنكى، كىچىك چاشقان پاتقۇدەك ئورۇنمۇ قالمىغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ بىكنى ساقلاپ قويۇش قارارىغا كەلگەن ئىكەن.

ھۇقۇش كىچىك چاشقاننى ئورمانلىققا ئەكىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قازنىغى بولغان دەرەخ كامىرىغا تاشلاپ قويغان ئىكەن. ھۇقۇش كۆز كۆنلىرىدىن باشلاپ نەچچە ئونلىغان ئۆلۈك چاشقاننى بۇ يەرگە قويۇپ قويغان ئىكەن. قىش كۆنلىرى يەم تېپىش تەس بولغاچقا، ھەتتا بۇ ھىلىگەر تۇن قاراقچىسى بولغان ھۇقۇشمۇ دائىم ئاچ قالىدىكەن.

تەبىكى، ھۇقۇش كىچىك چاشقاننىڭ پەقەتلا ھۇشىدىن كەتكەنلىكىنى بىلمەپتۇ؛ ئەگەر بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇ ئاللىقا- چان ئۆتكۈر تۇمشۇغى بىلەن كىچىك چاشقاننىڭ كاللىسىنى پارە-پارە قىلىۋەتكەن بولاتتى. ھۇقۇش چاشقانلارنىڭ جېنىنى بىر يوللا ئېلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىكەن.

بۇ دورەم بىكنىڭ تەلىيى ھەقىقەتەن ئوڭدىن كەپتۇ.

بىك دەرەختىن ساق-سالامەت چۈشۈپ، چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

بىك بىر يېرىنىڭ ئاغرىۋاتقىنىنى، بارام بولىۋاتقىنىنى ئەمدىلىكتە سېزىپتۇ، قارىسا نەپەس ئالغاندا كانىيى خىرىلداۋات- قۇدەك. گەرچە ئەجەللىك جاراھەت بولمىسىمۇ، ئەمما ھۇقۇش قاماللاپ تۇتۇپ ئۇنىڭ كوكرىكىنى يارىلاندۇرغان ئىكەن، شۇڭا تېز يۈگۈرسە، خىرىلدىغان ئاۋاز چىقىدىكەن.

ئۇ بىرئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، نەپەسى تەسلىكتە كېلىپ، خىرىلدىغان ئاۋازمۇ يوقاپتۇ. كىچىك چاشقان چاتقالنىڭ قىرلىق قوۋزىغى بىلەن قوسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، ئالدى تەرەپكە قاراپ داۋاملىق يۈگۈرەپتۇ — بۇ قورقۇنچلۇق يەردىن يىراق كېتىپتۇ.

كىچىك چاشقان قاردا ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ يۈگۈرەپتۇ.

بىر يايلاققا كەپتۇ، قورۇق تامنىڭ كەينىدە مورىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقان بىر چوڭ ئۆي بار ئىكەن. بىر تۈلكە بىكىنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ قالغان ئىكەن.

تۈلكىنىڭ پۇراش سېزىمى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. ئۇ كىچىك چاشقاننىڭ ئەمدىلا ئۆتكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋاپتۇ-دە، ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپتۇ.

تۈلكىنىڭ ئوتقاشتەك قىزىل قۇيرۇقى چاتقاللىقتا ۋال-ۋۇل قىلىپ كېتىپتۇ، ئەلۋەتتە، ئۇ كىچىك چاشقاندىن كۆپ تېز ماڭىدىكەن.

## ناخشىچىنىڭ ھەسرىتى

بىر تۈلكىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىكەن. شۇڭا تايغاندەك ئىككى يوغان ئىت ئۆيدىن قاۋاپ چىقىپ، بىككە قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن چاغدا، بىك ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ئويلاپتۇ.

ئەمما، راستىنى ئېيتقاندا، ئىت بىكنى كۆرمىگەن ئىكەن. ئۇلار چاتقاللىقتىن چىقىپ بىكنى قوغلاپ كېلىۋاتقان تۈلكىنى

كورۈپ، ئۇنىڭغا ئىتىلغان ئىكەن.

تۇلكە شاققىدىلا كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ ئوتقاشتەك قىزىل قۇيرۇغى چاتقاللىقتا پال-پۇل قىلىپ كورۇنۇپ-تۇيۇ، كوزدىن غايىپ بوپتۇ. ئىتلارمۇ كىچىك چاشقانىنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئوتۇپ چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

بىك ھىچقانداق خېيىم-خەتەرسىزلا ئويگە كىرىپ، گېرەمگە كىرىپ كېتىپتۇ.

بىك گېرەمگە كىرگەندىن كېيىن، ھەممىدىن ئاۋال بۇرنىغا چاشقان پۇرىغى گۇپپۇلدەپ ئۇرۇلۇپتۇ.

ھەر بىر خىل ھايۋاننىڭ بىر خىل پۇرىغى بولىدۇ، خۇددى بىز ئادەمنى تۇرقىغا قاراپ پەرق ئەتكىنىمىزدەك، چاشقانمۇ بىر بىرىنى ھىد-پۇراق بىلەن پەرق ئېتىدىكەن.

شۇ سەۋەپتىن بىك بۇ يەردىكى چاشقانلارنىڭ ئوزى بىلەن ئۇرۇقداش ئەمەسلىگىنى بىلىۋاپتۇ. بىراق ھەممىسى چاشقانىغۇ، بىكمۇ بىر كىچىك چاشقان-دە! خۇددى روبىنسون قاقاس ئارالدىن قايتىپ كېلىپ، كىشىلەرنى كورگەندە ئىنتايىن خوشال بولغىنىدەك، بىكمۇ بۇ يەردە چاشقان بارلىغىنى بىلىپ بەك خوشال بوپتۇ.

بىك شۇ زاماتلا چاشقانلارنى ئىزدىگىلى تۇرۇپتۇ.

ئەمما، بۇ يەردىن چاشقانىنى تاپماق ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن. ھەممە يەردە چاشقانلارنىڭ ئىزى ۋە پۇرىغى بولسىمۇ، ئەمما چاشقاننىڭ قارىسىمۇ كورۇنمەپتۇ.

گېرەمنىڭ تورۇسىدا بىرمۇنچە كىچىك توشۇكلەر كورۇنۇپتۇ. بىر چاشقانلار ئېھتىمال مۇشۇ يەردە تۇرسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۇ تامغا يامىشىپ چىقىپ، كىچىك توشۇكتىن كىرىپ قازناققا كەپتۇ.

ئۇ يەردە لىق بۇغداي قاچىلانغان تاغارلار بار ئىكەن. بىر تاغارنىڭ ئاستى غاجىلاپ تېشىۋېتىلگەن بولۇپ، يەردە بۇغداي چېچىلىپ ياتقان ئىكەن.

قازناقنىڭ تاملىرىدا جازىلار بار ئىكەن. مېزىلىك پۇراق شۇ يەردىن گۇپ-گۇپ ئۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىكەن. بۇ يەردە سۇرلەنگەن، قورۇلغان، مايدا پىشۇرۇلغان ۋە ناھايىتى تاتلىق يېمەكلىكلەر بار ئىكەن.

قوسىقى ئېچىپ ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن كىچىك چاشقان بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ تازا يەپتۇ.

دەرەخنىڭ قېرىق قوۋزىقى بىلەن قوساق تويغۇزغان بېككە ئەمدى بۇغداي بەك تېتىپ كېتىپتۇ، ئۇ بەك جىق يەۋەتكىنىدىن ھەتتا نەپەس ئالالماي قاپتۇ.

ئۇنىڭ كانىيى يەنە غىژىلدىغىلى باشلاپتۇ.

دەل مۇشۇ چاغدا، ساقاللىق بىر ئۇچلۇق تۇمشۇق كىچىك توشۇكتىن چىقىپتۇ. غەزەپكە تولغان كوزلىرىدىن قاراڭغۇدا ئوت چاقناپ تۇرغان يوغان كۇلرەڭ چاشقان سەكرەپ قازناققا كىرىپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە توت چاشقان كىرىپتۇ.

ئۇلارنىڭ تۇرقى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىكەن، بىكنىڭ

ئۇلارغا چېقىلغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ قورقـقىنىدىن تۇرغان يېرىدە قېتىپ قېلىپ، ئۈنلۈك چىقىراپتۇ.

كۆلرەڭ چاشقانـلارغا بۇ ئاۋاز ياقـماپـتۇ. بۇ يات كىـچىك چاشقان ناخشىچى نەدىن كەلگەندۇ؟ كۆلرەڭ چاشقانلار بۇ قاز-ناقنى ئۆزلىرىنىڭ قىلدۇالـغان ئىكەن. ئۇلار دەرەخزارلىقـتىن كەلگەن دالا چاشقانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يەرئاستى ئۆيىگە ھەرگىز كىرگۈزمەيدىكەن، شۇنداقلا بۇنداق چىقىراق چاشقانـنى ئەسلا كورۇپ باققان ئەمەس ئىكەن.

بىر چاشـقان بىككە ئېـتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ گەجـگىسىدىن قاتتىق چىشلەپـتۇ. قالغان چاشقانـلارمۇ ئېتىـلىپ بېرىپتۇ. بىك ئاران تەسلىكـتە قېـچىپ، بىر ئىشكاپـىنىڭ ئاستىـدىكى كىچىك كامارغا كىرىۋاپـتۇ. بۇ كامار بەك كىچىك بولغاچـقا، كۆلـرەڭ چاشـقانـلار ئۇنىڭـغا كىرەلمەيدىكەن. ئۇنىڭغا بۇ كامار بىخەتەر ئىكەن.

ئەمما ھەمـمىمىز ئوخشاشـلا چاشـقان تۇرساق، بۇ كۆلـرەڭ چاشقانلار نىمىشقا مېنى پاتقۇزمايـدۇ، دەپ ئويـلاپ، بىكـنىڭ كوڭلى بەك يېرىم بوپتۇ.

## تاختامۇشۇك

ھەر كۈنى ئەتىگەندە، سىڭلىسى ئاكىسىدىن:

ــ قانـداق بولـدى، چاشـقانـنى تۇتالـدىـڭىزمۇ؟ ــ دەپ

سورايدىكەن.

ئاكىسى ئۇزى تۇتقان چاشقانلارنى سىڭلىسىغا كۆرسىتىپتۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى كۇلرەڭ چاشقان بولغاچقا، قىزچاق ئۇلارنى ياراتماپتۇ. سىڭلىسى ئۇلاردىن تېخى قورقىدىكەن. ئۇ جەزمەن بىر سېرىق كىچىك چاشقان تۇتۇپ بېرىسىز دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— بۇلارنى قويىۋېتىڭ، — دەپتۇ قىزچاق خاپا ھالدا، — بۇلار ياخشى ئەمەس ئىكەن.

ئاكىسى تۇتۇۋالغان چاشقانلارنى سىڭلىسىغا تۇيدۇرماي، چېلەكتىكى سۇغا پاتۇرۇپ ئۇلتۇرۇۋېتىپتۇ. نىمە ئۇچۇندۇ يېقىنقى كۇنلەردە تاختامۇشۇككە چاشقان چۇشمەس بولۇپ قاپتۇ.

ھەممىدىن قىزىغى شۇكى، تاختامۇشۇكتىكى يەم ھەر كۇنى كېچىسى يوقاپ كېتىدىكەن. بىركۇنى كەچتە، ئاكىسى بىر پارچە سۇرلەنگەن سان گوشنى تاختامۇشۇككە ئىلىپ قويۇپ قويۇپتۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسا، ئىلغۇدىكى گوش يوق تۇرغۇدەك، تاختامۇشۇكمۇ ئېتىكلىك تۇرغۇدەك.

ئاكىسى توشۇك بارمۇ نىمە دەپ تاختامۇشۇكنى نەچچە قېتىم تەكشۇرۇپتۇ. بىراق چاشقان چىقىپ كەتكۇدەك توشۇك يوق ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، توپ-توغرا بىر ھەپتە ئۇتۇپتۇ، ئاكىسى يەمنى كىم ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى زادى بىلەلمەپتۇ.

سەككىزىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئاكسى قازناقتىن يۈگۈرەپ چىقىپ، ئىشىك ئالدىدىلا:

— تۇتۇۋالدىم، ساغۇچ ئىكەن! — دەپ توۋلاپتۇ.

— ساغۇچ ئىكەن، ساغۇچ ئىكەن! — دەپتۇ سىڭلىسى ئىنتايىن خوشال بولۇپ، — قارىغا، بۇ بىزنىڭ بىلەن ئىكەن! ئۇنىڭ قۇلىقىدا بەلگىسى بار! ئېسىڭىزدىمۇ، ئۇ چاغدا بەكىمىز؟......سىز سۈت ئەكىلىڭ، مەن كېيىنىۋالاي.

سىڭلىسى تېخى كارۋاتتا ياتقان ئىكەن.

ئاكسى باشقا بىر ئۆيگە چىقىپ كېتىپتۇ. سىڭلىسى كارۋاتتىن تۇرۇپ، ئالدى بىلەن قولىدىكى تاختامۇشۇكىنى يەرگە قويۇپ، ئاندىن كېيىن تېزلىكتە چاپىنىنى كىيىپتۇ.

بىراق ئۇ ئەمدى تاختامۇشۇككە قارىسا، چاشقان ئالىقاچان يوقاپ كەتكەن ئىكەن.

بىلىك تاختامۇشۇكتىن قېچىپ چىقىشنى ئاللىبۇرۇنلا ئۆگىنىۋالغان ئىكەن. تاختامۇشۇكنىڭ بىر تال سىمى ئەگمە بولۇپ، ئادەتتىكى كۈلرەڭ چاشقانلار ئۇزىنى دالدىغا ئالالمايدىكەن، ئەمما جۈغى كىچىك بىلىك بولسا ئۇزىنى دەرھال قاچۇرالايدىكەن.

بىلىك تاختامۇشۇككە يېقىن كېلىپ يەمنى ئېلىپلا قاچىدىكەن، بۇ چاغدا تاختامۇشۇك "تاق" قىلىپ ئېتىلىپ قالىدىكەن، ئۇ باشتا بىرئاز قورقۇپتۇ، كېيىن قورقماس بولۇپ قاپتۇ، ئۇ ئەنە شۇ تەرىقىدە يەمنى بىمالال يەۋالىدىكەن.

ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىدە، ئاكسى تاختامۇشۇكنىڭ ئېتىلى-

دىغان تەرىپىنى ئاسادىپى ھالىدا تامغا ئاقاپ قويۇپ قويغان ئىكەن، بىلىك تۇتۇلۇپتۇ. لېكىن قىزچاق ئاختامۇشۇكىنى ئۇيىنىڭ قاپ ئۇتتۇرىسغا قويۇپ قويغان چاغدا، بىلىك قېچىپ چىقىپ، بىر چوڭ ساندۇقنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ.

## مۇزىكا

ئاكىسى كېلىپ قارىسا، سىڭلىسى يىغلاپ تۇرغۇدەك.

قېچىپ كەتتى! — دەپتۇ سىڭلىسى يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۇ مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇشنى خالىمايدىكەن!

ئاكىسى سۈت قاچىسىنى شىرەگە قويۇپ، سىڭلىسىنى بەزلەپتۇ:

— نېمە يىغلاش! مەن ھازىرلا ئۇنى ئوتۇكىنىڭ ئىچىدىن تۇتۇۋالىمەن!

— قانداقسىگە ئوتۇك ئىچىدە بولىدۇ؟ — دەپ ئەجەپلىنىپ سوراپتۇ قىزچاق.

— بۇ ئاسان ئىش، مەن ئوتۇكۇمنى سىلىپ، ئۇنىڭ قونجىنى تامغا يۆلەپ قويىمەن، سەن كىچىك چاشقاننى قوغلايسەن. ئۇ تامنى ياقىلاپ قاچىدۇ — چاشقانلار ھەمىشە تام ياقىلاپ ماڭىدۇ — ئۇ ئوتۇكىنىڭ قونجىنى كورۇپ، ئۇنى كامار دەپ بىلىدۇ-دە، ئىچىگە قېچىپ كىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنى ئوتۇك ئىچىدە تۇتۇۋالىمەن.

سىڭلىسى يىغىسىنى بېسىپتۇ.

— بىلەمسىز؟ — دەپتۇ سىڭلىسى ئوبدان ئويلىنىۋېلىپ، — بىز ئۇنى تۇتمايلى. ئۇ بىزنىڭ ئويدە تۇرسۇن. بىزدە مۈشۈك يوق، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ. مەن ئۇنىڭغا سۈت بېرىمەن، سۈتنى يەرگە ئېلىپ قويۇڭ.

— ئوڭگىلە قىلىقلىرىڭ بار ئىكەن! — دەپتۇ ئاكىسى تاقەتسىزلىنىپ، — بۇنىڭ بىلەن چاتىقىم يوق. مەن كىچىك چاشقاننى ساڭا تۇتۇپ بەردىم، قانداق قىلغىڭ كەلسە شۇنداق قىلىۋەر.

قىزچاق سۈت قاچىسىنى يەرگە قويۇپ، بولىكىنى ئۇشتۇپ سۈتكە چىلاپتۇ. ئۆزى قاچىنىڭ يېنىدا چاشقاننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. كىچىك چاشقان تاكى تۈن بولغىچە چىقماپتۇ. باللار كىچىك چاشقان بۇ ئويدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپقاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسا، سۈت ئىچىلگەن، بولكىمۇ يېيىلگەن ئىكەن.

قىزچاق: ”مەن ئۇنى قانداق قىلسام كوندۇرۇۋالالارمەن؟“ دەپ ئويلاپتۇ.

ئەمدى بىكىنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ياخشى ئۆتكىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قوسىغى توق ئىكەن، بۇ ئويدە كۆلرەڭ چاشقان يوق ئىكەن، يەنە كېلىپ ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمايدىكەن. بىك ئەسكى - تۈسكى لاتا ۋە پارچە - پۇرات قەغەزلەرنى ساندۇقنىڭ كەينىگە ئاپىرىۋېلىپ، ئۆزىگە بىر ئۇۋا ياسىۋاپتۇ.

ئۇ يەنىلا ئادەمدىن قورقىدىكەن، پەقەت كېچىدە، باللار

www.uyghurkitap.com

ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىنلا، ساندۇقنىڭ كەينىدىن چىقىدىكەن.

ئەمما بىركۈنى كۈندۈزى ئۇ مۈشۈك بىر مۈزىكا ئاڭلاپتۇ. بىرسى نەي چالغان ئىكەن. نەينىڭ ئاۋازى ھەم يېنىك، ھەم مۇڭلۇق ئىكەن.

بىك خۇددى بۇرۇن قاراقچى كۆكۈنەكنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىكىدەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يېقىن بېرىپ مۈزىكا ئاڭلاشقا قىزىقىپتۇ. ئۇ ساندۇقنىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەپتۇ.

ئاكىسى نەي چېلىۋاتقان ئىكەن. قىزچاق يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان ئىكەن. قىزچاق كىچىك چاشقاننى ئاۋال كۆرۈپ قاپتۇ.

قىزچاقنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ، تورلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ جەينىكى بىلەن ئاكىسىنى نوقۇپ، پەس ئاۋازدا:

— جىم! قاراڭ، بىك چىقتى.. چېلىڭ، چېلىڭ، ئۇ مۈزىكىغا ئامراق ئىكەن! — دەپتۇ.

ئاكىسى داۋاملىق چېلىپتۇ.

قىزچاق مىدىر-سىدىر قىلماي جىمجىت ئولتۇرۇپتۇ.

كىچىك چاشقان مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلاپ، خېيىم-خەتەرنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئىكەن.

خۇددى ئۆيدە ئادەم يوقتەك، ئۇ قاچىنىڭ يېنىغا بېرىپ، سۈتنى يالاپتۇ. قاچىنى يالاپ بولۇپ ئۆزىمۇ چىرىلداپ كېتىپتۇ.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ قىزچاق ئاكىسىغا ئاستاغىنا، — ئۇ

ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ.

بىك ھىلىقى بالا نەي چېلىشنى توختاتقاندىلا، ئاندىن ئىسنى يىغىپ، دەرھال ساندۇقنىڭ كەينىگە قېچىپ بېرىۋاپتۇ.

باللار قانداق قىلغاندا دالا چاشقىنىنى كوندۇرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلىۋاپتۇ. ئۇلار دائىم نەيىنى بوش چالىدىكەن. بۇ چاغدا بىك چىقىپ ئۇيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلايدىكەن. بىكمۇ چىرىلدىغان چاغدا، ئۇلار راستلا مۇزىكا ئولتۇرۇشى قىلغاندەك بولىدىكەن.

## ياخشى نەتىجە

كىچىك چاشقان ئۇزاقىقا قالماي باللارغا ناھايىتى كونۇپ كېتىپتۇ، ئۇلاردىن قورقمايدىغان بوپتۇ، مۇزىكا بولمىسىمۇ چىقىدىغان بوپتۇ. قىزچاق تېخى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قولىدىن بولكا ئېلىشنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. قىزچاق پولدا ئولتۇرسا، بىك ئۇنىڭ تىزىغا چىقىۋالىدىغان بوپتۇ.

باللار بىككە ياغاچتىن بىر ئۆي ياساپ بېرىپتۇ، ئۇيىنىڭ دەرىزىسى يالىغان (سىزما) ئىكەن، ئىشىگى راست ئىشىك ئىكەن.

بىك باللارنىڭ شىرەسىدىكى بۇ كىچىك ئۆيدە تۇرىدىكەن. بىك تالاغا سەيلىگە چىقىدىغان چاغدا، ئۆزىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە، كوزىگە كورۇنگەن ئەسكى-تۇسكى لاتا، پارچە-پۇرات

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قەغەز، پاختىلار بىلەن ئىشىگىنى ئېتىپ قويىدىكەن.

ھەتتا چاشقاننى بەك يامان كۆرىدىغان ئاكىسىمۇ بىك بىلەن ئىنتايىن چىقىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ كىچىك چاشقاننىڭ، ئالدى پۇتىنى خۇددى قولىغا ئوخشاش ئىشلىتىپ بىر نەرسە ئېلىپ يېيىشىنى ۋە يۈزىنى يۇيۇشىنى كۆرۈشكە بەك ئامراق ئىكەن.

سىڭلىسى بىكىنىڭ چىرىلدىشىنى ئاڭلاشقا بەك خۇشتار ئىكەن.

— ئۇ ناخشىنى ياخشى ئېيتىدۇ، — دەپتۇ سىڭلىسى ئاكىسىغا، — ئۇ مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدىكەن.

قىزچاق كىچىك چاشقاننىڭ زادىلا ئۆزىنىڭ خوشال بولغانلىقىغا ناخشا ئېيتىۋاتمىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، كىچىك بىكىنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىشتىن ئىلگىرى قانچىلىغان خىيىم-خەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، قانچىلىك جاپالىق سەپەرلەردە بولغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدىكەن.

بۇ ھېكايىنىڭ مۇشۇنداق ئاياقلاشقىنى تۈزۈك.

本书根据北京出版社1979年2月第一版，1980年4月第二次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاپ بېيجىڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1979 ـ يىل 2 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى، 1980 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەتئەل چوچەكلىرى (تاللانما)

تەرجىمە قىلغۇچى: رېيىمجان

تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇللا ئابلىز

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1983 ـ يىل 7 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1983 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.57 يۈەن

www.uyghurkitap.com

**外国童话选**
（维吾尔文）

任运昌译
阿不都拉校订
民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32　印张：13 1/8
1983年7月第1版
1983年7月北京第1次印刷
印数：0001—13,000册　定价：0.57元
书号：M10049(4)152

书号M 10049（4）152
定价　　　0.57元